# چۆلدىكى خىسلەتلىك بۇلاق



*Streams in the Desert*

مەزكۇر كىتابنىڭ يازغۇچىسى كاۋمېن خانىم (Mrs. Charles E. Cowman)، 1870-يىلى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىخلاسمەن بىر مەسىھ ئېتىقادچىسى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى پۈتۈن ئۆمرىنى خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىش خىزمىتىگە بېغىشلىغان بولۇپ، 1901-يىلدىن 1917-يىلىغىچە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ جۇڭگو ۋە ياپونىيەدە خۇش خەۋەر تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مەزكۇر كىتاب ئۇنىڭ روھي جەھەتتىكى كەچۈرمۈشلىرىدۇر.

## كىرىش سۆز

مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئامېرىكىلىق كاۋمېن خانىم يازغان «Streams in the Desert» (مەنىسى قۇملۇقتىكى بۇلاق مەنبەسى) دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان. مەزكۇر كىتاب تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا، بەزى جايلىرى ئەينەن تەرجىمە قىلىنمىغان(خەنزۇچە نۇسخىسى). بەزى جايلىرى چىقىرىۋېتىلىپ، بەزى جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. بىراق، كوپ قىسىم ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى كاۋمېن خانىمنىڭ ئەسلى كىتابىدىن ئېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابقا «چۆلدىكى خىسلەتلىك بۇلاق» دەپ نام بېرىلدى.

# چۆلدىكى خىسلەتلىك بۇلاق

## 1- ئاينىڭ 1- كۈنى

**📖«سىلەر بېرىپ، تاغ-جىلغىلىق سۇ مەنبەسى مول بولغان ئاشۇ زېمىننى ئىگەللىگەيسىلەر. پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە سىلەرگە باشپاناھ بولىدۇ.» (ئەمر-مەرۇپلار 11: 11- 12 ئايەت)**

قەدىرلىك دوستۇم، بۈگۈن بىز كەلگۈسى ئېنىق بولمىغان بىر يېڭى پاسىلدا تۇرۇۋاتىمىز. ئالدىمىزدا يېڭى بىر يىل بىزنىڭ بېسىپ ئۆتۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھېچكىم بۇ كەلگۈسى مۇساپىدە قانداق ئىشلارغا يولۇقۇدىغانلىقى، ھاياتىدا قانداق ئۆزگۈرۈش بولىدىغانلىقى ۋە يەنە قانداق نەرسىلەرگە مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بىراق، بۇ يەردە بىزگە تەسەللى بېرەلەيدىغان، تەسىرلەندۈرۈپ ھاياجانغا سالىدىغان، خۇدانىڭ ئىنتايىن گۈزەل بىر ۋەدىسى بار. ئۇ بولسىمۇ تەۋرات ئەمر-مەرۇپلار سۈرىسىنىڭ 11-باب 11-12 ئايىتىدە خاتىرىلەنگەن تۆۋەندىكى ئايەتلەردۇر: «سىلەر بېرىپ تاغ-جىلغىلىق سۇ مەنبەسى مول بولغان ئاشۇ زېمىننى ئىگەللەيسىلەر. پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە سىلەرگە باشپاناھ بولىدۇ.»

قەدىرلىك دوستۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر قانداق ئىشتا خۇداغا تايىنىشىمىز كېرەك. خۇدا بىزگە ۋەدە قىلغان ئۇ جايدا قۇرىماس بۇلاق، مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا باردۇر. مانا بۇ خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن مېھىر-شەپقەتلىك ۋەدىسىدۇر. ئەگەر بىز خۇدانى قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشىمىزنىڭ باشلامچىسى قىلساق ھېچقانداق بىر

نەرسە بىزنى ئۈمۈدسىزلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە زەبۇردا مۇنداق خاتىرلەنگەن: «باردۇر بىر دەريا، ئۇنىڭ ئېقىنلىرى شادلىق ئېلىپ كېلەر خۇدانىڭ شەھىرىگە، بۈيۈك خۇدانىڭ مۇقەددەس ماكانىغا.» (زەبۇر 46: 4)

بىز ئېرىشمەكچى بولغان زېمىن تەكشى، قاقاس تۈزلەڭلىك بولماستىن، بەلكى تاغ-جىلغىلار بىلەن قاپلانغان، سۇ مەنبەسى مول مۇنبەت زېمىندۇر. ناۋادا، بىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز ھەمىشە تېنچلىق ۋە باي-باياشاتچىلىقتا ئۆتسە قانداق بولار؟! مېنىڭچە، تاغ-جىلغىلار تەبىئەت دۇنياسىغا قانداق ھۆسىن قوشقان بولسا، قىيىنچىلىقلارمۇ كىشىلىك ھاياتقا شۇنداق يېڭى مەنا قوشىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى توسالغۇلار، ئوڭۇشسىزلىقلار خۇددى ئۇسساپ چاڭقىغان دەل-دەرەخلەر خاسىيەتلىك يامغۇرغا ئۇچرىغاندەك، بىزنى بەخت-سائادەتكە، غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، تارىختا نەزەر سالساق راھەت-پاراغەتكە ئىشتىياق باغلاپ، خۇدادىن يۈز ئۆرىگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى چۆل-جەزىرىدە قالدى، ئاقساق-چولاق بولدى. بىراق، پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىگە ئۈمۈد باغلىغان خەلقىگە نىسبەتەن تاغدەك قېيىنچىلىق ئالدىدىمۇ پاشپاناھ بولدى.

بىز كەلگۈسى ھاياتىمىزدا، ھېچقانداق زىيان تارتمايمىز، ئازاب-ئوقۇبەت چەكمەيمىز، ئېغىر سىناقلارغا ئۇچرىمايمىز دەپ ئېيتالمايمىز. بىز پەقەت خۇدا ئاتىمىزنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ مېھىر-شەپقەتلىك كۈچلۈك قوللىرى ئارقىلىق ئالدىمىزدىكى ھاياتلىق سەپىرىدە بىز بىلەن ھەمنەپەس بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ يېڭي يىلىمىز خۇشال-خۇراملىققا، بەختكە تولغان يېڭى بىر يىلدۇر.

# 1- ئاينىڭ 2- كۈنى

**«بۇ ئىبادەتخانا ھەم كەڭ ھەم ئېگىز ئىدى. چۈنكى، ئىبادەتخانا ئۆيلىرى ئۈستى-ئۈستىگە سېلىنغان بولغاچقا، ئېگىزلىگەنسىرى كەڭ ئىدى. ئاستىدىن باشلاپ ئۈستىگىچە قەۋەت-قەۋەت سېلىنغانىدى. » (ئەزاكىيا *41: 7* ئايەت)**

كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە ئات چاپتۇرۇش كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. بىز ئات چاپتۇرۇشتا، ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى نىشانلاپ چاپتۇرساقلا ئاندىن پۇخادىن چىققاندەك بولىمىز. چۈنكى، تاغ چوققىسىدا مەرۋايىتتەك سۈزۈك شەبنەم تامچىلىرى، چىرايلىق گۈل-چېچەكلەر ۋە ساپ ھاۋا بار. ئاشۇ تاغ چوققىسىدىكى ئاھالىلەر ئەتراپىدىكى گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغاندىن تاشقىرى يەنە دېرىزىسىنى ئاچسىلا مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى كۆرەلەيدۇ.

نۇرغۇن ئېتىقادچىلار خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن، خۇشاللىق بىلەن ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەسلىدە ئەرشنىڭ خۇشاللىق قاچىلانغان مۇقەددەس مايلىرى بىلەن مايلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى يەنىلا كۈلپەتلىك كوز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلماقتا.... ئۇلار ئەسلىدە، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا سەيلى-ساياھەت قىلىشى، لىنبانىنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلار تۈرمىلەردە يېتىپ، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشكە رازى بولدى.

ئەي قېرىنداشلار، ئويغىنىڭلار! مەئىشەتچىلىك تۇرمۇشۇڭلاردىن ئايرىلىپ، ئېتىقاد يولىدا ئالغا بېسىڭلار. ئېتىقاد يولىدا، سىلەرگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ھارغىنلىق، ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق بىلەن تولغان تۇرمۇشۇڭلارغا يېڭىچە تۈس بېرىپ، قىزغىنلىق

بىلەن مەسىھ يولىنى قوغلىشىڭلار. مەسىھنى ئۆزۈڭلارنىڭ بېشى قىلىپ، ئۇنىڭغا قەلبىڭلار تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن بېرىڭلار. كۆز ئالدىڭلاردىكى كۆرۈنگەن نەرسىگە ئۈمىد باغلىماي، ئەكسىچە ئەڭ ئېگىز، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئېسىل يېڭى ھاياتقا ئىنتىلىڭلار. خۇدا بىلەن يېقىن ياشاشنى تۇرمۇشۇڭلارنىڭ نىشانى قىلىڭلار.

ئارىمىزدا نۇرغۇنلىرىمىز ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەي ياشىغاچقا، ھەمىشە مەئىشەتلىك، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئىشتىياق باغلاپ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقىمىز. تاغ يوللىرىدىكى ئېگىز-پەس، تار-تىك قىيالىق يوللار قەلبىمىزنى مۈزلىتىۋەتكەن بولغاچقا، بىز ئەزەلدىن تۇمان ئارىسىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان تاغ چوققىسىدىكى ئاجايىپ گۈزەللىكنى ھىس قىلالمايمىز ھەم چۈشىنەلمەيمىز.

ئاھ! كۆز ئالدىدىكى زىيانغا مەرتلەرچە سۆكۈتتە تۇرۇش نېمە دېگەن چوڭ ئىش ھە!

بىز پەقەت سەۋر-تاقەت، غەيرەت جاسارەت بىلەن خۇدانى ئىزدەشنى نىيەت قىلساقلا، ئالدىمىزدىكى شان-شەرەپ ۋە بەخت-سائادەت بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

## 1- ئاينىڭ 3- كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«...كالا، قوي ۋە بالىلار قانچىلىك ماڭالىسا، مەنمۇ شۇنچىلىك ماڭىمەن ...» (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى *33: 14* ئايەت)**

يۇقۇرىقى ئايەتلەر ئاجايىپ بىر نادىر رەسىمگە ئوخشاش، ياقۇپنىڭ چارۋا ماللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بولغان چوڭقۇر مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئەلۋەتتە

پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىراقسانلىق بىلەن يول يۈرۈشنى خالىمايدۇ. شۇنداقلا، قوپال ئەساۋنىڭ ئۇلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ھەيدەپ مېڭىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ماغدۇرى بويىچە، ئاستا-ئاستا يول يۈرۈشنى خالايدۇ. ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىك، قوي پادىلىرىنىڭ سۈت ئېمىۋاتقان ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ئويلانغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق سەپەر قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇن ئۇ بۇ چول-باياۋانلىق مۇساپىنى بېسىپ باققان. ئۇ بۇ يوللارنىڭ قانداق يېرىدە تىك-قىيا، قانداق يېرىدە خېيىم-خەتەر ھەم قانداق يەردە تۇمۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغاق بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "بۇ يولنى سىلەر مېڭىپ باقمىغان" دەيدۇ. (يەشۇ 3: 4 ئايەت)

ئوخشاشلا، ئالدىمىزدىكى مۇساپىنى بىز مېڭىپ باقمىغان. لېكىن، ئەيسا مەسىھ مېڭىپ باققان. بىز كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلمەيمىز. بىراق، رەب ئەيسا ھەممىنى بىلىدۇ. شۇنداق، بۇ بۆلەك مۇساپە كۆڭلىمىزنى قاتتىق يېرىم قىلسا، يەنە بىر بۆلەك مۇساپە چارچىتىپ ھارغۇزۇۋېتىشى، يەنە بىر بۆلەك مۇساپە بىزنى ھالسىزلاندۇرۇپ، نەپەسمۇ ئالالمىغۇدەك ئېغىر كۈنگە قويۇشى مۇمكىن. بىراق، ئەنسىرىمەڭ! مانا بۇلارنىمۇ رەب ئەيسا باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق خاتىرلەنگەن: «ھەزرىتى ئەيسا سەپەردە چارچىغانلىقى ئۈچۈن........» (يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 4: 6 ئايەت)

ھەقىقەتەن شۇنداق، ھەرقانداق بىر نەرسە ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزگە كورسەتكەن مېھر-مۇھەببىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇ باشتىن كەچۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەتلەر ئۇنى ياخشى بىر پادىچى قىلىپ يېتىشتۇرگەن.

زەبۇردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:« چۈنكى ئۇ ئۆزى بىزنىڭ جىسمىمىزنى بىلىدۇ.

توپراقتىن ئىكەنلىكىمىزنى يادىغا ئالىدۇ.» (زەبۇر 103: 14 ئايەت)

ئۇ ھەر ۋاقىت بىزگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ بىزنى ھەرگىزمۇ ماغدۇرىمىز يەتمەيدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلغۇزمايدۇ. ماڭالمايدىغان قىيىن يوللاردا ماڭغۇزمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىمىزدىكى يول قانچىلىك مۈشكۈل بولسىمۇ، ھېچنەرسىدىن غەم قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ كۈچىمىزگە كۈچ-قوشۇپ، ئامان-ئىسەن ھالدا مەنزىلىمىزگە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، زۆرۈر تېپىلسا بىزنى توختىتىپ ئارام ئالغۇزىدۇ.

# 1-ئاينىڭ 4-كۈنى

**📖«-ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، ئوغلىڭىز ھايات قالىدۇ!-دېدى ھەزرىتى ئەيسا.**

**ھېلىقى ئادەم ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. » (يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر *5: 50* ئايەت)**

**«.....دۇئا بىلەن تىلىگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشتىم، دەپ ئىشىنىڭلار....» (ماركۇس *11: 24* ئايەت)**

ئەگەر، سىز بىرەر ئىش ئۈچۈن مەخسۇس دۇئا قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ دۇئايىڭىز خۇداغا چىن دىلىڭىزدىن ئىشىنىپ، خۇدانىڭ دۇئالىرىڭىزغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولغانلىقىغا شۈكۈر، مەدھىيە ئېيتالىغۇچىلىك داۋام قىلسۇن. ئەگەر، دۇئالىرىڭىزغا نىسبەتەن خۇدانىڭ جاۋابى تېخى ئېنىق بولمىسا، خۇدادىن شۇ ئىش ئۈچۈن جاۋاپ سوراپ دۇئا قىلىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ خىل ئىشەنچسىز دۇئا سىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى

ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى يوقىتىۋېتىدۇ. دۇئاغا تۇتقان بۇنداق ھەيدەكچى پوزىتسىيەنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە شەيتان ياكى ئۆزىمىزدىن ئىبارەت. يەنە بىر مۇھىم نوقتا: خۇدا سىزنى دۇئالىرىڭىزغا نىسبەتەن كۈتتۈش ئورنىغا قويغان بولسا، ئەمما سىز يەنىلا خۇدادىن تىلەۋەرسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى خۇدانىڭ ئالدىغا چوقۇم ئىشەنچ بىلەن بېرىڭ. ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ دۇئاسىغا نىسبەتەن ئىشەنچىڭىزنى يوقاتماڭ. ھەمدە خۇداغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنى ھېلىھەم ساقلاۋاتقانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ جاۋابىغا شۈكۈر، ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئەگەر، دۇئالىرىڭىزنىڭ ھامان ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچىڭىز بولسا، ئالدى بىلەن ئېرىشمەكچى بولغان جاۋابلار ئۈچۈن خۇداغا مەدھىيە ئوقۇڭ، شۈكۈر ئېيتىڭ. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھېچقانداق بىر نەرسە سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنى بۇنداق مۇستەھكەملىيەلمەيدۇ.

دوستۇم، بىز دۇئا قىلغاندىكى ئىشەنچىمىزنى يوقاتساق، خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتابتا بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئىنكار قىلغان بولامدۇق، قانداق؟! يەنە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان خۇدانىڭ « شۇنداق، خالايمەن» دېگەن ئاۋازىنى تونۇمىغان بولامدۇق، قانداق؟! دۇئاغا تۇتقان بۇنداق پوزىتسىيە بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ تېنچلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تېنچلانمىغان قەلب دەل دۇئالىرىمىزنىڭ جاۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىز ئېتىقادچىلار بۇ ئاراملىقتىن بەھرىمان بولالايمىز. لېكىن، ئىشەنمىگەنلەرگە كەلسەك، دەل خۇدانىڭ ئېيتقىنىدەك: شۇڭا، غەزەپلەنگىنىمدە قەسەم قىلغىنىمدەك، ئۇلار ئاراملىقىمدىن ھەرگىز بەھرىمان بولالمايدۇ.» (ئىبرانىيلار 3:4)

بىزنىڭ دۇئاغا تۇتقان بۇنداق ئىشەنچسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەبى، ئوي-پىكىرلىرىمىزنى خۇدانىڭ ۋەدىسىدىنمۇ بەكرەك تۇرمۇشىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەرپ قىلغانلىقىمىزدىندۇر.

مۇقەددەس كىتابتا ئىبراھىم توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: « ئىبراھىم ئۆزىنىڭ يۈز ياشقا يېقىنلاپ، پەرزەنت تېپىش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خۇداغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرمىدى. ئۇ خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن گۇمانلانمىدى....» (رىملىقلار4: 19ـ20 ئايەت)

قەدىرلىك دوستلار، ئازدۇرۇلماسلىقىمىز ھەم دۇئاغا بولغان ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز ئۈچۈن سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلايلى.

ئىشەنچ ھەرگىزمۇ ھېس-تۇيغۇ ئەمەس. ئىشەنچنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىشەنچ سەۋەب ئەمەس.

ئىشەنچ دېگىنىمىز-خۇدانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق خۇدانى تونۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئالدىراقسانلىق بىلەن باشلانغان ئىش ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇنداق، بىز راھەت، ئازادە مۇھىتتا ئىشەنچ دەرسلىكىنى ئۆگىنەلمەيمىز. خۇدا داۋاملىق بىز يالغۇز قالغاندا ئۆز ۋەدىسىنى بېرىدۇ. ئاندىن، مېھىر-شەپقەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە بەرگەن ۋەدىسگە تامغا باسىدۇ. ئاندىن ۋاقىتلىق چېكىنىپ، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قارايدۇ. ئادەملەر ئارقىلىق بىزنى سىناپ باقىدۇ. ئۆزى بەرگەن ۋەدىسىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىشلارنى بىزگە ئۇچراشتۇرىدۇ. دەل مۇشۇ پەيت ئىشەنچ غەلبە تاجىنى كىيىدىغان ۋاقىتتۇر. خۇددى پاۋلۇس جاھاننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، دېڭىز دولقۇنلىرى شىددەتلىك

ئۆركەشلەۋاتقان پەيتتە، ئىشەنچكە تولغان ھالدا، غەلبىلىك چۇقان-سۈرەن بىلەن: «ئىشىنىمەنكى خۇدا ماڭا قىلغان سۆزلىرىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاشتۇر.

# 1-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا پەقەت سەنلا ماڭا ياردەم قىلالايسەن................ »**

***(2-تارىخنامە 14: 11 ئايەت)***

بىز ئەنە شۇنداق «پەقەت سەنلا ماڭا ياردەم قىلالايسەن........» دېيىش ئارقىلىق خۇدانى ئەسكەرتىپ، بېشىمىزغا كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىشىمىز كېرەك.

كونا ئەھدىدە خاتىرلەنگەن تۆۋەندىكى ھېكايىدە مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن.

يەساۋغا ھوجۇم قىلغان كۈش پىيادە قوشۇنلىرىنىڭ سانىلا مىليۇندىن، جەڭ ھارۋىلىرى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئىدى. يەساۋ بىلەن ئىسرائىل قوشۇنلىرىنىڭ كۈش پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئەمەلىيەت ئەلۋەتتە. ھېچقانداق ئىتتىپاقداش ياردەمچى قوشۇنمۇ يوق ھەم ئۆز قوشۇنلىرى ئاجىز ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى پەرۋەردىگار خۇدادىن ياردەم سوراش بولدى. ئېھتىمال، ھايات سەپىرىڭىزدە مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق قىيىنچىلىقلار سىزنىڭ بارلىق تايانچ كۈچلىرىڭىزگە بولغان ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈپ تاشلاپ، سىزنى ئامالسىز قالدۇرۇپ، خۇدانىڭ ئالدىغا بارغۇزغان ئەسلىملەر بولغان بولۇشى مۇمكىن.

يەساۋ دەل ئاشۇ قورقۇنچلۇق پەيتتە، ئىشەنچ ئارقىلىق پەرۋەردىگار خۇدانىڭ، توللۇق قۇراللانغان دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن ھېچقانداق كۈچى يوق، ئاجىز بولغان ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنداق، ئۇ خاتالاشمىغانىدى.

نەتىجىدە بىز كۈش قوشۇنلىرىنىڭ پەرۋەردىگار خۇدا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى ۋە ئىسرائىللارنىڭ نۇرغۇن جەڭ ئولجىلىرىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بىزنىڭ خۇدايىمىز پەرۋەردىگار خۇدا شاھلارنىڭ شاھىدۇر. ئۇ ھەرۋاقىت، ھەر زامان ئۆز قوشۇنلىرىنى يىغىپ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزمۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ھەرۋاقىت سىز ۋە سىزنىڭ مۈشكۈل قىيىنچىلىقلىرىڭىز ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋىدىغانلىقىغا، مەيلى قانداق قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈلاتلار بولسۇن، خۇدانىڭ ئالدىدىن خۇددى بۇلۇت شامالدىن تاراپ كەتكەندەك تاراپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

ئىبراھىم خۇداغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكىلىرىگە: «قايت!» دېدى. تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە نىسبەتەن: «ئاۋازىڭنى چىقارما!» دەپ خىتاپ قىلدى. ئارسالدىلىق بىلەن تولغان قەلبىگە: «سەن بىر يالغانچى، ئازدۇرغۇچى» دېدى. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن خۇداغا ئىشەنگەنىدى.

## 1-ئاينىڭ 6-كۈنى

📖«سەن سۇلارنى كەچكەندە، سۇلار سېنى چۆكتۈرمەيدۇ....» (يەشايا 43: 2-ئايەت)

ئەگەر، مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىز قەدەم ئالمىساق، خۇدا ھەرگىز بىز ئۈچۈن يول ئاچمايدۇ. ئەگەر، بىز ياردەمگە مۇھتاج بولمىغان بولساق، خۇدا

ھەرگىز بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. ئەگەر، بىز تېخى تۇسالغۇغا ئۇچرىمىغان بولساق، خۇدا توسالغۇلارنى ئالدىمىزدىن يوقىتىۋەتمەيدۇ. ئەمما، بىز ھەقىقەتەن ياردەمگە مۇھتاج بولغاندا، ئۇ قوللىرىنى سۇزۇپ، بىزگە ياردەم قىلىدۇ...... خۇدانىڭ نۇرغۇنلىغان پەرزەنتلىرى بۇ پىرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، تېخى يېتىپ كەلمىگەن قىيىنچىلىقلار ئۈچۈن غەم-ئەندىشە قىلىشىدۇ. ئۇلار، خۇدانىڭ ئالدى بىلەن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يولنى تۈزلەپ، تەكشى قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار خۇدانىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يول ئاچىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. سىز مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم سۇدىن ئۆتۈشىڭىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، خۇدانىڭ سىزگە بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سەكرات ئۈستىدە، ئۆلۈمدىن قورقۇشۇپ ئاھ ئۇرغان ھالدا، خۇدانىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئېچىنىشىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ساغلام ھالدا خاتىرجەم خىزمەت قىلىۋاتقاندا، خۇددى ئۆلۈم ئۇلاردىن ئىنتايىن يىراقتەك ھىس قىلىشىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە بۇلارغا مۇھتاج ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇھتاج بولغىنى خىزمەتتىكى، تۇرمۇشتىكى مېھىر-شەپقەتتۇر. ئۇلار سەكراتقا چۈشكەندىلا، ئاندىن مەڭگۈلۈك مېھىر-شەپقەتكە مۇھتاج بولىدۇ.

# 1-ئاينىڭ 7-كۈنى

**📖«...مەن ھەرقانداق ئەھۋالدا بارىغا قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم.» (فىلىپىلىكلەر 4: 11 ئايەت)**

پاۋلۇس دۇنياغا تەۋە بارلىق بەخت-ئامەتكە ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ئۈچۈن،

تۇرمىدىكى ۋاقتىدا يۇقۇرىقى ئايەتلەرنى يازغان. تۆۋەندە بىز مۇنداق بىر ھېكايىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

مەلۇم بىر كۈنى، بىر پادىشاھ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، يالغۇز ھالدا باغچىسىنى سەيلە قىلىۋېتىپ، بارلىق گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەرنىڭ سارغىيىپ، سولۇشۇپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. باغچىنى مۇدھىش ۋەيرانچىلىق قاپلىغان بولۇپ، ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. پادىشاھ ئەجەپلەنگەن ھالدا، باغچا ئىشىكىدىكى ئارچا دەرىخىدىن، ئۇلارغا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەسلىدە، ئارچا دەرىخى ئۆزىنىڭ قارىغاي دەرىخىدەك ئېگىز، قامەتلىك بولالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، دۇنيادىن بىزار بولۇپ، ياشىغۇسى كەلمەي قالغانىكەن. قارىغاي دەرىخىمۇ ئۆزىنىڭ ئۈزۈم تېلىدەك ياخشى مېۋە بېرەلمەيدىغانلىغىدىن بىزار ئىكەن. ھەشقىپىچەكمۇ ئاغرىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆسۈن رەڭلىك گۈلگە ئوخشاش خۇش-پۇراق چاچالمايدىغىنىدىن ئاھ ئۇرىدىكەن........ قىسقىسى، ئۇلار ئۆزىنىڭ باشقىلارغا يېتەلمەيدىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ، سارغىيىپ كېتىشكەنىكەن. ئويلىمىغان يەردىن، ئىنتايىن كىچىك بىر يۇمران مايسا گۈل ئەسلى قىياپىتى بۇيىچە، قەددىنى تىك تۇتۇپ، خۇش-پۇراق چېچىپ، گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا، ئۇنىڭغا:

- ئەي كىچىك مايسا گۈل! سېنى بۇنداق قىياپەتتە كۆرگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. باشقىلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىن بىزار بوپتۇ. سەن ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنسەن. سەندە قايغۇ-ھەسرەتنىڭ زەررىچىلىك ئىزناسىمۇ يوقتەك كۆرۈندى. ساڭا قايىلمەن!- دەپتۇ.

كىچىك مايسا گۈل جاۋابەن:

ئى ئالىيلىرى، شۇنداق! مەندە زەررىچىلىك ئۇمۇدسىزلىك، بىزارلىقتىن ئەسەرمۇ يوق. گەرچە، مەن ھېچنىمىگە ئەرزىمىسەممۇ، سېلىنىڭ ئوز خاھىشلىرى بويىچە، ئارچا دەرىخى ياكى قارىغاي دەرىخى، ئۈزۈم تېلى ياكى ھەشقىپىچەك ياكى خۇش-پۇراق گۈل قاتارلىقلارنى تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن. سېلى مېنى كىچىك بىر مايسا قىلىپ تىككەن ئىكەنلا، مەن رازىمەنلىك بىلەن مۇشۇنداق كىچىك مايسا بولۇشنى خالايمەن، - دەپتۇ.

شۇنداق، ھاياتلىقتا ئەنە شۇنداق شەخسىيەتسىز ھالدا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاتىغۇچىلار ھەرقانداق چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە قانائەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى خۇدانىڭ خاھىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقتىن، خۇدانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىزمەت قىلىشقا رازى بولغانلاردۇر. ئۇلار ئۆزىدە بار بولغانىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ، ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ يوقاتقانلىرىنىڭ نەچچە ھەسسىسىنى ئاشۇرۇپ، تولۇقلاپ بېرىشكە قادىردۇر.

# 1-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«مەن يامغۇرنى چوقۇم ۋاقتىدا ياغدۇرىمەن، بەخت-سائادەتنىمۇ خىسلەتلىك يامغۇرغا ئوخشاش شۇنداق ياغدۇرىمەن.» (*ئېزەكىيال 34: 26 ئايەت*)**

بۈگۈن سەھەر كەيپىياتىڭىز قانداقراق؟ كەيپىياتىڭىز خۇددى قۇرغاق ھاۋادەك مەنىسىزمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز ھازىر دەل يامغۇرلۇق نەمخۇش ھاۋاغا مۇھتاج بولۇپسىز.

مەيۈسلۈك ئىچىدە تىت-تىت بولۇۋاتامسىز؟ ئۇنداقتا، سىز ھازىر دەل خۇددى

ھاۋارايى نەملىك تەڭشەش كۆرسەتكۈچىكە ئوخشاش، كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەشكە مۇھتاج بولۇپسىز.

مۇقەددەس يازمىلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرلەنگەن:

«سېنىڭ كۈنلىرىڭ قانداق بولسا، كۈچ-قۇۋۋىتىڭ شۇنداق بولىدۇ.» (ئەمر-مەرۇپلار33: 25 ئايەت)

«بەخت-سائادەتنىمۇ خىسلەتلىك يامغۇرغا ئوخشاش شۇنداق ياغدۇرىمەن.»

بۇ ئايەتتىكى «بەخت-سائادەت» سۆزى ئەسلى نۇسخىسىدا كۆپلۈك مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى-خۇدا ھەرخىل، تۈرى، شەكلى ئوخشاش بولمىغان بەخت-سائادەتلەرنى خۇددى مارجانغا ئوخشاش تىزىپ، بىر قىلىپ ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە توختىماي ئاتا قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر، خۇدا بىزگە قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى بەرگەن بولسا، ئوخشاشلا ئۇ يەنە غەلبە قىلىش ئىلتىپاتىنىمۇ بېرىدۇ. شۇنداق، رەھىم-شەپقەت ئۈستىگە مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىلتىپات ئەنە شۇنداق قوشۇلۇپ ماڭىدۇ. يوقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك، خۇدانىڭ ئاتا قىلغان بەخت-سائادىتى خىسلەتلىك يامغۇرغا ئوخشاش توختىماستىن يېغىپ تۇرىدۇ.

ئىھ، قۇرغاقچىلىقتىن سۇسىزلىنىپ كەتكەن ئۆسۈملۈكلەر، يوپۇرمىقىڭلارنى ۋە گۈل بەرگىلىرىڭلارنى ئاسماندىن ياغىدىغان خىسلەتلىك يامغۇرنى سۈمۈرۈشكە تەييار قىلىڭلار..........

كۆپ مېۋە بېرىشنى خالايدىغان ھاياتلىق ھەرۋاقىت يامغۇر ئىزدەيدۇ.

# 1-ئاينىڭ 9-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖**«مېنىڭچە، ھازىر بىز تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر كەلگۈسىدە بىزدە ئايان بولىدىغان شان-شەرەپكە سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.» *(رىملىقلار8: 18 ئايەت)***

مېنىڭ پەرۋانەم بار بولۇپ، ئۇ ئۆچەككە كىرگىلى بىر يىلدەك بولغانىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئالاھىدە ئىدى. بىر بېشىدا ئىنچىكە ئانتىناسى، يەنە بىر بېشىدا شارچىسمان تۇپچىسى بولۇپ، خۇددى تەجرىبىخانىدىكى ئىنچىكە ساپاقلىق بوتۇلكىغا ئوخشايتتى. ئۇ لىچىنكا چىقىرىدىغان ۋاقىتتا، چوقۇم ئالدى بىلەن شارچىسمان تۇپچىدىن، ئىنچىكە ئانتىناغا ئۆمىلەپ چىقىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ مۇكەممەل گەۋدىگە ئىگە بولۇپ، ئەركىن ئۇچالايتتى. ئۇنىڭ شارچىسمان بەدىنى شۇنداق سېمىز، چوڭ. ئەكسىچە، ھېلىقى ئىنچىكە ئانتىنا شۇنچىلىك كىچىك ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئۆمىلەپ چىقىشى، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ چوقۇم نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندە ۋە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىرادە باغلىغاندىلا ئاندىن ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيتتى.

بۇ ھەقتە بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قۇرۇت ۋاقتىدا، قاناتلىرى يېتىلمىگەن بولىدۇ. ئۆچەكتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا، چوقۇم مۇشۇنداق بىر مەيدان جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن بەدەن سۇيۇقلۇقى تەرەققى قىلىپ، قانات شەكىللىنىدۇ ھەم ئىككى قانىتىغا كۈچ-يىغىپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدىغان نورمال پەرۋانىگە ئايلىنالايدۇ.

مەلۇم بىر كۈنى، تاسادىپىي ھېلىقى مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولغان قۇرۇتنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن پۈتۈن بىر

ئەتتىگەن سەۋرىچانلىق بىلەن، يان تەرەپتە ئۇنىڭ لىچىنكا ئىچىدە، لىچىنكىدىن چىقىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان، تىركىشىۋاتقانلىقىدەك ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتىم. ئەمما، ئۇ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ زەررىچىلىك ئالغا ئىلگىرلەش بولمايۋاتاتتى. مېنىڭچە، ئۇ ئەمدى لىچىنكىدىن چىقالمايتتى. نەتىجىدە، مېنىڭ سەۋر-تاقىتىم چېكىگە يېتىپ، ئۆزەمنى ياراتقۇچى خۇدادىنمۇ ئەقىللىق، مېھرىبان دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ لىچىنكىدىن چىقىشىغا ياردەم قىلماقچى بولدۇم. مەن كىچىك قايچا بىلەن، قۇرۇت لىچىنكىسىنى كىچىككىنە كېسىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردىم. بۇ مېنىڭ ياخشى نىيىتىم بىلەن قىلغان ئىشىم ئىدى. قاراڭلار! بىردەمدىن كېيىن، مېنىڭ پەرۋانەم لىچىنكىدىن ئاسانلا ئۆملەپ چىقالىدى. ئۇنىڭ لىچىنكىدىن چىققاندىن كېيىنكى بەدىنى ئىنتايىن سېمىز ھەم چوڭ، ئەكسىچە قانىتى ئىنتايىن ئاجىز ھەم كىچىك ئىدى. يان تەرەپتە، مەن ئۇنى قوغدىغاچ ئۇنىڭ قاناتلىرىنى كېرىپ، ئاستا-ئاستا ئۇچىشىنى كۈتتۇم. ئاھ!، بارلىق ئۈمىدىم كۆپۈككە ئايلاندى. مېنىڭ ساختا مېھرىبانلىقىم ئۇنى ۋەيران قىلغانىدى. بىچارە قۇرۇت، ئاجىز قاناتلىرى بىلەن سېمىز بەدىنىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالغاچقا، ئۇچۇش ئۈچۈن شۇنچە تىركەشسىمۇ، نازۇك چىرايلىق قاناتلىرىنى ئاجىز كەرگىنىچە، ئازابلىق ھالدا ھەرىكەتتىن توختىدى. ھەي... مېنىڭ ئەقىل-پاراستىم ۋە مېھرىبانلىقىم ئۇنى نابۇت قىلغانىدى. تېخى تولۇق يېتىلمىگەن پەرۋانە، مەجبۇرى ھالدا چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

مەن بۇ ئىشلارنى قايتا-قايتا ئويلاندىم. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز كىشىلەرنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەت ئىلكىدە قىينىلىپ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى، كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن بىچارە ھېس قىلىمىز. بىز دائىم خۇدانىڭ

قانۇن-پىرىنسىپلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، ئادەملەرگە تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەردە ياردەمدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز..... ئادەملەرنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمىدېگەن تار-ھە! بىز ئەنە شۇنداق ئاددىي كۆرەشلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى چۈشىنەمدۇق؟ شۇنداق، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋاقىتلىق ئازابلارغا، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرسەك، ئەنە شۇنداق كەڭ دائىرىلىك بىلىم، چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئېرىشىمىز. بۇلار بىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن مېھىر-مۇھەببىتىمۇ ئەنە شۇنداقتۇر. چۈنكى، خۇدا ئۆزىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى سۆيگەچكە، ئۇلارنىڭ پاك، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن قاتتىق تەربىيە بېرىدۇ. بۇنداق شەرەپلىك مەقسەت-مۇددىئا بولغاندا، ئۇ ھەرگىز پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزمايدۇ. خۇدا ئوغلىنى ئازاب-ئوقۇبەت ئىلكىدە شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن. ئوخشاشلا، خۇدا بىز پەرزەنتلىرىگە جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىتىپ، شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرىدۇ.

# 1-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ئاسىيا ئۆلكىسىدە خۇش خەۋەر تارقىتىشىغا يول قويمىغانىدى.» (ئەلچىلەر16: 6 ئايەت)**

مۇقەددەس كىتابتىن، بىز مۇقەددەس روھنىڭ شاگىرتلارنى قانداق يېتەكلىگەنلىكىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. شاگىرتلار ئاسانلا خاتالىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، مۇقەددەس

روھنىڭ يېتەكلىشى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەش بولاتتى. بۇ قېتىم، پاۋلۇس بىلەن سىلاس سول تەرەپنى نىشانلاپ، ئاسىيا ئۆلكىسىگە كىرىشنى ئويلاشقىنىدا، مۇقەددەس روھ ئۇلارنى توسۇپ قويدى. ئۇلار ئوڭ تەرەپنى نىشانلاپ، بىتىنىيە ئۆلكىسىگە كىرمەكچى بولغىنىدا، مۇقەددەس روھ يەنە ئۇلارنى توسۇپ قويدى. بىر مەزگىل پاۋلۇسلارنىڭ مۇشۇ جايلاردا خۇدا توغرۇلۇق تەلىم بېرىشى ئۈچۈن يول ھازىرلانمىغان ئىدى. ئالدى بىلەن، ئاپاللۇس بۇ جايدا دەسلەپكى خىزمەتلەرنى ئىشلىشى زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا جايلار ئۇلارنىڭ كېلىپ خىزمەت قىلىشىغا تېخىمۇ مۇھتاج ئىدى. ئۇلار چوقۇم ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەربىيەلەنگەندە، ئاندىن ئاسىيا ئۆلكىسى ۋە بىتىنىيە ئۆلكىسىدە جامائەتچىلىك قۇرالايتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز كەلگۈسىڭىزنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ قالغاندا، چوقۇم مۇقەددەس روھنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئۆزىڭىزگە ۋاكالىتەن قارار چىقارغۇزۇڭ. مۇقەددەس روھتىن، بارلىق ئوڭ-سول يوللارنى توسۇۋېتىپ، ھەقىقىي توغرا يولغا باشلىشىنى تىلەڭ. سىز مۇنداق دەڭ: «ئىھ! مۇقەددەس روھ، مەن تاللاش مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي ساڭا تاپشۇردۇم. خاتا بولغان يوللاردىن مېنى توسۇۋېلىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە زىت يوللاردا مېڭىشتىن مېنى ساقلاپ قالغىن. قايسى يولدا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغىنىمدا، سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن. »

بۇ ۋاقىتتا، سىز تېخى مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىنى ئوچۇق پەرقلەندۈرەلمىگەندە، ئەسلىدىكى ئورنىڭىزدىن ھەرگىز قوزغالماڭ ھەمدە خۇدانىڭ يېڭى چاقىرىقىغا ئېرىشكىچە، ئەسلىدىكى چاقىرىقنى قوغداپ قېلىڭ.

دوستۇم، بۈگۈن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس روھى خۇددى پاۋلۇسنى

يېتەكلىگەنگە ئوخشاش، سىزنىمۇ يېتەكلەش ئۈچۈن ساقلىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ھەربىر ئىشلاردا ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ھەتتا ئەڭ كىچىك ئىشلىرىڭىز چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىمۇ، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر مۇقەددەس روھنىڭ توسىشىغا ئۇچرىمىسىڭىز، يۈرەكلىك ھالدا داۋاملىق ئالغا بېسىڭ. بىراق، ھەرگىز ھەيران قالماڭ. ئەگەر، ئوڭ-سول تەرەپتىكى يوللار ئېتىك بولۇپ، ئالدىدىكى يول ئوچۇق بولغان بولسا، رۆشەنكى بۇ يول چوقۇم تروئاس شەھىرىگە بارىدىغان يولدۇر. دەل ئاشۇ جايدا، لۇقا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ. دەل ئاشۇ جايدا خۇدا كەلگۈسى ھەققىدە سىزگە بىشارەت بېرىدۇ. دەل ئاشۇ جايدا ساداقەتمەن دوستلىرىڭىز سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراپ قالدى.

## 1-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ‹مېنىڭ خەلقىمگە تەسەللى بېرىڭلار›.» (يەشايا40: 1)**

تەسەللى بېرىش ـــ باشقىلارغا تەسەللى بېرىش!

بۇ قايسى پەيغەمبەر ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇيرۇق بولغىيتى؟! شۇنداق، دۇنيا تەسەللىگە مۇھتاج كىشىلەر بىلەن تولغان. ناۋادا، سىز بىر تەسەللى بەرگۈچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز مۇشۇ جەھەتتە چوقۇم تەربىيلەنگەن بولۇشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، سىز بۇ جەھەتتە غەلبە قازىنالمايسىز. بۇ جەھەتتىكى تەربىيە دەرسىنىڭ تۆلىنىدىغان بەدىلى ئىنتايىن چوڭ. چۈنكى، سىز كىشىنىڭ قەلبىنى

قايغۇغا سالىدىغان ئازاب-ئوقۇبەت. قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئېغىر كۆڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ باققاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئازابلىق قەلبىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا تەسەللىي بېرەلەيدىغان ماھىر تەسەللى بەرگۈچى بولۇپ چىقالايسىز. بۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز ئامبۇلاتۇرىيەدىكى بالنىست بۆلۈمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. سىز «بالنىست بۆلۈمىدىكى كېسەلخانا» لاردا، تەسەللىي بېرىش سەنئىتىنى ئۆگىنەلەيسىز. بىراق بۇلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، سىزنىڭ چوقۇم كېسەل تارىخىڭىز بولۇشى كېرەك. مەسلەن، بىمار ۋاقتىڭىزدا، مەسئۇل دوختۇرىڭىزنىڭ جاراھىتىڭىزنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، دورىنى قانداق سۈرگەنلىكىنى كۆزىتىش، كۆرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنەلەيسىز. سىز ھەرگىز ھەيرانلىق بىلەن :«مېنىڭ ھاياتىم نېمشقا قايغۇ-ھەسرەتلەرگە تولغان؟ مەن نېمشقا چوقۇم ئاشۇنداق ئازابلىق ئۆتمۈشنى باشتىن كەچۈرۈشۈم كېرەك؟» دەپ سۇئال قويماڭ. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىز ھاياتىڭىزدىن بۇ سۇئاللىرىڭىزغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز.چۈنكى، سىز بۇ ۋاقىتلاردا سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگە ئوخشاش ئازاب چەككەن، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچرىتىسىز ، سىز دەل شۇ ۋاقىتلاردا ، ھاياتىڭىزدىن گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا يول كۆرسىتەلەيسىز، خۇدانىڭ يېتەكلىشى بىلەن چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرىگە مەلھەم سۈرۈپ، شىپالىق بېرەلەيسىز............

قەدىرلىك دوستۇم، ئەمدى سىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قايغۇ-ئازابلارنى، قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىڭىزنى چۈشەنگەنسىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى، ھەمدۇسانالارنى ئېيتىڭ. چۈنكى، خۇدا سىزگە تەربىيلىنىش پۇرسەتلىرىنى بېرىپ، سىزنىڭ كۈچلۈك، قەيسەر بولۇشىڭىز ئۈچۈن، تەجرىبە ساۋاقلارنى

يەكۈنلەتكۈزدى.

مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك ، خۇدا بىزنىڭ تەسەللىي بەرگۈچىمىزدۇر. خۇدانىڭ بىزگە تەسەللىي بېرىشتىكى مەقسىدى، پەقەت ئۆزى ئاتا قىلغان ئاراملىقتىن بەھرىمەن قىلىشلا ئەمەس، بەلكى بىزنى ماھىر بىر تەسەللىي بەرگۈچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت.

# 1-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«قېرىنداشلار، ھەرخىل سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇنى زور خۇشاللىق دەپ بىلىڭلار. چۈنكى، سىلەرگە مەلۇمكى، بۇنداق سىناقلار ئارقىلىق ئېتىقادىڭلار سىنىلىپ چىداملىق بولىسىلەر.» (ياقۇپ1: 2-3 ئايەت)**

خۇدا ھەمىشە قىيىنچىلىقلارنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتراپىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەربىيلەيدۇ. بىراق، بىز دائىم ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىمىزدىن ۋايساپ، خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالىمىز. ئايۇپ پەيغەمبەر دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئايۇپ پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:«ئىنسان يولى ھەر تەرەپتىن يۇشۇرۇن ھەم خۇدا تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىۋېلىنغان بولسا، ئۇنداقتا ئىنسانغا ھاياتلىق نەدىن كەلدى؟»(ئايۇپ3: 23)

ئەي خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى، گەرچە ھاياتىمىزدىكى سىناقلار، قىيىنچىلىقلار بىزنى قورشاپ تۇرسىمۇ، يەنە ئاشۇ يوچۇقلاردىن«يورۇقلۇق» كىرىپ، بىزنىڭ قاراڭغۇ

دىللىرىمىزنى يورۇتىدۇ. ئەگەر، سىز تىكەنگە يېقىنلاشمىسىڭىز، تىكەن ھەرگىز سىزگە سانجىلىپ كەتمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا، كۆڭلىڭىزگە ئازار بەرگەن زەھەرلىك سۆزلەرنى، قايغۇغا سالغان مەكتۇپلەرنى، سىزنى رەت قىلغان ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ مۇئامىلىسىنى ۋە ئىقتىسادى قىينىچىلىقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر چىن قەلبىڭىزدىن خۇداغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانسىڭىز خۇدا چوقۇم سىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ ھەم سىزگە ۋاكالىتەن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 1-ئاينىڭ 13-كۈنى

✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻

**📖«بىزنى سۆيىدىغان خۇدانىڭ كۈچى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلبە قىلىمىز.» (رىملىقلار8: 37 ئايەت)**

غەلبە قىلىمىز — غەلبە قىلىش پەقەت غەلبە قىلىشنىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئىشتا ئۇتتۇرماسلىقنى ھەم دۈشمەننى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلغاندا پۈتۈنلەي غەلبە قىلالايمىز؟ غەلبە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى: جاپا-مۇشەققەتلىك سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بېسىم ۋە قىيىنچىلىق ئاستىدىكى مۇھىتتا چېنىقىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. ئېتىقادىمىزنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن، بىز ئۇچرىغان سىناقلارنىڭ ھەممىسى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر جەرياندۇر. بۇ خۇددى ساپال ۋە فار-فۇر بويۇملاردىكى نەپىس رەسىملەرنىڭ ئوتتا پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىنلا، ئۇزۇن مۇددەت ئۆچۈپ

كەتمەيدىغانلىقىغا، تاغ چوققىسىدىكى ئارچا دەرىخىنىڭ شىددەتلىك قارا بورانىنىڭ كۈچلۈك تەۋرىتىشىگە قايتا-قايتا ئۇچراپ، ئاندىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىغا ئوخشاشتۇر. بىز ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا، روھقا تەۋە بولغان جەڭلەرگە قاتنىشىشتىن خالىي بولالمايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل روھي جەڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىر بەخت-سائادەتتۇر. شۇنى بىلىشىمىز زۆرۈركى، بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز شەيتاندۇر. بىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، شەيتاننىڭ سىناقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. قەدىمقى دەۋردە، فرىيگا (Phrygia)دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت بولۇپ، بۇلار جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ھەمىشە دۈشمىنىنىڭ قېنىنى ئىچىدىكەن. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندا، دۈشمىنىنىڭ باتۇرلىقى ۋە بەدەن قۇۋۋىتىنى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە كىرىدۇ، دەپ قارايدىكەن. شۇنداق، بىز ئۇچرىغان بىر قېتىملىق سىناقتىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىزگە روھى جەھەتتە بىر ھەسسە كۈچ-قۇۋۋەت قوشۇلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىز پەقەت جەڭلەردە غەلبە قازىنىپلا قالماي، يەنە ئۇلاردىن نۇرغۇن جەڭ غەنىمەتلىرىنى ئولجا ئالىمىز. ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز. مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:«ئۇلار غەرىبتىن ئۇچۇپ كېلىپ، فىلىستىنلىكلەرنىڭ بېشىغا دەسسەيدۇ. شۇنداقلا شەرقلىقلەرنى ئەسىر قىلىدۇ. قوللىرىنى سوزۇپ ئېدوم ۋە موريىيانى بېسىپ تۇرىدۇ. ناتانلىقلارمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ.»(يەشايا14:11)

فىلىستىنلىكلەر ئۇلارنىڭ دۈشمىنى، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان فىلىستىنلىكلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزلىرىگە قارشى باشقا دۈشمەنلىرىنىمۇ قۇل قىلىپ، ئۇلارنى تالان-تاراج قىلغان. بۇ خۇددى ئەقىللىق غەۋۋاس سۇ ئۈزگەندە شامالنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئالغا ئىلگىرلىگەندەكلا بىر ئىش.

بىز روھقا تەۋە بولغان ھاياتىمىزدا، ئۇرغۇنلىغان روھى بېسىمغا، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرايمىز. بىراق، خۇدا بىزگە مېھىر-شەپقەتلىك كۈچ-قۇدرىتى بىلەن يار-يۆلەك بولۇپ، بىزنىڭ روھى جەھەتتە تېخىمۇ ساغلام، كۈچلۈك بولۇشىمىز ئۈچۈن، مۇكەممەل ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز رۇھى جەھەتتە ھەقىقي پىشىپ يېتىلگەندە، پاۋلۇسقا ئوخشاش تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتالايدىغان بولىمىز: «بېشىمغا كەلگەن بۇ جاپا-مۇشەققەتلەر خۇش خەۋەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى.»(فىلىپىلىكلەر1: 12)

«خۇداغا شۈكۈر! خۇدا ھەمىشە بىزنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زەپەر قوشۇنىدا بولۇشقا مۇيەسسەر قىلىپ، بىز ئارقىلىق خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ئۇنى تونۇشنىڭ خۇش پۇرىقىنى ھەممە يەردە چاچماقتا.» (2-كورىنتلىقلار 2: 14)

## 1-ئاينىڭ14-كۈنى

***«قويچى قويلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىرىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ.» (يۇھاننا 10: 4)***

رەب ئۆز قويلىرىنى ئوتلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قويۇۋېتىدۇ. گەرچە، قويلارنىڭ يول مېڭىشى شۇنچە جاپالىق بولسىمۇ، ئۇلارنى سىرتقا چىقىرىپ ئوتلىتىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. باشتىن-ئاخىر ھورۇنلۇق بىلەن ئىسسىق، راھەت قوي توپى ئارىسىدا ياشاش ھەرگىزمۇ ھەقىقي بەخت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەب ئۆز قويلىرىنى يۇمران ئوت-چۆپلەرنى يېگۈزۈش، سۇغۇرۇش، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۇرۇش ھەم گۈزەل

مۇھىتتىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا ئېلىپ چىققان.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر، رەب سىزنى يېتەكلەپ، سىزنى ئۆزى سىرتقا ئېلىپ چىققان بولسا، سىز ئىككىلەنمەي دەسلەپكى ماكانىڭىزدىن مېھرىڭىزنى ئۈزۈڭ. سىز مۇشۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز خاتالاشمايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن ياپىيېشىل يايلاق ۋە سۈلىرى مول دەريا بويىغا قاراپ قەدەم تاشلاڭ! يۈرەكلىك، باتۇر بولۇڭ! چۈنكى، رەببىمىز ھەر ۋاقىت ئالدىڭىزدىدۇر.

مەيلى قانداق خېيىم-خەتەر بولسۇن، رەببىمىز بىزدىن بۇرۇن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىشەنچ كۆزلىرىمىز بىلەن ئالدىمىزغا قارىساق، رەببىمىزنىڭ ھەر ۋاقىت يول باشلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئەگەر، رەببىمىزنىڭ يول باشلاپ ماڭغانلىقىنى كۆرەلمىسەك، ئۆز ئارزۇيىمىزغا ئاساسەن قەدەم باسقان بۇ سەپەردە خەتەر بار دېگەنلىكتۇر. بىراق، كۆڭلىمىزنى توق تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىز ماڭماقچى بولغان يوللارنى خۇدا ئۆزى تەييارلىغان ھەم ئۆزى باشتىن كەچۈرۈپ بولغاندۇر. رەببىمىز ھەرگىز بىز قىلالمايدىغان ئىشلارغا بىزنى چاقىرمايدۇ.

يىراق كەلگۈسىنى ئويلىماي، ئەتە ئۈچۈن غەم قىلماي، ھايات مۇساپىسىدىكى قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا، ئۆز ئىرادىسىنى ئاساس قىلىۋالماي، ئارزۇ-ئارمانلىرىدىكى بۈيۈك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالماي، ئىتائەتچانلىق بىلەن بىر قەدەم ــ بىر قەدەمدىن «قويچى» نىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشلا، ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇكەممەل بەختتۇر.

شەرق دۆلەتلىرىدىكى چۆل باياۋاندا، پادىچىلار ھەمىشە قوي پادىلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. مەيلى قانداق خىيىم-خەتەر يۈز بەرسۇن، ئالدى بىلەن پادىچى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

چۈنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا قوي پادىسىغا يول باشلاپ ماڭغان. ھازىر، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ  بىزنىڭ ئالدىمىزدا يول باشلاپ مېڭىۋاتىدۇ، ئەتىمۇ شۇنداق. خۇدا بىزنىڭ ئەتىكى ھەممە ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغان. ھاياتىمىزدىكى ھەربىر ئەتىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئالدى بىلەن مېڭىپ بولغان، ئۇ مېڭىپ بولغان يولدا ئاندىن بىز ماڭىمىز.

# 1-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖«ئۇ كۈنى كەچتە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا كۆرۈندى .» (يارىتىلىش26: 24)**

ئىسھاق بەئەرشەباغا كۆچۈپ بارغان كۈنى كەچتىكى كۆرۈنۈش تاسادىپىي يۈز بەرگەنمىدۇ؟ ياكى ئاشۇ كۈنى كەچتە، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسھاققا كۆرۈنۈشى توغرا كېلىپ قالغانمىدۇ؟ ئەگەر، سىز خۇدا ئىسھاققا ئاشۇ كۈنىدىن باشقا كۈنى كۆرۈنسىمۇ بولىۋېرەتتىغۇ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز پۈتۈنلەي خاتالاشقان بولىسىز. ئۇنداقتا، خۇدا نېمە ئۈچۈن ئىسھاق بەئەرشەباغا كۆچۈپ بارغان دەل ئاشۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭغا كۆرۈندۇ؟ چۈنكى، دەل ئاشۇ كۈنى ئىسھاقنىڭ قەلبى تېنچلانغان. ئىسھاق بۇرۇن تۇرغان زېمىنلاردا بىر قانچە قېتىم قۇدۇق قازدۇرغان بولسىمۇ، جېدەل چىقىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزغانىدى. بۇ ئىشلاردىن ئىسھاقنىڭ قەلبى قاتتىق ئازار يېگەنىدى. گەرچە، جېدەل-ماجرا بېسىقىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرلىك خەلقلەرنىڭ يەنە جېدەل چىقارمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ئىسھاق كېيىنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ، جېدەل-ماجرا يۈز بەرگەن بۇ جايدىن ئايرىلىپ،

بەئەرشەباغا بېرىپ ، مۇھىت ئالماشتۇرۇپ بېقىشنى قارار قىلغان. ئىسھاق بەئەرشەبادا بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قەلبى ئارام تاپقاندەك كېيىن، خۇدا ئۇنىڭغا كۆرۈنگەن. خۇدا ھازىرمۇ دەل مۇشۇنداق بولۇپ، ئۇ قەلبى، روھي جەھەتتە داۋالغۇش بولمىغان ئادەمگە كۆرۈنىدۇ. ئەنە شۇ يۇلتۇزلۇق، تېنچ كېچىدە، ئىسھاق روھي جەھەتتىكى ئاراملىق ئىچىدە، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىيالىغان.

ئىھ قەلبىم، سەنمۇ پەرۋەردىگار دېگەن مۇنۇ سۆزنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا!

"دەيدۇكى ئۇ: توختۇتۇش ئۇرۇشلىرىڭلارنى، بىلىپ قويۇڭلاركى مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىگىمنى، بارلىق ئەل مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىمەن، پۈتكۈل يەر يۈزىدە ئۇلۇغلىنىمەن." (زەبۇر 46: 10)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئوخشاشلا قەلبىڭىز پاراكەندە ۋاقىتتا، سىز ھەرگىز خۇدانىڭ دۇئالىرىڭىزغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىيالمايسىز. بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، دۇئالىرىمىزنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت دۇئا قىلىمىز. ئەپسۇس، بىز خۇدانىڭ دۇئالىرىمىزغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىيالمايمىز. چۈنكى، غەم-ئەندىشە، جىددىيلىك، پاراكەندىچىلىك، تاقەتسىزلىنىشتەك روھي-كەيپىياتلار قەلبىمىزنىڭ تېنچلىقىنى بۇزۇپ، خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىزغا توسالغۇ بولىدۇ. ئەمما، بىز روھى-كەيپىياتىمىزنى تېنچلاندۇرۇپ، خۇدانىڭ ئاراملىقىغا ھەقىقى كىرگەن چېغىمىزدا، خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاندىن دەرھال ئاڭلىيالايمىز.

ئىھ قەلبىم، تېنچلانغىن! چوقۇم تېنچلانغىن! ھەرگىز ئەنسىرىمە! تىت-تىت بولما! ئالدىرما! پەقەت شۇنداق قىلساڭلا، ئاشۇ مىنۇتلاردا پەرۋەردىگار خۇدا ساڭىمۇ كۆرۈنىدۇ. توپان بالاسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاسماندا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولغاندەك، سىزمۇ تېنچلانغان ۋاقتىڭىزدا، خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايسىز.

# 1-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«قاتتىق بوران چىقىپ، دولقۇنلار شۇنداق ئۇردىكى.............» (ماركۇس 4: 37)**

ئېتىقادچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا، ۋاقىتسىز چىققان شىددەتلىك بوران-چاپقۇنغا ئوخشاش تۇيۇقسىز قايغۇ-ھەسرەت، مەغلۇبىيەت، قىيىنچىلىق ۋە ئاغرىق-سىلاق قاتارلىق ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا، سىم-سىم يامغۇر ياكى سالقىن شامال تەدرىجى كۈچىيىپ، شىددەتلىك بورانغا ئايلىنىپ، ئاپەت يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. گەرچە، ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، خۇدا بۇ بوران-چاپقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ پايدا-مەنپەئەتىمىزگە ئۇيغۇن ھالدا، ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغان.

خۇدا ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن بوران-چاپقۇنلۇق مۇھىتتا، قارىغاي دەرىخى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قارىغاي دەرىخى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېگىز ھەم كۆركەملىكى بىلەن دەرەخ پادىشاھى، دەپ نام ئالالىغان. ئوخشاشلا، خۇدا يەنە پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، قار-يامغۇرغا چىداملىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، چوقۇم ئۇنى قار-يامغۇرلۇق مۇھىتتا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئاشۇنداق مۇھىتقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ تەييار قىلىدۇ. دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جاپا-مۇشەققەتلىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئۆتمۈشنى باشتىن كەچۈرگەن. خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا تەۋە ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ ئاشۇنداق ئۆتمۈشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلەردۇر.

ئەگەر، خۇدا بىر كىشىنى ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئاشۇ كىشىنىڭ: «رەببىم، مېنى قوبۇل قىلغىن! مېنى يېتەكلىگىن! مېنى ئىشلەتكىن! » دېگەندەك

نىدالىرىغا قۇلاق سالىدۇ.

شىددەتلىك بوران-چاپقۇن، قار-يامغۇرلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تەبىئەت دۇنياسى تېخىمۇ گۈزەللىككە تولىدۇ. كۆك ئاسماندىكى ھەسەن-ھۈسەن ئۆز گۈزەللىكىنى جەۋلان قىلسا، ئوتلاقلاردىكى، دەل-دەرەخلەردىكى سۈزۈك شەبنەملەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭدەك، ئېغىر سىناقلار، مۈشكۈل كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېتىقادچىلارنىڭ روھي پاكلىنىپ، مۇقەددەس ھاياتقا قەدەم قويىدۇ. چېھرىدە خۇدا ئاتا قىلغان ئامانلىقنىڭ، ئۈمىدنىڭ نۇرى جەۋلان قىلىدۇ. قەدىرلىك دوستۇم، سىز ھاياتىڭىزدا خۇدا سىز ئۈچۈن تەييارلىغان مۈشكۈل كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ سىزنى چېنىقتۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشىنى خالامسىز ياكى بۇ بىردەملىك قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ، بۇ گۈزەل ۋەدىنى قولدىن بېرىپ قويامسىز؟

# 1-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«ئەي دانىيال، مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ خىزمەتكارى، سەن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان خۇدا سېنى شىرلار ئۆڭكۈرىدىن قۇتقۇزۇۋالامدۇ؟» (دانىيال6: 20)**

مۇقەددەس كىتابتىن، نۇرغۇن قېتىم بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان بولساقمۇ، ئېھتىمال بۇلارغا ئېتىبارسىز قاراپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن. بىز مۇقەددەس كىتابتىن، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مەڭگۈ ھايات خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزدا، ھەمىشە خۇدانىڭ مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ

قالىمىز. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ئېتىقاد قىلغان خۇدا مەڭگۈ ھايات خۇدادۇر. ئۇ ئۈچ تۆت مىڭ يىل بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداقتۇر. ئۇ بۇرۇن ھەممىگە قادىر بولسا، ھازىرمۇ ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ بۇرۇن مېھىر-شەپقەتلىك، كەچۈرۈمچان بولسا، ھازىرمۇ ئۆزىنى سۆيىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلارغا يەنىلا شۇنداق مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە كەچۈرۈمچاندۇر. خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خۇدانىڭ قۇدرەت-كامالىغا، مېھىر-شەپقىتىگە، ئۇلۇغلىقىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمىز. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ، بۇ ھەقىقەتنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى، بىز ئېتىقاد قىلغان خۇدا مەڭگۈ ھايات خۇدادۇر.

ئەگەر، ئۆي-پىكىرلىرىڭىز خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان بولسا ھەم خۇداغا سەمىمىيلىك بىلەن ئۈمىد باغلىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز، ھەرۋاقىت خۇدانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسىز. خۇدا سىزگە زىيان بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىلى 40 يىل بولغان بىر قېرىنداش بۇلۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەيلى ئېغىر مۈشكۈلاتلار بولسۇن، مەيلى چوڭ سىناقلار ۋە نامراتچىلىق بولسۇن، خۇدا ئەزەلدىن مېنىڭ ئېھتىياجىمغا ئېتىبارسىز قاراپ، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ باقمىدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ماڭا ھەرۋاقىت يار-يۆلەك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامىنى داستان قىلىپ مەدھىيلەشكە خۇشاللىق بىلەن رازىمەن. »

مارتىن رۇت ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قەلبى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قۇرقۇنچقا تولغانلىقتىن، كەلگۈسى ھاياتى خېيىم-خەتەر ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلغان. بۇ

ۋاقىتتا، ئۇ پەقەت خۇدادىن كەلگەن كۈچ-قۇۋۋەتكە تايانغاندىلا، ئالدىدىكى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئامان-ئىسەن ئۆتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، بارمىقى بىلەن جوزا ئۈستىگە: «ئۇ مەڭگۈ ھايات خۇدا! ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات خۇدا! » دېگەن خەتلەرنى قايتا-قايتا يېزىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، مارتىن خۇشال بولغان، روھي-كەيپىياتىمۇ ئەسلىگە كەلگەن. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، ئۇ — مەڭگۈلۈك ھايات خۇدا! شۇنداقلا، بىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمىز ۋە ئۈمۈدىمىزنىڭ مەنبەسى. دۇنيادىكى ئۇلۇغ كىشىلەر، رەھبەرلەر، ئالىملار، پەيلاسوپلار ۋە باشقىلار ئۆتۈق قازىنىپ شان-شەرەپ قۇچسىمۇ، بۇلارنىڭ شان-شەرىپى ۋاقىتلىق بولۇپ، ھامان ئاخىرلىشىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى، نام شۆھرىتى ئەنە شۇنداق چەكلىكتۇر. خۇدا بولسا مەڭگۈلۈك ھايات خۇدادۇر. ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى چىراققا ئوخشايدۇ. مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، چىراق ھامان ئۆچىدۇ. پەقەت، خۇدالا مەڭگۈلۈك چاقنىغان نۇردۇر. شۇنداقلا مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر.

تىرومبال (G.G.Trumbull) مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، مەن روھ چۈشەنچىسى ئەڭ چوڭقۇر بولغان دوكتۇر جوھ (Dr.johr Douglas Adam) بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. ئۇ ماڭا: «روھىي ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك بىر نۇقتا—روھىي جەھەتتە خۇدانىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتۇر» دېدى. شۇنداق، ھېچقانداق بىر نەرسە ئىنسانغا، خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر. ئۇ ھەرگىز ھېسسىيات ئەمەس، ئارزۇ ئەمەس، شۇنداقلا پىسخىك روھى ھالەتمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇ بىر ھەقىقەتتۇر. مەسىھ ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆي-پىكىرلىرىنىڭ ئائىلىسىدۇر. مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆي-پىكىرلىرى باشقا ئىشلاردىن ئازاد بولغاندا، ئۇ ئۆز ئائىلىسى بولغان مەسىھكە

قايتىدۇ. ئۇ تەنها قالغاندا، مەيلى يولدا ۋە باشقا جايلاردا بولسۇن، خۇددى يېقىن دوستى بىلەن پاراڭلاشقاندەك مەسىھ بىلەن پاراڭلىشالايدۇ. خۇدانىڭ مۇشۇنداق بىرگە بولۇشى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت، ئەلۋەتتە.

## 1-ئاينىڭ 18-كۈنى

**📖«خۇداغا شۈكرى! خۇدا ھەمىشە بىزنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زەپەر قوشۇنىدا بولۇشقا مۇيەسسەر قىلىپ، بىز ئارقىلىق خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ئۇنى تونۇشنىڭ خۇش پۇرىقىنى ھەممە يەردە چاچماقتا.»** ***(2- كورىنتلىقلار2: 14)***

ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۆپئۆچۇق مەغلۇبىيەت بولغان ئىشلاردىن پەرۋەردىگار خۇدا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشقا قادىردۇر. ھاياتلىقتىكى نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، دۈشمىنىمىز بولغان شەيتان خۇددى غەلىبىگە ئېرىشكەندەك، خۇدامۇ شەيتاننىڭ غەلىبە قازىنىشىغا يول قويۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا، خۇدا شەيتاننىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى تارمار قىلىپ، غەلىبىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردا، بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: « رەزىللەرنىڭ يولى ئاغدۇرىلىدۇ.» (زەبۇر146: 9)

ناۋادا، خۇدا ئالدى بىلەن دۈشمەنلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا يول قويمىسا، ئۇنداقتا، بىزنىڭمۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك غەلىبىگە ئېرىششىمىز ئۈچۈن پۇرسەت بەرمىگەن بولىدۇ.

ئۈچ ئىبرانىي ياشنىڭ ئوت يېنىۋاتقان خۇمدانغا تاشلانغانلىق ھېكايىسى بۇنىڭ

ئەمەلىي مىسالىدۇر. بۇ ۋەقەدە، كۆرۈنۈشتە شەيتان غەلىبە قازانغاندەك. ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرى، خېيىم-خەتەر ئىچىدە تۇراتتى.(نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىزمۇ ئاشۇنداق قىيىنچىلىق، مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئۈمۈدسىزلەنگەن ۋاقتىمىزدا، دۈشمىنىمىز خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشىدۇ.) شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاندى. دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ئوتتا كۆيۈپ، كۈل بولغانلىقىنى كۆرۈشنى ئۈمۈد قىلىشقانىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ئۈچ ئىبرانىي ياش تونۇردا ئەركىن مېڭىپ يۈرۈشەتتى. دۈشمەنلىرى بۇ مەنزىرنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. پادىشاھ نىبوقادنەسار ئۇلارنىڭ تونۇردىن چىقىشنى ئەمر قىلدى. ئۇلار ئوت ئىچىدىن چىققاندا، بىر تال چېچىمۇ كۆيمىگەن، كىيىملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ھەتتا ئۇلاردا ئىسنىڭ پۇرىقىمۇ يوق ئىدى. بۇ مەنزىرە خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك، «... بۇنداق قۇتقۇزالايدىغان باشقا ئىلاھ يوق.» (دانىيال3: 29) ئېنىقكى، روشەن مەغلۇبىيەتنىڭ نەتىجىسى، ئەكسىچە مۆجىزىلىك غەلىبىگە ئايلاندى.

ئەگەر، بۇ ئۈچ ئىبرانىي ياش ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇقنى يوقىتىپ، خېيىم-خەتەر ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر سەۋەبىدىن خۇدادىن ئاغرىنىپ، «ئىھ خۇدا! نېمىشقا بىزنى مۇشۇنداق بالا-قازادىن قۇتقۇزۇۋالمايسەن؟» دەپ نىدا قىلغان بولسا، بەلكى ئۇلار ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى. خۇدامۇ شان-شەرەپكە ئېرىشەلمەيتتى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بۈگۈن سىز تۇرمۇشىڭىزدا مۇشۇنداق سالمىقى ئېغىر چوڭ سىناقلارغا ئۇچرىسىڭىز ھەرگىز مەيۇسلەنمەڭ، مەغلۇپ بولدۇم دەپ ئويلىماڭ. ئەكسىچە، خۇداغا تايىنىڭ! ئۇنىڭ، سىزنىڭ پۈتۈنلەي غەلىبە قازىنىشىڭىز ئۈچۈن، خىتابنامە جاكارلىغان مەڭگۈلۈك خۇدا ئىكەنلىكىگە ھەم ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن خېيىم-خەتەردىمۇ سىز

بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىڭ. سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز، شان-شەرەپلىك غەلبە سىزگە قۇچاق ئاچقۇسى.

بىز چوقۇم شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىز ئۇچرىغان خېيىم-خەتەر، قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن بىزگە پۇرسەت بىرىپ، بىزنىڭ ئىشەنچ دەرسلىكىمىزنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن تەييارلىغان. بارلىق غەلبە، شان-شەرەپلەر ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغاي!

# 1-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«بۇشاشماستىن ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار.» (لۇقا 18: 1)**

تەمىرلەن (Tammerlane) دوستلىرىغا ئۆز ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم، دۈشمەنلىرىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ بىر كونا ئۆيدە، يەككە-يېگانە ھالدا بىر قانچە سائەت مۈكۈپ ئولتۇردۇم. ئاشۇ مىنۇتلاردا، مەن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن بولۇپ، كەلگۈسىمگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئۈمىد ۋە ئىشەنچ يوق ئىدى. مەن ئاشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، كىچىككىنە بىر چۈمۈلىنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بىر داننى يۆدۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تامغا قاراپ ئۆرمىلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ نۇرغۇن قېتىم يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى جاسارىتىنى يوقاتماي، تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئاتمىش توققۇز قېتىم يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ساناپ تۇردۇم. ئۇ شۇنداقتىمۇ يەنىلا بوشاشماي، شىجائەت بىلەن

ئالغا ئىلگىرلەيتتى. يەتمىشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئاخىرى تام ئۈستىگە چىقالىدى. مەن ئاشۇ مىنۇتلاردا ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. مەن بىر ئۆمۈر چۆمۈلىنىڭ ماڭا بەرگەن ساۋىقىنى ئۇنۇتمايمەن.»

ئەگەر بىز بۇرۇنقى ئىجابەت بولمىغان دۇئالىرىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۈمىدسىزلەنسەك ئۇنداقتا بىز ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىشتىن ئېغىز ئاچمىساقمۇ بولىدۇ. ئۆتمۈشىمىزدىكى نۇرغۇن دۇئالىرىمىزنىڭ جاۋابسىز قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەل ئۈمىدسىزلىنىشتۇر. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق دۇئا ئىشەنچسىزلىك بىلەن قىلىنغان دۇئادۇر. ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش بولسا، بۇرۇن ئېرىشەلمىگەن دۇئالارنى بىر خىل ئىلھام، ئىسپات قىلىپ، خۇدانىڭ دۇئالىرىمىزغا پات ئارىدا جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ۋە كۆز ئالدىمىزدىلا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. رەببىمىز ئەيسا مەسىھ باشتىن-ئاخىر تەلىملىرى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ:«ھەمىشە دۇئا قىلىڭلار، ئۈمىدسىزلەنمەڭلار!» دەپ ئىلھام بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان دۇئالىرىڭىز جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن بولسا، بۇرۇنقى ھەم ھازىرقى پۈتۈن ئىشەنچىڭىزنى ۋە ئۈمىدىڭىزنى جۇغلاپ تاكى خۇدا دۇئالىرىڭىزغا جاۋاب بېرىپ، تىلەكلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇچە دۇئا قىلىڭ. ئەگەر، خۇدا دۇئالىرىڭىزنى ئىجابەت قىلغان بولسا، بۇ ھەرگىز «ئەمدى، دۇئا قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق»، دېگەنلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەدھىيە، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، داۋاملىق شۈكۈر دۇئاسى قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر دېگەنلىكتۇر.

داڭلىق مۇزىكانت رۇبېنىستىن (Rubenstein) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر، مەن مۇزىكا چېلىشنى بىر كۈن مەشق قىلمىغان بولسام، بۇنى ئۆزۈم ھېس قىلالايمەن. ئىككى كۈن مەشق قىلمىغان بولسام، دوستلىرىم ھېس قىلالايدۇ. ئۈچ كۈن مەشق

قىلمىسام، ھەممە كىشى ھېس قىلالايدۇ.» بىزنىڭ دۇئا قىلىشىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق مەشىق قىلىشقا ئوخشايدۇ. ئەگەر، بىز دائىم دۇئا قىلىپ تۇرمايدىكەنمىز، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى دۇلىرىمىزنىڭ پەدىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

موللىر ئەپەندى خۇدانى تونۇمايدىغان بەش دوستى ئۈچۈن دائىم دۇئا قىلاتتى. گەرچە، موللىر ئەپەندى بوشاشماستىن ھەر كۈنى ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە كۆرۈلمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، موللىر ئەپەندىنىڭ ئۈمۈدسىزلەنمەستىن داۋاملىق دۇئا قىلىشى نەتىجىسىدە، بەش يىلدىن كېيىن، بىر دوستى ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ، قوتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتى. ئون يىلدىن كېيىن، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دوستى قوتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتى. موللىر ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەشىنچى دوستىمۇ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان دۇئالىرى ھەرگىز جاۋابسىز قالمىغانىدى.

## 1-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«ئازاب-ئوقۇبەت خۇشاللىقنى ياخشىراقتۇر. چۈنكى، چىراي ئازابلىق بولسىمۇ، يۈرەك قەلب ھامان شادلىققا چۆمىدۇ.» (تەلىمات 7: 3)**

خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى ئاستىدا، ھاياتىمىزدىكى بەزى قايغۇ-ھەسرەت، قىيىنچىلىقلار خۇشاللىققا، بەخت-سائادەتكە ئۆزگىرىپ، بىزگە پايدا ئەكىلىدۇ. قايغۇ-ھەسرەت ھەرگىز غەم ئەندىشە دېگەنلىك ئەمەس. غەم-ئەندىشە غەملىرىمىزنى

تېخىمۇ كۆپەيتىپ، بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئەتىدىن-كەچكىچە كۈلۈپ، يايراپ يۈرۈيدىغانلار، چۈشەنچىسى يۇزەكى ئادەملەردۇر.

يەر ئاغدۇرۇشنى مىسالغا ئالساق، سوقا بىلەن يەرنى قانچە چوڭقۇر ئاغدۇرساق، تۇپراق شۇنچە مۇنبەتلىشىپ، ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بۇ مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، بىز بولساق يەر(ئېتىز)، سوقا بولسا ئازاب-ئوقۇبەت، خۇدا بولسا سوقىنىڭ (ساپانىنىڭ) بېشىدۇر. ئەگەر، بىز ئەزەلدىن گۇناھ قىلىپ باقمىغان بولساق، ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇھتاج بولمايمىز. بىز پەقەت ئەرشكە تەۋە خۇشال-خۇراملىقنىڭ ئىلھامى بىلەن خۇدانى تونۇشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. بىراق، بىز بۇرۇندىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولغاچقا، ئازاب-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ، توۋا قىلىشقا، ئوزىمىزنى تونۇشقا مۇھتاج. ئازاب-ئوقۇبەت بىزنى ئويلاندۇرۇپ، تەپەككۇر قىلغۇزىدۇ. بىزنى تەمكىن قىلىپ، توغرا ھەرىكەت ۋە نىشانغا ئىگە قىلىدۇ. مەيلى نېمىلا قىلسۇن، خۇدا ئۆزى چوڭ ئىشلەتمەكچى بولغان كىشىلەرنى ئەڭ كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، خۇدا ئۆزى ئاشۇنداق پىلانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ. بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن يول ئاچىدۇ.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە يۈسۈپ ئازاب-ئوقۇبەتكە ئەڭ كۆپ دۇچار بولغان ئوغۇل. چۈنكى، خۇدا ئۆزى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق ئىسرائىللارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

«يۈسۈپ مېۋىلىك دەرەختۇر.

ئۇ بۇلاققا يېقىندۇر.

ئۇنىڭ شاخلىرى ھالقىپ ئۆتەر تامدىن.»

داۋۇت بىلەن پاۋلۇسمۇ نۇرغۇن جاپا مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ،

ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان. رەببىمىز ئەيسا مەسىھمۇ بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششىمىز ئۈچۈن، ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى يەتكىچە تارتىپ،"كۈلپەتلىك شاھزادە" دەپ نام ئالغان. خۇدا ئەنە شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ئارقىلىق، ئۆز خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. كېچىنىڭ مەنزىرىسى ئاي ۋە يۇلتۇز بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل بولغىنىدەك، كىشىلىك ھاياتتا ئازاب-ئوقۇبەتمۇ بىر بەختتۇر. چۈنكى، بىز ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە خۇدانىڭ تەسەللىسىنى ھېس قىلالايمىز.

# 1-ئاينىڭ 21-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«... مېنى زىندان ۋە ئازابلارنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىپ كەلمەكتە. لېكىن، مەن ئۆز مۇساپەمنى تاماملىشىم، رەببىمىز ئەيسانىڭ تاپشۇرغان خىزمىتىنى ئورۇندىشىم....» (ئەلچىلەر *20: 23-24*)**

بىز سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ سۆزىسىدە، داۋۇتنىڭ بېشىغا ماي سۈركىلىپ، پادىشاھلىققا تاللانغاندا، فىلىستىيلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلغانلىقىنى ئوقۇيمىز.(2-سامۇئىل 5: 17) ئوخشاشلا، بىزمۇ خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىپ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولغىنىمىزدا، دۈشمىنىمىز بولغان شەيتان بىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ ھەم يوللىرىمىزنى توسۇپ، قالايمىقان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بىز زۇلۇم، زىيانكەشلىك ۋە تۇسالغۇلارغا ئۇچرىغان ۋاقتىمىزدا، چوقۇم خۇدا ئاتا قىلغان قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىز خۇدا ئاتا قىلغان ھەسسىلەپ بەخت-سائادەتكە، غەلىبىگە، ئىلتىپات ۋە ياخشى

پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز. توك گېنىراتور بىلەن ئوق تاسمىسىنىڭ سۈركىلىشىدىن ھاسىل بولغاندەك، قابىلىيەت ھەمىشە مۈشكۈل قىيىنچىلىق ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ. كەلگۈسىدە، بىز دۈشمىنىمىز بولغان شەيتاننىڭ پەقەت خۇدا تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بىر قۇرال ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

قىيىنچىلىق بولسا غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى بىر ئۆتەڭدۇر. تاغ يوللىرىدىن كېيىن، چوڭ يول ئۇچرايدۇ. بىر قاتار ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئازاب-ئوقۇبەت، مۈشكۈلاتلارنىڭ تامغىسى بېسىلغان. كۈچلۈك ئوتتا قايتا-قايتا تاۋلىنىپ، بولقا بىلەن سوقۇلۇپ ياسالغان ئالتۇن زەنجىر جۇلالىق، كۆركەم بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر غەلىبە ۋە شان-شەرەپ بەدەلسىز قولغا كەلگەن ئەمەس. غەلىبە پەقەت جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، جاسارەت بىلەن ئالغا باسىدىغانلارغا مەنسۇپ. پىشانىسىدە جاراھەت ئىزى بار «كۈلپەتلىك شاھزادە» كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان، «بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى سىلەرنى ئازاب- ئوقۇبەتكە سالىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان مۇنۇ سۆزلەرنى « ئەمما، غەيرەتلىك بولۇڭلار! چۈنكى، مەن بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىم» دېگەن. (يۇھاننا16: 33) رەب ئەيسا بىزنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭالىشىمىز ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا مۇقەددەس ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، ئىسسىق قانلىرى ئارقىلىق ئەرشكە بارىدىغان يولنى بىزگە كۆرسىتىپ قويدى. ئەنە ئاشۇ تۆمۈر مىخ قالدۇرغان تاتۇق، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. بىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم كۈچ سەرپ قىلىپ، تىرىشمىساق بولمايدۇ. بۇ ئاشكارىلانغان بىر سىردۇر.

نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاۋانگارتلار- پاۋلۇس، مارتىن رۇت، سەۋونارولا (Savonarola)، ناكس (Knox)، ۋېسلي (Wesly)

لار بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ياخشى ئۆلگىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۈشكۈل كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھوقۇق تۇتۇش ئورنىغا كۆتۈرۈلگەنلەردۇر. كەلگۈسىدە، ئۇلار خۇدانىڭ قۇدرەتلىك تەخت ئەتراپىنى چۆرىدەپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئۇقۇغۇچىلاردىن بولىدۇ. ۋەھىيلەردە بىشارەت بەرگەندەك، «بۇلار دەھشەتلىك بالايى ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەردۇر.» (ۋەھىيلەر7: 14)

ھەرقانداق ئۇلۇغ ئەسەر، ئاپتۇرنىڭ قىممەتلىك قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن. گىركلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى كىم؟ ئۇ دەل ھومىر (Homer). ئۇ بىر قارىغۇ ئىدى. دۇنيادىكى نادىر ئەسەر « ئەرش مۇساپىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كىم؟ سۆسۈن رەڭلىك شاھانە تون كىيگەن شاد-خۇرام شاھزادىمۇ؟ ياق! بەلكى، بېدفورد (Bedford) تۈرمىسىدىكى مەھبۇس بىن يۇھاننادۇر (John Bunyayan).

# 1-ئاينىڭ 22-كۈنى

### 🕮« خىلۋەت بىر جايغا ئۆزى يالغۇز كېتىش ئۈچۈن.........» (مەتتا 14: 13)

مۇزىكا نوتىسى ئىچىدە قىسقا دەقىقە ئارام ئېلىش ئۈچۈن، توختىتىش رولىنى ئوينايدىغان بىر بەلگە بار. مۇزىكا ئورۇنلىنىۋاتقاندا، بۇ توختاش بەلگىسى بىلەن مۇزىكا پۈتۈنلەي توختايدۇ. مانا ئاشۇ دەقىقە مۇزىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر. ھاياتلىقمۇ خۇددى ئورۇنلىنىۋاتقان مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بىزمۇ توختاپ ئارام ئېلىشقا مۇھتاج. بىراق، بىز ئەخمەقلەرچە بۇ توختاش بەلگىسىنى ھالاكەت يولى ۋە ئاخىرلىشىش باسقۇچى دەپ قاراپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز كۆپۈككە ئايلانغاندەك

ھېسسىياتتا بولۇپ قالىمىز. خۇدا بىزنى دائىم مەغلۇبىيەت، كېسەللىك، قىيىنچىلىق ۋە ئىشسىزلىق......... قاتارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىتىدۇ. بىز ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا، خۇددى ياراتقۇچىمىز خۇدا نىدالىرىمىزغا قۇلاق سالمايۋاتقاندەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز. بىز مۇزىكانتلارنىڭ توختىتىش نوتىسىنى قانداق ئورۇنلىغان، يەنە نەچچە دەقىقىلىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، مۇزىكىنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەم بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. خۇددى كومپوزىتور نادىر بىر مۇزىكىنى يېزىپ تەييار قىلغاندەك، خۇدامۇ ئالللىقاچان بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۈچۈن پىلانلارنى تۈزۈپ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھاياتىمىزدا ئۇچرىغان توختىتىش بەلگىلىرىدىن قورقۇپ توختاپ قالماي، مۇزىكىنىڭ ئۇدار رېتىمىغا ئەگەشسەكلا بولىدۇ. مۇزىكىدا توختىتىش بەلگىلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر، بىز توختىتىش نوتىلىرىنى چىقىرىۋەتسەك، مۇزىكىنىڭ جەزبىدارلىقى يوقىلىدۇ. ئوركېستىر مۇزىكا ئەترىتى كومپوزىتورنىڭ قوماندانلىقىغا ئەگەشكەندەك، بىزمۇ ھايات مۇساپىمىزدىكى رېژىسورىمىز خۇدانىڭ قوماندانلىقىغا ئەگەشسەك ھاياتىمىز تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىز خۇددى توختىماي ئورۇنلىنىۋاتقان نادىر بىر مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ جەرياندا، بىزنىڭ بۇرچىمىز بولسا، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئاشۇ بىر پۈتۈن مۇزىكىنىڭ تەنتەنىلىك ئاخىرلىششىغا ھەسسە قوشۇشتۇر. ناۋادا، سىز مۇزىكىنىڭ توختاش بەلگىسىگە دۇچ كېلىپ قالسىڭىز، قورقۇپ تەمتىرەپ كەتمەڭ. بۇ مۇزىكىنىڭ ئەڭ يارقىن نوقتىسىدۇر. نەچچە دەقىقىدىن كېيىن، مۇزىكا قايتىدىن چېلىنىپ، كىشىنى ھاياجانغا سالغانغا ئوخشاش، ھاياتىمىزدىكى توختاش بەلگىسى بولغان قىيىنچىلىقمۇ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم دەرسلىكتۇر.

# 1-ئاينىڭ 23-كۈنى

**✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽**

📖« ئى پەرۋەردىگار، نېمە ئۈچۈن سەن يىراقتا تۇرىسەن؟

نېمە ئۈچۈن ئازابلىق كۈنلەردە ئۆزۈڭنى چەتكە ئالىسەن؟»(زەبۇر10 : 1)

«خۇدا پاناھگاھىمىز ۋە قۇدرىتىمىزدۇر. كۈلپەتلەر چۈشكەن كۈنلەردە، دەرھال ھازىر بولىدىغان بىر ياردەمچىدۇر» (زەبۇر46: 1) تۇرمۇشىمىزدا، خۇدا ھەقىقەتەن بىر تەرەپتىن مۇشكۈلاتلارنىڭ بىزگە يۈپۈرۈلۈپ كېلىشىگە يول قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئەڭ يىراق جايدا تۇرۇۋېلىپ، خۇددى بىزگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ. بىراق، خۇدا شۇنداق قىلىش ئارقىلىق قىيىنچىلىق ئىچىدە بىزنى تەربىيلەيدۇ ۋە زور بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىز شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىشىمىز كېرەككى، قىيىنچىلىقنىڭ بىزگە يۈزلىنىشىگە يول قويغان خۇدا، ئاشۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە بىز بىلەن بىرگىدۇر. ئېھتىمال، ئاشۇ سىناقلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن. بىراق، بىز ئۇنىڭ ئەزەلدىن بىزدىن ئايرىلمىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. قاراڭغۇلۇقتا، كۆزلىرىمىز غۇۋالىشىپ، قارىغۇ بولۇپ قالغاندەك، روھانىيمىز بولغان ئەيسا مەسىھنى كۆرەلمەيمىز. بىراق، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ باشتىن-ئاخىر بىز بىلەن بىرگە بولۇپ، بىز بىلەن ئەڭ يېقىندۇر. بىز ھېس-تۇيغۇمىزغا ۋە كۆز بىلەن كۆرگەنگە تايانماي، پەقەت خۇدانىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە ئاساسلانساق، ئۇنى كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەيمىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىششكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىز ھەم ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيمىز. مانا بۇ ئىسپاتلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىزگە يول باشلايدۇ. مەيلى بىز قاراڭغۇ چىغىر

يوللاردا ۋە ياكى ئەرشكە بارىدىغان يۇرۇق يوللاردا بولايلى، خۇدا ئاتىمىز ئوخشاشلا بىزگە ئەڭ يېقىندۇر.

## 1-ئاينىڭ 24-كۈنى

**❧«... كەپتەر قونغۇدەك يەر تاپالماي قايتىپ كەلدى... كەچقۇرۇن ھېلىقى كەپتەر تۇمشۇقىدا يېڭى زەيتۇن يوپۇرمىقىنى چىشلىگەن ھالدا نۇھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. » (يارىتىلىش 8: 9، 11)**

خۇدا قايسى ۋاقىتتا ئىسپاتلار كۆرسىتىپ، دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بېرىش ياكى بەرمەسلىكىنى ئۆز ئىرادىسى ۋە ۋاقىت-سائىتىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن. بىز چىن قەلبىمىزدىن خۇداغا ئىشەنسەك، بۇ ھەقىقەتەن گۈزەل بىر ئىش. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان بارلىق ئىسپاتلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ۋاقتىمىز ئىنتايىن گۈزەل مىنۇتلاردۇر. چۈنكى، بىز ئاشۇ ۋاقىتلاردا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى، خۇدانىڭ ۋەدىسىنى، ئەھدىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇلارنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئىسپاتلاردىنمۇ مۇھىم ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولىمىز. ئەگەر، خۇدا بىزگە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئىسپاتلارنى بەرگەن بولسا، بۇلارمۇ ئىنتايىن ياخشى ھەم قىممەتلىكتۇر. پەقەت خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، باشقا ئىسپاتلارنى كېرەك قىلمايدىغانلار، ھەمىشە نۇرغۇن كۆرگىلى بولىدىغان ئىسپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش ھەرگىزمۇ رەت قىلغانلىق ئەمەس. خۇدا نۇرغۇن دۇئالارغا

تەستىق سالغاندا: «مېنىڭ ۋاقتىم تېخى يېتىپ كەلمىدى» دەيدۇ. خۇدانىڭ ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن ۋاقىت-سائىتى باردۇر.

## 1-ئاينىڭ 25-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 ***«سېنىڭ ھاساڭ ھەم تايىقىڭ ماڭا تەسەللىدۇر.» (زەبۇر 23: 4)***

ئاتامنىڭ ئۆيىدىكى كىچىك بىر ھوجرىدا، ئائىلىمىزدىكىلەر نەچچە ئەۋلاد ئىشلەتكەن نۇرغۇن ھاسىلار ساقلانغان ئىدى. بۇ ھاسىلارنىڭ بەزىلىرى تاغقا يامىشىش ئۈچۈن، بەزىلىرى تۈز يولدا مېڭىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرى پاتقاق يوللار ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرى قار-يامغۇرلۇق يوللار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ شەكلى ۋە رولى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. مەن ئاتا-ئانامنى يوقلاپ يۇرتقا بارغىنىمدا، ئۇلار دائىم مەن بىلەن بىللە سىرتلارغا چىقىپ، سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ھەمىشە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھاسا ساقلانغان ھوجرىغا كىرىپ، ئىشلىتىشىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھاسىلارنى تاللايتتۇق. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا، مەن دائىم خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ھاسا ئىكەنلىكىنى، بۇ ھاسىنىڭ بىزگە بېرىدىغان ياردىمى ۋە تەسەللىسىنىڭ چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالاتتىم.

جەڭلەردىكى جىددىيچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقتىن بىزنى ۋەھىمە باسىدۇ، ئەمما خۇدانىڭ بىزگە تەييارلىغان ھاسىسى بولسا، «ئۇ شۇم خەۋەردىن قورقمايدۇ. پەرۋەردىگار خۇداغا تايانغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلى توقتۇر.» (زەبۇر112: 7) دېگەندىن

ئىبارەت. بۇ ھاسا بىزنىڭ قۇرقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئامان-ئىسەن چىقالىشىمىزغا يار-يۆلەك بولىدۇ.

ئۆلۈم بىزنى جان جىگەرلىرىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىپ، يۈرىكىمىزنى لەختە-لەختە قىلغاندا، خۇدا بىز ئۈچۈن تەييارلىغان تۆۋەندىكى تەسەللى ھاسىسىغا ئېرىشەلەيمىز. «يىغا-زار كېچىچە قونۇپ قالسىمۇ، خۇشاللىق تاڭ سەھەر بىلەن كېلىدۇ.» (زەبۇر 30: 5)

بىر قېتىم، مەن كېسەل سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدا بىر يىلدىن ئارتۇق داۋالاندىم. ئەينى ۋاقىتتا، مەن ئۆزۈمنىڭ سەللىمازا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆيگە قايتالايدىغانلىقىمنى، يەنە بۇرۇنقى خىزمىتىمنى داۋاملىق ئىشلىيەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مۇشۇنداق بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، مەن باشتىن ئاخىر خۇدانىڭ ھاسىسىغا چىڭ ئېسىلىۋالدىم. «پەرۋەردىگار خۇدا دەيدۇكى، مەن سىلەرنىڭ بالا-قازاغا ئەمەس، ئامانلىققا سېغىنىپ تەلپۈنگەن قەلبىڭلارنى بىلىمەن. »(يەرەميا29: 11)

خېيىم-خەتەردىن خەۋپسىرىگەن ۋاقىتىمىزدا، ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمى دائىم « تۈگىدى!» بولىدۇ. مەن بۇلارغا قارىتا، مۇقەددەس كىتابتىن ئېلىنغان كىشىگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان مۇنداق بىر ئايەتنى بايقىدىم. «سىلەر تىنچ-ئامانلىققا ئېرىشىسىلەر.» (يەشەيا30: 15)

بىز ئويلىمىغان يەردىن بالا-قازا ياكى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغاندا، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ، خۇددى قۇتۇلۇشقا ئامالىمىز يوقتەك ھېس تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز. بىراق، مەن مۇقەددەس يازمىلاردىن خىسلەتلىك بىر ھاسىنىڭ بىزنى ئەزەلدىن تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. «خۇداغا ئىشىنىدىغانلار ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدۇ. »(يەشايا28: 16)

مارتىن رۇتنىڭ ئايالى مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر، خۇدا مېنى مۇشكۇلاتلارغا ئۇچراتمىغان بولسا، مەن مەڭگۈ زەبۇردىكى بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن شۇنداقلا، مەڭگۈ ئېتىقادچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشەنمەس ئىكەنمەن.» راست، خۇدانىڭ ھاسىسى خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەندە ئىشلىتىدىغان كۆرسەتكۈچ تايىقىغا ئوخشايدۇ. ئوقۇتقۇچى تاياق ئارقىلىق قايسى خەتنى كۆرسەتسە، ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇشۇ خەتكە دىققەت قىلغاندەك، خۇدامۇ بىزگە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن پايدىلىق بولغان دەرسلەرنى ئۆگىتىدۇ. بىز بۇ دەرسلىكلەرنى خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن باشقا ھېچقانداق جايدا ئۆگىنەلمەيمىز.

«سىلەرنىڭ كىيگەن ئايىقىڭلار مىس-تۆمۈردىندۇر. سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلار قانداق بولسا، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلارمۇ شۇنداق بولىدۇ.» (ئەمر-مەرۇپلار 33: 25) بىز چوقۇم شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ناۋادا خۇدا بىزنى مۇستەھكەم تاشلىق يولدا ماڭدۇرماقچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن بىزگە تۆمۈر ئاياق ياكى مىس ئاياق كىيگۈزىدۇ. ئۇ ھەرگىز بىزگە زۆرۈر نەرسىلەرنى تەييار قىلماي تۇرۇپ تاغ-داۋانلىق تاشلىق يوللارغا ئەۋەتمەيدۇ.

# 1-ئاينىڭ 26-كۈنى

📖«پەرۋاردىگار خۇدا ماڭا مۇنداق دىدى: مۇشۇ كۈندىن باشلاپ مەن سىخون ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى ساڭا تاپشۇرۇمەن، سەن ئۇنىڭ پۈتۈن زېمىنىغا ئىگە بولسەن... .» (ئەمر-مەرۇپلار2: 31)

مۇقەددەس كىتاپتا دائىم سۆزلىنىدىغان، ئېتىقادچىلارنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى قانداق كۈتۈش ھەققىدىكى ھەقىقەتكە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

تۇرمۇشىمىزدا يۈزبەرگەن پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزدىكى ئەنسىزچىلىك، قارامىلىق، ئالدىراقسانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا بىز خۇدانىڭ كېچىكىشىگە چىداپ تۇرالماي، مېڭىنى غۇرا پېتى ئۈزىۋالىمىز. بىز دائىم ئېھتىياجلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندا، خۇدانىڭ دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئويلاشماستىن ھەممىگە ئالدىراپ كېتىمىز. خۇدا بىلەن تەڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىراق، خۇدا ئىنتايىن سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، ھەر بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقىت سائىتى بار. ياخشى بولمىغان ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كۆتەلمەسلىكىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت خالاس. مۇقەددەس كىتاپتا شۇنداق بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ، خۇدا ھەمىشە بىزنى ساقلايدۇ. ئەپسۇس، بىز دائىم خۇدانىڭ پىلانلىرىغا دەخلى يەتكۈزىمىز.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا ئالدىلاچان بىز ئۈچۈن تەييارلىغان بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمىدۇق. چۈنكى، بەزىدە بىز ھورۇنلۇق قىلىپ ئالدىغا مېڭىشتىن قورقتۇق. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، خۇدانى ساقلىماي خۇدانىڭ ئالدىدا يۈگۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن زىيان زەخمەتكە ئۇچرىدۇق. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، كېچىككەنلىكىمىز ئۈچۈن خەتەرگە دۇچار بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەزىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۈتۈپ، تېنچ ئولتۇرىشىمىز، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، ئالدىغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. مۇقەددەس كىتاب ئارقىلىق خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ شەرتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز ئالدى بىلەن شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىغاندا، خۇدا ئاندىن بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى

ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بىز چىن قەلبىمىزدىن خۇداغا ئىتائەت قىلغاندا، خۇدا بىز ئۈچۈن تەييار قىلغان بەخت-سائادەت كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. خۇدا ئىبراھىمغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئىبراھىم كالدانلارنىڭ زېمىنىدىكى ۋاقىتلاردا، بۇ ۋەدىلەر تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانىدى. خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىبراھىم چوقۇم ئۆز يۇرتىدىن، ئاتىسى ۋە ئۇرۇق-جەمەتىدىن، دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا كېتىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا، خۇدا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى. رەببىمىز ئەيسا مەسىھمۇ ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئون كىشىنى ساقايتقاندا، ئۇلارغا، «روھانىيلارغا بېرىپ كۆرۈنۈڭلار. سىلەرنىڭ ئەمدى پاكلانغانلىقىڭلارنى تەكشۈرسۇن،-دېدى.»(لۇقا17: 14) ئۇنداقتا، ئۇلار قايسى ۋاقىتتا ماخاۋ كېسىلىدىن خالاس بولدى؟ ئۇلار دەل يولدا كېتىۋاتقاندا، ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايتىلىپ پاك بولدى. ناۋادا، ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ساقايتىلغان-ساقايتىلمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بەدەنلىرىگە قاراپ، ئاندىن روھانىيلارغا تەكشۈرتۈش ئۈچۈن يولغا چىققان بولسا، ئۇلار ھەرگىز ساقىيالمايتتى. خۇدا ئۇلارنىڭ پاكلىنىشىنى كۈتكەن، ھەمدە ئۇلار ئىشەنگەن ھامان بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگەن.

ئەينى ۋاقىتتا، ئىسرائىللار مىسىرلىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ، قىزىل دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلگەندە، خۇدا ئۇلارغا، «مېڭىڭلار!» دەپ بۇيرىدى.(مىسىردىن چىقىش14: 15) ئاشۇنداق خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈتۈش بولماستىن، بەلكى ئىشەنچكە تولغان ھالدا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىش ئىدى. يەنە بىر قېتىم، ئۇلار سۇلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمەكچى

بولغىنىدا، چوقۇم ئىشەنچ بىلەن سوغا قەدەم تاشلىشى زۆرۈر ئىدى. ئىشەنچ بولسا بىر ئاچقۇچ. جۈملىدىن، خۇدا ئەھدە قىلغان زېمىنىنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ئاچقۇچ ئۇلارنىڭ ئۆز قولىدا. ئەگەر، ئۇلار قولىدا ئاچقۇچنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشىككە يېقىنلاشمىسا، ئىشىك ھەرگىز ئاپتوماتىك ئېچىلمايدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ھازىر بىز دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس بولسا، دۇنياغا تەۋە خىرس. ئەلۋەتتە، بىز غەلبە قازىنىش ئۈمىدى تۇرسۇن، دۈشمىنىمىزنىڭ بىر قېتىملىق ھوجۇمىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلىشىمىز ناتايىن. بىراق، بىز ئىشەنچكە ئاساسەن، ئالدىنقى سەپكە قاراپ ھوجۇمغا ئۆتكەندە، يەككە-يىگانە غەلبە قازانغۇچى يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ، بىزگە ۋاكالىتەن جەڭ قىلىدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا تايىنىپ پۈتۈنلەي غەلبىگە ئېرىشىمىز. ئەگەر، بىز ئارىسالدى بولۇپ، ئاشۇ غەلبە قازانغۇچىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ھوجۇمغا ئۆتمىسەك، ئۇنداقتا بېكاردىن-بېكار قۇرۇق ئاۋارە بولغان بولىمىز. بۇ پەقەت ئىشەنچسىزلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان قۇرۇق كۈتۈشتىن ئىبارەت خالاس. مانا بۈگۈن، خۇدا زور بەخت-سائادەتنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز باتۇرلۇق بىلەن ئىشەنچلىك ھالدا خۇدا تەييارلىغان بەخت-سائادەتنى قوبۇل قىلايلى. شۇنداقلا، ئىشەنچ بىلەن، « ئى خۇدا، مەن ھازىردىن باشلاپ، بارلىقىمنى ئۆز قولۇڭغا تاپشۇردۇم. سېنىڭ يول باشلىشىڭغا مۇھتاجمەن!» دەپ، بىردىن-بىر غەلبە قازانغۇچىغا نىدا قىلايلى!

# 1-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«باغۋەن مەندىكى مېۋە بەرمەيدىغان ھەربىر شاخنى كېسىپ تاشلايدۇ. مېۋە بەرگەنلىرىنى بولسا تېخىمۇ كۆپ مېۋە بەرسۇن دەپ، پۇتاپ تۇرىدۇ. »(يۇھاننا15: 2)**

بىر باغۋەن باغچىسىدا بامبۇك دەرىخى ئۆستۈرۈپتۇ. ئۇ نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلار ئىلكىدە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بۇ بامبۇك كۆچىتىنىڭ باراقسان چوڭ بولۇشىنى كۈتۈپتۇ. ئۇ ھەركۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆچەتكە ئۆز قولى بىلەن سۇ قۇيۇپتۇ. سارغايغان يوپۇرماقلارنى ياكى قۇرت چۈشكەن يوپۇرماقلارنى  بايقاپ قالسا، ئاۋايلاپ ئۈچتۈپ تاشلاپ دۈرىلاپتۇ. باغۋەن بۇ بامبۇك كۆچىتىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، پەرۋىش قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ بامبۇك كۆچىتى باغچە ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ كۆركەم دەرەخ بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۇ ئىگىسىنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئىگىسىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئارزۇلايدىكەن. مەلۇم بىر كۈنى، باغۋەن باغچىسىغا كىرىپ، بامبۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

- ئى سۆيۈملۈك بامبۇكۇم، سەن نېمە دېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن  سۆيۈملۈك-ھە! مەن سېنىڭ بۇ گۈزەللىكىڭدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپ، ساڭا جاپالىق ئەجىر قىلغانلىقىمدىن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايمەن. مانا ھازىر مېنىڭ سېنى ئىشلەتكۈم كېلىپ قالدى. بىلمىدىم سەن خالامسەنكىن؟- دەپتۇ.

- ئى ئىگەم، مەنمۇ سىزنىڭ شەپقىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. سىزنىڭ بۇ تەلىپىڭىزنى مەن قانداقمۇ رەت قىلاي!- دەپتۇ.

باغۋەن:

-بىراق، مەن سېنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم كېسىۋېلىشىم كېرەك،-دەپتۇ. باغۋەننىڭ سۆزى ئاياغلاشماستىن بامبۇك دەرىخى جىدديىلەشكىنىدىن:

-ئى ئىگەم، بۇ ناھايىتى تەس ئىش. باغچە ئىچىدىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە مېنىڭ بۇيۇم ھەممىدىن ئېگىز بولغاچقا، ئۆزۈمنى باغچە ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ قارايمەن . مېنىڭ نەزىرىمۇ بەك ئۈستۈن. مەن ھېچكىمنى ئۆزۈمگە تەڭ قىلمايمەن. سىز ھازىر مېنى كېسىۋېلىپ، يەرگە ياتقۇزۇپ قويسىڭىز، قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۈنلىرىم ئاخىرلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇۋۇالچىلىققا قالامدىمەن. ئى ئىگەم، سىزدىن ئۆتۈنەي! باشقا ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا مەن رازى. ئەمما، مېنى كېسىۋەتسىڭىز بولمايدۇ،- دەپتۇ.

-ئەگەر، سېنى كېسىۋالمىسام سېنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ساڭا پەرۋىش قىلغاندىكى ئەجرىمنى، ئاززۇ-ئارمانلىرىمنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالما!-دەپتۇ باغۋەن.

بامبۇك ئىگىسىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن، ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ:

-ئى ئىگەم، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن!- دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، باغۋەن ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر پالتىنى ئەكىلىپ، بامبۇك دەرىخىنى كېسىپ يەرگە تاشلاپ قويۇپتۇ. بامبۇك دەرىخى ئىگىسىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن رازىمەنلىك بىلەن، پالتا تەككەندىكى ئازاب ۋە ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، يەنە بامبۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

-مەن ياخشى كۆرىدىغان سۆيۈملۈك بامبۇك دەرىخىم، ھازىر مەن سېنىڭ بارلىق

يۇپيۇرماقلىرىڭنى قىرقىپ تاشلىماقچى. شۇنداق بولغاندىلا مەن سىنى ئىشلىتەلەيمەن. بىلمىدىم، سەن خالامسەنكىن؟- دەپ سوراپتۇ.

بامبۇك دەرىخى ئاغرىنغان هالدا:

-ئى ئىگەم، بۇ تەلىپىڭىز بەك شەپقەتسىزلىك بولدى. سىز ئاللىقاچان مىنى كېسىپ، يەرگە ياتقۇزۇپ، تىك تۇرالماس قىلىپ قويدىڭىز. ئەمدىلىكتە بولسا، مەن پەخىرلىنىدىغان ئاجىز يۇپيۇرماقلىرىمنىمۇ قىرقىماقچى بولۇۋاتىسىز. ئەجىبا، مەندە ساقلىنىپ قالغان بىردىن-بىر گۈزەللىكنىمۇ ئېلىپ كېتىشكە كۆڭلىڭىز چىدامدۇ؟ ئىگەم، مىنى قۇيۇۋېتىڭ! سىزنىڭ باشقا تەلەپلىرىڭىز بولسا ئۇرۇنداي!- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باغۋەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

-ئەگەر، يۇپيۇرماقلىرىڭنى قىرقىپ تاشلىمىسام، سىنى ئىشلىتەلمەيمەن. سىنى قانداق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگىنىم ئېسىڭدە بارمىكىن؟- دەپتۇ.

بامبۇك دەرىخى ئىگىسىنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، چىدىغۇسىز بۇ ئازابقا كۆز-ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ رازىلىق بېرىپتۇ. باغۋەن ناهايىتى ئۆتكۈر بىر قايچا بىلەن بامبۇك دەرىخى «گۈزەللىكىم» دەپ پەخىرلىنىدىغان بارلىق يۇپيۇرماقلىرىنى قىرقىپ تاشلاپتۇ. يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باغۋەن بامبۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

-ئى مىنىڭ سۆيۈملۈك بامبۇكۇم، هازىر مەن سىنىڭ بارلىق شاخ-چىۋىقلىرىڭنى چاتىۋەتمەكچى، شۇنداق بولغاندىلا سىنى ئىشلىتەلەيمەن،-دەپتۇ.

بامبۇك دەرىخى ئىگىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئازابلىق ندا قىلىپ:

-ئى ئىگەم، سەن مېنى گۈزەل يۇپيۇرماقلىرىمدىن، كۆركەم شاخ- شۇمبۇلۇرۇمدىن ئايرىپ، كۆرۈمسىز ئىنچىكە تاياققا ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ. مېنىڭ پەخرلەنگۈدەك ھېچنېمەم قالمىدى. مەن ئەمدى ئۆزەمنى قانداقسىگە بىر بامبۇك دەپ ئويلايمەن. ئى ئىگەم، سېنىڭ بۇ تەلىپىڭ ھەقىقەتەن چەكتىن ئېشىپ كەتتى-دەپتۇ.

-شاخ-شۇمبۇلىرىڭنى پۇتىۋەتمىسەم، سېنى ئىشلىتەلمەيمەن. ساڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنى ئېسىڭدىن چىقارمىغايسەن!- دەپتۇ باغۋەن.

بىچارە بامبۇك دەرىخى باغۋەننىڭ مېھىر-شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن ئۆز قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدە قىينىلىپ، ئاخىرى باغۋەنگە ئىتائەت قىلىشنى تاللاپتۇ. باغۋەن بىردەمدىلا ئۆتكۈر پىچاق بىلەن بامبۇك دەرىخىنىڭ بارلىق شاخ-شۇمبۇلىرىنى قىرقىپ، ئۇنى يالىڭاچلاپ بىر بامبۇك تاياققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى باغۋەن يەنە كەپتۇ. ئۇ بامبۇك تاياققا:

-ئى سۆيۈملۈك بامبۇكۇم، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم. مەن ھازىر سېنىڭ ھەربىر بۇغۇملىرىڭنى ئىسكىنە بىلەن تېشىپ، ئاندىن سېنى ئىشلىتىمەن،-دەپتۇ. بامبۇك ئىگىسىگە زارلىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە :

- ئاھ ئىگەم، سەن يىلتىزلىرىمنى كېسىۋەتتىڭ. شاخ-يۇپيۇرماقلىرىمنىمۇ قويمىدىڭ. سەن يەنە نېمە ئۈچۈن ھەربىر بۇغۇملىرىمدىن تۆشۈك تەشمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ سەن ماڭا يەنىلا رەھىمسىزلىك قىلىۋاتىسەن. باغچىدا سان-ساناقسىز ئۆسۈملۈك تۇرسا، ئۇلار بىلەن چاتىقىڭ يوق. نېمىشقا ماڭىلا ئازاب سالىسەن؟ دەپتۇ.

باغۋەن جاۋابەن:

-گەرچە، باغچىدا سان-ساناقسىز ئۆسۈملۈكلەر بولسىمۇ، بىراق مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. مەن سېنى ئىدىش ئورنىدا ئىشلەتمەكچى. ئى سۆيۈملۈك بامبۇك،

بۇغۇملىرىدىن تۆشۈك ئاچمىسام، سېنى قەتئىي ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، سېنى مەڭگۈ يەرگە تاشلاپ قويۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاندىلا، سېنىڭ بۇرۇن تارتقان ئۈچ قېتىملىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىڭ بىھۇدە زايە كەتمەيدۇ،-دەپتۇ.

ئۇ ئىگىسىگە قايتا-قايتا يالۋۇرۇپتۇ. باغۋەن بامبۇك دەرىخىنى شۇنچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ نىدالىرىغا رەھىم قىلىپ، ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىشكە ئامالسىز قاپتۇ. بامبۇك ئىگىسىنىڭ مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە، ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىگىسىنىڭ ئىرادىسىگە باش ئىگىپتۇ. شۇنداق قىلىپ باغۋەن، بامبۇكنىڭ ھەربىر-بۇغۇمىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنى ئىچى قۇرۇق بىر تۇرۇبىغا ئايلاندۇرۇپتۇ ھەم بامبۇك تۇرۇبىسىنىڭ بىر ئۇچىنى سۇ باشلانمىسىغا، يەنە بىر ئۇچىنى ئېتىزلىققا ئورنىتىپتۇ. بامبۇك تۇرۇبىسى ئېتىزلارنى سۇغۇرۇپ، نۇرغۇن مول-ھوسۇل ئېلىشتا مۇھىم رول ئويناپتۇ.

ئى قېرىندىشىم، سىز خۇدانىڭ ھاياتلىق سۈيىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبىسى بولۇشنى خالامسىز؟

# *1*-ئاينىڭ *28*-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«مەن سىلەرنى ساختا ئەلچىلەردىن قىزغىنىمەن. بۇ خۇداغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتىن كەلگەن.» *(2-كورىنتلىقلار11: 2)***

گىتتار ماھىرى ئۆزىنىڭ گىتتارىنى نەقەدەر ئاسرىغان-ھە! ئۇ گىتتارىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، خۇددى ئانا بوۋىقىغا سۈت بېرىپ پەپىلىگەندەك پەپىلەپ سۆيىدۇ، ئايايدۇ. ئۇ گىتتارنى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى دەپ قارايدۇ. سىز ئۇنىڭ گىتتار تەڭشىگەندىكى قىياپىتىگە قاراپ بېقىڭ! ئۇ گىتتارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، دەستىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، تارىلىرىنى بىر-بىرلەپ چېكىدۇ. ناۋادا، تارلاردىن خۇددى جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىدەك قوپال ئاۋاز چىقسا، ئۇ شۇ ھامان بايقايدۇ-دە دەرھال ئۆلچەملىك تەڭشەش ئۈچۈن گىتتارنىڭ قۇلاقلىرىنى چىڭىتىدۇ ياكى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تاكى تارلار ئۆلچەملىك ھالدا يېقىملىق ئاۋاز چىقارغۇچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق كۈلكىسى نامايەن بولۇپ، رازى بولغانلىقىدىن باش لىڭشىتىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدانىڭ سىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىمۇ دەل مۇشۇنداقتۇر. ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتى، گىتتارچىنىڭ گىتتارىغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ناۋادا، خۇدا سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىڭ رېتىمغا چۈشمەي قالغانلىقىنى بايقاپ قالسا، دەرھال سىزنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچ بىلەن يۈرەك تارىڭىزنى تەڭشەيدۇ. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سىز چىقارغان ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ، سىزدىن ئاغرىنىش، قارغاشتەك ئاۋازلارنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال قەلب تارىڭىزنى چىڭ تارتىپ، قايتا-قايتا چېكىدۇ. بۇلار تاكى سىزنىڭ قەلبىڭىز مەدھىيە، شۈكۈرلەر ۋە «مېنىڭ ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن» دەپ، ئاۋاز چىقارغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ...............(لۇقا22: 42)

مانا بۇ خۇدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىدۇر.

# 1-ئاينىڭ 29-كۈنى

**«خۇدا شۇ شەھەردە بولغاچ تەۋرەنمەس ئۇ ماكان ئەسلا، كېلەر خۇدا ياردەمگە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا.»***(زەبۇر 46: 5)*

«ئۇ ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ»- بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ خىتابنامە-ھە!

بىز ئادەملەر ھەقىقەتەن مۇشۇ دۇنياغا تەۋە نەرسىلەر ئۇچۇن ئاسانلا تەۋرىنىپ قالىمىز. بىراق، ئېتىقادتا پىشىپ يېتىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندىن كېيىن، ھېچقانداق بىر نەرسە بىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ ھەم ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. بۇ بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ، پاۋلۇس ئېتىقادتىكى بۇ سىرنى ھەقىقەتەن چۈشىنىپ يەتكۈزىدۇ. ئۇ يېرۇسالېمغا بېرىش سەپىرىدە ئۆزىنى ئالدىقاچان ئازاب-ئوقۇبەت ۋە مۇشكۈلاتلارنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.(ئەلچىلەر20: 23) بىراق، ئۇ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا: «مەن ئۆز مۇساپەمنى تاماملىشىم كېرەك» دەيدۇ. پاۋلۇس ھاياتىدا ئۇچراشقا تېگىشلىك بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئېتىقاد ئۈچۈن ئۆز جېنىنىمۇ ئايىمىدى. دۇنيادىكى قىممەتلىك نەرسىلەر ئۇچۇن تەۋرەپمۇ قويمىدى. ئوخشاشلا، ئەگەر بىز خۇدا پاۋلۇسنىڭ ھاياتىدا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى خالىساق، پاۋلۇسقا ئوخشاش مەيلى ئۇششاق ئىشلار بولسۇن ۋە ياكى چوڭ سىناقلار بولسۇن تەۋرەنمەستىن تېنچلىق ئىچىدە ئالغا باسالايمىز. بۇنداق تېنچلىقتىن پەقەت "خۇدانىڭ ئاراملىقىدىن" بەھرىمەن بولغۇچىلارنىڭلا ئۈلۈشى باردۇر.

«غەلبە قىلغۇچىنى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا تۈۋرۈك قىلىمەن. بۇنداق ئادەم ئۇ

يەردىن ئەسلا كەتمەيدۇ.» (ۋەھىيلەر3: 12) خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تۈۋرۈك ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ. بۇ دەل سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، دەھشەتلىك بالايى-ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

خۇدا ئۇرۇنلاشقان شەھەردە زەررىچىلىك تەۋرىنىش بولمايدۇ. خۇدا ئۇ شەھەرنى خۇددى زىئوندا ئوخشاش مۇستەھكەم قىلىدۇ. ناۋادا، بىز مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بولساق، گەرچە تۆت ئەتراپتىن كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەھشەتلىك  بالايىئاپەتلەر كەلسىمۇ، بىز يەنىلا مەڭگۈلۈك ئامان-ئىسەنلىككە ئېرىشىمىز. بىز ئېرىشكەن ئامانلىقنى بۇ دۇنيا ھەرگىز بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ھەرگىز تارتىۋالالمايدۇ. مانا بۇلار، نېمە ئۈچۈن بۇران چىققاندا، لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان يوپۇرماقتەك تەۋرىنىپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتىدۇر.

«ئىشەنچىنى پەرۋاردىگارغا باغلىغانلار ئوخشار زىئون تېغىغا، تەۋرەنمەس،مەزمۇت تۇرار ئۇ تاغ مەڭگۈگە.»(زەبۇر125: 1)

# ***1-ئاينىڭ 30-كۈنى***

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«مەن خاسيەتلىك شەبنەملىرىعنى ئىسرائىللارغا ياغدۇرىمەن.» (ھوشىيا14: 5)**

شەبنەم بولسا يېڭىلىقنىڭ، غەيرەت-جاسارەت ۋە شوخلۇقنىڭ سىمۋولى. ئەسلىدە، خۇدا شەبنەمنى گۈل-گىياھ، ئوت-چۆپلەرنى پاكىزلاش ئۈچۈن ياراتقان. مۇقەددەس كىتاپتىمۇ شەبنەم كۆپ قېتىم تىلغان ئېلىنىش ئارقىلىق

روهي جەھەتتىكى پاكلىقنى سىمۋول قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق خۇدا ئۆز خەلقىنى روهى جەھەتتە ھەركۈنى شەبنەمگە ئوخشاش پاك، جۇشقۇن، تېتىك بولۇشقا چاقىرغان. تىتۇس يازغان خەتنىڭ 3-باب 5-ئايىتىدە تىلغان ئېلىنغان «روهى جەھەتتە يېڭىلىنىش» دەل مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىدە شەبنەمدەك پاك، جۇشقۇن، جاسارەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار روهقا تەۋە بولغان «شەبنەم» نىڭ ئۆز ھاياتىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى چۈشەنمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئېتىقادقا تەۋە بولغان جۇشقۇنلۇقنىڭ، غەيرەت-جاسارەتنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار روهى جەھەتتە ئۆزلىرىنى يېڭىلاپ تۇرمىغاچقا، سۇسىزلىنىپ سارغايغان يوپۇرماقتەك بولۇپ قالىدۇ.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، بىر ئىشچى ئۇسسۇلۇقمۇ ئىچمەي، تاماقمۇ يېمەي پۈتۈن كۈن خىزمەت قىلالامدۇ؟ ئۇنداقتا، سىز خۇدانىڭ خىزمەتچىسى بولسىڭىز روهى جەھەتتىكى ئۇزۇقلۇققا مۇھتاج بولمامسىز؟ سىز بۇ خىل ھالەتتە قانداقمۇ خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېيەلەيسىز؟ بۇنداق قىلىش قەتئىي خاتا. ئارىلاپ ئارىلاپ تاماق يېيىش يېتەرلىك ئەمەس. سىز ھەركۈنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىشكە مۇھتاج بولغاندەك، روهى جەھەتتىمۇ ھەر كۈنى ئۆزىڭىزنى يېڭىلاپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرۇشقا مۇھتاج. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا خۇدا ئاتا قىلغان روهى شەبنەمنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، جىمجىتلىق ئىچىدە تېنچ ئولتۇرۇپ سۈمۈرۈش كېرەك. يېرىم كېچىدىكى تېنچ ۋاقىتتا، ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلارنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، شەبنەمنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. روهى جەھەتتىكى شەبنەمنى قوبۇل قىلىشمۇ

مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىز خۇدانى تېپتېنچ ساقلىساق، روھى جەھەتتىكى يېڭىلىنىشقا ۋە ئۇزۇقلۇققا ئېرىشەلەيمىز. ئالدىراقسانلىق بىزگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بىز تەمكىن ھەم ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ساقلاشنى ئۆگىنىۋالايلى. تەمكىنلىك بىزنى خۇدانىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ، مەسىھ ئاتا قىلغان پاكلىق ھەم جۇشقۇنلۇق بىلەن روھىيىتىمىزنى يېڭىلايدۇ.

ئىسسىق ھەم شامال چىققان كۈنلىرى شەبنەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شەبنەمنىڭ چىقشى ئۈچۈن چوقۇم بوران تىنجىشى، ئىسسىق ھاۋا تۆۋەنلىشى، تۇراقسىز ھاۋارايى تەڭپۇڭلىشىپ، سالقىن تېمپېراتۇرا بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، يالتىراق ھەم سۈزۈك چىرايلىق شەبنەملەر يوپۇرماق ۋە گۈل بەرگىلىرىدە ئۆز گۈزەللىكىنى جەۋلان قىلىدۇ. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئاستىدا روھى جەھەتتىكى يېڭىلىنىشمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. سىزنىڭ غەزەپ-نەپرىتىڭىز، ئالدىراقسانلىقىڭىز بېسىقىپ، قەلبىڭىز تېنچلانغاندا، خۇدا ئاندىن خاسىيەتلىك شەبنەم ئارقىلىق روھىڭىزنى ساپلاشتۇرىدۇ.

# 1-ئاينىڭ 31-كۈنى

📖«خۇدا تېنچلاندۇرغۇچىدۇر.» (ئايۇپ 34: 29)

خۇدا خېيىم-خەتەر ئىچىدە كىشىلەرگە ئامانلىق بېرىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە بىز ئاۋالقىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن بىر كېمىدىمىز. قاراڭغۇ كېچىدە كېمە قىرغاقتىن يىراقلاپ،

كۆلنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تويۇقسىز بوران چىقىپ، كېمىنى چۆكتۈرۈپ كەتكىلى تاس قالدى. مانا ھازىر، خۇددى دۇنيادىكى كىشىلەر ئۆز-ئارا ئالاقە باغلاپ، بىرلىشىپ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقاندەك، تۈرمىلەر بىزنى يۇتىۋېتىش ئۈچۈن ئىشىكلىرىنى يوغان ئېچىپ ساقلاپ تۇرغاندەك، قەدەمدە بىر خەۋپ-خەتەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتىمىز. شۇنداق ئۈمىدسىز بىر مۇھىتتا، رەببىمىز سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بوران چاپقۇننى ئەيىپلەپ، قوللىرىنى كۆتۈرگەندە، بورانلار توختاپ كۆل تىنچلانغاندەك، بەخت-سائادەتمۇ دەل شۇنداق بىزگە يار بولىدۇ. خېيىم-خەتەرمۇ بىزدىن يىراقلىشىدۇ. بورانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىغاندەك، بالا-قازالارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالايمىقانچىلىق چىقىرالمايدۇ. «توختا، تىنچلان!»(ماركۇس4: 39) خېيىم-خەتەر ئىچىدە سىز رەببىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ؟

«ئۇ تىنچلاندۇرغۇچىدۇر.» بۇ خىل تىنچلىق ھەرگىز ئادەتتىكى تىنچلىق بولماستىن، بەلكى ئۈمىد ۋە تەسەللىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئېرىشكەن تىنچلىقتۇر. چۈنكى، بىز بەزى ۋاقىتلاردا ئۈمىد ۋە تەسەللىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇدا قەستەن بىزدىكى ئۈمىد ۋە تەسەللىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. خۇدا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىزنى ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىشنى ھەم ئۆزى ۋە ئۆزى ئاتا قىلغان قابىلىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. بىز، خۇدا ئاتا قىلغان بارلىق بەخت-سائادەتتىن مەھرۇم قالدۇق، دەپ ئۈمۈدسىزلەنگەندە، خۇدا بىز بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىز دەل شۇ ۋاقىتتا، رەببىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇ قايتۇرۇۋالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىمىز ھەم قەلبىمىزدە چەكسىز تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. چۈنكى خۇدا «تىنچلاندۇرغۇچىدۇر.»

# 2-ئاينىڭ 1-كۈنى

📖«بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر»(1-پادىشاھلار12: 24)

ئوغلۇم، بۈگۈن ساڭا بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن، بۇ خەۋەر ئۈستىڭدىكى قار بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىدۇ، ئالدىڭدىكى ئەگىز-پەس يوللارنى تۈز قىلىدۇ. گەرچە، بۇ خەۋەر پەقەت نەچچە خەتتىن تۈزۈلگەن ئىنتايىن قىسقا خەۋەر بولسىمۇ، ئۇنى قەلبىڭگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋال. ھېرىپ-چارچىغاندا بېشىڭغا قويۇپ، ئارام ئالىدىغان ياستۇق قىل. بۇ قانداق خەۋەر؟ بۇ دەل «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر» دېگەن خەۋەردىن ئىبارەت.

ئى بالام، ئومۇمەن ساڭا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ماڭىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ چۈنكى، مۇقەددەس كىتابتا خۇدا مۇنداق دېگەن : « سىلەرگە تەككەنلىك، دەل ئۇنىڭ كۆز قارچۇقىغا تەككەنلىكتۇر» (زەكەرىيا2: 8) سەن مەن ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇرسەن ھەم ئىنتايىن قىممەتلىكسەن. شۇڭا، سېنى تەربىيلەشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. (يەشايا43: 4)

سىناقلار ساڭا ھوجۇم قىلىپ، «خۇددى دۈشمەنلىرىڭ كەلكۈن كەبى باستۇرۇپ كەلگەن ۋاقتىتىمۇ» (يەشايا 59: 19)، بىلىشىڭ كېرەككى، «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر». «سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ مېنىڭ قەيسەرلىكىمگە مۇھتاج. سېنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭ پۈتۈنلەي مېنىڭ سەن ئۈچۈن جەڭ قىلىشىمغا مۇھتاج».

ھازىر ئېغىر مۈشكۈلاتلار ئىچىدە تۇرۇۋاتامسەن؟ ئەتراپىڭدىكى ھەممە كىشى سېنى چۈشەنمەيدۇ، سېنىڭ ئاددى قەلبىڭنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ، سېنى كۆزىگىمۇ ئىلمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر.» سەن ئۈچرىغان

ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەرگىز تاساددىبىيلىق ئەمەس. «ئاشۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر.» مەن بارلىق كائىناتنىڭ، سەن تۇرىۋاتقان مۇھىتنىڭمۇ باشقۇرغۇچىسىدۇرمەن. سەن ئۇچرىغان ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەرگىز تاساددىبىيلىق ئەمەس. ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ گۈزەل پىلانلىرىم باردۇر.

ئى بالام، سەن بۇرۇن مەندىن كەمتەرلىك تىلىگەن ئەمەسمىدىڭ! قارا! مەن ساڭا كەمتەرلىك ئۆگىتىش ئۈچۈن، سېنى ئاللىقاچان ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن ھازىر سەن ئۇچراتقان ئادەملەر ۋە مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىرادەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

سەن ھازىر ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىڭ شۇنداقمۇ؟ «بۇ ئىش مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر.» چۈنكى، خىراجىتىڭنى باشقۇرىمەن. لازىملىقنى مەندىن ئالغىن. پۈتۈنلەي ماڭا تايانغىن. مېنىڭ تەمىناتىمنىڭ چېكى يوقتۇر. (فىلىپىلىكلەر4: 19 ) «سەن مېنىڭ ئەھدەمنى تەستىقلىشىڭ كېرەك. مەن سېنىڭ بۇ ئىشلاردا پەرۋەردىگار خۇداغا شەك كەلتۈرۈشىڭنى خالىمايمەن.»(ئەمر-مەرۇپلار1: 32)

كېچىلىرى ئازاب-ئوقۇبەتتە قىينىلامسەن؟ «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر.» چۈنكى، مەن ئازاب-ئوقۇبەت شاھزادىسىدۇرمەن. دائىم ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلار ئازاب-ئوقۇبەتكە قانداق يۈزلىنىشنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سەن دۇنيادىكى كىشىلەردىن تەسەللىي ئىزدىگەندە، مەن قەستەن ئۇلارنىڭ ساڭا ھېسداشلىق قىلىشىنى توسىمەن. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مەڭگۈلۈك تەسەللىيگە ئېرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. (2-سالونىكىلىقلار2: 16- 17كۆرۈلسۇن!)

سەن مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىڭغۇ، نەتىجىدە كېسەل كارۋىتىدا يېتىپ قالدىڭ شۇنداقمۇ؟ «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر.»

ئالدىراش كۈنلىرىڭدە دىققىتىڭنى تارتمايمەن. مەن بۇ ئارقىلىق ساڭا چوڭقۇر بىر ساۋاق بەرمەكچى. ئېسىڭدە چىڭ تۇت! خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ قىزغىنلىقىغا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئىرادەمگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت. مېنىڭ نۇرغۇن يېقىن خىزمەتچىلىرىمنىڭ ھەممىسى سوغاق، چەت جايلاردا دۇئا ئارقىلىق خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

مانا، بۈگۈن بۇ خەۋەرنى خۇددى خۇش پۇراقلىق مايدەك سوۋغات سۈپىتىدە قولۇڭغا تۇتقۇزدۇم. سەن خالىغىنىڭچە ئىشلەتكىن. ئى ئوغلۇم، ئوڭۇشسىز مۇھىت، يۈرىكىڭنى لەختە قىلغان تۆھمەت، سەۋەبسىز قىيىن-قىستاق، بېسىم قاتارلىقلار بېشىڭغا كەلگەندە، بۇ خۇش پۇراقلىق ماينى ئۈستۈڭگە سۈرتكىن. ئەگەر، سەن ئۇچرىغان ھەممە ئىشلاردا، «بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇر» دېگەن خەۋەرنى كۆرەلىسەڭ، بارلىق ئازاب-ئوقۇبەت، قايغۇ-ھەسرەتلىرىڭ شۇ ھامان غايىپ بولىدۇ.

# 2-ئاينىڭ 2-كۈنى

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽

**📖«ئۇ مېنى قۇدرەتلىك قولىنىڭ سايىسىغا يوشۇرۇپ، ماڭا باشپاناھ بولىدۇ ھەم مېنى جاقىناپ تۈرغان يا ئوقىغا ئايلاندۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئوق خالتىسىغا يوشۇرۇنىمەن. » (يەشەيا49: 2)**

«قۇدرەتلىك قولىنىڭ سايىسىغا ....» مەيلى قەيەرگە بارايلى ھەممىشە بۇ سۆزگە ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ. قۇياش نۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، كۆرۈش قۇۋۋىتىمىز

زەخمىگە ئۇچراپلا قالماستىن، رەڭلەرنىمۇ پەرق قىلالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىزنى كېسەللىنىڭ، ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ، نامراتچىلىقنىڭ سايىسىدە بىر مەزگىل ساقلاپ، قۇياش نۇرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.......

سىز ھەرگىز خۇدا ئاللىقاچان مېنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى، دەپ ئويلاپ قالماڭ، سىز ھېلىھەم خۇدانىڭ ئوق خالتىسىدا ساقلاقلىق. خۇدا ھەرگىز سىزنى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىغاندەك تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇ سىزنى تاكى تەلەپكە لايىق بولغۇچە ئوق خالتىسىدا ساقلايدۇ. سىز ئۇنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقاندا، سىزنى ئوق كىرىچىكە سېلىپ ئاتىدۇ، سىز بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىپ، خۇداغا شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىسىز.

ئىھ، خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولىنىڭ سايىسىدا پاناھلىنىۋاتقان قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، جەڭچى ئوقياسىنى قانداق ئاسراپ، ئۇنى ئوق خالتىسىدا قانداق ساقلىغان بولسا، خۇدامۇ سىزنى شۇنداق ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ. سىزنى قۇدرەتلىك سايىسى ئاستىدا بالا-قازالاردىن ساقلايدۇ.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، قويۇق قارا سايە ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى مۇھىم شەرت بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەر ۋە چىرايلىق گۈللەر سايە كۆنلىرى گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىشىدۇ. كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا سولىشىپ قالغان بولسا، سالقىن كۈنلىرى چىرايلىق ئېچىلىپ، ئۆسۈشىمۇ تېز بولىدۇ. خۇدامۇ بىزگە سايە چۈشۈرۈش ئارقىلىق، روھى جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ، مېۋە بېرىشىمىز ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ.

# 2-ئاينىڭ 3-كۈنى

**«مۇقەددەس روھ ھەزرىتى ئەيسانى شۇئان چۆل-باياۋانغا ئېلىپ كەلدى.»**
**(ماركۇس1: 12)**

بۇ ئاڭلىماققا ئىنتايىن غەلىتە بىر ئىش. «شۇ ھامان» دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا چىقتى؟ رەب چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ، سۇدىن چىققاندىن كېيىن، ئاسمان يېرىلىپ، مۇقەددەس روھ كەپتەر ھالىتىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە قوندى. خۇدا: «سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن سەندىن خۇرسەنمەن!» (ماركۇس1: 11) دەپ جاكارلىدى. بۇ ھەرگىز كىشىلەر دائىم باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدىغان سەرگۈزەشتە ئەمەس. سىز مۇشۇنداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باققانمۇ؟ ئېھتىمال، سىز تۈنۈگۈن ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتقان بولسىڭىز، ئەمما بۈگۈن قاناتلىرىڭىز سۇنۇپ، ناخشا ئاۋازىڭىز توختىدى. سەھەردە، سىز ئەرشتىكى ئاتىمىزنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ھوزۇرلاندىڭىز. ئەپسۇس، كەچتە چۆل-باياۋاندا تۇرۇپ، «پەرۋەردىگار خۇدا يوللىرىمدىن يۈشۈرۈنىۋالدى» (يەشايا40: 27) دېيىشىڭىز مۇمكىن.

بىراق، قېرىندىشىم، ئىشلارنىڭ تويۇقسىز ئۆزگىرىشى ھەرگىز تاساددىبىيلىق ئەمەس، بەلكى، خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسى ئاشۇ تاساددىبىيلىقنىڭ ئىچىدىدۇر.

سىز، خۇدا نېمە ئۈچۈن بەخت ئاتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، «شۇ ھامان» يۈز بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەسلىدە، بەخت-سائادەت بولسا رەسمىيەت، «شۇ ھامان» بولسا ئەينى مۇددىئادۇر. «شۇ ھامان» بولسا بەخت-سائادەتنىڭ كېلىشىدىكى مەنبەدۇر. خۇدانىڭ سىزگە بەخت ئاتا قىلىشى، ئەسلىدە سىزنى چۆل-باياۋاندا،

گېتسىمانە باغچىسىدا ۋە باشقا جايلاردا غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. خۇدانىڭ سىزگە يول كۆرسىتىشى، ئەسلىدە سىزنى ئالدىڭىزدىكى قورقۇنچلۇق مۇساپىدىن بۆسۈپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. خۇدانىڭ سىزگە نۇر ئاتا قىلىشى، سىزنى قاراڭغۇ كېچىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. خۇدانىڭ سىزگە ياردەم بېرىشى، سىزنى ياردەمسىز قالغان كىشىلەرگە ياردەم بەرگۈزۈش ئۈچۈندۇر.

سىزنىڭ خالىغانچە چۆل-باياۋانغا بېرىپ، سىناقلارغا ئۇچرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىز ئالدى بىلەن ئىئوردان دەرياسىدا بەخت-سائادەتكە ئېرىشىسىڭىز، ئاندىن چۆل-باياۋانغا بېرىشقا لايىق كېلىسىز.

# 2-ئاينىڭ 4-كۈنى

📖«پەرۋەردىگار خۇدا سېنى ئەڭ يۇقىرىغا كۆتىرىدۇ.» (يەشايا58: 14)

ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرىگە پىششىق بولغان بىر خادىم بىزگە مۇنداق دېدى: ئۇچقۇچىلار پىراكتىكا ۋاقتىدا، ھەمىشە ئايرۇپىلاننى شامالغا قارشى يۆنىلىشتە ھەيدەپ مەشىق قىلىدۇ. چۈنكى، قارشى شامال كۈچى ئايرۇپىلاننىڭ تېخىمۇ ئېگىز كۆتىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ سىرنى ئۇلار قەيەردىن ئۆگەنگەن؟ ئۇلار بۇ سىرنى قۇشلاردىن ئۆگەنگەن. ئەگەر، بىر قۇش ئەركىن ئۇچۇپ ئويناۋاتقان بولسا، ئۇ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئۇچىدۇ. ئەگەر، خېيىم-خەتەرنىڭ بىرەر شەپىسىنى سەزگەندەك بولسا، دەرھال ئۆرۈلۈپ شامالغا قارشى ئۇچىدۇ. شۇندىلا، ئۇ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچالايدۇ.

كىشلىك تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق، خۇدا سىزگە تەييار قىلغان قارشى شامالدۇر. بۇ قارشى شامال سىزنى يۇقىرىغا يەنى ئەرش تۇرمۇشىغا ئاپىرىدۇ. مانا بۇ، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سىزنى ئەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرىدىغان ئامالىدۇر. بۇ قارشى شامال بىزنى ئىسقىرتمىلىق لەگلەككە ئوخشاش ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ئەركىن پەرۋاز قىلغۇزىدۇ. شۇنداقلا، بىزنى يەنە ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز-مەدھىيە، شۈكرىدەك يېقىملىق مۇزىكىلارنى چىقارغۇزۇپ، خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ.

سىزنىڭ يازدىكى تومۇز ئىسسىقتا، نەپەس ئالالمىغاندەك بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىڭىز بولغاندۇ ئېھتىمال. بىراق، شۇنداق ۋاقىتتا بىردىنلا قارا بۇلۇتلار كېلىپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، ھاۋا ساپلىشىپ سالقىنداپ قالىدۇ.

كىشلىك تۇرمۇشنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. خېيىم-خەتەر، ئوڭۇشسىزلىقلار كەلگەن ھامان، كۆڭلىمىز ۋەھىمە بىلەن تولۇپ، پاراكەندە بولساقمۇ يەنىلا سەگەكلىشىپ ئەقىل-پاراسەتكە تولىمىز ھەم مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە، بىزنىڭ ئەڭ مۇھتاج بولىدىغىنىمىز ئەرشتىكى خۇدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىز خۇدادىن مەدەت تىلەپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلساق، ئۇچرىغان بۇ ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىز بىزنى ئەرشكە بارىدىغان يولغا باشلايدۇ.

شامال قانداق ۋاقىتتا ئاۋاز چىقىرىدۇ؟ ئەلۋەتتە دېڭىز-ئوكيانلارنى بوسۇپ ئۆتكەندە ئەمەس، بەلكى دەرەخ شاخلىرىغا ئۇرۇلغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ. شۇڭا، بىز توسالغۇغا ئۇچرىغان ھامان خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشىمىز كېرەك.

# 2-ئاينىڭ 5-كۈنى

**«سىلەر يولغا چىققاندا، ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار.» (يەشايا 52: 12)**

مەن بىزنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان مىسلىسىز تېنچلىقنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى ئاللىقاچان چۈشۈنۈپ يەتكەنلىكىمىزگە ئىشەنمەيمەن.بىز ھەمىشە ئالدىراقسانلىقىمىزدىن، ئۆزىمىز قول تىقىشقا ئۇرۇنىمىز. خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا دائىم بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «توختا! »(چىقىش 14: 13) . «تېنچ ئولتۇر!» (رۇت3: 18) «توختا، تېنچلان!» (ماركۇس4: 39) پەقەت خۇدالا ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر.

ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا، مەغلۇپ بولۇشىمىزدىكى سەۋەب دەل ئۆز خىزمىتىمىزگە تايىنىپ غەلبە قازانماقچى بولغانلىقىمىزدىندۇر. ئەمەلىيەتتە، بىز خۇدانىڭ قەلبىمىزدە خىزمەت قىلىشىغا مۇھتاج بولىمىز. سىز بىر سۈرەتچىنىڭ سۈرەتكە تارتىپ قويۇشىغا مۇھتاج بولسىڭىز، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز، ھەرىكەت قىلماي، تېنچ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈرەتنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تارتىشىغا ماسلىشىپ بېرىشتۇر.

خۇدانىڭ بىزگە نىسبەتەن خۇددى ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك بىر مەقسىتى باردۇر. ئەجىبا بۇلار بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلەمدۇ؟ خۇدا بىزنى ئۇزۇل-كېسىل قۇتقۇزماقچى. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزالامدۇق؟ خۇدا بىزنى غەلبىگە ئېرىشتۈرمەكچى. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز غەلبىگە ئېرىشتۈرەلەمدۇق؟ خۇدا بىزنى ئۆزىگە ئوخشاش پاك قىلماقچى. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز پاكلىيالامدۇق؟ بىز ئۆزىمىزنى ھەممىنى قىلالايدىغان قالتىس چاغلايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىز ھېچنىمىنى قىلالمايمىز. ئۇنداقتا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىگەنىكەن، نىمە ئۈچۈن تېنچلىق

بىلەن خۇدانى ساقلاپ ئولتۇرالمايمىز؟ بىز ھەممىشە خۇدا ئۇچۇن پائالىيەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز، ئەمما خۇدا ئۇچۇن تىنچ ئولتۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىزنىڭ تىنچلىنىشنىڭ ھەقىقى ئۇقۇمىنى بىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

# 2-ئاينىڭ 6-كۈنى

**«ئۇ دېڭىزنى قۇرۇقلۇققا ئايلاندۇردى. ئەجدادلىرىمىز دەريادىنمۇ پىيادە ئۆتتى. بىز <ئۇ يەردە ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇق.> » (زەبۇر 66: 6)**

ئىسرائىللارنىڭ قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىكى كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلساق، دېڭىز دولقۇنلىرى تامدەك ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، مىسىر قوشۇنلىرى كەينى تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈپ قوغلاۋاتقان جىددى پەيتتە، ئۇلار چوقۇم قورققانلىقىدىن تىترىگەن، قىينالغان ۋە پاتپاراق بولۇپ كەتكەن........ بىراق، بۇ نەزمىنى يازغۇچى «بىز ئۇ يەردە ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇق» دەپ يېزىپتۇ. قانچىلىغان ئېتىقادچىلار مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە، ئۈمىدسىز مۇھىت، ئازاب-ئوقۇبەتلىك مۇشكۈلاتلاردىمۇ «ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇم» دېيەلىگەندۇ؟

«ئۇ يەردە » ئەھدە چۇشۇرگەن خۇدا ئۆزىنى نامايەن قىلدى! "ئۇ يەردە " ئۇنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى! "ئۇ يەردە" دۇشمەنلەر ھالاك بولدى! "ئۇ يەردە" خۇدانىڭ خەلقى ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردى! ئەگەر «ئۇ يەر» بىر ئوڭۇشلۇق مۇھىت بولغان بولسا، ھەرقانچە كۈچ سەرپ قىلىپ ئىزدەپمۇ بۇنداق شان-شەرەپلىك ھەقىقي ئىشنى تاپقىلى بولمايتتى. خۇددى كۈندۈزى قۇياش

كۈچلۈك نۇرى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى توسۇۋالسا، كېچىسى قۇياش نۇرىنىڭ چۆكۈشىگە ئەگىشىپ يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ كۆزنى چاقناتقانغا ئوخشاش، خۇدانىڭ ئەھدىسى، تەسەللىسى، ئۈمىد، ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈلپەتلەر ئىچىدە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ........

يۇھاننا پاتمۇس ئارىلىدىكى سۈرگۈن ھاياتىدا، يەككە-يىگانە غېرىپلىق ئىچىدە خۇدانىڭ شان-شەرەپلىك ۋەھىيسىنى كۆرەلىگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ پاتمۇس ئارىلىغا ئوخشاش قاقاس، سوغۇق جايلار ئىنتايىن كۆپ. دەل ئاشۇ جايدا، خۇدانىڭ مۇھەببىتى، بەخت-سائادىتى ھەم يار بولۇشى بىلەن يەككە-يېگانە غېرىپلىق ۋە ئازاب-ئوقۇبەت ئۆز كۈچىنى يوقاتماقتا. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز مۇشۇنداق جايغا بېرىشنى خالامسىز؟

قانچىلىك ئادەم قىزىل دېڭىز ۋە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكەندىكى جاپا-مۇشەققەتلەردە، خۇداغا سېغىنىپ :«بىز دېڭىزلاردىن پىيادە مېڭىپ ئۆتتۇق. ئۇ يەردە بىز قاراڭغۇلۇقنى باشتىن كەچۈردۇق. تۆت ئەتراپ شىددەتلىك دولقۇنلار بىلەن قاپلانغان مۇھىتتا، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇق.» دېيەلەيدۇ؟

«..... ئۇ يەردە ... مەن ئۇنىڭغا ئۈزۈمزارلىق تەقدىم قىلىمەن، ياخ جىلغىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۇنىڭغا داغدام ئاچىمەن. ئۇ، ئۇ يەردە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.» (ھوشيا2: 15)

# 2-ئاينىڭ 7-كۈنى

**************

**📖«ئى كۆڭلۈم، نېمىشقا چۈشكۈنسەن شۇنچە؟ نېمىشقا ئارام تاپمايسەن ئىچىمدە؟ ئۈمىد كۈت خۇدادىن كۆڭلۈم، مەدھىيلەيمەن ئۇنى يەنىلا، خۇدايىم خۇش چىراي ئاتا قىلغۇچىدۇر ماڭا.»** ***(زەبۇر 43: 5)***

نېمە سەۋەب بىزنى شۇنچىۋالا قايغۇغا سالدى؟ ئىككى سەۋەب بار. پەقەت ئىككىلا.... بىرىنچىسى: ئەگەر، بىز تېخى قۇتقۇزۇلمىغان بولساق، بۇ بىزنىڭ قايغۇرىشىمىزدىكى سەۋەب. ئىككىنچىسى: بىز ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلغان بولساق، ئەمما، يەنىلا گۇناھ ئىچىدە ياشاۋاتقان بولساق، بۇ بىزنى چوقۇم قايغۇغا سالىدۇ. مۇشۇ ئىككى سەۋەبتىن باشقا سەۋەبلەر بىزنىڭ قايغۇرۇشىمىزغا باھانە بولالمايدۇ.

ئەگەر، نورمال بىر ئېتىقادچى ئورۇنسىز بىكاردىن-بىكار قايغۇرغان بولسا، بۇ بىر غەلىتە ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىز بارلىق ئىشلارنى دۇئا-تىلاۋەتلەر ئارقىلىق شۈكۈر، ھەمدۇسانا بىلەن خۇداغا ئېيتساق بولىدۇ. بىز بارلىق قىيىنچىلىقلار ۋە سىناقلارنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئاستىدا غەلبىلىك ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

«خۇداغا ئۈمىد باغلا!» بىز چوقۇم بۇ چاقىرىقنى ئېسىمىزدە ساقلاپ، ھەرۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇداغا ئۈمىد باغلىشىمىز كېرەك.  مەيلى بىز نېمىگە ئۈمىد باغلايلى، مەيلى قىيىنچىلىقلىرىمىز قانچىلىك چوڭ بولسۇن ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىز قانچىلىك يۈكسەك ياكى ئاددى بولسۇن بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز شۇكى، ھەممە ئىشتا خۇداغا ئۈمىد باغلاشتۇر. بىز پەقەت شۇنداق قىلغاندا، ئۆزىمىز باغلىغان ئۈمىدنىڭ بىھۇدە كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. خۇدانىڭ ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، ئۇ

ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ياردىمىنى ھەرگىز بىزدىن ئايىمايدۇ.

ئاھ، مەن يەتمىش ياشتىن ئاشقان بۇ ھاياتىمدا، ئاللىقاچان نەچچە مىڭلىغان سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپتىمەن. مۇشۇ جەرياندا خۇداغا ئۈمىد باغلىغانلىقىم ئۈچۈن بىرەر قېتىم مەغلۇپ بولغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.......

ئۆزۈمچە، ئەمدى ياردەمگە ئېرىشىشىم مۇمكىن ئەمەس، دېگەن ۋاقىتتىمۇ، يەنىلا ياردەمگە ئېرىشكەنىدىم. خۇدا نەچچە مىڭلىغان ئوخشىمىغان ئۇسۇل-چارىلىرى بىلەن نەچچە مىڭلىغان ئوخشىمىغان ۋاقىتتا بىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ، ئىرادىسىنىڭ ھېچقاچان چەكلىمىسى يوقتۇر.

بىز پەقەت بارلىق ئىشلىرىمىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا قويۇپ، خۇددى كىچىك بالىدەك سەبىيلىك بىلەن كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى چىن دىلىمىزدىن خۇداغا ئېيتساق بولىدۇ.

«ئى خۇدا ئاتا، ئەسلىدە مەن دۇئالىرىمنى ئاڭلىشىڭغىمۇ لايىق كەلمەيمەن. بىراق رەب ئەيسانىڭ سەۋەبىدىن، دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن. تېنچ ھالدا سېنىڭ ئىرادەڭنى كۈتەلىشىم ئۈچۈن، ماڭا مېھىر-شەپقىتىڭنى كۆرسەتكىن. مەن سېنىڭ ئۆز ۋاقىت-سائىتىڭگە ئاساسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.»

«چۈنكى، مەن يەنىلا ئۇنى مەدھىيىلەيمەن.» كۆپ دۇئا قىلىش، ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، كۆپ مەدھىيە ئوقۇش، زور سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈشنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن مول بولغان بەخت-سائادەتتۇر. نۇرغۇن قېتىم تۇسالغۇغا ئۇچراش نەتىجىسىدە، ئۆز-ئۆزۈمگە:«خۇداغا ئۈمىد باغلا!» دېگەن ئايەتنى مەجبۇر دېگۈزۈپ، ئادىتىمگە ئايلاندۇردۇم. بۇ كىشىلىك ھايات مۇساپەمدە باشتىن كەچۈرگەن

تەجرىبە-ساۋىقىمدۇر.

# 2-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«مەن ھەقىقەتەنمۇ زامان ئاخىرىغىچە ھەردائىم سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن.» (مەتتا 28: 20)**

ھەرگىز قورقۇنچاقلىق بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلەنمەڭلار. ئەكسىچە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىنى كۈتىۋېلىڭلار. چۈنكى، رەب بولسا بىزنىڭ ئىگىمىز. ئۇ بىزنى ھەرقانداق ئىشتا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يېتەكلەپ ماڭىدۇ. ئۇ دائىم سىز بىلەن بىللە. سىز پەقەت ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالسىڭىزلا، ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە ھەممە ئىشلاردىن تېنچ-ئامان ئۆتەلەيسىز. سىز ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆرە تۇرالماس بولۇپ قالغاندىمۇ، ئۇ يەنىلا مېھىر-مۇھەببەتلىك قۇچىقىدا سىزنى ئەللەيلەپ پەپىلەيدۇ.

ئەتە ئۈچۈن غەم قىلماڭ. مەڭگۈ ھايات خۇدا بۈگۈن ھالىڭىزدىن قانداق خەۋەر ئالغان بولسا ئەتە، ئۆگۈن.... ھەر كۈنى ئوخشاشلا ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سىناقلاردىن خالى قىلغان بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشىڭىز ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتىرجەم ھالدا مەنىسىز خىياللارنى ۋە زېرىكىشلىك ئارزۇ-ئارمانلارنى تاشلىۋېتىڭ.

«پەرۋەردىگار خۇدا مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر»(زەبۇر 23: 1)

بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسى ئۆتكەن زامان ياكى كەلگۈسى زامان بولماستىن بەلكى ھازىرقى زامان شەكلىدۇر.«پەرۋەردىگار خۇدا مېنى باققۇچى

پادىچىمدۇر» ئۇ ھازىر قانداق بولسا كەلگۈسىدىمۇ شۇنداقتۇر. دەم ئېلىش كۈنى بولغان يەكشەنبە كۈنى قانداق بولسا، بىر ھەپتە ئىچىدىكى ھەممە كۈنى شۇنداقتۇر. بىرىنچى ئايدا قانداق بولسا ئون ئىككىنچى ئايدىمۇ شۇنداقتۇر. دېمەك، بىر يىلنىڭ ھەممە كۈنلىرى ئوخشاشتۇر. پەرۋەردىگار خۇدا، بىز مەيلى ئۆيىمىزدە ياكى سىرتتا بولايلى، مەيلى خاتىرجەم كۈنلىرى ياكى خېيىم-خەتەر كۈنلىرى بولسۇن، باياشاتچىلىق ياكى يوقسۇزچىلىق كۈنلەردە بولسۇن، ھەرقانداق مۇھىتتا ئوخشاشلا مەڭگۈ بىزنى باققۇچى پادىچىمىزدۇر.

ئىشەنچىمىز تونۇغان خۇدا قانداق بولسا ، خۇدا دەل شۇنداق خۇدادۇر!

## 2-ئاينىڭ 9-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا.... بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى»(مەتتا 15: 23)**

**«ئۇ سېنى ئۇنسىز سۆيىدۇ.»(زەفەنىيا3: 17)**

ئازاب-ئوقۇبەت تارتىۋاتقان خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى، بۇ ئىككى جۈملە ئايەتنى ئۇقۇسا بەلكىم ھەيراق قېلىشى مۇمكىن. سىز دەل ھازىر خۇدانىڭ تەسەللىسىگە مۇھتاج بولسىڭىز، ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭ! خۇدا مۇقەددەس يازمىلار ئارقىلىق سىزگە :«غەيرەتلىك بولغىن!»(يۇھاننا 16: 33) «قورقمىغىن، مەن سەن بىلەن بىللە» دەيدۇ. بىراق سىز شۇنچە ئۇزۇن كۈتۈپمۇ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىسىڭىز، تۆۋەندىكى ئايەت سىزگە بېرىلگەن جاۋابتۇر:«ھەزرىتى ئەيسا... بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى.»

بىز خۇداغا ئازابلىق نالە قىلىپ، يىغلىغان ۋاقتىمىزدا، خۇدا بىزنىڭ ئۆزىنىڭ

گۈزەل ئىرادىسىنى چۈشەنمەي ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىمىزدىن، ئىشەنچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن، جاسارىتىمىزنىڭ يوقلىقىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ.

خۇدانىڭ ئۈنسىز سۈكۈتتە تۇرۇشى بىزنى رەت قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئازابلىرىمىزغا ئورتاقلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئى قېرىندىشىم، ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىڭىزدا مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى ئەسلەڭ:«ئى قەلبىم، نېمشقا چۈشكۈنسەن شۇنچە ؟ نىمشقا ئارام تاپمايسەن ئىچىمدە؟» (زەبۇر43: 5) خۇدا جاۋاب قايتۇرماي ئۈنسىز سۈكۈتتە تۇرسىمۇ، سىز يەنىلا" ئۈمۈد كۈت خۇدادىن كۆڭلۈم ،مەدھىيلەيمەن ئۇنى يەنىلا، خۇدايىم خۇش چىراي ئاتا قىلغۇچىدۇر ماڭا." دەپ ئۇنى مەدھىيلەڭ. بىز تۆۋەندىكى ھېكايىنى كۆرۈپ باقايلى.

بىر ئېتىقادچى ئايال چۈشىدە، ئۈچ ئاچا-سىڭىلنىڭ تىزلىنىپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم خۇدانىڭ ئاستا-ئاستا ئۇلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. رەب بىرىنچى قىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، شان-شەرەپ ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئاستا ئېڭىشىپ، مۇلايىم ھالدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئىلھاملاندۇرۇپتۇ.

ئارقىدىنلا ئۇ ئىككىنچى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ پىشانىسىگە تەككۈزۈپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۈچىنچى قىزنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئۈن-تىنسىز كېتىپ قاپتۇ. ھېلىقى چۈش كۆرگەن ئېتىقادچى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ:« بىرىنچى قىز چوقۇم ئېتىقادتا پىشىپ يېتىلگەن بولغاچقا، خۇدا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئىككىنچى قىز بىرىنچىسىگە يېتەلمىسىمۇ ھەرھالدا بولىدىكەن. ئۈچىنچى قىز بولسا چوقۇم بىرەر ئىشتا ئېغىر گۇناھ قىلىپ، خۇدانىڭ كۆڭلىنى قاتتىق

رەنجىتكەن. شۇڭا خۇدا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. بىلمىدىم، ئۇ زادى قانداق گۇناھ قىلغان بولغىيدى؟ خۇدا نىمە ئۈچۈن بۇ ئۆچ ئاچا-سىڭىللارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق پەرەز قىلىۋاتقىنىدا، رەب ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

-ئەي نادان ئايال، سەن مېنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندىڭ. مېنىڭ قىلغانلىرىم سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭنىڭ ئەكسىچە. يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىرىنچى قىز ئېتىقادتا ئەڭ ئاجىز، ئەڭ كىچىكتۇر. ئۇ ھەرۋاقىت مېنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشۈمگە، يۆلەپ قويۇشۇمغا مۇھتاج. بولمىسا بۇ تار يوللاردا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدۇ. ئۇ يەنە مېنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىمگە ۋە ياردىمىمگە مۇھتاج. بولمىسا ئۇ ئاسانلا مەغلۇب بولىدۇ ھەم ئېزىپ قالىدۇ.

تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىككىنچى قىزنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئىشەنچى بار. مەن ئۇنىڭ مەيلى قانداق مۇھىت ۋە قانداق شارائىتتا بولسۇن ماڭا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئۈچىنچى قىز، يەنى مەن پەرۋا قىلمىغان، ئېتىبارغا ئالمىغان ھېلىقى قىز دەل روھى جەھەتتە ئەڭ باي، ئىشەنچ ۋە مېھىر-مۇھەببەتتە ئەڭ كۈچلۈك ھەم قەيسەردۇر. مەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مۇقەددەس خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە ساۋاق بەردىم.

ئۇ پۈتۈنلەي مېنى تونۇيدۇ ھەم ماڭا نىسبەتەن ئىشەنچى كۈچلۈك. ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاشقا، مېنى كۆرۈشكە، مېنىڭ سىلاپ-سىپاپ قويۇشۇمغا، ياردىمىمنى ھېس قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. ئۇ ھەرگىز مەن ئورۇنلاشتۇرغان مۇھىتتىن زارلانمايدۇ. ئوڭۇشسىزلىقتىن روھسىزلانمايدۇ. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بەل قويۇۋەتمەيدۇ.

گەرچە، ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقانلىرى ئۇچۇن مۇشۇ دۇنيادىن قوللاشقا، ماختاشقا، رەھمەتكە ئېرىشەلمىسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قەيسەر، يەنىلا شۇنداق ئىتائەتچان. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ مەقسەت-مۇددىئايىمنىڭ ئۇنى كەلگۈسىدە مەڭگۈلۈك شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. گەرچە ئۇ مەن قىلىۋاتقان ئىشلارنى ھازىر بىلمىسىمۇ كېيىن ھامان بىلىدۇ.

مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئىنسان قەلبى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەن ئۇنى ئەنە شۇنداق ئۈن-تىنسىز سۆيىمەن.

ئەگەر، سىز ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۈن-تىنسىز ئاجايىپ سىرلىرىنى بىلسىڭىز ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇڭ! ئۇ دەل «چوڭ كارامەتلەرنى كۆرسەتكۈچىدۇر» (مىسىردىن چىقىش34: 10). ئۇنىڭ ھەربىر قېتىم مېھىر-شەپقىتىنى قايتۇرىۋېلىشى سىزگە ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتۇش، تېخىمۇ چوڭقۇر سۆيدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

# 2-ئاينىڭ 10-كۈنى

**«قەدىرلىك دوستلار، ئىنتىقام ئالماڭلار ، بۇنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار............» (رىملىقلار 12: 19)**

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، تېنچ تۇرۇش ھەرىكەت قىلغاندىن قىيىن. تېنچ تۇرۇش كۈچنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك ھەققىدە زەررىچىلىك ئاساسىنىڭ تايىنى يوق ئەڭ قەبىھ، ئەڭ زەھەرلىك شىكايەتلەرگە رەب

ئەيسا «....جاۋاب بەرمەستىن، ھېچنىمە دېمەستىن...» ئۇنىسىز تۇرغاندا، سوتچىمۇ ھەيران قالغانىدى. رەب ئەيسا سەۋەبسىز قىلىنغان ھاقارەتلەرگە، چەكتىن ئاشقان خورلۇق، مازاق قىلىشلارغا ۋە ئادەملەرنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرىگە باشتىن ئاخىر جىمجىت قاراپ تۇرغانىدى. ئەنە شۇنداق زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە كىشىلا، ئۆزى ئۇچراۋاتقان ئۇۋالچىلىق، تۆھمەت، خورلۇقلارنىڭ ھەممىسىگە چىداپ، باشتىن-ئاخىر سۈكۈت ئىچىدە تۇرالايدۇ. مانا بۇ نەقەدەر زور كۈچ-قۇدرەت-ھە!

ئەلچى پاۋلۇس: «ئۆز مۇساپەمنى تاماملىشىم ئۈچۈن ھېچقانداق بىر نەرسە مېنى تەۋرىتەلمەيدۇ.» (ئەلچىلەر 20: 24 ) دېگەن.

پاۋلۇس:«ھېچقانداق بىر نەرسە ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېمىگەن. بەلكى، «ھېچقانداق بىر نەرسە رەببىمگە بولغان ئېتىقاد ۋە ئىشەنچىمنى تەۋرىتەلمەيدۇ» دېگەن. زىيانكەشلىك بىلەن تەۋرىنىش ئەلۋەتتە ئىككى خىل ئۇقۇم ۋە ئىككى خىل ئىش. پاۋلۇس ئىنتايىن مېھرىبان كىشىدۇر. بىز ھېچقاچان ھەرقانداق بىر شاگىرتنىڭ پاۋلۇسقا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەت تارتقانلىقىنى بىلمەيمىز. بىر ئەر كىشىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. گەرچە، پاۋلۇس ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ رەھىمدىل، ئەڭ كۆڭلى يۇمشاق كىشى بولسىمۇ ھېچقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەن. ئۇنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھېچقاچان تېنچ، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشنى، ھەتتا ئۆز ئۆلۈمىنىمۇ ئويلاپ قويمىغان. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى پەقەت بىرلا ئىش بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۆلگىچە رەبكە سادىق بولۇش، ئۆلسىمۇ رەب ئۈچۈن ئۆلۈش ھەم رەبنىڭ خۇرسەنلىكىگە ئېرىشىشتۇر.

ئادەم ناھەقچىلىققا ئۇچرىغاندا ھەقىقەتەن چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىچى سىقىلىپ

ئازابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، بىز ئىچىمىز سىقىلىپ ئازابلانىدۇق دەپ ئاچچىقىمىزنى چىقارساق توغرا بولامدۇ؟

«قەدىرلىك دوستلار، ئىنتىقام ئالماڭلار.» چۈنكى خۇدا پۈتكۈل كائىناتنىڭ سوتچىسىدۇر. گەرچە، كىشىلەر سىزنى تەنقىدلەپ، سىزگە تۆھمەت قىلسىمۇ خۇدا ھەرگىز ئۇلارنىڭ تۆھمەت، تەنقىدلىرىنى راست دەپ قارىمايدۇ. شۇڭا بۇلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەستۇر. گەرچە، كىشىلەر سىزگە زۇلۇم سېلىپ، زىيانكەشلىك قىلسىمۇ، ئادىل خۇدا ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ھەرگىز ھەقىقەت دەپ قارىمايدۇ. ئۇ ھەرگىز سىزنى بىھۇدە ئازاب چەكتۈرمەيدۇ ھەم يامان كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. خۇدا يولىدا كىشىلەر سىزگە قارشى تۇرسا، ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدا سىزنى ئالقىشلايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھېچبىر زېيىنى يوقتۇر. قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، ئەگەر سىلەر خۇدانىڭ ھەققانىي، ئادىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەڭلار، ئازابىڭلار خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىماڭلار.

# 2-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«...ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار ئىئوردان دەرياسىغا قەدەم باسقىنىدا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدىغان دەريانىڭ سۈيى شۇ ھامان توختاپ تىكلىنىپ تۇردى.» (يەشۇ 3: 13)**

ئەينى چاغدا، خالايىق يولنىڭ ئىچىلىشىنى كۈتۈپ قارارگاھتا ساقلاپ ئولتۇرماستىن ئىشەنچكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرلىشى زۆرۈر ئىدى. گەرچە دەريا سۈيى يەنە ئاۋالقىدەكلا دولقۇنلىنىپ ئىقىپ تۇرسىمۇ خالايىق چوقۇم يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مۈرىلىرىگە ئارتىپ، يولغا چىقىش ئۈچۈن رەتلىك تىزىلىپ تەييار تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ناۋادا ئۇلار دەريا بويىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە توختاپ ئالدى بىلەن سۇنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىنى كۈتۈپ، ئاندىن قەدەم ئالغان بولسا قائىدە بۇيىچە، ئۇلارنىڭ كۈتۈشى بىھۇدە بولۇپ قالاتتى. ئېھتىمال يەنە ئاشۇ شەرقى دەريادا ھازىرغىچە تۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن سۇغا قاراپ قەدەم تاشلىشى كېرەك ئىدى.

مۇقەددەس كىتاب بۇ ھەقتە بىزگە ، مەيلى ئالدىمىزدىكى يولنىڭ قەدەم ئالغۇسىز دەرىجىدە قانچىلىك مۈشكۈل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئىشەنچكە ئاساسەن خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا بېسىشنى ئۆگىتىدۇ. بىز دائىم خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، بارلىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئالدىمىزدىن يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن، سىناپ بېقىشنى مەقسەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، داۋاملىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ تۇرىمىز. بۇ نەقەدەر چوڭ خاتالىق ھە! ئەگەر خۇدا بىزدىن ئالغا قاراپ مېڭىشنى تەلەپ قىلسا، بىز ئىشەنچكە ئاساسەن خۇددى ئالدىمىزدا ھېچقانداق توسالغۇ يوقتەك خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئالغا قاراپ مېڭىۋېرەيلى. ئەنە شۇ چاغدا چىقىش يولى تەبئىي ھالدا ئاستا-ئاستا ئېچىلىدۇ.

# 2-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«... بىراۋ، ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرگە مۇھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ.» (مەتتا 6: 32)**

بىر قېتىم خۇداغا ئىشەنمەيدىغان بىر كىشى مەلۇم بىر گاس-گاچىلار مەكتىپىگە ئېكىسكۇرسىيەگە بېرىپ، ئىنجىل سىنىپىدىكى گاس-گاچا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ دوسكىغا: «ناۋادا، خۇدا سىلەرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن سىلەرنى گاس-گاچا، مېنى بولسا ئاڭلىيالايدىغان ھەم سۆزلىيەلەيدىغان قىلىپ يارىتىدۇ؟ قېنى جاۋاب بېرىڭلار!» دەپ يېزىپتۇ.

پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار شەپقەتسىزلىك بىلەن سورالغان بۇ سوئالدىن ئىنتايىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ئۆز-ئارا غۇدۇڭشىغىنىچە ئاشۇ قورقۇنچلۇق «نېمە ئۈچۈن» دىن ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇرۇق، پاكار بىر كىچىك قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، لەۋلىرى تىترىگەن، كۆز چاناقلىرى لىق ياشقا تولغان ھالدا دوسكا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. دوسكا ئېگىز، ئۇنىڭ بويى پاكار بولغاچقا، ئۇ قولىغا بور ئېلىپ ئورۇندۇققا يامىشىپ چىقىپ، بورنى چىڭ تۇتقىنىچە دوسكىغا ئاجايىپ ئېسىل مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىپتۇ:«شۇنداق ئاتا، سېنىڭ ئۆز خاھىشىڭ ئەنە شۇ ئىدى.» (مەتتا 11: 26) مانا بۇ نەقەدەر ئۆلچەملىك، مۇكەممەل جاۋاب ھە! ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئۇلۇغ خۇدا بىزنىڭ ئاتىمىزدۇر. مانا بۇ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە ئاراملىق بېرىدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەتتۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز خۇدانىڭ ئاتىڭىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟ ئەگەر سىز

ھەقىقەتەن خۇداغا ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى توپاندا، كەپتەر قونىدىغان جاي تاپالماي قايتىپ كېلىپ، كېمىنى چۆگىلەپ ئۇچقاندەك، ئىشەنچىڭىز ئارقىلىق روھىڭىزنىڭ قونىدىغان جاي تاپالماي سەرسان بولمايدىغانلىقىغا، مەڭگۈلۈك ئاراملىقنىڭ ئەرشتە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ. گەرچە مەن قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ھامان بىر كۈنى بىز ئۇچراۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق تىراگىدىيەلەرنىڭ خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنىمەن. دەل شۇ ۋاقىت بىزنىڭ يىغىدىن توختاپ كۈلىدىغان ۋاقتىمىزدۇر.

## 2-ئاينىڭ 13-كۈنى

***************

📖 **«تاغ-دەريالارمۇ ساڭا تەۋە بولىدۇ.» (يەشۇ 17: 18)**

تاغ ئۈستىدە، كەڭ كەتكەن ئازادە يايلاقلار بار. تۈزلەڭلىكنى بولسا قانانلىقلار تۆمۈر رىشاتكىلار بىلەن توسۇپ ئىگەللەپ، سىزنىڭ زېمىنىڭىزنى كېڭەيتىشىڭىزگە يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز تاغقا چىقىپ تاغ ئۈستىدىكى يايلاقلارنى ئىگەللەپ شۇ يەردە ماكان تۇتۇشىڭىز زۆرۈر. ئېھتىمال، بۈگۈن خۇدا ئۈچۈن قىلماقچى بولغان خىزمىتىڭىز توسالغۇغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، سىز خۇدادىن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تىلەڭ. ئېھتىمال، سىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭىز كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق سىز خۇدانى تەسىرلەندۈرەلەيسىز. ئېھتىمال، سىزنىڭ خۇداغا قىلغان خىزمىتىڭىز ئىقتىسادى

قىيىنچىلىق، قابىلىيەت ۋە خۇدا ئاتا قىلغان بەزى ئالاھىدىلىك ۋە ياكى باشقا ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. بىراق شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، گەرچە سىز كۆرەلمىگەن بىلەن مەڭگۈ ھايات خۇدا دەل شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئەگەر، تاغدىكى دەل-دەرەخلەر سىزنىڭ ئالغا بېسىشىڭىزغا تۇسالغۇ بولسا، سىز ئىشەنچكە ئاساسەن كېسىۋېتىشىڭىز بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايىسى قەبىلىلىرى تاغ ئۈستىدە مول يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەرەخلەرنى كېسىپ، تاغ ئۈستىگە چىقىپ، بۇ يوشۇرۇن بايلىقلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. بىراق، خۇدا ئۇلارغا يول كۆرسۈتۈپ ئەسكەرتكەن...... ئۇلاردا دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىغۇدەك يېتەرلىك كۈچ-قۇدرەت بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇنلىغان توسالغۇلار، نۇرغۇنلىغان مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار خۇددى تاغ يوللىرىدىكى دەل-دەرەخلەردەك ئالدىمىزغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلار بىزنى مازاق قىلماستىن بەلكى خۇدادىن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى سوراپ، خۇدادىن كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

ھەربىر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىشەنچ بىلەن قىلغان دۇئالىرىمىز ۋە خىزمەتلىرىمىزگە قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىدۇ. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر سىز تۈزلەڭلىكنىڭ بەك تار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، تاغقا چىقىپ ئورۇنلىشىشۇڭ ھەم شۇ يەردە زېمىنىڭىزنى كېڭەيتىشكە تىرىشىڭ. سىز تاغ ئۈستىدىكى قۇرام تاشلاردىن نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقالايسىز.......

# 2-ئاينىڭ 14-كۈنى

**«رەببىمىزگە مەنسۇپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ھەمىشە شاد-خۇرام بولۇڭلار. يەنە تەكرارلايمەنكى، شاد-خۇرام بولۇڭلار!» *(فىلىپىلىكلەر4: 4)***

خۇدانىڭ ئىچىدە شاد-خۇرام بولۇش نەقەدەر گۈزەل ئىش-ھە!

ئېھتىمال، تۇرمۇشىڭىزدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن خۇشاللىقنى چۆمگەن ۋاقىتلىرىڭىز بولغاندۇ... يەنە شۇنداقلا بۇ خۇشاللىقىڭىز ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلغىنىڭىز، ۋاقىتلىرىڭىزمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئالدىرىماڭ، سىز خۇشاللىق ھېس قىلالمىغاندا، خۇشال بولغۇدەك سەۋەب، تەسەللىي، ئىلھامغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق بۇرۇنقىغا ئوخشاش خۇشال بولۇۋېرىڭ. سىز ھەتتا باش كۆتۈرگۈسىز ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ يەنىلا خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىڭ. سىز مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز خۇدا ھەرگىز سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنى ئۇرۇنسىز قالدۇرمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئاتىڭىز سىزگە غەلىبە ۋە شاد-خۇراملىق تۇغلىرىنى ئىگىز كۆتۈرگۈزۈپ، ئالدىنقى سەپكە ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئاستا كەينىگە چېكىنىپ، سىزنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، مەغلۇپ بولغانلىقىڭىزنى كۆرۈشنى خالامدۇ؟ ئاتىڭىز بولغان كىشى قەتئىي ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن ئاتىمىز خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىمۇ سىز باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسقاندا سىزگە ھەمرا بولىدۇ. قەلبىڭىزنى شاد-خۇراملىققا، مەدھىيەگە تولدۇرىدۇ. سىز شۇ ۋاقىتتا، ئاجايىپ جۇشقۇن كەيپىياتنى، يېڭىچە بەخت-سائادەتنى ۋە شاد-خۇراملىقنى ھېس قىلالايسىز. ئىھ خۇدا، بىزگە ئۆز ئىچىڭدە قانداق شاد-خۇرام بولۇشنى ئۆگەتكەيسەن! «ھەمىشە شاد-خۇرام بولۇڭلار!» (1-سالونىكالىقلار5: 16)

«..... مۇقەددەس روھقا چۆمۈپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇڭلار. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا زەبۇر مۇناجاتلىرى، خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ئىلھامىدىن كەلگەن ناخشىلار ياڭرىسۇن.... »(ئەفەسلىكلەر 5: 18ـ19)

پاۋلۇس بۇ ئايەتلەردە بىزنىڭ مەدھىيە ۋە زەبۇر مۇناجاتلىرى ئارقىلىق روھىيىتىمىزنى بېيىتىشىمىزنى نەسىھەت قىلىدۇ. بىر قېرىنداش ماڭا مۇنداق دېگەن:« ئەگەر، مەن مەدھىيىلەشتىكى سىرنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ھەرگىز نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولمىغان بولاتتىم.» ھەقىقەتەن راست. سىز مەدھىيە ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا ئۆتكىلى بولمايدىغان قىيىن ئۆتكەللەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيسىز.

توختىماستىن مەدھىيە ئوقۇش كېرەك. ئوقۇغۇسى كەلمىگەندىمۇ مەدھىيە ئوقۇغاندا، خۇددى ئاقساققا قانات چىققاندەك بىزنىڭ چۈشكۈن روھىمىزمۇ كۆچ-قۇۋۋەتكە تولىدۇ............

«تۈن يېرىمغا يېقىن، پاۋلۇس بىلەن سىلاس دۇئا قىلىپ، خۇداغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتاتتى.....» (ئەلچىلەر16: 25)

ئى پاۋلۇس، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەسلىكنىڭ نەمۇنىسىدۇرسەن. سەن خۇداغا شان-شەرەپلەرنى كەلتۈردۈڭ. بەدىنىڭدە ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ تامغىسى باردۇر. «بەدىنىمدە قالغان يارا ئىزلىرى مېنىڭ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن خۇش خەۋەر تارقىتىش يولىدا تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمنىڭ ئىزناسىدۇر.»(گالاتىيالىقلار6: 17) سەندە چالما-كېسەكلەرنىڭ، ئۈچ قېتىم كالتەكلەنگەن جاراھەتنىڭ، يەھۇدىيلار ساڭا ئىلتىپات قىلغان بىر يۈز توقسان بەش دەررىنىڭ، فىلىپپى تۈرمىسىدە ئاققان سان-ساناقسىز قان تامچىلىرىنىڭ ئىزناسى باردۇر. سەن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ، تۈرمىلەردىكى

ئازاب-ئوقۇبەتلەردىمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتالىدىڭ.......... ئاھ، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە يېتەرلىكتۇر.

# 2-ئاينىڭ 15-كۈنى

************

📖 **«كۆڭلۈم بىسەرەمجان بولمىسۇن رەزىللەردىن، يامانلارغا ئاغرىتما يۈرىكىڭنى ھەسەتتىن.» *(زەبۇر37: 1)***

ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا ھەرگىز غەزەبلەنمەڭ. بىز دائىم رەزىللەرنىڭ سۈسۈن رەڭلىك كەندىر رەختتىن تون كىيىپ، ئەتىدىن كەچكىچە خۇشال-خۇرام يۈرگەنلىكىنى، ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز............ بۇ خۇددى مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغاندەك" «رەزىللەر» ئوت-چۆپتەك ئاينىپ، چوڭ ھوقۇق تۇتۇپ، ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىدۇ، بۇ دەل ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتىدۇر ." (زەبۇر92: 7) گۇناھكار ئوغۇل-قىزلار ئەيشى-ئىشرەت ۋە كەيپ-ساپا ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، ھەققانىيلار ھەمىشە بۇ ناھەقچىلىقتىن غەزەبلىنىدۇ. بىراق مۇقەددەس كىتابتا "بىسەرەمجان بولما رەزىللەردىن، يامانلارغا ئاغرىتما يۈرىكىڭنى ھەسەتتىن." دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ھەرگىز غەزەبلەنمەڭ. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. گەرچە ناھەقچىلىقتىن غەزەبلەنگىنىڭىز توغرا بولسىمۇ، غەزەبلىنىش ئاقلانىلىق ئەمەس. تېنچسىزلىق پەقەت سۈركىلىشنى، توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرگىز ئىناقلىقنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. مەسلەن، پويىزنىڭ ئوقلىرى قىزىپ كەتسە، ھەرگىز پويىزنىڭ

ئىلگىرلىشىگە تۈرتكە بولالمايدۇ، پەقەت توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك مايىلرىنى تېنچسىز تەرەپلىرىمىزگە سۈركىشىگە يول قويۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىز غەزەپلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان گۇناھلاردىن خالىي بولالايمىز.

ناۋادا، كۆڭلىمىزدە تېنچلىق بولمىسا، بۇ خۇددى ئۆتكۈر تىغدىكى ئۇششاق داغلاردەك قەلبىمىزگە بۆسۈپ كىرىپ، قەلبىمىزدە چېچىلاڭغۇلۇق، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ئەدەپسىزلىك......... قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ بىخلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ ھەم تۇرمۇشىمىزدىكى مۇلايىملىق ۋە كەمتەرلىكنى يوقىتىۋېتىدۇ. سۈركىلىش قىزىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن، قىزىش ئىنتايىن خەتەرلىك بۇزغۇنچىلىقنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھەقچىلىقتىن كۆڭلىمىزنىڭ ئارامنى بۇزمايلى. (بۇ ھەرگىزمۇ ناھەقچىلىقنى قوللاڭ ياكى سۈكۈت قىلىڭ دىگەنلىك ئەمەس) ھەرۋاقىت خۇدانىڭ مۇقەددەس مېيى بىلەن روھىمىزنى مايلاپ تۇرايلى. بولمىسا ئەڭ قورقۇنچلۇقى، غەزەپلىنىش سەۋەبىدىن ئۆزىمىزمۇ رەزىللەرنىڭ قىلغانلىرىغا ھەمنەپەس بولۇپ قالىمىز.

## 2-ئاينىڭ 16-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«گەرچە ھازىر سېنى جاپا تارتقۇزساممۇ، ئەمدى بۇنداق جاپالارنى قايتا تارتقۇزمايمەن.» (ناھۇم 1: 12)**

ئازاب-ئوقۇبەتنىڭمۇ چېكى باردۇر. خۇدا گەرچە ھازىرچە  سىزنى ئازاب-ئوقۇبەتكە

دۇچار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە سىزنى ئاشۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا قادىردۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھەرگىز ئۇھ تارتقان ھالدا: «ھەي، مۇشۇ دەرت-ئەلەملەردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟!» دېمەڭ. بىز چوقۇم سەۋر-تاقەتلىك بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتىشىمىز كېرەك. بۇ خۇددى ئاتىمىز قۇرالنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا يىغىشتۇرۇپ قويغانغا ئوخشايدۇ. ناۋادا، خۇدانىڭ بىزنى ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىشتىكى مەقسىتى سىناش ھەم ئاشۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە بىزنى ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تاياندۇرۇپ، ئۆزىگە شان-شەرەپ ئېلىپ كەلتۈرۈش بولسا، بىز چوقۇم كىشلەرنىڭ ئالدىدا خۇدا توغرىلىق ئوچۇق گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىز ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ.

بىز بۇ جەريانلاردا مۈشكۈلاتلارنىڭ، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ بالدۇرراق بىزدىن يىراقلىشىشىنى ئۈمىد قىلماستىن، ئەكسىچە خۇدانىڭ بىزگە پۇرسەت بېرىپ، ئۆزىگە شان-شۆھرەت ۋە ھۆرمەت كەلتۈرۈش شەرىپىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك.

ئېھتىمال، بۈگۈن تېنىچ، خاتىرجەم بىر كۈن بولۇشى مۇمكىن. بىراق كىم بىلسۇن، دېڭىزدا تويۇقسىز بوران چىققاندەك بۇ تېنىچ، خاتىرجەم كۈنلەر ئەينەك پارچىسىدەك پارە-پارە بولۇپ كېتەمدۇ تېخى؟

نۇرغۇن جاپالاردىن كېيىن، سوقا ۋە گۈرجەكلەرنى بىر چەتكە ئېلىپ ساقلاپ قويۇپ، زىرائەتلەرنى ياۋا ئۆت-چۆپلەردىن ئايرىپ ئامبارغا قاچىلايدىغان مەزگىل كېلىدۇ. ئەنە ئاشۇ چاغ بىزنىڭ غەلبە تەنتەنىسىدىن شادلىققا چۆمىدىغان ۋاقتىمىزدۇر. خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە نىسبەتەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۆزگەرتمەك

ھېچقانچە قىيىن ئەمەستۇر. خۇدا قارا بۇلۇتلار بىلەن كۆك ئاسماننىڭ يۈزىنى قانداق توسىغان بولسا، ئۇ يەنە شۇنچە ئاسان ئۇچۇق ھاۋانى پەيدا قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆڭلىمىزنى توق تۇتۇپ خاتىرجەم بولايلى. قىيىنچىلىق ھامان بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنئالا خۇدانى مەدھىيلەپ، ھەمدۇسانا ئېيتايلى.

دېھقانمۇ ھەر كۈنى زىرائەت تېرىمىغاندەك، خۇدامۇ داۋاملىق قورالىنى ئىشلىتىۋەرمەيدۇ. گەرچە ھازىر قاتتىق يامغۇر ياققان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە توختايدۇ. كەچ ئازابلىق بولسىمۇ، سەھەرگە يەنىلا خۇشال-خۇراملىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەك. خۇدانىڭ غەزەب-نەپرىتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىق، ئەمما ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى بولسا مەڭگۈلۈكتۇر. بىزنىڭ مۇشۇنداق ئازاب-چېكىشىمىزمۇ ۋاقتلىق ھەم بۇ ئازاب-ئوقۇبەت مەقسەت-مۇددىئالىق بۇلۇپ، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرەپكە ئېرىششىمىز ئۈچۈندۇر.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىزنىڭ سىناقلارغا ئۇچراپ، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا قىممەتلىك ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى. ئۇنداق بولمىغاندا خۇدا بۇنچىۋالا ۋاقىت، كۈچ-قۇۋۋەت، ئامال-چارىلەر بىلەن بىزنى تەربىيلىمەيتتى. خۇددى يېڭى بايقالغان رۇدىلار قۇم-شېغىللار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندە، ئۇنى قۇم-شېغىللاردىن ئايرىپ، ساپلىقنى ئۇتتا تاۋلاش زۆرۈر بولغاندەك، خۇدامۇ ئېتىقادىمىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ھامان ئېتىقادىمىزنى تاۋلاش ئۈچۈن سىناقلارنى ئالدىمىزغا قويىدۇ.

دوستلار، ئەگەر جاپا-مۇشەققەت تارتقان بولساڭلار سەۋر-تاقەتلىك بولۇڭلار. كەلگۈسى كۈنلەردە قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭلاردىن ھەسسىلەپ جاۋابقا ئېرىشىسىلەر. پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، رەبلەرنىڭ رەببى بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىدا ماختاشقا

سازاۋەر بولىسلەر. تۇمەن مىڭلىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىنىسلەر. خۇدا بىزگە ئەرشتىكى شان-شەرەپ تاجىنى، گۆھەر تەختتە ئولتۇرۇش شەرىپىنى مەڭگۈلۈك ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇلار نەقەدەر ئىسىل ئىنئام-ھە! قوڭغۇراقلىق سائەتتە قوڭغۇراق تىلى سائەتنىڭ ئۆلچەملىك مېڭىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئوخشاشلا، بىز ئۇچرىغان مۈشكۈلاتلارمۇ روھى جەھەتتە ئۆسۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى كاپالىتى. خۇش-پۇراقلىق دۇرا-دەرمانلار قانچىلىك چىڭ چىڭدالسا پۇرىقى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەڭ چىرايلىق گۈللەرمۇ چەت ياقىلاردىكى قار-يامغۇرلۇق مۇھىتتا ئۆسكەن بولىدۇ. ئەڭ نازۇك ياقۇتمۇ زەرگەرنىڭ ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ پەردازلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەڭ ئېسىل نەقىشمۇ نۇرغۇن قېتىم ئىسكىنە تەرىپىدىن تېشىلىپ بارلىققا كەلگەندۇر..........

## 2-ئاينىڭ 17-كۈنى
✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻

**«ئىسرائىللارغا ئاتا قىلغان زېمىنغا بېرىڭلار.»(يەشۇ1: 2)**

تەۋراتتىكى يەشۇنىڭ سۈرىسىدە، پەرۋەردىگار خۇدا بۇ سۆزنى يەشۇغا دەۋاتقان بولۇپ، گىراماتىكىلىق مەنە جەھەتتە بۇ جۈملىلەر ھازىرقى زامان شەكلىگە تەۋە. خۇدانىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى كەلگۈسىدىكى ئىشلار بولماستىن بەلكى نەق ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى ئىشلاردۇر. ئەگەر، بىز ئېھتىياجىمىز ئۈچۈن خۇداغا ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلساق، خۇدا شۇ ھامان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ.(ئەڭ مۇھىمى بىز

تىلىگەن شۇ نەرسىلەر ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزمۇ ياكى بىز ئۇمۇد قىلىدىغان ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىزمۇ؟) بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدانىڭ ئالدىدا بىر نەرسىلەرنى كۈتىمىز، ئۈمىد قىلىمىز، ئىزدەيمىز، بىراق ئىشەنمەيمىز. بۇلار پەقەت بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىز بولۇپ، ھەقىقى ئېھتىياجىمىز ئەمەس شۇنداقلا بىزنىڭ ئېتىقادىمىزمۇ ئەمەس. مۇقەددەس كىتابتا ئېتىقاد ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:«ئېتىقاد خۇدانىڭ ۋەدىسىگە باغلانغان ئۈمىدنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ، كۆرۈنمەيدىغان مەۋجۇتلۇققا بولغان قايىللىقتۇر.» (ئىبرانىيلار11: 1) «.... سىلەرگە ئېيتىمەنكى، دۇئا بىلەن تىلىگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشتىم، دەپ ئېيشىڭلار. شۇندا تەلىپىڭلار ئىجابەت بولىدۇ.»(ماركۇس11: 24) بۇ ئايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش جۈملىلىرىدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان شەكلىدۇر. بىزدە ئەنە شۇنداق ئىشەنچ بارمۇ؟

ھەقىقي ئېتىقاد خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ھەقىقەت دەپ بىلىپ، ئۆزى باشتىن كەچۈرۈشتىن بۇرۇن، چىن قەلبىدىن ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، كۆپ ھاللاردا بىز دائىم ئالدى بىلەن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ۋەدىسىگە ئاساسەن تىلەكلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندە ياكى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلانغاندا ئاندىن ئىشىنىمىز. ئېتىقاد يولىغا قەدەم باسقان ئىكەنمىز، ئەتراپىمىزدىكى بارلىق ئىشلار خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە بولسىمۇ، خۇدانىڭ سۆزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىسپاتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى چوقۇم تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. خۇدا ئاللىقاچان بىزگە ئىشەنچىمىزگە ئاساسەن دۇئا-تىلاۋەتلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز كەلگۈسىدە ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى كۆرەلەيمىز. زەبۇردا

مۇنداق دەيدۇ:«يوقتار ئىدىم ئۈزۈمنى گەر ئىشەنچىم بولمىسا، كۆرۈشكە پەرۋاردىگار مېھرىبانلىقنى بۇ دۇنيادا.» (زەبۇر 27: 13). گەرچە ئۇ تېخى دۇئالىرىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئىجابەت بولغانلىقنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.ئەگەر، بىزمۇ ئىشەنچ ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆرەلىسەك، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيمىز. بىز «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىشلارغا ئۇچرىساق كۈلۈپ قويايلى. چۈنكى، ئىسرائىللار خېيىم-خەتەر ئالدىدا ئامالسىز قالغاندا، خۇدا قىزىل دېڭىزدىن ئۇلارغا يول ئاچقان.........................

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ساناقسىز سىناقلار ئىشەنچىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولالايدۇ.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ناۋادا سىلەر قاراڭغۇ كېچىدە خۇدانى كۈتىۋاتقان بولساڭلار، خۇدا مېنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئويلاپ ھەرگىز قورقۇپ كەتمەڭلار. خۇدا سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. سىز قەددىڭىزنى رۇسلاپ يولغا چىقىشقا ھازىرلانغاندا، خۇدانىڭ سىز ئۈچۈن ئاللىقاچان يول ئېچىپ تەييار قىلغانلىقىنى بايقايسىز. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا شۈكرى، مەدھىيە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

## 2-ئاينىڭ 18-كۈنى

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽

**📖«...سىلەرگە ئېيتىمەنكى، دۇئا بىلەن تىلىگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشتىم، دەپ ئىشىنىڭلار. شۇندا، تەلىپىڭلار ئىجابەت بولىدۇ. »*(ماركۇس11: 24)***

مېنىڭ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلۇم بولۇپ، مومىسى ئۇنىڭغا بىر پوچتا

ماركسى دەپتىرى سوۋغا قىلىشنى ۋەدە قىلغانىدى. بىراق نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مومىسى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۇ سوۋغاتنى بەرمەيلا قالماستىن، ھەتتا ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمىدى. بالام بۇ ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلىماي، ئەكسىچە دوستلىرى ئۇنىڭ سوۋغاتلىرىنى كۆرگىلى كەلگەندە، سوۋغاتلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسۈتۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھەمىشە: «مومام ماڭا بىر پوچتا ماركسى دەپتىرى بەردى» دەپ قوشۇپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى بىرقانچە رەت ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالاھىدە ئۇنى ئالدىمغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:«جورجى، سەن ئەزەلدىن موماڭدىن پوچتا ماركسى دەپتىرى ئالمىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن دوستلىرىڭغا ئالدىم، دەپ يالغان ئېيتىسەن؟ » دەپ سورىدىم.

ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئەجەبلەنگەن ھالدا بۇنداق سوئال سورىشىمدىن ھەيران بولۇپ:«ئاپا، مومام بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، مەن ئالغانغا ئوخشاش بولمامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسگە ئازار بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمىدىم.

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ماركا دەپتىرىدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا:«جورجى، مېنىڭچە موماڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك» دېدىم.

ئۇ قەتئىي ھالدا ناھايىتى تېزلىك بىلەن:«ياق ئاپا، مومام ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دېدى.

مەن ئوغلۇمنىڭ كىچىككىنە ئۇماق يۈزلىرىدىن چوڭقۇر ئىشەنچنى كۆردۈم. قارىغاندا مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ خۇددى چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال بولغان

هالدا:«ئاپا، سىزنىڭچە مەن مومامنىڭ ماڭا بەرمەكچى بولغان سوۋغىتى ئۇچۇن ئۇنىڭغا تەشەككۇر خېتى يازسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى.

مەن: «مەن ساڭا بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دەپ ئېيتالمايمەن. بىراق سىناپ باقساڭ بولىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردىم.

خۇدا بۇ ۋاقىتتا قەلبىمنى ئېچىپ ئىنتايىن مول روھىي ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسەتكەندى. بىر قانچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئوغلۇم خەتنى سىپلىۋەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى. مانا بۇلار ئوغلۇمنىڭ مومىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاپ خەت كەلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەندى:

«قەدىرلىكىم جورجى، مەن ساڭا بېرىشنى ۋەدە قىلغان ماركا دەپتىرىنى ھەرگىز ئونتۇپ قالمىدىم. ئەسلىدە مەن ئەڭ ياخشىسىدىن بىرنى ئالماقچى ئىدىم. ئەپسۇس بۇ شەھەردىن ياخشىسىنى تاپالمىدىم. شۇڭا نېۋيۇرك شەھىرىدىن خەت ئارقىلىق سېتىۋالغانىدىم، تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قارسام مۇۋاپىق ئەمەسكەن. مەن يەنە باشقا شەھەردىن خەت ئارقىلىق سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن. سېنى سۆيۈپ موماڭدىن. »

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چېھرىدە غەلبە قازانغانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ھالدا: «ئاپا، مەن سىزگە مومامنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەنلىك ئالاقاچان ماركا دەپتىرىگە ئېرىشكەنلىك دېمەكچى ئىدىم» دېدى. ئوغلۇم ھېچقاچان ماركا دەپتىرىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدىن گۇمانلىنىپ باقمىغانىدى. بۇ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك:«..مۇمكىنچىلىك يوق ئەھۋالدىمۇ... ئۈمۈدىنى ئۈزمەي....خۇداغا داۋاملىق ئىشەنچ باغلىدى .»(رىملىقلار4: 18 ) ئۇ مومىسىنىڭ

ۋەدىسىدە تۇرۇۋدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشەنچى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى........

كىشىلەر ھەمىشە خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق رەببىمىز ئەيسا توماسقا ھەم ئۆزىدىن گۇمانلانغان كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:«مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەنلەر نەقەدەر بەختلىك ــ ھە! »(يۇھاننا20: 29)

## 2-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«باغۋەن مەندىكى مېۋە بەرمەيدىغان ھەر بىر شاخنى كېسىپ تاشلايدۇ. مېۋە بەرگەنلىرىنى بولسا تېخىمۇ كۆپ مېۋە بەرسۇن دەپ، پۇتاپ تۇرىدۇ. (يۇھاننا*15: 2*)»**

خۇدانىڭ سۆيۈملۈك بىر پەرزەنتى، ئۆزىگە ئوخشاش خۇدانى سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ يەنە نېمە ئۈچۈن ئېغىر سىناقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئەجەپلىنىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئۈزۈمزارلىقنى كۆرۈپ، قىزىقىسىنغان ھالدا ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۈزۈمزارلىقتىكى ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئىنتايىن باراقسان ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يېقىن بېرىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغىنىدا دەرەخلەرنىڭ پىتلاپ، يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇت يېگەن ئىزلارنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئەتراپىنى ياۋا ئوت-چۆپلەر قاپلاپ، قۇرۇپ خازان بولغان يوپۇرماقلارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈزۈمزارلىققا قارايدىغان باغۋەننىڭ يوقلىقىدىن ئۈزۈمزارلىقنىڭ ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ مەنزىرىدىن چوڭقۇر ئويغا چۆمگىنىدە، خۇدا ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرىنى

ئېچىپ، قىممەتلىك بىرھەقىقەتنى تونۇتۇپتۇ.

«ئى سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، تۇرمۇشۇڭدا ئۇچرىغان قىسمەتلىرىڭدىن ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ قارا، بۇ ئۈزۈمزارلىقتىن بىر ھەقىقەتنى ئۆگەنگىن. ئەگەر باغۋەن مېۋە بەرمەيدىغان ھارام شاخلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ، زىيانداش ھاشارەت ۋە ياۋا ئوت چۆپلەرنىڭ ئاينىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماي، ئۈزۈم تېلىنى ئۆز ئىختىيارىچە ئۆسۈشكە قويۇۋەتسە، ئۈزۈم پىشىدىغان مۇشۇ پەسىلدە بىر ساپاقمۇ ھوسۇل ئالالمايدۇ. قېنى جاۋاب بەر! مېنىڭ ھارام شاخلىرىڭنى پۇتاپ، مىتە قۇرۇتلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ پەرۋىش قىلىشىمنى خالامسەن ياكى سېنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇۋېتىشىمنىمۇ؟» خۇدانىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسەللىگە ئېرىشىپ: «ياق، مېنى تاشلىۋەتمە! سېنىڭ پەرۋىش قىلىشىڭنى خالايمەن.» دەپ ۋارقىراپتۇ.

# 2-ئاينىڭ 20-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«...ئېتىقادىڭلار بولسا، قولۇڭلاردىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.» (مەتتا 17: 20)**

ئېتىقادىمىز بولسا، بىز قىلالمايدىغان ھېچقانداق قىيىن ئىش يوق. بىز پەقەت خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ۋە ئامان-ئېسەنلىك ئېگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈندىكى غەم-ئەندىشىمىز ۋە قىيىنچىلىقلىرىمىزنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، خۇدا

ئاتا قىلغان ئامانلىق ۋە خوشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايلى. بىز دۇنياغا تەۋە ئىشلار ھەققىدە ئاز ئويلىنىپ، خۇداغا تەۋە ئىشلارنى كۆپ ئويلايلى. ھەر بىر ئىشلىرىمىزدا خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسىنى ئىزدەپ چۈشىنىپ، ھەسرەتلىنىپ ئۇھ تارتماستىن، ئەكسىچە مەدھىيەلەر بىلەن قوبۇل قىلايلى.

بىز بۈرۈن ئاجىز بولغان بولساق، ھازىر خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ قەيسەر بولالايمىز. بۈرۈن ھاكاۋۇر، ئالدىراڭغۇ، ناپاك بولغان بولساق ھازىر بىزنى سۆيىدىغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە تايىنىپ گۇناھ ئۈستىدىن غەلبە قازىنىپ، گۇناھلارنىڭ بىزنى قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇشقا پۈتۈنلەي قادىرمىز.

بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ھوزۇرىدا مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردۇر. ئەگەر، بىز مۇشۇنداق سەزگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان بولساق، خۇدانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەجدە قىلىپ، روھىي جەھەتتىكى مول بايلىققا ئېرىششنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇ قىلغان بولاتتۇق.

ئەگەر بىز ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت مەسىھنىڭ ئىچىدە مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنۇپ، خۇدا بىلەن ھەمنەپەس بولمىساق، قەلبىمىز ھەرگىز قانائەت تاپمايدۇ.

مەسىھنىڭ ئىچىدە، بىز خۇدا ئاتا قىلغان بارلىق مول ھاياتلىققا ئېرىشەلەيمىز. خۇدا ئالىلقاچان ئەرش خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى بىزنىڭ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ، ئۆزىمىز مۇھتاج بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىشىمىزغا ئىجازەت بەردى. مەسىلەن: بانكا باشلىقى بىر نامرات كىشىنىڭ بانكىغا بېرىپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان پۇلنى ئېلىشىغا تەستىق سېلىپ بەرسە، بىراق ھېلىقى نامرات كىشى پەقەت يۈز يۈەنلا ئالسا بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ خۇدا مەسىھ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر كىشىنى

قانائەتلەندۈرۈشكە قادىردۇر. ئۇنداقتا، يەنىلا نامراتلىق ئىچىدە ياشاش كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟

# 2-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلغىن، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكىن.كۆڭلۈڭ بىسەرەمجان بولمىسۇن روناق تاپقان ئادەملەردىن،ھارام پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئاشۇ كىشىلەردىن» (زەبۇر 7:37)**

سىز دۇئا قىلدىڭىز، داۋاملىق دۇئا قىلدىڭىز....... كۈتتىڭىز، يەنە كۈتتىڭىز، بىراق يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە يوقمۇ؟

سىز دۇئا قىلىش ۋە كۈتۈش نەتىجىسىدە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن دۇئا قىلىپ ساقلاشتىن زېرىكتىڭىز شۇنداقمۇ؟ سىز، مېنىڭ كۈتۈشلىرىم بىھۇدە ئىكەن دەپ ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ ئەگەر، سىز شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، خۇدا بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان توغرا يولدىن قېيىپ كەتكەن بولىسىز.

«سەۋر-تاقەتلىك بىلەن كۈتۈڭلار.» (رىملىقلار8: 25) سەۋر-تاقەت ئازاب-ئوقۇبەتنى سىزدىن يىراق قىلىدۇ. رەببىمىز ئەيسا مەسىھ «كېلىمەن» دېگەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ سىزنى ئۆزىڭىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ، سەۋر-تاقەت كۆز-ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈپ سىزگە خوشاللىق بېغىشلايدۇ. شۇنداق ئىكەن سىز يەنە نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىسىز؟

خۇدا سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزنى سىزدىن ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ سىزنى ساقلىتىشتىكى مەقسىدى سىزنى تېخىمۇ زور شان-شەرەپكە، مول بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. خۇدانىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەتلا «ئېتىقاد قىلىشتۇر.» بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان:«خۇدانىڭ خىزمىتى—خۇدانىڭ ئەۋەتكىنىگە ئېتىقاد قىلىشتۇر»(يۇھاننا 6: 29) سىز چىن قەلبىڭىزدىن ئىشەنگەن ۋاقتىڭىزدا، بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالللىقاچان غەلىبىلىك بولغانلىقىنى بىلىسىز. ئېھتىمال سىزدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا تەسىر قىلىشى مۇمكىن. بىراق سەۋر-تاقەت سىزنى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭىزنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قازاندۇرىدۇ.

سەۋر-تاقەت ئاجىزلىقلارنى سىزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سەۋر-تاقەت ھەرگىز ھورۇنلۇق ئەمەس، شۇنداقلا، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشمۇ ئەمەس. سىز، خۇدانىڭ سىز ئۈچۈن تېخىمۇ زور شان-شەرەپ ۋە مول بەخت-سائادەتنى تەييارلىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. سەۋر-تاقەت شامالدا قالغان قومۇشتەك لەپىلدەپ تۇرىدىغان بوشاڭ ئىرادىڭىزنى چىڭىتىدۇ. مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:«مېنى يۆلەپ دەس تۇرغۇزغىن.» (دانىيال 8: 18) خۇدا سالغان ئاساس ئىنتايىن مەزمۇت بولۇپ، تەۋرەنمەيدۇ. خۇدا ئاتا قىلغان سەۋر-تاقەت بىزنىڭ ئىچىمىزدىدۇر. بىز سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۈتكەن ۋاقتىمىزدا، ئېتىقادىمىز مۇستەھكەملىنىدۇ. ھەممە ئىشتا سەۋىرچان بولغاندا ھاياتىمىز مەدھىيەگە ۋە خۇشاللىققا چۆمىدۇ. خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك، ھەر قانداق ئىشلارغا سەۋىرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىش بىلەن بىرگە شاد-خۇرام بولۇش خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان ئەڭ گۈزەل مەدھىيەدۇر(كولۇسىلىقلار 1: 11). سەۋر-تاقەتلىك

بۇلۇش بىزنى يەنە خۇدانىڭ مول مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ .«ھەر قانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، چىدامىلىقىڭلارنى يېتىلدۈرۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، خۇدانىڭ كۈتكىنىدەك ئېتىقادتا پىشقان، كەم-كۈتىسىز ئادەملەردىن بولىسىلەر.»(ياقۇپ 1: 4)

# 2-ئاينىڭ 22-كۈنى

**«...ئىشەنچ بار بولغان ئادەمگە ھەممە ئىش مۇمكىن!...»(ماركۇس 9: 23)**

ئىشەنچ ھەققىدە ئۆلچەملىك ئېنىقلىمىنى ئاڭلىماق ھەقىقەتەن تەس. بىر قېتىم بىز يىغىلىپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، بىر ياش: «بىز قانداق قىلغاندا خۇدادىن ئېھتىياجلىق ياردەمگە ئېرىشەلەيمىز؟ »دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا ياشانغان سۆيۈملۈك بىر موماي ھېلىقى ياشقا قاراپ ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن :«خۇدانىڭ سىز مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنى ئاللىقاچان تەييار قىلغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، سىز قىلماقچى بولغان ئىشلارمۇ ھەل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مانا بۇ ئىشەنچنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى. بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدانىڭ ئېھتىياجىمىزنى ئاللىقاچان تەييار قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز. بىز ئۆزىمىزچە پىلانلارنى تۈزۈپ، خۇداغا ياردەم بەرمەكچى بولىمىز. باشقا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز. ئاندىن خۇدانىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق قىلغانلىقىغا قاراپ تۇرىمىز. بىز دۇئا قىلغاندا، چىن كۆڭلىمىزدىن ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن «ئامىن!» دەيمىز. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «شۇنداق بولسۇن!» "ئامىن!" دىگەن سۆزنى ئېغىزىمىزدىن چىقارغان ئىكەنمىز، خۇدانىڭ ئۆز خىزمىتىنى تاماملىشىغا يول قۇيايلى. بۇ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك:" ئامانەت

قىل ھايات يولۇڭنى پەرۋاردىگارغا، ئىشەن ئۇنىڭغا، ئۇ ياردەمچى بولۇر ساڭا." (زەبۇر 37: 5)

ھەقىقىي ئىشەنچ۔ خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىپ، گەرچە تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، دەرھال خۇداغا مەدھىيە ۋە شۈكۈر ئېيتالايدۇ. چۈنكى "ئۇ" خۇدانىڭ كېيىپ بەرگەن چېكىنىڭ نەق پۇلغا ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .

# 2۔ئاينىڭ 23۔كۈنى

📖 «بەزىدە شىرلار كېلىدۇ.» (سامۇئىل بىرىنچى 17: 34)

بىز مۇقەددەس كىتابتىن ياش داۋۇتنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچى خاتىرىلەنگەن سۆزلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە باتۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتى بىزگە ئىلھام بېرىپ ، كۈچ-قۇۋۋەت قوشىدۇ. داۋۇت ئېتىقادىغا تايىنىپ شىر ۋە ئېيىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يەنە گىگانت ئادەم غولىياتنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شىرلار قويلارنى يېمەكچى بولغىنىدا، ئۇ ئالاھىدە بىر پۇرسەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ۋاقىتتا، ئۇ قورقۇپ قاچقان بولسا، خۇدا ئۆزىگە ئاتا قىلغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قوياتتى. ئېھتىمال يەنە خۇدا تاللىغان ئىسرائىللارغا پادىشاھ بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قوياتتى.

«بەزىدە شىرلار كېلىدۇ.» بىز ئادەملەر ھېچقاچان شىرلارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئالاھىدە بەخت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيمىز. ئەكسىچە، ھەمىشە ئۇنى بەختسىزلىك ھەم قورقۇنچلۇق ئىش دەپ چۈشىنىمىز. خۇدانىڭ شەكلى

ئۆزگەرگەن بەختنى ئەتراپىمىزغا قويغانلىقنى تونۇپ يېتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىيىنچىلىق ۋە سىناقلارغا ئۇچرىغاندا، توغرا ئۇسۇل بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز ھەم ئۇنى خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن پۇرسىتى ھەم بەختى دەپ تونۇشىمىز كېرەك. "شىرلار" كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ۋە ۋەھشىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىز ئۇنى خۇدا بەرگەن ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىڭ. خۇدانىڭ ئىبادەت چېدىرى دەل كىشىلەرنىڭ دىققەت-نەزىرى چۈشمەيدىغان چاۋا-چاتقاللار بىلەن يېپىلغان. خۇدا ئەنە شۇنداق ئادەملەر خىيالىغا كەلتۈرمىگەن يەرلەردە ئۆز شان-شەرىپىنى نامايەن قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەيلى مۈشكۈل سىناقلار، خېيىم-خەتەرلەر، بەختسىزلىكلەر ۋە ياكى شات-خۇرام كۈنلەردە بولسۇن خۇدانى كۆرەلىشىمىز ئۈچۈن خۇداغا:«كۆزلىرىمىزنى ئاچقىن!»دەپ نىدا قىلايلى.

# 2-ئاينىڭ 24-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«يەھيا پەيغەمبەر ھېچ مۆجىزە كۆرسەتمىگەن. لېكىن بۇ ئادەم توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا چىقتى.»(يۇھاننا 10: 41)**

ئېھتىمال سىز ئۆزىڭىزدىن رازى بولمايدىغانسىز. چۈنكى، سىزدە يا تۇغما قابىلىيەت ياكى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە ياكى ماھارەتمۇ يوق. گەرچە سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز ئىنتايىن ئادەتتىكىچە بولۇپ، كۈنلىرىڭىز مەنىسىزدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما سىز ئۇلۇغ ۋە ئىنتايىن مول ھاياتلىق ئىچىدە ياشاۋاتىسىز! گەرچە يەھيا ھېچ مۆجىزە كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق رەب ئەيسا ئۇنى تەرىپلەپ:«بىلىپ قويۇڭلاركى،

ئىنسانلار ئارىسىدا چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادىنمۇ ئۇلۇغ كىشى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق ...»(مەتتا 11: 11) دەيدۇ.

يەھيانىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپىسى ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. يەھيا قىلغان بۇ ئىشلارنى سىزمۇ قىلالايسىز. يەھيانىڭ مەقسىتى پەقەت ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق كىشىلەرگە قۇتقۇزغۇچى مەسىھكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش خالاس! سىز ۋە مەنمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاشمىز.

يەھيا ئەنە شۇنداق پەقەت ئاڭلىغىلىلا بولىدىغان كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئاۋاز بولۇشقا، نۇرنىڭ ئەكسىنى قايتۇرۇدىغان بىر ئەينەك بولۇشقا، ئەتىگەندە يېڭى بىر كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدىغان تاڭ سەھەردىكى سەلكىن شامال بولۇشقا رازى بولغان..............

خۇداغا بولغان خىزمەتمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتايىن ئاددىيلىقنى، سەمىمي، ساداقەتمەنلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېھتىمال سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ئىنتايىن ئاددىي ھەم كىچىك ئىشلار بولۇشى، ھېچكىم سىزگە دىققەت قىلماسلىقى، ماختىماسلىقى مۇمكىن. بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇلار خۇدانىڭ سىزگە بەرگەن خىزمىتىدۇر. ئەگەر سىز مىجەز-خۇلقىڭىز چىقىشمايدىغان، سىزنى ياقتۇرمايدىغان كىشلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۇلارنى تەسلىم قىلىڭ. بەلكى، بىز ئۆزىمىزمۇ بىلىپ-بىلمەي خۇدا ئۈچۈن ئۇرۇق چاچقۇچى، سۇغۇرغۇچى ۋە ياكى باشقا خىزمەتلەرنى قىلىپ، كىشلەرگە ئەيسا مەسىھنى ھەقىقي تونۇتالىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. گەرچە، ھېچكىم بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئۈچۈن ئېلان چىقىرىپ، ناغرا-سۇنايلارنى چېلىپ بىزنى ماختىمىسىمۇ،

ھېچكىم بىز ئۇچۇن خاتىرە مۇنار تىكلىمىسىمۇ، بىزنىڭ قەلبىمىز ئاللىقاچان خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ بولغان. ئەگەر بىر ئادەم، پەقەت بىر ئادەم:«ئۇ ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسەتمىگەن، بىراق ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى سەۋەبىدىن بىز ھەقىقىي خۇدانى تونۇدۇق» دېيەلىسە، بۇلار بىزگە كۇپايىدۇر.

خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئىخلاسمەن خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئەڭ ئاددىي ئادەملەر ئارىسىدىن چاقىرىلغان. ئاخىرىدا، بۇ ئايەتنى كۆرۈپ قويۇڭ! «يېزىدىكى چوڭ-كىچىك ئارقا كوچىلارنى ئارىلاپ، تاپقان ئادىمىڭنى زورلاپ ئەكىلىپ ئۆيۈمنى تولدۇر!» (لۇقا 14: 23)

## 2-ئاينىڭ 25-كۈنى

**📖«ئۇمۇمەن ئايىقىڭلار قەدەم باسقان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن.»(يەشۇ 1: 3)**

بۈگۈن بىز نۇرغۇن يەر-زېمىنلارنى خۇداغا تەئەللۇق قىلالمىغاندىن سىرت يەنە خۇدا ئەھدە قىلغان نۇرغۇن ۋەدىلەرگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. پەرۋەردىگار خۇدا يەشۇغا: «ئومۇمەن ئايىقىڭلار قەدەم باسقان بارلىق زېمىنلارنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن» دېگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئۆزى ئەھدە قىلغان زېمىنلارنى ئۇلارغا كۆرسۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئايىقى باسقان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق ئۇلار خۇدا كۆرسەتكەن بۇ زېمىنلارنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنى مېڭىپ بولغان بولۇپ، قالغانلىرىنى مېڭىپ بولالمىغانىدى. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ زېمىنلارنىڭ

ھەممىسگە ئەمەس پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا ئېرىشەلىدى. ئۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى.

پېتروس يازغان ئىككىنچى خەت 3-باپ 9- ئايەتتىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى خۇدانىڭ ئەھدىسى بۇرۇنقىدەكلا ئىشەنچ ۋە ئىتائەتچانلىق بىلەن قەدەم باسقاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مانا بۈگۈنكى كۈندە، قانچىلىك ئېتىقادچىلار ئەيسا مەسىھنىڭ نامىغا تايىنىپ خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى؟

مانا، كۆز ئالدىمىزدا كەڭ كەتكەن بىپايان زېمىنلار خۇداغا بولغان ئىشەنچىمىز ئارقىلىق قەدەم ئېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەپسۇس، تاكى بۈگۈنگىچە بىز بۇ زېمىنلارنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن تېخى قەدەم ئالمىدۇق.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان بۇ زېمىنلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن دەس تۇرايلى. «شەرق، غەرب، جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلەرگە قاراپ باق، سەن كۆرۈۋاتقان بۇ زېمىنلارنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادىڭغا تەقدىم قىلىمەن. بۇ زېمىن مەڭگۈ سىلەرگە مەنسۇپ.» (يارىتىلىش 13: 14-15)

ئومۇمەن يەھۇدانىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن زېمىنلار يەھۇداغا، بىنيامىننىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن زېمىنلار بىنيامىنغا تەۋە بولغىنىدەك، ھەر بىر قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولدى، پەقەت ئاياغ ئىزى چۈشكەن زېمىنلارلا ئۇلارغا تەۋە بولدى. ئۇنداقتا، ئويلاپ بېقىڭ! ئۇلار قەدەم باسقان ئاشۇ زېمىنلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەبئىي ھالدا ھېس قىلالىغانمىدۇ؟

بىر قېتىم، كىشلەر روھىي جەھەتتە چوڭقۇر تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە ياشانغان دانىيال ئەپەندىدىن :«دانىيال، نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا بۇنچە كۆپ

تېنچلىق ۋە خوشاللىق يار بولىدۇ؟ » دەپ سوراپتۇ. ئۇ جاۋابەن: «مەن پەقەت خۇدانىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئېسىل ۋەدىسىگە تايىنىپ، خۇدا ۋەدە قىلغان بارلىق بەخت- سائادەت ۋە مول ھاياتنى مېنىڭكى دەپ ھېسابلىغاچقا ئۇنىڭغا ئېرىشتىم. بارلىق شان-شەرەپ ئەبەدىل-ئەبەد خۇداغا مەنسۇپ بولغاي!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئومۇمەن، خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەنلىك خۇدادىكى بارلىق گۈزەل، مول نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەنلىكتۇر.

## 2-ئاينىڭ 26-كۈنى

**«مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك. مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئاجىز چاغلىرىڭدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. » (2-كورىنتلىقلار12: 9)**

بىر كۈنى كەچتە، پۈتۈن كۈنلۈك خىزمىتىمنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاتلىق ئۆيگە قايتتىم. يول ئۈستىدە ئىنتايىن قاتتىق چارچىغانلىقىمدىن، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. چاقماق چاققاندەك ئارىلىقتا ئىنجىلدىكى، «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك» دېگەن ئايەت قەلبىمنى يورۇتتى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئىنجىلدىن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ئىلگىرى-كېيىنلىك مەزمۇننى تولۇق كۆرۈپ چىقتىم. «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئاجىز چاغلىرىڭدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.» مەن رەببىمگە :«ئى رەببىم، مەن ئىشىنىمەن. سېنىڭ مېھىر-شەپقىتىڭ مېنىڭ ئىشلىتىشىمگە يېتەرلىك » دېدىم ۋە شۇ ھامان ئىچ-ئىچىمدىن تاتلىق بىر سېزىمنىڭ

مەۋج ئۇرۇپ، چىرايىمغا خۇشاللىق كۆلكىسىنىڭ تېپىپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئاشۇ كەچتىن باشلاپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئىنتايىن بىچارىلىك ۋە كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ خۇددى چوڭ دېڭىزدا ياشاۋاتقان كىچىك بېلىقنىڭ ئۇسساپ كەتسىمۇ، دېڭىز سۈيىنىڭ ئازلاپ، قۇرۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمىغىنىدەك كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى. گەرچە، دېڭىز بېلىققا: «بېلىجان، قانغۇچە ئىچكىن! مېنىڭ سۇلىرىم سېنىڭ ئىچىشىڭگە يېتەرلىك» دېسىمۇ، بېلىجان يەنىلا جۈرئەت قىلالمىغاندەك ئېچىنارلىق بىر مىسال خالاس. بۇ خۇددى يۈسۈپ زامانىدا، يەتتە يىل باياشاتچىلىق يىللىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئامباردىكى چاشقان ئاشلىقنىڭ تۈگەپ كېتىپ، ئاچ قېلىشتىن قورقۇپ، دان يېيەلمىگىنىگە ئوخشاش ئىدى. گەرچە، يۈسۈپ ئۇنىڭغا :«چاشقانچاق، تويغۇچە يېگىن! ئامبىرىمدىكى ئاشلىق سېنىڭ يېيىشىڭگە يېتەرلىك» دېسىمۇ، بۇ كىچىك چاشقان يەنىلا يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. يەنە بىر مىسال ئالساق، بىر كىشى ئېگىز تاغ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئۆز-ئۆزىگە:«مەن ھەر يىلى نۇرغۇن ھاۋانى سۈمۈرۈدىكەنمەن. مەن ھامان بىر كۈنى ھاۋادىكى ئوكسىگېنىنىڭ يېتىشمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەپتۇ، ھاۋا ئۇنىڭغا: « ئى بىچارە ئىنسان، ئەركىن نەپەس ئالغىن! مەندىكى ئوكسىگېن سېنىڭ سۈمۈرۈشىڭگە يېتەرلىك» دېسىمۇ، ئۇ يەنىلا چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

قەدىرلىك دوستلار، ھەممىمىز ئىشەنچى كۈچلۈك ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى. قىچا ئۇرۇغىدەك ئىشەنچ سىزنىڭ روھىڭىزنى جەننەتكە ئېلىپ چىقالايدۇ. چوڭ ئىشەنچ ئەرشنى سىزنىڭ قەلبىڭىزگە باشلاپ كىرىدۇ.

خۇدا بىزگە ۋاكالىتەن ئەرش بانكىسىغا ھەددى-ھېسابسىز پۇل ئامانەت قويۇپ،

ئىشەنچ ئارقىلىق خالىغانچە ئېلىشىمىزنى كۈتمەكتە. بىز يۈرەكلىك بىلەن ئالغا ماڭساقلا ھەممىگە ئېرىشەلەيمىز.

## 2-ئاينىڭ 27-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«ئۆزى بولسا بۇ تەرەپتە يالغۇز قالدى. ئاندىن، بىر كىشى كېلىپ ياقۇپ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە چېلىشتى» (يارىتىلىش32: 24)**

«ئۆزى بولسا بۇ تەرەپتە يالغۇز قالدى.» ھەر بىرىمىز بۇ بابلارنى ئوقۇغاندا، بۇ جۈملىدىن ئوخشىمىغان تەسىراتقا ئىگە بولىمىز. بەزى ئادەملەر يالغۇز قالغاندا تەنھالىقتىن شۇنچىلىك زېرىكىدۇ! يەنە بەزى ئادەملەر يالغۇز قالغاندا، تېنچلىق ئىچىدە تەسەللىيگە ئېرىشىدۇ! يىغىنچاقلىغاندا، ئادەم يالغۇز قالغاندا، خۇدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولسا، بۇ كىشى ئەرشتىكى ھۇزۇرنى ئالدىنئالا تېتىپ بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەگەر خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولغان كىشى كۆپ ھاللاردا خۇدا بىلەن يالغۇز ئالاقە قىلىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ كىشى روھي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. رەببىمىز ئەيسا مەسىھ بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ياخشى بىر ئۈلگىنى قالدۇرغان. ئۇ نۇرغۇن قېتىم، ئۆزى يالغۇز قېلىپ خۇداغا دۇئا قىلغان. ئۇ بىزگە تاپىلاپ:«دۇئا قىلغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، ئەرشتىكى كۆرۈنمەس ئاتاڭلارغا دۇئا قىلىڭلار!» (مەتتا6: 6) دېگەن. يالغۇز دۇئا قىلىشتىكى مەخسەت، خۇداغا تەنھا يېقىنلىشىشتۇر.

ئىلياس پەيغەمبەر بىلەن ئېلىشا پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ

مۆجىزىسى يالغۇز خۇداغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. ياقۇپ خۇداغا يالغۇز يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، پادىشاھ بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن (ئىسرائىلنىڭ مەنىسى پادىشاھ دېگەنلىك). يەشۇ خۇداغا يالغۇز يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، غەلبە قىلىشتىكى ئىشەنچكە ئېرىشكەن. گېدون بىلەن يىفتاخمۇ يالغۇز تۇرغاندا، خۇدا ئۇلارغا بىشارەت بەرگەن. مۇسامۇ چۆلدىكى يالغۇز ۋاقىتلىرىدا خۇدانىڭ بىشارىتىنى كۆرەلىگەن. كورنىلىي يالغۇز دۇئا قىلىۋاتقاندا، پەرىشتىنى ئۇچراتقان. پېترۇسمۇ ئۆزى يالغۇز ئۆگزىدە دۇئا قىلىۋېتىپ، يات مىللەتلەرگە (يەھۇدىي ئەمەسلەر) خۇش خەۋەر تارقىتىش ۋەھىيسىنى قوبۇل قىلغان. يەھيامۇ چۆلدە ئۆزى يالغۇز ئىدى. ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتى يۇھاننامۇ ئۆزى يالغۇز پاتمۇس ئارىلىدا سۈرگۈنلۈكتە تۇرۇپ، تەنھا دۇئا قىلىش نەتىجىسىدە خۇدانىڭ ۋەھىيگە ئېرىشكەن.

بىز چوقۇم خۇدا بىلەن تەنھا مۇھەببەت باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر، بىز بۇ ئىشلارغا سەل قارىساق، خۇددى دەرەختىن يوپۇرمىقى بىلەن شاخلىرىنى ئايرىۋەتكەندەك، خۇدا ئاتا قىلغان قابىلىيەت ۋە ئەرشكە تەۋە ھەرخىل روھىي بەختلەرنى يوقىتىپ قويىمىز. بۇ نەقەدەر چوڭ زىيان-ھە! بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز، ئۆزىمىزگە تەۋە بەخت-سائادەتنى قىرقىۋېتىش بولۇپلا قالماستىن، باشقىلارغا تەۋە بەخت-سائادەتنىمۇ قىرقىۋېتىش بولىدۇ. چۈنكى، خۇدانىڭ ئىچىدە ئۆزىمىزنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرەلىسەك، ئاندىن باشقىلارغا بەخت ئېلىپ كېلەلەيمىز. ئېھتىمال، بىز يالغۇز قالغاندا، خۇداغا يېقىنلاشساق سىرتتىكى ئىش-پائالىيەتلىرىمىز ئازلاپ كېتىشى مۇمكىن. بىراق، بىز تەنھا ھالدا خۇداغا يېقىنلاشساق، خۇدا بىزگە ئەڭ زور قابىلىيەتنى ئاتا قىلىدۇ. نەتىجىدە، خۇددى مۇقەددەس كىتاپتا ئېيتىلغىنىدەك، بېشىمىزنى كۆتۈرگىنىمىزدە، رەب ئەيسادىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيمىز.(مەتتا17: 8)

# 2-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«ھەمىشە ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇداغا مەدھىيىلىرىمىزنى قۇربانلىق سۈپىتىدە ئاتايلى.» *(ئىبرانىيلار13: 15)***

يېزىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر تەلىم بەرگۈچى بولۇپ، بىر كۈنى كەچتە ئۇ مەخسەتسىز ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەينەت ھەم قاراڭغۇ بىر كىچىك ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆي ئىچىدىن ئىنتايىن زەئىپ، ئاجىز بىر ئاۋازنىڭ، «كىم؟» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بىر ئۇتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئوت يۇرۇقىدا غۇربەتچىلىك ھەم ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئاسارىتىدە ئەبجەخ كارىۋاتتا كېسەل ئازاۋىدا ئىڭراپ ياتقان قارا تەنلىك بىر مومايىنىڭ خۇشاللىققا ۋە تېنچلىققا تولغان ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ پەۋقۇللادە ئېغىر رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، گەرچە ئۇ كېسەل ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان بولسىمۇ خۇشاللىق ۋە تېنچلىق ئىچىدە خۇداغا مەدھىيە ئوقۇۋاتقان ئىكەن. بۇ ۋاقىت ئەڭ سوغاق 2-ئاي ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ نە يېقىلغۇسى، نە ئاشلىقى، نە چىرىقى، ھەتتا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ پەقەت ھەممە ئىشلاردا ئىخلاسمەنلىك بىلەن خۇداغا تايانغان بولۇپ، ئىنسانلار ھاياتىدا تارتىشقا تېگىشلىك ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئورىۋالغانىكەن. گەرچە ئۇنى خۇشاللىققا ئۈندەيدىغان ھېچنىمە بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا تۇرمۇشتا ھەممە نەرسىسى تەل غەمسىز ئادەمدەك خۇداغا شۈكرى، ھەمدۇسانا ئوقۇماقتا ئىدى.

بۇ ئايال ھەقىقەتەن پاۋلۇس كورىنتلىقلارغا دېگەندەك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەندى. «مانا بىز ھەر تەرەپتىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق، ئەمما يەكسان بولمىدۇق. تەمتىرەپ قالدۇق، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. قوغلىنىۋاتىمىز، ھالبۇكى خۇدا

تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمىدۇق. يىقىتىلدۇقيۇ، ئەمما يوقىتىلمىدۇق.»
(2-كورىنتلىقلار4: 8)

مارتىن رۇد كېسەل كارۋىتىدا ئازاب چېكىۋاتقان ۋاقتىدا، يەنىلا خۇداغا مەدھىيە ۋە شۈكرى ئېيتىپلا قالماستىن، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قالدۇرغان: «بۇنداق ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلار نابورچىكنىڭ خەت تىزغىنىغا ئوخشايدۇ. دەسلەپتە خەتلەرنىڭ ھەممىسى تەتۈر بولۇپ، ئوقۇغىلى ھەتتا مەنىسىنى چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق خەتلەر قەغەز يۈزىگە بېسىلىپ چىققاندا ھەممە خەتلەرنى ئوچۇق كۆرگىلى ھەم مەنىسىنى ئوچۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، گەرچە بىز بۈگۈن تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىسەكمۇ، ئاخىرى بىر كۈنلەردە ئۇنى تونۇپ يېتەلەيمىز.»

پاۋلۇس شىددەتلىك بوران-چاپقۇننىڭ ئىچىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە قالغان كۆپچىلىككە تەسەللى بېرىپ، «ئەمدى سىلەرنىڭ غەيرەتلىك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» دەيدۇ.

پاۋلۇس، مارتىن، قارا تەنلىك موماي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقاد جەھەتتە بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىزدۇر.

# 2-ئاينىڭ 29-كۈنى

📖«كېمىنى چوڭقۇرراق يەرگە ھەيدەپ بېرىڭلار!» (لۇقا5: 4)

بۈگۈنكى كۈندىمۇ رەب بىزنى چوڭقۇر يەرگە كىرىڭلار دەۋاتىدۇ. رەب بىزگە چوڭقۇرلۇقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنى يوق. چوڭقۇرلۇقنىڭ ئۆلچىمى بولسا قىرغاقتىن يىراقلىشىش يەنى دۇنيادىن يىراقلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز تېيىز يەردىن ئەمەس چوڭقۇر يەردىن بېلىق تۇتالايمىز..................

خۇددى دېڭىز-ئوكيانلاردىكى چوڭقۇرلۇقتا ئاجايىپ-غارايىپ سىرلار بولغىنىدەك، رەب بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابتىكى ئايەتلەرنىڭ سىرلىرىنى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزنى، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىگە ئىتائەت قىلىشىمىزنى ھەم بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بىز ئىلگىرى پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدۇق. چوڭقۇرلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئەيسا مەسىھنىڭ بىزنى گۇناھلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولدۇق. ئىلگىرى بىز ئەيسا مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى چۈشىنەتتۇق. چوڭقۇرلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئەيسا مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولدۇق. ئىلگىرى بىز ئەيسا مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىنىڭ بىزنى گۇناھتىن پاكلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتۇق. چوڭقۇرلاپ كىرگەندىن كېيىن ئەيسا مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىنىڭ بىزنىڭ روھىمىز ۋە تېنىمىز ئېھتىياجلىق بولغان خۇش پۇراق ماي، يېمەكلىك، دورا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدۇق.

رەب بىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلگىرى بىز ئىنتايىن تەستە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى تىلەيتتۇق. چوڭقۇرلاپ كىرگەندىن كېيىن، بۇلار كۆپ ئاسانلاشتى. ئىلگىرى بىز خۇدانىڭ ئىرادىسىنىلا بىلەتتۇق. چوڭقۇرلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن گۈزەل پىلانىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدۇق.

رەب بىزنىڭ روھى جەھەتتە چوڭقۇر تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، بىز دۇنيانىڭ تۇپراقتا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئەمما خۇدانىڭ قىممەتلىك گۆھەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. يەنى روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلسەك، دۈشمىنىمىز شەيتاننىڭ ۋەھشىي، رەھىمسىزلىكىنى، ھىيلە-مىكىرلىرىنى، رەببىمىزنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك مۇھەببىتىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرەلەيمىز.

رەب بىزنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىشىمىزنى، ئاداققى كۈنلەرگىچە ئۆزىمىزنى يوقاتقان ھالدا مۇقەددەس روھنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ھۇزۇرلىنىشىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا تولۇشىمىزنى، شۇنداقلا خۇدانىڭ دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىنىغا قەدەر مۇقەددەس روھنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن يېتەكلىشىدىن، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇشىدىن ھۇزۇرلىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەب بىزنىڭ تاكى ئاداققىچە خۇدانىڭ مەخستى ۋە پادىشاھلىقىغا چوڭقۇرلاپ چۆكۈپ، خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدا مەڭگۈلۈك ھوقۇقنى چىڭ تۇتۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، قەلبىمىز خۇدا ئاتا قىلغان خۇشاللىق ۋە شان-شەرەپتىن ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ.

ئۇنداقتا، بىز بۈگۈن ھاياتلىقتىكى چوڭقۇر سۇغا چۆكۈشكە رازىمۇ؟

ھېزەكىيال پەيغەمبەر سۇ توغرىلىق مۇنداق بىشارەت كۆرگەن: ئۇ ئەڭ دەسلەپتە

ئىبادەتخانا ئىشىكىنىڭ سالاسۇنىدىن سۇ ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۆلچەملىك ئارغامچا بىلەن ئۆلچىگەندىن كېيىن، سۇ ئوشۇققا كەلگەن. يەنە بىر ئۆلچىگەندىن كېيىن، سۇ تىزىغا چىققان.... يەنە بىر ئۆلچىگەندىن كېيىن، سۇ بەلگىچە كەلگەن. كېيىن ھەممە جاي خۇددى دەريادەك سۇ بولۇپ كەتكەن. (ھېزەكىيال 47-باپنى ئوقۇڭ)

ھاياتلىقتىكى بۇ سۇغا بىز زادى قانچىلىق كېرەلىدۇق؟

بىز ھاياتلىقتىكى بۇلاق سۈيىگە چۆمۈلۈشنى خالىساق، ھاياتلىقتىكى بۇ سۇ بىزنى يوشۇرۇپ، قىرغاقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، چوڭقۇرلۇققا باشلايدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، قولىغا ئۆلچەملىك تانا ئالغۇچى بۇگۈنكى كۈندىمۇ بىز بىلەن بىرگىدۇر.

قەدىرلىك دوستلار، سىلەر ھازىرقى تۇرمۇشۇڭلارنىڭ تېيىز سۇدەك مەنىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر قىرغاقتىن ئايرىلىشنى خالامسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ چوڭقۇرلۇققا قاراپ مېڭىشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىڭلارنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ ئىھ قېرىنداشلىرىم، ھەممىمىز رەببىمىزنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ چوڭقۇرلۇققا قاراپ قەدەم تاشلايلى!

# 3-ئاينىڭ 1-كۈنى

**📖«خۇدانىڭ قىلغانلىرىنى كۆزەتكىن. چۈنكى خۇدا ئەگرى قىلغاننى كىممۇ تۈزلىيەلىسۇن؟» (تەلىملەر7: 13)**

خۇدا ھەمىشە پەرزەنتلىرىنى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە مۈشكۈلاتلار ئىچىگە قويۇپ، ئۇلارنى قۇتۇلۇشقا ۋە ھەل قىلىشقا ئامالسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ، چىقىش يوللىرىنى ئېتىۋەتكەندەك بولىدۇ. ئېھتىمال، ھازىر سىزمۇ شۇنداق مۇھىتتا بولۇشىڭىز مۇمكىن.

سىز ئۈچرىغان بەختسىزلىك بەلكى ئەڭ ئازابلىق ۋە ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن، خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن سىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالغانسىز. بىراق، خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلاردا ھېچقانداق خاتالىق يوقتۇر. سىز مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈزەل ئىرادىسىنى كۆرەلەيسىز. سىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىڭىز بىر دىرامما سەھنىسىدىن ئىبارەت خالاس. سىز ھازىر دەل سەھنىدە رول ئېلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى، مېھىر-شەپقىتىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەن قىلىۋاتىسىز. خۇدا بۇ ئارقىلىق سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا قۇتقۇزۇلۇش پىلانىنى يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، يەنە سىزگە ئۇنتۇلغۇسىز بىر دەرس بېرىش ئارقىلىق، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سىزنى داۋاملىق مەدھىيە ۋە شۈكرى ئېيتىشقا چاقىرىدۇ.

# 3-ئاينىڭ 2-كۈنى

📖«سەن ئەتە ئەتىگەنگىچە تەييار بولۇپ، سىناي تېغىغا چىقىپ، تاغنىڭ چوققىسىدا مەن بىلەن كۆرۈشكىن. ھەر قانداق كىشى سەن بىلەن بىللە چىقمىسۇن.» (مىسىردىن چىقىش 34: 2-3)

ئېتىقادچىلارنىڭ ھاياتىدا سەھەر ۋاقتى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ھەر كۈنى سەھەر ۋاقتى بىز چوقۇم ئالدى بىلەن خۇدا بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئاندىن باشقىلار ۋە دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشىمىز زۆرۈردۇر.

ئەگەر، بىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش-پائالىيەتلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىش بىلەن باشلانغان بولسا، بىز غەلبە قازىنىشتىن ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىمىزنى باشلاشتىن بۇرۇن چوقۇم مۇقەددەس كىتاب ئوقۇش، دۇئا قىلىش، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويلىنىش ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىشىمىز لازىم. بىز ئالدى بىلەن ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك مېھمان ئەيسا مەسىھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشىمىز كېرەك. ھەتتا بۇ ئۆز ئائىلىمىزدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئەيسا مەسىھ بىلەن چوقۇم يالغۇز ئۇچرىشىشنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ھەر كۈنى چوقۇم ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇش كېرەك. مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ سۆزى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش كېرەك! ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرسەك ھەمدە كۈندىلىك قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپارساق، بىز ئويلىمىغان يەردىن كۈچ-قۇدرەت ۋە خۇدادىن كەلگەن يېتەكلەشكە ئېرىشەلەيمىز. خۇدا ئۈچۈن نى-نى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان

ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى، تاڭ سەھەر خۇدانىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىش باشلىغانلاردۇر.

ھېنرى مەتتا (Henry Matthew) ھەر كۈنى سەھەر سائەت تۆتتە، كىتابخانىسىدا مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىدۇ. سەككىز بولغاندا، ئەتىگەنلىك تاماق يەيدۇ. ناشتىدىن كېيىن، ئائىلە بويىچە ئەتىگەنلىك دۇئانى باشلايدۇ. بۇ دۇئا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خاس ھوجرىسىغا كىرىپ تاكى چۈشلۈك تاماققىچە خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئۇ يەنە كىتابخانىسىغا كىرىپ تاكى سائەت تۆتكىچە ئىنجىل ئوقۇيدۇ ياكى ماقالە يازىدۇ. قالغان ۋاقتىنى دوستلىرىنى يوقلاشقا سەرپ قىلىدۇ.

# 3-ئاينىڭ 3-كۈنى

**«شۇنىڭ بىلەن، جىن بىر پەرياد كۆتۈردى-دە، بالىنىڭ بەدىنىنى قاتتىق تارتىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تېنىدىن چىقىپ كەتتى.» (ماركۇس *9: 26*)**

رەزىللەر ھېچقاچان كەسكىن بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بولماي تۇرۇپ، ئۆزى ئىگەللىۋالغان زېمىندىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. بىز ھازىر روھىي جەھەتتە زور بايلىققا ئېرىشتۇق. بۇ بايلىقىمىز ھەرگىزمۇ مەئىشەتلىك تۇرمۇشتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى شەيتان بىلەن بولغان كەسكىن جەڭدە ئېرىشكەن غەنىمەتلەردۇر. مانا بۇ روھقا تەۋە مەخپىيەتلىك. تېنىمىزنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى روھقا تەۋە ئەركىنلىككە قايتىش ئۈچۈن، چوقۇم قىممەتلىك قاننىڭ بەدىلى بولۇشى كېرەك. ئاۋاددۇن(ھالاك

قىلغۇچى)نى ھەرگىزمۇ دوستانىلىق، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالداپ ئاچىققىلى بولمايدۇ. ئۇ زىمىندا ئۇنىڭ ئورنى مۇستەھكەم، قەدىمى چوڭقۇر. (ۋەھىيلەر9: 11) شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پەقەت مۇقەددەس روھنىڭ كۈچىگە، ئەيسا مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىغا، سەۋر-تاقەتلىك كۆز-ياشلىرىمىزغا تايانغاندىلا، ئاندىن ئۇنى قوغلاپ چىقىرالايمىز. بىز مۇشۇ نوقتىنى چۇقۇم ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا چۈشىنىۋالىمىز. بىز قايتىدىن تۆرەلگەندە ھەرگىز ھەشەمەتلىك خان ئوردىسىدا ئەمەس، بەلكى چۆل-باياۋاندا تۆرۈلىمىز. ئۇ يەردىكى بىزنىڭ ئىچىدىغان سۈتىمىز، ئەتىراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان بوران-چاپقۇن ۋە جەڭدۇر. «بىز خۇدانىڭ پادشاھلىقىغا كىرىش ئۈچۈن، چۇقۇم نۇرغۇن جاپالارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.» (ئەلچىلەر 14: 22)

## 3-ئاينىڭ 4-كۈنى

**«شۇنداق بولغاندا، قاشاڭلاردىن بولماي، بەلكى ئۆز ئېتىقادى ۋە سەۋرچانلىقى بىلەن خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىدىغانلارنى ئۈلگە قىلىدىغانلاردىن بولسىلەر.» (ئىبرانىيلار 6: 12)**

بۈگۈنكى كۈندە، ئىشەنچ قەھرىمانى شان-شەرەپ ئىچىدە بىزگە مۇنداق كۆرسەتمە بېرىدۇ: ئۇلار غەلبە قازانغان ئىشلاردا بىزمۇ جەزمەن غەلبە قازىنالايمىز. غەلبە قازىنىشتىكى سىر پەقەت ئىشەنچ بىلۇپلا قالماستىن، يەنە سەۋر-تاقەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر گۇمان قىلماي، جىددىيلەشمەي ھەم غەم-ئەندىشە قىلماي خۇدا ئاتا قىلغان مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدىكى چېنىقىش پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتايلى.

بىر تۆمۈرچى ئۇستام ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:«مەن بىر ئىشتىن قورقىمەن. ئۇ بولسىمۇ، خۇدا تەرىپىدىن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئەسكى-تۈسكى كېرەكسىز تۆمۈر-تېسەكلەرگە ئوخشاش تاشلىۋېتىلىشتىن ئىبارەت. مەن پولات-تۆمۈر تاۋلىغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنى كۆچلۈك ئوتتا تاكى قىزارغىچە قىزىتىمەن. ئارقىدىن بازغان بىلەن سوقۇپ، يەنە سۇغا تىقىمەن. مانا موشۇنداق بىر جەريانلار ئارقىلىق بۇ تۆمۈرنىڭ زادى ياخشى تاۋلانغان-تاۋلانمىغانلىقىنى سىنايمەن. مەن بۇ تۆمۈرنى ئەنە شۇنداق ئىككى-ئۈچ قېتىملىق مۇرەككەپ تاۋلاشلاردىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان سۈپەتسىز، ناچار تۆمۈر ئىكەنلىكىنى بايقىسام، ئۇنى كېرەكسىز ئۇششاق تۆمۈر-تەسەك دۆۋىسىگە قوشۇۋېتىپ، كونا ماللارنى ئالىدىغان سېتىقچىغا ئېلىشىغا سېتىۋېتىمەن.»

«مېنىڭچە، خۇدا ئوخشاشلا ئوت، بازغان، سۇلار ئارقىلىق مېنى سىنايدۇ. ئەگەر، مەندە ئىشەنچ ۋە سەۋر-تاقەت بولمسا، ئۇنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆتەلمەي، ئۆلچىمىگە لايىقلىشالمىغانلىقىمدىن، ئۇنىڭ مېنى كېرەكسىز تۆمۈر-تەسەك دۆۋىسىگە قوشۇۋېتىشىدىن قورقىمەن.»

دوستۇم، گەرچە ئوت ئىنتايىن قىززىق، بازغان ئىنتايىن ئېغىر، سۇ ئىنتايىن سوغاق بولسىمۇ، سىز ئىشەنچكە ئاساسەن سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ. چۈنكى، بەخت دەل شۇلارنىڭ ئارقىسىدا سىزنى كۈتۈپ تۇرۇدۇ. بىر ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندىمۇ ئايۇپقا ئوخشاش، «ئۇ مېنى سىناپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئالتۇندەك ساپلىشىمەن.» دەپ ئاۋاز چىقىرالىساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

بىر پىئانىنونىڭ ئاۋاز چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇن بىر تونىنا بىسىم كۈچى ئىشلىتىش زۆرۈر. ناۋادا سىزمۇ بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلىسىڭىز خۇدا سىزنىڭ بېسىم ئاستىدا چىققان ئاۋازىڭىزنى ئەرشتىكى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىدۇ...........

## 3-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«دەسلەپتىكى ئىشەنچىمىزنى بۇشاشتۇرماي ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالىساقلا، ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە ھەممىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىمىز.» (ئىبرانىيلار *3: 14*)**

ئىشەنچىمىزنى بۇشاشتۇرماي ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالىساقلا شان-شەرەپكە ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر يېرىم يولدا ئىشەنچىمىزنى يۇقاتساق، زىيان تارتىدىغىنىمىز ئۇپ ئۇچۇقتۇر. بىراق بىزدىكى گۇمانلىنىش دائىم ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ، يوللىرىمىزنى توسۇپ، بىزنى ئۈمۈدسىزلىك پاتقىقىغا مەھكۇم قىلىدۇ. «ئەرش سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتە» دە، ھېچقانداق بىر جاي «گۇمان قەلئەسى» دەك خەتەرلىك ئەمەس. بۇ جاي چارچىغان يولۇچىلارنى خۇددى ئۆلۈكتەك بىھۇش قىلىپ قاتتىق ئۇخلىتىپ، ھەرگىز مەنزىلگە يەتكۈزمەيدۇ.

ھەمسەپەر دوستلار، كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان، پات يېقىندا ئەمەلگە ئاشماقچى بولغان شان-شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرايلى. «چۈنكى، مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدا مۇنداق دېگەن:

<كەلگۈچى پات يېقىندا كېلىدۇ، كېچىكمەيدۇ.

مەن «ھەققانىي» دېگەن ئادەم ئېتىقادى بىلەن ياشايدۇ.> »(ئىبرانىيلار10: 37)

«شۇڭا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن بوشاشمايلى. شۇنداق قىلساق، ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم مول-ھوسۇل ئالالايمىز.» (گالاتىيالىقلار6: 9)

«...سىلەرمۇ خۇدانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېڭىپ چىققان تەنھەركەتچىدەك يۈگۈرۈشۈڭلار كېرەك.» (1-كورىنتلىقلار9: 24)

# 3-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖«بىز ئەسلىدە ئۇنى ئىسرائىللارغا ئازادلىق ئېلىپ كېلىدىغان كىشى دەپ ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەندۇق. »(لۇقا 24: 21)**

مەن دائىم مۇشۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولىدۇ. ئېمايۇس يېزىسىغا كېتىۋاتقان بۇ ئىككى شاگىرت ھەزرىتى ئەيساغا: «بىز ھازىرمۇ ئىشىنىمىز، ھېلىمۇ ئۈمىد كۈتىمىز.» دېگەن سۆزنى ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى "كۈتۈپ كەلگەندۇق" دېگەن سۆزنى ئېيتقان. بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش-ھە! ئۇلار ئۆزلىرىچە مۇشۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى دەپ ئويلاشقانىدى.

ناۋادا، ئۇلار: «يۈز بەرگەن ھەربىر ئىشلار بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرسىمۇ، ئىشەنچىمىز ئاجىزلاپ، قورقۇپ ھېسسىياتتا بولساقمۇ، يەنىلا بەل قويۇۋەتمەي ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرساق، ھەزرىتى ئەيسانى كۆرەلەيمىز....» دېگەن سۆزنى دېيەلىسە نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! ئەپسۇس، ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق دېمىدى. ئەكسىچە، رەبنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قايغۇلۇق ھالدا:«ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى» دېگەندە، رەبنىڭ ئۇلارنى ئەيىپلەپ:«ئەي نادانلار! پەيغەمبەرلەرنىڭ

ئېيتقان سۆزلىرىگە نېمانچە تەستە ئىشىنىسلەر؟» دېيىشىمۇ ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قەدىرلىك دوستلار، بىزمۇ يۇقارقىدەك ئىشلار سەۋەبىدىن رەبنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچراپ باقتۇقمۇ؟ بىز ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كەچسەكمۇ، خۇداغا بولغان ئىشەنچىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

بىز ھەرگىز بۇ ئىككى شاگىرتقا ئوخشاپ قالمايلى. بىزنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچىمىز ھەرگىز ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى «كۈتۈپ كەلگەنىدۇق، ئىشەنگەنىدۇق» بولۇپ قالمىسۇن. بەلكى، رەبكە بولغان ئېتىقادىمىزدىن مەڭگۈ تەۋرەنمەيلى. مەڭگۈ رەبكە ئىشىنەيلى.

# 3-ئاينىڭ 7-كۈنى

**📖«ماكېدونىيە ئۆلكىسىگە بارغاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز ئەمىن تاپمايلا، خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق.» *(2-كورىنتلىقلار7: 5)***

خۇدا نېمە ئۈچۈن بىزنى مۇشۇنداق يىتەكلەپ، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشىمىزغا يول قويىدۇ؟ بىرىنچىدىن، قىيىنچىلىق ئىچىدە خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى تېخىمۇ رۆشەن نامايەن بولىدۇ ھەم بىزنى مەڭگۈلۈك ھوزۇر-ھالاۋەتكە باشلايدۇ. مۇقەددەس كىتابتا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى خۇش خەۋەرنىڭ نۇرىدىن ئىبارەت بولغان بىباھا خەزىنىدۇر. بىز گويا بۇ خەزىنە قاچىلانغان ساپال ئىدىش. مانا بۇنىڭدىن كىشىلەر

بىزدىكى ئۇلۇغ قۇدرەتنىڭ ئۆزىمىزدىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.»

ئىككىنچىدىن، قىيىنچىلىق بولغاندا، بىز خۇداغا تېخىمۇ تايىنىدىغان بولىمىز. خۇدا باشتىن-ئاخىر بىزنىڭ ئۆزىگە تايىنىشىمىز توغرىلىق تەلىم بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەسلىكىمىزنى، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، رەببىمىز ئۈزىمۇ خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ باققان. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ بىزنىڭ قىيىنچىلىقلاردا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، قىيىنچىلىقتىن سىرت ھېچقانداق بىر نەرسە ئىشەنچ دەرسلىكىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن، تۈرتكىلىك رول ئوينىيالمايدۇ. خۇدا ئىشەنچ مەكتىپىنىڭ تۆت ئەتراپىنى قىيىنچىلىق ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت بىلەن زىنىنەتلىگەن. بىز ئۇ يەردە ھەقىقەتەن ئىشەنچ تەربىيىسىنى ئالالايمىز..

ئىشەنچنىڭ سىرىنى بىرلا قېتىم ئۆگىنىۋالساق، مەڭگۈ ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ھەم بىز بۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك بەختنى ھېس قىلالايمىز. ئىشەنچىمىز بولسا نامراتلىقىمىز بايلىققا ئۆزگىرىدۇ. ئىشەنچىمىز بولمىسا بايلىقىمۇ نامراتلىققا باراۋەردۇر.

# 3-ئاينىڭ 8-كۈنى
******************

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا! سەندىن ئۆتۈنەي، ھەممە ئىشلار سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن. سېنىڭ مۇقەددەس نامىڭنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇشىنى، مەڭگۈ ھۆرمەتلىنىشىنى تىلەيمەن. »**
***(1-تارىخنامە 17: 23-24)***

مانا بۇ ھەقىقىي ئىشەنچكە تولغان دۇئادۇر. بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، قىلغان دۇئالىرىمىزنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، دائىم خۇدا ۋەدە قىلمىغان نەرسىلەرنى تىلەيمىز. داۋۇتنىڭ بۇ يەردە قىلغان دۇئالىرى شۇنى بىلدۈرىدىكى: ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قىلغان دۇئالىرى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن. بىزمۇ بەزى ۋاقىتلاردا، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، مۇقەددەس كىتاپتا ئېيتىلغان خۇدانىڭ ۋەدىلىرىدىن بىرەرنى تۇتۇۋالغان ھالدا دۇئا قىلغان تەجرىبىلەرنى باشتىن كەچۈرىمىز. بۇ ۋاقىتتا، بىز پەقەت ئىشەنچكە تايىنىپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، خۇدادىن مۇنداق دەپ تىلىسەك بولىدۇ: «سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن.» مانا بۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئىشەنچلىك دۇئادۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن جىددىيلىشىش، ئۆتۈنۈش، تالاش-تارتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. خۇددى چەكنى نەق پۇلغا ئالماشتۇرغاندەك خۇدانىڭ ۋەدىسىنى تۇتۇپ، بۇ ۋەدىنىڭ رىئاللىققا ئايلىنىشىنى تىلىسەكلا كۇپايە. بۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ دۇئاغا بولغان قىزغىنلىقىمىز ئاشىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق خۇدانىڭ ۋەدىسىنى تۇتۇپ، كەلگۈسىدىكى ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان نەچچە مىڭلىغان ئىشلارنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە نامايەن بولۇشىنى تىلەيلى. مۇقەددەس كىتاپتىكى ھەربىر ۋەدىنىڭ ھەممىسىگە خۇدا ئۆز قولى بىلەن ئىمزا

قويغان. شۇڭا بىز جۇرئەتلىك بىلەن :«ھەممىسى سىنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن» دەپ تىلىسەك بولىدۇ. ياراتقۇچىمىز بولغان خۇدا ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان يارىتىلغۇچى بەندىسىنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ. ئەكسىچە، ئەرشتىكى ئاتىمىز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە باغلىغان ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ.

«سەن قۇلۇڭغا بەرگەن سۆزۈڭنى، يەنى ماڭا ئۈمىد بىغىشلىغان كالامىڭنى ئەسلىگەيسەن.» (زەبۇر119: 49) مانا بۇ دۇئا ئىنتايىن كۈچلۈك دۇئادۇر. ئۇ بۇ دۇئالىرى ئارقىلىق خۇداغا كۆرسەتكەن سەۋەبى شۇكى: بۇلار سىنىڭ سۆزلىرىڭ، سەن چوقۇم ۋەدەڭدە تۇرىسەن. ئەگەر سەن ئۆز ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرمىساڭ، يەنە نىمە ئۈچۈن بۇلارنى دەيسەن؟ سەن ئۆز سۆزلىرىڭ ئارقىلىق ماڭا ئۈمىد بىغىشلاپ، يەنە ساڭا بولغان ئۈمىدىمنىڭ يوققا چىقىشىغا يول قويامسەن؟

بۇلار خۇددى مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغىنىدەك:«ئۇ، خۇدانىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەندى.» (رىملىقلار 4: (21

مۇقەددەس كىتاپتىكى خۇدانىڭ ۋەدىلىرى ناھايىتى ئۇلۇغ، ناھايىتى قىممەتلىك، ئىناۋەتلىك ھەم بىباھا ۋەدىدۇر. (2-پېترۇس 1: 4 قارالسۇن) ئادەملەرنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى بولسا ئاسانلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بىراق پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئەزەلدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويۇپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ باقمىغان.

ئاھ، بىر ئېتىقادچى ئازاب كېچىسى ئەھدە ئىشكىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېلىپ، تاقاقنى ئېلىۋېتىشكە جۇرئەت قىلالمىسا، بۇ نىمە دېگەن ئېچىنارلىق بىچارە ھالەت-ھە! ئۇ ئەسلىدە، خۇددى پەرزەنت ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك

يۈرەكلىك قەدەم ئېلىپ ئۆيگە كىرىشى كېرەك ئىدى.

خۇدانىڭ ھەربىر ۋەدىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بولسىمۇ، خۇدانىڭ ھەقىقتى، خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكى، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى، خۇدانىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. خۇدانىڭ ھەقىقتى كىشىنى ھەرگىز ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكى كىشىنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى كىشىنى ھەرگىز پۇشايمان قىلدۇرمايدۇ. خۇدانىڭ ئەمەلىيتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

## 3-ئاينىڭ 9-كۈنى

**📖«مېنىڭ ئەزىزىم، ئۆتۈنەي سەندىن مەن بىلەن بىرگە لىبانوندىن ئايرىلغىن....تارتىپ،.....غىچە، شىرلارنىڭ ئۆڭكۈرىدىن تاكى يىلپىزلار بار تاققىچە. يۇقىرىدىن. تۆۋەنگە نەزەر كۆزۈڭنى تىكىپ باق» (نەزمىلەرنىڭ نەزمىسى 4: 8)**

ئېغىر بېسىملار ئېتىقادچىلارنىڭ روھى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كام بولسا بولمايدۇ. بۇلار كۆرۈنۈشتە زىددىيەتتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتتۇر. داۋۇت ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە نالە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كەپتەردەك قانىتىم بولسىچۇ كاشكى، ئۇچۇپ بېرىپ ئارامگاھ تاپار ئىدىم. » (زەبۇر 55: 6) گەرچە ئۇنىڭ دۇئالىرى تېخى ئاياغلاشمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ خۇددى ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشقاندەك، ئۆزىگە قانات چىققاندەك تۇيغۇدا بولغان. چۈنكى، ئۇ ئېغىر يۈكتىن بېسىم ھېس قىلماستىن ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا ئاساسەن

باشقىلارغا: «يۈكۈڭنى پەرۋەردىگارغا تاشلاپ قوي، ئۇ سېنى يۆلەيدۇ؛ ئۇ ھەققانىيلارنى ھەرگىز تەۋرەتمەيدۇ.» (زەبۇر55: 22) دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. «يۈك» نى مۇقەددەس كىتاپقا ئاساسەن:"خۇدا بەرگەن نەرسە"دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ . ئەسلىدە ئېتىقادچىلارنىڭ "يۈك"نى خۇدا بەرگەن. "يۈك" بىزنى خۇدانى ساقلاشقا يېتەكلەيدۇ ھەم خۇداغا تايىنىشنى ئۆگىتىدۇ. بىز قاچان خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن قانائەت تاپقاندا، بىزنىڭ "يۈك"ىمىز بىزنى يۇقۇرىغا ئۆرلىتىدىغان قاناتقا ئايلىنىدۇ. بىز ئەنە شۇ ۋاقىتتا بۈركۈتتەك كۆكتە پەرۋاز قىلالايمىز.(يەشايا40: 31)

# 3-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«مەن <ھەققانىي> دېگەن ئادەم، ئېتىقادى بىلەن ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ ئېتىقادىدىن يانسا، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولمايمەن» (ئىبرانىيلار10: 38)**

كۆز بىلەن كۆرۈش ۋە ھېس-تۇيغۇ دائىم ئىشەنچنىڭ ئورنىنى بېسىۋالىدۇ. خۇشال روھىي-ھالەت بىلەن قانائەت تاپقان سەرگۈزەشتە ئېتىقادچىلار تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى بولۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئەمەس. كەلگۈسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان سىناق، زىيانكەشلىك، ئۇرۇش ۋە بەختسىزلىك بىزنى تەربىيلەش ئۈچۈن مۆكۈنۈپ تۇرماقتا. بىز ئەنە شۇ بىر قاتار ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئەگرى-توقاي سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدە، روھىي-كەيپىياتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خۇدانىڭ ئىچىمىزدە ياشاۋاتقانلىقنى ئېتىراپ قىلالايمىز. ئەمما بۇ مۇساپىدە نۇرغۇن ئادەملەر ھېسسىياتقا تايىنىپ، ئىشەنچكە تايانمىغانلىغى ئۈچۈن يېقىلىپ چۈشىدۇ.

بىر قېرىندىشىمىز گۈۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم خۇدا مەندىن ئايرىلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى، رەھىم-شەپقىتى پۈتۈنلەي مېنى تاشلىۋەتكەندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. مەن مۇشۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە ئالتە ھەپتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مەلۇم بىر كۈنى خۇدا ماڭا مۇنداق دېدى: «كەسۈرىن، سەن ھەمىشە سىرتقى ھېسسىياتىڭدىن مېنى ئىزدىگەچكە مېنى تاپالمىدىڭ. بۇ ئالتە ھەپتە ئىچىدە سېنى باشتىن-ئاخىر ئىچىڭدە كۈتتۈم. سەن مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قەلب قەسرىڭنىڭ ئىچىدىكى ھوجرىدىن مېنى ئىزدە، مەن شۇ يەردە» .

ھېسسىيات بىلەن ئەمەلىيەتنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىۋېلىش نەقەدەر خۇشاللىنارلىق ئىش-ھە! ھېسسىيات جەھەتتە يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، غېرىبسىنغان ۋاقتىتا، بىزنىڭ ئىشەنچىمىز مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:«مەن سېنى كۆرەلمىگەن، ھېس قىلالمىغان بولساممۇ، سەن يەنىلا شۇ يەردە. ئىھ رەببىم، سەن باشتىن-ئاخىر مۇشۇ يەردە. گەرچە تىكەنگە ئوت كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تىكەن كۆيمىدى، سەن يەنىلا ئوت يالقۇنىنىڭ ئىچىدىدۇرسەن. مەن چوقۇم ئاياغلىرىمنى سېلىۋېتىشىم كېرەك. چۈنكى، سەن تۇرۇۋاتقان جاي مۇقەددەستۇر.» بىزنىڭ تۇيغۇلىرىمىزغا ۋە باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىمىزگە بولغان ھېسسىياتىمىزدىن، خۇدانىڭ سۆزلىرى ۋە قۇدرەت-كامالىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان ئىشەنچىمىز كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئەيسا مەسىھ بىزنىڭ ئۇل تېشىمىزدۇر. دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ھېس-تۇيغۇ ھەرگىز بىزنىڭ ئۇل تېشىمىز بولالمايدۇ.

بىز چوقۇم ئەيسا مەسىھ ئاللىقاچان تاماملىغان ئىشلارغا زەن قويۇپ قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز ئەيسا مەسىھكە ئىشەنچ باغلاپ، ئۇمىد كېمىمىزنىڭ

جاسارەت يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ، باتۇرلۇق بىلەن دولقۇنلارغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى. ھەرگىزمۇ ئىشەنچسىز پورتقا مۇھەببەت باغلىمايلى. ھەرگىزمۇ قاراڭغۇلۇقتىكى زۇلمەت كارىۋىتىدا ئۇخلاپ ياتمايلى. ھەرگىزمۇ پورتتا توختاپ قالغان يالغۇز كېمىگە ئوخشاش ھېسسىياتىمىزغا ئاساسەن ئېتىقادىمىزدىن تەۋرىنىپ قالمايلى. روھىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىش ھەرگىز ئىشقى مۇھەببەت ئەمەس، شۇنداقلا تېپىز سۇغا بولغان قىزىقىشمۇ ئەمەس. خۇداغا ئىشىنەيلى. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن دېڭىز-ئوكيانلارنى باشقۇرىدىغان خۇدادۇر. شۇڭا بوران-چاپقۇنغا، شىددەتلىك دولقۇنغا قاراپ ئالغا باسايلى. قۇش قانچە ئېگىز ئۇچسا شۇنچە بىخەتەر قېلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا، بىزمۇ داۋاملىق ھېس تۇيغۇمىزغا، مۇھەببىتىمىزگە تايىنىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئەگىشىپ، راھەت پاراغەتنى باغاشلاپ يېتىۋەرسەك ئارىسالدىلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئازدۇرۇلۇش، ئىمانسىزلىق قاتارلىق نەچچە مىڭلىغان تورلۇك قاپقانلارغا چۈشۈپ قېلىپ، ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتىمىز. بۇ خۇددى مۇقەددەس كىتابتا دېيىلگەندەك:«قۇش تۇيۇپ قالغاندا، تۇزاق قويۇش بىكار ئاۋارىچىلىقتۇر.» (پەند-نەسىھەتلەر 1: 17)

# 3-ئاينىڭ 11-كۈنى

**********************

📖«**پەرۋەردىگار خۇدانىڭ خىزمەتچىسى مۇسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار خۇدا مۇسانىڭ ياردەمچىسى، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئاغا كۆرسەتمە بېرىپ: <مېنىڭ خىزمەتچىم مۇسا ئۆلدى. تۇرغىن، خالايىق بىلەن بىللە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكىن.> دېدى» (يەشۇئا 1: 1-2)**

سىز بىرلا ۋاقىتتا دەرت-ئەلەم ۋە ھىجران ئازابىغا دۇچار بولسىڭىز، شۇ ۋاقىتتىكى

تۇنجى ھېسسىياتىڭىز ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئازابلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بىراق، سىز ھەرگىز بۇنداق ئويلىماڭ. سىز ھازىر دەل ھايات-ماماتلىق پەيتتىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە. ئەگەر سىز ھىجران ئازابىدىن قەددىڭىزنى رۇسلاشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، خۇدانىڭ پىلانىغا دەخلى يەتكۈزۈسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھايات ماماتلىق جىددى پەيتتە ئازاب-ئوقۇبەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئازىراقمۇ بىخەستىلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

مەلۇم بىر گېنېرال جەڭ مەيدانىدا، مۇنداق بىر ئازابلىق قىسمەتكە دۇچار بولغان. بۇ گېنېرالنىڭ ئوغلى قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسىرى بولۇپ، ئاتا-بالا ئىككىلىسى جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە قاتنىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھوجۇم باشلىنىپتۇ. گېنېرال باتۇرلۇق بىلەن قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا، تۇيۇقسىز ئۆز قوشۇنىنىڭ قۇربان بولغان بىر ئوفىتسىرىنىڭ جەسىتىنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا ئۆز ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ ھەم قىسقا دەقىقىلىك خىيالدىن كېيىن، ئۆز ئازابلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ، زىممىسىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ جەڭدىكى ھايات-ماماتلىق پەيتتە شەخسىي ئىشلار سەۋەبىدىن چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، سوۋۇپ كەتكەن جەسەتنىڭ لەۋلىرىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن بىرنى سۆيۈپ، ماغدۇرىنى يىغىپ، قوشۇننى باشلاپ ئالغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەگەر، يەشۇ مۇسانىڭ بېشىدا قايغۇرۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ قايغۇرۇپ يىغلاشلىرىغا مۇسا تىرىلىپ قالمايتتى. يەنە قايغۇرۇپ زارلىنىشلار ھەرگىزمۇ بەختنى چاقىرىپ ئەكىلەلمەيتتى. ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىن قايتىپ چىقالماسلىق كىشىنىڭ

كۆكلەپ يارىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. مۇسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خۇدا يەشۇئاغا ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىن قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى تاپىلايدۇ. يەشۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، يۇرۇقلۇققا، كۈچ-قۇدرەتكە، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ناۋادا، بىز ئازاب-ئوقۇبەتكە ئۇچرىغاندا، باشتىن ئاخىر قايغۇرۇپ ئولتۇرساق، خۇددى تۆت ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسىنى بەختسىزلىك ئورىۋالغاندەك ھېس قىلىپ چۈشكۈنلىشىپ، ئاجىزلاپ كېتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازاب-ئوقۇبەتكە باش ئەگمەي، قەددىمىزنى رۇسلاپ، ئالغا باسايلى. شۇ چاغدا، خۇدانىڭ پارلاق نۇرى يولىمىزنى يورۇتىدۇ. بىزمۇ كۈچ-قۇدرەتكە تولۇپ، جاسارەتلىك بولالايمىز.

# 3-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار بىر كېچە-كۈندۈز شەرق شامىلى چىقاردى. تاڭ ئاتقاندا، شامال چېكەتكىلەرنى ئېلىپ كەلدى....شۇڭا، پادىشاھ دەرھال مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ...پەرۋەردىگار شەرق شامىلىنى قاتتىق غەرب بورىنىغا ئايلاندۇرۇپ، چېكەتكىلەرنى قىزىل دېڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. مىسىر دىيارىدا بىر دانىمۇ چېكەتكە قالمىدى.» (مىسىردىن چىقىش10: 13، 16، 19)**

بىز بۇ ئايەتلەردىن، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ شامالدىن پايدىلىنىپ، ئىسرائىللارنى رەھىمسىز، جاھىل مىسىر پادىشاھىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى كۆردۇق. پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھوقۇقى ئارقىلىق ئاخىرقى قېتىم مىسىر

قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرغاندىمۇ يەنىلا شەرق شاملىنى ئىشلەتكەن.(چىقىش14: 21). ئەينى ۋاقىتتا، ئىسرائىللارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك، مۈشكۈل ھالەتتە ئىدى. ئالدىدا كەڭ كەتكەن دېڭىز، كەينىدە قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى، ئىككى تەرىپىدە ئېگىز كەتكەن تاغ چوققىلىرى بولۇپ، قېچىپ قوتۇلۇشتىن ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئىدى. ئىسرائىللار مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەقەت پەرۋەردىگار خۇداغا تايىنىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيتتى. بىراق، پەرۋەردىگارنىڭ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بولسا، ئويلىمىغان يەردىن دەھشەتلىك شەرق شاملى بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دەھشەتلىك شەرق شاملىنىڭ ھۇيقۇتىشىدىن يۈرەكزادە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامالنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدىن توڭلاپ، تىترەپ كەتتى. ئۇلار خۇددى خۇدا ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆلۈشكە قىستاۋاتقاندەك ئاغرىنىشقا باشلىدى. ئۇلار قورقۇپ ئالاقزادە بولغىنىدىن:«بىز ئۆلىدىغان بولدۇق، مىسىرلىقلار قوغلاپ كەلدى!» دەپ پەرياد كۆتۈردى.

مانا مۇشۇنداق ئۈمىد ئۈزۈلگەندە، شان-شەرەپلىك غەلبە يېتىپ كەلدى. قورقۇنچلۇق ھۇيقۇتىۋاتقان شەرق شاملى دولقۇنلارنى پەسەيتىپ، دېڭىزنى قۇرۇتۇپ، ئىسرائىللار ئۆتۈش يول ئاچتى. ئۇلار خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە قوغدىشى بىلەن ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. پۈتۈن بىر كېچە ئەنە شۇنداق شەرق شاملى چىقىپ، سۇلار ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىك تامنى ھاسىل قىلدى.مانا شۇ چاغدا خۇدا ئۆز شان-شەرىپىنى نامايەن قىلدى. تاڭ ئاتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىسرائىل قىرغاققا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، شەرق شاملى ھۇيقۇتۇشتىن توختىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگار خۇدانى مەدھىيلەپ:« ئوت، مۆلدۈر، قار، تۇمان، ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلار جۇدۇنلۇق شامال، ياش ۋە قېرى، ئەر ۋە ئايال

پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى مەدھىيىلىسۇن!» دەپ ناخشا ئېيتىشتى.(زەبۇر148: 8، 12)

«دۈشمەن:<ئۇلارنى قوغلاپ تۇتىمەن> دەپ جار سالدى. <مال-مۈلكىنى ئولجا ئېلىپ، قىلىچلاپ يوقىتىپ دەردىمنى ئالىمەن> دېدى. بىراق، ئۇ چاغدا سەن بوران چىقىرىپ، دېڭىزغا غەرق قىلدىڭ ئۇلارنى.» (مىسىردىن چىقىش 15: 9- 10) قېرىنداشلار، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان قۇتقۇزۇلۇشنى بىز دەل ئىسرائىللارنى قىزىل دېڭىزدىن قۇتقۇزغان شەرق شامىلى دەپ بىلەيلى. بىز كىم ئىدۇق، خۇدانىڭ قۇدرەتلىك كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە غايىبانە سىرلىرىنىڭ چەك چېگرىسىنى ئۆلچىيەلەيدىغان؟! بىز سەۋىر-تاقەتلىك بولۇپ، ھەممە ئىشلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتسەك، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە مېھىر-شەپقىتىنى كۆرەلەيمىز. شۇنداق بولغاندىلا بىز ھامان بىر كۈنى، مۇقەددەس شاگىرتلارغا ئوخشاش خىرۇستال دېڭىز ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇدا بەرگەن چىلتارلار بىلەن خۇدانىڭ خىزمەتكارى مۇسانىڭ ناخشىسىنى ھەم قوزا ھەققىدىكى ناخشىنى ئېيتىش شەرىپىگە ئېرىشەلەيمىز.

«ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا، قىلغانلىرىڭ ئۇلۇغ ۋە كارامەتتۇر.
ئى، پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ پادىشاھى، يوللىرىڭ ئادىل ۋە ھەقتۇر.»(ۋەھىيلەر15: 2)

# 3-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا، قىلغانلىرىڭ ئۇلۇغ ۋە كارامەتتۇر.**
**ئى پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ پادىشاھى، يوللىرىڭ ئادىل ۋە ھەقتۇر.» (ۋەھىيلەر 15: 3)**

ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن سىفورجېن قۇشناچىم مۇنداق دەيدۇ: بىر

كۆنى كەچتە، مەن ئۆزۈم يالغۇز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئارام ئېلىۋاتاتتىم. گەرچە، ئىشخانام ناھايىتى يورۇق بولسىمۇ، لېكىن خۇددى قەلبىمنى بىر قەۋەت قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغاندەك ناھايىتى غۇۋا ھېس قىلدىم. مەن يەنە تېپىلىپ ياربىدار بولسامۇ، خۇدا خۇددى مېنى يۆلىۋالمىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا ئۆز-ئۆزۈمگە: «خۇدا نېمىشقا ئۆز پەرزەنتلىرىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا چوڭقۇر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ماڭىلا يۈكلەپ قويىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا مېنىڭ مۇشۇنداق ئاجىزلاپ كېتىشىمگە يول قويۇپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟» دەپ سوئال قويدۇم.

مەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىغا شۇ ھامان ئېرىشەلىدىم. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ جاۋاب مەندىكى ئالاھىدە بىر ئاۋاز بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى ھاجەتسىز ئىدى. خۇدا قەلبىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئاستا-ئاستا ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

ئىشخانا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. مەن تۇيۇقسىز يېقىملىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئاۋاز خۇددى دېرىزە سىرتىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ناخشا ئاۋازىغا ئوخشايتتى.

بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟ بۇنداق قەھرىتان سوغۇقنىڭ كەچ ۋاقىتلىرىدا بۇ ئاۋازنىڭ قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى بولۇپ قېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. مەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، راستىنلا بايقىدىم. ئەسلىدە، تام مەشىكى ئوتتۇنىڭ كۆچلۈك ئوتتا يالقۇنجاپ كۆيۈشىدىن ئەنە شۇنداق يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى چىققان ئىكەن.

دەل ئاشۇ ۋاقىتتا، مەندە مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولدى: ئېھتىمال ئوتتۇنغا ئايلىنىپ كۆيۈۋاتقان بۇ ئارچا ياغىچى ياپيېشىل باراقسان دەرەخ ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ناخشىچى قۇشلار ئۇنىڭغا ئۇۋۋا سېلىپ، نەغمە قىلىپ، خەندان ئۇرغان ھەمدە بۇ دەرەخ

شىخى بۇ گۈزەل ناخشىلارنى ئۆزىگە يىغىۋېلىپ ساقلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا قېرىغان، شاخلىرىمۇ قاتتىقلىشىپ، قۇرۇشقا باشلىغان. ناخشا ئاۋازىمۇ بۇ شاخلارنىڭ قېرىشىغا ئەگىشىپ، ئاستا-ئاستا ئاۋازىنى يوقۇتۇپ، ئىچىدە پېپچەتلىنىپ قالغان. تاكى كۈچلۈك ئوت يالقۇنى بۇ بادرا ياغاچنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغاندىن كېيىنلا، خۇددى ئۇزۇن مۇددەت قەپەزدە ياتقان بىچارە بۇلبۇل ئازاد قىلىنىپ خەندان ئۇرغاندەك يېقىملىق كۈيىنى باشلىغان.

ئاھ، ئوخشاشلا خۇدامۇ ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئوت يالقۇنلىرىدا بىزنى تاۋلايدۇ ھەمدە يالغۇزلۇق ئىچىدە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆتۈرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا زور تەسەللىيگە ئېرىشەلەيمىز.

ئېھتىمال، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشۇ ئارچا ياغىچىغا ئوخشاش قېرىش، سوغۇق، قاتتىق قىسمەتلەرگە ئۇچرىغانلار بولۇشى مۇمكىن. خۇددى كۈچلۈك ئوتنىڭ بېسىمى بولمىسا، ئارچا ياغىچى ناخشا ئېيتالمىغانغا ئوخشاش، مۈشكۈل بېسىم بولمىسا، بىزمۇ ھەرگىز مەدھىيە ئاۋازلىرىنى چىقىرالمايمىز ئەلۋەتتە.

ئەگەر، كۈچلۈك ئوت يالقۇنلىرى سوغۇق، رەھىمسىز يۈرەكنى ئىللىتالىسا، ئاشۇ ئوت يالقۇنلىرىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىنى كىممۇ ئارزۇلىمىسۇن؟!

## 3-ئاينىڭ 14-كۈنى

**«لېكىن، كىشىلەر يەنىلا يىراقتا تۇرۇشاتتى. پەقەت مۇسالا خۇدانى قورشاپ تۇرغان قارا بۇلۇتنىڭ يېنىغا باردى.» (مىسىردىن چىقىش 20: 21)**

بۇگۈنكى كۈندىمۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى ئەقىل-پاراسەتلىك، دانىشمەن ھېسابلايدىغان كىشىلەرگە ئاشكارىلىمايدىغان مەخپىيىتى بار. ئەمما، سىز بۇنىڭدىن ھەرگىز قورقماڭ. سىز پەقەت چۈشۈنەلمىگەن بارلىق ئىشلارنى خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلسىڭىز، سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ كۈتسىڭىزلا كۇپايە. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوشۇرۇن گۆھەرنى يەنى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلغانلىقىنى بايقايسىز. سىز ھەرگىز ئالدىڭىزدىكى قارا بولۇت ئىچىگە كىرىشتىن قورقماڭ. خۇدا دەل ئاشۇ قارا بولۇتنىڭ ئىچىدە. بۇ دەل ئەلچى پېترۇس ئېيتقاندەك: «سىلەر قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگىنىڭلاردا، ئاجايىپ بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم، دەپ ھەيران بولماڭلار. ئەكسىچە، ئەيسا مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ئورتاق بولغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار....» (1-پېترۇس4: 12)

سىز يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، غېرىپسىنغان ۋاقتىڭىزدا، ئۇ سىزنىڭ كۆڭلۈڭىزنى چۈشىنىدۇ. ئۇ قاراڭغۇ بۇلۇتنىڭ ئىچىدە، سىزنىڭ كىرىپ ئۆزىگە يېقىنلىششىڭىزنى كۈتىۋاتىدۇ.

مەلۇم بىر دوختۇر بىر كۈنى، ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، تاغ باغرىدىكى ئۆتكۈنچى يامغۇرنى كۆزىتىۋېتىپ، بىر بۇركۈتنىڭ تۈكلىرى ھۆل ھالدا قارا بولۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، ئېگىزگە قاراپ ئوقتەك ئۇچقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى پىلىلداپ چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا ئالماسقا ئوخشاش ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. ئەگەر، تاغ باغرىدا يامغۇر ياغمىغان بولسا، ئۇ يەنىلا جىلغىلاردا تۇرغان بولاتتى. ئوخشاشلا، تۇرمۇشتىكى جاپا-مۇشەققەتلەرمۇ بىزنى خۇداغا تېخىمۇ يېقىن قىلىدۇ.

# 3-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ئى ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىللار، گەرچە سىلەر قۇرۇتتەك بولساڭلارمۇ، ھەرگىز قورقماڭلار. سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار مۇقەددەستۇر. ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. قارا! مەن ئاللىقاچان سېنى زىرائەت ئېزىدىغان چىشلىق چاق قىلدىم...» (يەشايا41: 14-15)**

قۇرۇت بىلەن چىشلىق چاقنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ قۇرۇت شۇنچىلىك ئاجىزكى، بىز ئۇنى بىرەر تاش ياكى چاق بىلەن بىر باسساق، ئۇنىڭ شۇ ھامان مىجىقى چىقىپ كېتىدۇ. چىشلىق چاق شۇنچىلىك مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇ ھەتتا تاغ چوققىلىرىنىمۇ پىچەك داندەك ئېزىپ، ئېدىرلىقلارغا تاشلاش قۇدرىتىگە ئىگە (15-ئايەت). بىراق، ھەممىگە قادىر خۇدا قۇرۇتنى ئۆتكۈر چىشلىق چاق قىلىشقا ئىرادە قىلدى. شۇنداق، خۇدا مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم مىللەتنى تاللاپ، مۇقەددەس روھنى ئۇنىڭغا يار قىلىش ئارقىلىق قۇرۇتقا ئوخشاش ئاجىز ئىنساننى چىشلىق چاقتەك مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ، تارىخلاردىن چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇشقا قادىردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرۇتتەك ئاجىز بولغان بىز ئىنسانلار ھەرگىز قورقمايلى. ھەممىگە قادىر خۇدا تۆت ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان قىيىنچىلىق ئارقىلىق بىزنى ئىرادىلىك، باتۇر قىلىشقا قادىردۇر. بىز خۇدانىڭ كۈچ قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنى ئۆزىمىزگە باش ئەگدۈرۈپ، خىزمەت قىلدۇرالايمىز. بىز ھەتتا خالىغانچە ئەتراپىمىزدىكى غۇۋا ئۈمىدسىز شارچىدىن بىرنى تۇتۇپ ئاچساق، ئىچىدىن مېھىر-شەپقەتلىك گۆھەر چىقىدۇ. خۇدا يەنە بىزگە پولاتقا ئوخشاش مۇستەھكەم ئىرادە بېرىشكە قادىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى پىچاقنى چاقلىغانچە

ئىتتىكلەشكەنگە ئوخشاش، بىز ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارمۇ بىزنى پۇلات بىسىغا ئوخشاش ئۆتكۈر قىلىدۇ. خۇدا شۇنداق دەيدۇ: «..... مەن ئاللىقاچان سېنى زىرائەت ئېزىدىغان چىشلىق چاق قىلدىم .....» ئويلاپ بېقىڭ، خۇدانىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالارمۇ؟

مەسىھ ئۆز پادىشاھلىقىنى قۇرۇشتا پۈتۈنلەي يەر يۈزىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان، ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغانلاردىن پايدىلانغان. ئىنسانلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى ساغلاملىق، ئۇتۇق، غەلىبە، يېڭى نەرسىلەردىن ئىبارەت. خۇدانىڭ تاللىغىنى بولسا يەر يۈزىدىكى ئۇتۇقسىزلىق، مەغلۇبىيەت، ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئاجىزلىقلاردۇر. ئەرش پۈتۈنلەي يەر يۈزىدىكى بىچارە، ۋەيران بولغان ھاياتلىق تولانغان جايدۇر. مەسىھ ھېچقاچان زەررىچىلىك زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغان قومۇشتەك ئاجىز كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى ھاياتى ئازاب-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ۋە بېسىمغا ئۇچرىغان كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ مەدھىيە ناخشىلىرى ئارقىلىق ئاجايىپ يارقىن بىر ئوركېستىرنى بەرپا قىلغان. ئۇ يەر يۈزىدىكى مەغلۇبىيەت ئارقىلىق ئەرشنىڭ شان-شەرىپىنى تىكلىگەن.

# 3-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«بۇ ئىشتىن كېيىن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇ يەردىن چىقىپ، لاۋىي ئىسىملىك بىر باجگىرنى كۆردى. ئۇ باج يىغىدىغان جايدا ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا:**

**- ماڭا ئەگەشكىن!- دېدى.**

***لاۋىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىنى تاشلاپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشتى.» (لۇقا 5: 27- 28)***

مەتتانىڭ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىشى ئىنتايىن ئالاھىدە بىر بېغىشلاشتۇر. ئۇ بىر باجگىر. ئۇ پۇل، مال-دۇنيا، ھوقۇق ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگىسى تۇرۇقلۇق ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا ئاددىيلا: «ماڭا ئەگەشكىن!» دېسە، بارلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بۇ نېمە دېگەن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش-ھە!

ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك خىزمەت ياكى يۇقىرى ئىش ھەققى بەرمىدى. ناۋادا، بىزنىڭمۇ مەتتاغا ئوخشاش كۆپ پۇل تاپالايدىغان خىزمىتىمىز بولسا، خىزمىتىمىزنى تاشلاپ، چىن دىلىمىزدىن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشكە رازى بولالارمىدۇق؟ مەتتا ھەقىقەتەن قالتىس كىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن نام-شۆھرىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، كىرىم مەنبەسىنىڭمۇ ئۈزۈلىدىغانلىقىنى، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىپ، كەمسىتىدىغانلىقىدەك ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ناسىرەلىك ئەيساغا ئەگىشىشنى خالىدى. مانا بۇ نېمە دېگەن تەس ئىش-ھە!

ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشى ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. گەرچە، بىر يولدىكى ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق ئەكېلىپ تەنە قىلىپ، مازاق قىلسىمۇ، ئۇ بۇلارنى ئويلاشماستىن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشكە رازى بولدى. ئىنسان ئۈچۈن بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس

ئەلۋەتتە.

ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇچۇن كاتتا زىياپەت بېرىپ (29-ئايەت)، خۇشال-خۇراملىق بىلەن ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشلەرنى كۈتىۋالدى. نۇرغۇن كىشلەر ئەيساغا ئەگىششتە چىشنى چىشىغا چىشلەپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشلەر خۇددى بىرسى بوينىنى باغلاپ سۆرىگەندەك ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشلەر ئازاب-ئوقۇبەت ۋە مۇھتاجلىقتىن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ، رەبكە ئەگىشىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. خۇشال-خۇراملىق بىلەن رەبكە ئەگىشىدىغانلار بولسا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. مەتتا بولسا چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپلا قالماي، يەنە خۇشال-خۇراملىق بىلەن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەن. بۇ نېمە دېگەن ئېسىل ئىش-ھە!

بۈگۈنكى كۈندىمۇ، رەب ئەيسا ئارىمىزدىن مەتتاغا ئوخشاش كىشلەرنى ئۇچرىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# 3-ئاينىڭ 17-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 **«...مەن ساڭا خەۋەر بەرگۈچە ئۇ يەردە تۇر ...» (مەتتا 2: 13)**

ئاھ، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىم، تېنچلانغىن!

سوقۇشلىرىڭ نېمانچە كۈچلۈك. بىلىمەن، مۇھىت قاشالىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەڭ كەتكەن زېمىنلاردا ئۆزۈڭنى نامايەن قىلىپ، خىزمەت قىلغۇڭ كېلىۋاتىدۇ.

خۇدانىڭ كۆڭلىرىڭنى ساڭا ۋاكالىتەن ياخشى ئورۇنلاشتۇردىغانلىقىغا ئىشەنچىڭ بولسۇن، تىنچلانغىن! سىنىڭ بوگۈنكى سەۋر-تاقىتىڭ ۋە تايانچىڭ دەل خۇدانىڭ سىنى كەلگۈسى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن تەييارلاۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

# 3-ئاينىڭ 18-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 ***«ھەزرىتى ئەيسا يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى.» (ماركۇس15: 5)***

مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئىچىدە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆرۈنۈش شۇكى، پۈتۈن دۇنيانى ياراتقان خۇدانىڭ ئۆزىگە بىھۇدە تۆھمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۈن-تىنىسىز زۇۋان سۈرمەسلىكىدۇر. ئۇ خۇدا بولغاندىن كېيىن كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۇلارغا بىر قاراپ قويسا ياكى بىر ئېغىز ئەيىپلەپ قويسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا باش قوياتتى. بىراق ئۇ، كىشىلەر شۇنچىلىك رەزىللىك قىلسىمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ پەقەت ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنىڭ، خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تەييارلىغان قۇربانلىق قوزىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئەگەر بىزدىمۇ ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش مۇشۇنداق ئېغىر-بېسىقلىق بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئېغىر-بېسىقلىقىمىز خۇدانىڭ بىزگە ۋاكالىتەن خىزمەت قىلىشىغا پۇرسەت بېرىپ، بىزگە ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق ئېغىر-بېسىقلىق ئۆزىمىزنىڭ پىلانلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ئۆزىمىزدىكى ئەقىل-پاراسەت ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى توختۇتۇپ، خۇدانىڭ ئۆزى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىغا يول ئاچىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز رەبكە ئوخشاش ئېغىر-بېسىق بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن مەغلۇپ بولىمىز. بىز دائىم خۇدانىڭ

كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئېغىر-بېسىق، سالماق بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزدىكى ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە تايىنىپ غەلبە قىلماقچى بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىگە قادىر خۇداغا شۇنداق نىدا قىلايلىكى: ئى! قۇدرەتلىك خۇدا، بىزگە ئېغىر-بېسىقلىقنى بەرگىن!

# 3-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، سىلەر قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگىنىڭلاردا، ئاجايىپ ئىشقا يولۇققىنى قالدىم، دەپ ھەيران بولماڭلار. ئەكسىچە، ئەيسا مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ئورتاق بولغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار.»** ***(1-پېترۇس4: 12-13)***

داۋۇتنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئۇنىڭ چىلتارنى ئېلىپ، يېقىملىق مۇزىكىلارنى چېلىپ، مەدھىيە ۋە تەشەككۈر ناخشىلارنى ئېيتىشىغا تۈرتكە بولغان(يەشەيا51: 3 قارالسۇن). ئۇ ئېيتقان زەبۇر مۇناجاتلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر يەر يۈزىدىكى نۇرغۇن ئىشەنچى ئاجىزلاشقان، چۈشكۈنلەشكەن ئېتىقادچىلارغا ئىلھام بەخش ياردەم بېرىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت خۇشال-خۇرام بولۇشقا چاقىرماقتا.

زادى قانداق نەرسە يىشايىنىڭ ئوغلىنى روھىي جەھەتتە ئۇلۇغ بىر سەنئەتكار قىلىپ چىقالىدى؟ دۈشمەنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكىرەشلىرى ئۇنى خۇداغا ئىلتىجا قىلغۇزسا، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاستىدىكى ئامانلىق، مول مېھىر-شەپقەت ئۇنى مەدھىيە ۋە شۈكرى ئېيتقۇزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر قېتىملىق ئازاپ ئوقۇبەت ۋە

قىيىنچىلىق ئۇنىڭ ئېتىقادىغا كۈچ قوشسا، خۇدانىڭ ھەر بىر مەرھەمىتى يېڭى بىر مەدھىيە ئېيتىشقا بەت ئاچتى.

بىر قېتىملىق ئازاپ-ئوقۇبەتتىن يوشۇرۇنۇش، بىر قېتىملىق بەخت-سائادەتتىن مەھرۇم قالغانلىقتۇر. بىر قېتىملىق خېيىم-خەتەردىن يىراقلىشىش، بىر قېتىملىق شان-شەرەپنى يوقىتىش دېگەنلىكتۇر.كۆنلىرى ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە ئۆتكەن كىشى ئەزەلدىن خۇداغا تايىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ ھەم مەدھىيە ناخشىلىرىنىمۇ ئېيتالمايدۇ.

ئەگەر، بىز روھىيەتتىكى ئاجايىپ بىر سىرنى كۆپرەك چۈشىنەلىگەن بولساق، ھەرگىزمۇ ئالدىمىزدا بىزنى ساقلاپ تۇرغان جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمىغان، ئەنسىرمىگەن بولاتتۇق. چۈنكى، بىز ناھايىتى قىممەتلىك بىلىملەرنى ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىق ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدىلا ئۆگىنەلەيمىز.

«ئۇ مېنى ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، ئۆز خىزمىتىگە تەيىنلىدى.» (1-تىموتىي1: 12)

# 3-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«قايغۇ-ئەلەمدە بولساقمۇ، ھەمىشە شاد-خۇرامىز. » (2-كورىنتلىقلار6: 10)**

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، ئازاب-ئوقۇبەتتىن ئەس-ھۇشىمىزنى يوقىتىمىز. دەرت-ئەلەمدىن پىچاق سۆڭەككە يېتىپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ خورلاشلىرى، ھاقارەتلىرى چەكتىن ئېشىپ، يۈرىكىمىز پارە-پارە بولاي دېگەندە تەبىئي ھالدا پۇرسەت ئىزدەپ، قانغۇدەك

يىغلاپ، ئىچىمىزنى بوشىتىۋالغۇدەك بىرەر جايغا ئىنتىزار بولىمىز. بىراق، ئازاب-ئوقۇبەتنى يەڭگىللەتكىلى بولىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر چارە بار.

دېڭىزچى خاسىيەتلىك بۇلاقنى ئاچچىق ھەم تۇزلۇق دېڭىزدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ساياھەتچى ئەڭ گۈزەل گۈلنى چەت ياقىلاردىن، تاغ يوللىرىدىكى تىك قىيالاردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. روھىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن كىشى قىممەتلىك مەدھىيە مۇناجاتلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە يېزىلىپ چىققانلىقىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئاتىسى بولغان خۇداغا مەدھىيە ئوقۇيلى. سىناقلار قانچە چوڭقۇر بولسا، بىزدىكى مەدھىيە ئاۋازلىرىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھاياتىڭىزدا مانا شۇنداق دەرسلىكنى ئۆگەنگەنمىدىڭىز؟ بىز پەقەت، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە سەۋر-تاقەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى تاللايلى. خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلايلى ھەمدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن مەدھىيە ئوقۇپ قارشى ئالايلى.

## 3-ئاينىڭ 21-كۈنى

***«......................ئىشەنگىنىڭلاردەك بولسۇن.» (مەتتا9: 29)***

مۇكەممەل دۇئا قىلىش دېگەنلىك پۈتۈن ئىشەنچى بىلەن دۇئا قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىز دۇئا قىلىشتىن ئىلگىرى ئىشەنچىمىز بىزنى دۇئالىرىمىز

ئاللىقاچان ئىجابەتكە ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا ئەكەلسە، گەرچە بىز دۇئا قىلىۋاتقان ئىشلار تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، بىز ئاللىقاچان تىلەكلىرىمىزگە يەتكەندەك بولىمىز.

بىز چوقۇم دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ خۇدانىڭ ۋەدىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقاچان ئەمەلىيەتكە، مۇھىتقا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىگە باغلىغان ئىشەنچىمىزگە ئاساسەن تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ.

مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغاندەك: «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولدى.» (يارىتىلىش1: 9)

# 3-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«قىرىق يىلدىن كېيىن، مۇسا پەيغەمبەرگە سىناي تېغىنىڭ يېنىدىكى چۆلدە كۆيۈۋاتقان تىكەنلىكنىڭ ئوت يالقۇنىدا بىر پەرىشتە كۆرۈندى...خۇدا ئۇنىڭغا: <مەن مىسىردىكى بەندىلىرىمنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ھەقىقەتەن ئاڭلىدىم. شۇڭا، مەن ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى چۈشتۈم. ئەمدى بارغىن. مەن سېنى مىسىرغا ئەۋەتەي!> دېدى.» *(ئەلچىلەر 7: 31، 34)***

مۇھىم بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى نەقەدەر ئۇزۇن كۈتۈش ۋە تەييارلىقلار زۆرۈر بولغان-ھە! گەرچە، خۇدانىڭ پىلانلىرى كىچىككەن بولسىمۇ، ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قىلىنغان ئەمەس. خۇدا ئۆزى تاللىغان كىشلەرنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەلىم-تەربىيەلەر بىلەن تەييار قىلىدۇ ھەمدە ئۆزى ئىرادە قىلغان ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە چاقىرىدۇ. بۇ خۇددى ناسىرەلىك ئەيسا تەييارلىق ئىچىدە ئوتتۇز يىل ياشاپ، ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، خۇدانىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، مۇكەممەللەشكەندىلا ئاندىن خىزمىتىنى باشلىغانغا ئوخشايدۇ.

خۇدا ئىش قىلغاندا ھەرگىز قىزىققانلىق قىلمايدۇ. ئۇ چوقۇم مۇھىم ئىشلارغا قويماقچى بولغان كىشلەرنى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەييارلايدۇ. ئۇ ھېچقاچان تەييارلىق قىلغان ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى ياكى كۈنلەر بەك مەنىسىز، دەپ ئويلىمايدۇ.

ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەردە كىشىنى ئەڭ قىينايدىغىنى ۋاقىتتۇر. بىر مەزگىللىك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرمەك بىر قەدەر ئاسان. بىراق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتنى قوبۇل قىلماق ھەم باشتىن كەچۈرمەك ئىنتايىن مۈشكۈل ئىشتۇر. بەزى چاغلاردا، بىزنى قورشاپ تۇرغان ئازاب-ئوقۇبەت ۋە مۈشكۈلاتلارنىڭ سانىنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كۈن، ئايلار، يىللار بىر-بىرىگە ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا ئۆتۈۋېرىدۇ. بىز ھېچقاچان بۇ مۈشكۈلاتلار يېنىكلىگەندەك، يىراقلاشقاندەك ھېس قىلمايمىز. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا، بىزنىڭ كۈچ-ماغدۇرىمىز ئاجىزلىشىدۇ. ئەگەر، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىزگە يار بولمىغان بولسا، بىز چوقۇم ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ، چۈشكۈنلەشكەن بولاتتۇق. يۈسۈپمۇ ئۇزۇن

مەزگىل ئېغىر سىناققا دۇچار بولغان كىشىدۇر. خۇدانىڭ ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ قانداق ئادەم بولۇپ چىقتى؟! خۇدا ھەمىشە ئەڭ ئېغىر مۇشكۈلاتلار، ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق بىزگە ساۋاق بېرىدۇ. خۇددى مالاكى سۈرىسىدە ئېيتىلغاندەك: «ئۇنىڭ ئورنى تاۋلىنىپ ساپلاشقان كۈمۈش تەختتۇر .» (مالاكى 3: 3) ئۇستا زەرگەر ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. گەرچە، بىز ھازىر خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسىنى ۋە شان-شەرەپلىك غەلبە مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، ئېتىقادىمىزغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، خۇدا ھېچقاچان خاتالاشمايدۇ. بۇ خۇددى مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغاندەك: «خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلارنىڭ ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ ھاياتىدا مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بەرسۇن، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەممىنى شۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز.» (رىملىقلار8: 28) بىزمۇ يۈسۈپكە ئوخشاش خۇدانىڭ «جاپا-مۇشەققەت مەكتىپى» دە بارلىق دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىپ چىقىمىز. بۇ مەكتەپتە، ھەربىر دەرسلىك چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم دەرسلىكتۇر. بىز ئاشۇ دەرسلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ، لاياقەتلىك بولغاندا تەبئىي ھالدا قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ناۋادا، بىز ھېچقانداق ئېغىر سىناقلار ۋە چوڭقۇر تەلىم-تەربىيە بىلەن تەربىيىلەنمىسەك، بىزنىڭ چوڭ ئىش مەيدانلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىمىزگە ئالالىشىمىزدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك قېرىنداشلار، خۇدا ھازىر بىزنى كەلگۈسىدە خۇدا ئۈچۈن تېخىمۇ زور خىزمەتلەرنى قىلالىشىمىز، زور بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشەلىشىمىز ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتىدۇ. ئەگەر، مۇشۇ جەريانلاردا خۇدا تەييارلىغان تەختتە ئولتۇرۇش

سالاھىيتىگە ئىگە بولالىساق، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيمىز. ئۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق بىر نەرسە بىزنى توسالمايدۇ. بىراق، بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلايلىكى، ھەرگىز خۇدانىڭ قولىدىن ئەتىنى تارتىۋالمايلى. خۇدا ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن يېتەرلىك ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، بىزنى تەربىيلەيدۇ. ئۇ ئۆزى ھەرگىز كېچىكمەيدۇ. بىز سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالايلى. سائەتنىڭ مىنۇت، سىكۇنت ستىرېلكىسى بىردەكلىككە ئىگە بولغاندەك، ئالدىراقسانلىق قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەتمەي، ئۇنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈشنى، ئۇنىڭغا ئەگىششنى ئۆگىنىۋالايلى.

## 3-ئاينىڭ 23-كۈنى

**_«......ئۇلار جەڭ قىلغاندا، ئېرىشكەن ئولجىلارنى مۇقەددەس قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.» (1-تارىخنامە26: 27)_**

ماددىلاردىكى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى يەر ئاستىدىكى كۆمۈرگە يىغىلغان. كۆمۈر بولسا قەدىمقى زامانلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بېسىلىشىدىن، كۆيۈشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئوخشاشلا، روھقا تەۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ روھىمىزغا مۇجەسسەملەشكەن. روھ قانچىكى ئېغىر سىناقلارنى، جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە، كۈچ-قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىراق، بىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ سىناق ۋە جەڭلەردىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ھەرگىز چۈشىنەلمەيمىز.

بىز ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىز باشتىن كەچۈرگەن سىناقلار، جەڭلەردىن ئېرىشكەن تەجرىبە-ساۋاقلار ئارقىلىق باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم بېرەلەيمىز. دەل ئەنە شۇ

چاغدا، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئېغىر-سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىمىزنى چۈشىنەلەيمىز. بىراق، بىز شۇنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەككى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئالدىنقى شەرت، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىمىز جاپا-مۇشەققەتتىن غەلبە قىلىشتۇر. جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆزىمىز ھەممىدىن نارازى بولۇپ ئاغرىنساق، باشقىلارغا ھېچبىر پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيمىز.

پاۋلۇسنىڭ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئېلىپ بارغىنى ئۆزىنىڭ قەبرىسى بولماستىن، بەلكى غەلبە قىلغاندىكى مەدھىيەسىدۇر. ئۇ ئۇچرىغان سىناقلار قانچە ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچى ۋە تەنتەنىسىمۇ شۇنچە يۇقۇرى بولدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن ئىسسىق قېنىمنى سىلەرنىڭ بۇ قۇربانلىقىڭلار ئۈستىگە چاچسام، يەنى سىلەر ئۈچۈن ئۆلسەم، خۇرسەن بولىمەن ھەممە سىلەر بىلەن بىللە شادلىققا چۆمىمەن.» (فىلىپىلىكلەر2: 17)

"ئى رەب، بىزگە ياردەم قىلىپ، بېشىمىزغا كەلگەن ھەربىر ئىشلاردا كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەيسەن! ئېغىر سىناق ۋە مۈشكۈل كۈنلەردىمۇ مەدھىيە ئوقۇپ، داۋاملىق خۇشال-خۇرام بولالىشىمىز ئۈچۈن، سەۋىر-تاقەت ۋە مۇقەددەس ئىماننى بەرگەيسەن! (يەر يۈزىدىكى ئەرشكە تەۋە ھاياتلىق) دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. "

# 3-ئاينىڭ 24-كۈنى

📖«ياقۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

**ئى بوۋام ئىبراھىم بىلەن ئاتام ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن! ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى يۇرتۇمغا ھەمدە تۇغقانلىرىمنىڭ يېنىغا قايتىشقا بۇيرىغان ۋە ھەممە ئىشلىرىمنى ئوڭ قىلىپ بېرىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ ......مېنى قۇتقۇزغايسەن.» (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى32: 9، 11)**

بىز بۇ دۇئالاردىكى بىر قانچە نوقتىدىن، ئازاب-ئوقۇبەت ۋە خېيىم-خەتەر ئىچىدە خۇداغا قانداق دۇئا تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

ياقۇپ دەسلەپتىلا، خۇدانىڭ ۋەدىسىنى چىڭ تۇتۇپ، خۇدانى ئەسكەرتىپ «ئى بوۋام ئىبراھىم بىلەن ئاتام ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن!.....» دەيدۇ. ئۇ دەل مانا مۇشۇنداق ئىككى قېتىم خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالىدۇ. (9-12 ئايەتلەر) ئەسلىدە خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىسى دەل ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن پۇرستى ھەم باھانىسىدۇر. بىز بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىز قايسى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا: «سەن ئېيتقانىدىڭ....» دېسەك، ئۇ ھەرگىز «ياق» دېمەيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن بىزنىڭ تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ. ھەتتا ھىرود خان لەۋزىدە تۇرغان يەردە، ئەجىبا يەككە-يىگانە ئۇلۇغ خۇدا لەۋزىدە تۇرماسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دۇئا قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئۈستىدە چىڭ تۇرايلى. بىز مۇشۇنداق قىلغاندا، ئەرشنىڭ ئاچقۇچىنى ئالالايمىز ھەمدە زور كۈچ-قۇدرەتكە تولۇپ، تىلىگەن نەرسىلىرىمىزگە ئېرىشەلەيمىز.

رەب ئەيسا بىزنىڭ ئوي-پىكرىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن

دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەربىر قىيىنچىلىقتا، سىناقلارغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ مۇنداق سورايدۇ: «مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» (ماركوس10: 51) ئەگەر سىز ئوچۇق بىر جاۋابقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىسىڭىز، چوقۇم ئوچۇق دۇئا قىلىشىڭىز كېرەك. مەقسەت-مۇددىئاسىز (چۈشىنىكسىز) قىلىنغان دۇئانىڭ جاۋابى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز دۇئا قىلغاندا، ئوي-پىكرىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ. سىزنىڭ دۇئا چېكىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى سان ئوچۇق بولسا ھەم ئەرش بانكىسىدا رەب ئەيسانىڭ ئىمزاسى چۈشسە، ئاندىن سىز ئۆزىڭىز تەلەپ قىلغان نەق پۇلغا ئېرىشەلەيسىز.

خەۋىرگال خانىم (Havergal) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھايات مۇساپەمنىڭ ھەربىر يىلىدا، ھەربىر كۈنىدە، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئامانلىقى، خۇشال-خۇراملىقى ۋە قابىلىيەتلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ باشقا سەۋەب ئەمەس، دەل خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسەك، چوقۇم ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ۋە ۋاقتىنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز ۋە ئالماشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.»

پەقەت مەسىھنىڭ سۆزلىرى ــــ مەسىھنىڭ ۋەدىسى ۋە مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىنى كۆتىرىپ چىققاندىلا، ئەرشتىكى ھەربىر بەخت-سائادەت بىزگە قۇچاق ئاچماي قالمايدۇ.

# 3-ئاينىڭ 25-كۈنى

**📖«بىر كەمبەغەل تۇل ئايالمۇ كىلىپ، بىرنەچچە تىيىنلىق قىممىتىدىكى ئىككى تەڭگىنى تاشلىدى. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:**

**- بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ نامرات تۇل ئايالنىڭ ئىئانىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەممەيلەننىڭكىدىن كۆپ. چۈنكى، باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشقان بايلىقلىرىدىن ئىئانە قىلدى. لېكىن، بۇ ئايال نامرات تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ بار-يوقىنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھەممە نەرسىسىنى ئىئانە قىلدى.» (ماركوس12: 42-44)**

بىر نەچچە تىيىنلا قىممىتىدىكى بۇ ئىككى تەڭگە گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، بىراق بۇ تۇل ئايالنىڭ بار يوق پۇلى ئىدى. ئۇ بىر تۇل ئايال. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئوغلى ھەتتا ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم قىلىدىغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ بارلىق تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا ئىئانە قىلىۋەتتى. بۇ بىر ئەخمەقلىقمۇ قانداق؟ ناۋادا، بىز شۇنداق ئەھۋالدا بولغان بولساق، ھەرگىز بۇنداق قىلمىغان بولاتتۇق. چۈنكى، خۇدانىڭ خەزىنىسىگە ھەرگىز ئىككى تەڭگە كەملەپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىشكە تىگىشلىكى پۈتۈن بايلىقنىڭ ئوندىن بىرى، بار تەئەللۇقاتىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر ئىئانە، ھەرگىز تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ئەمەس. ئۇنداقتا، ئۇ نىمە ئۈچۈن بۇ ئىككى تەڭگىسىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك ئوزۇق تۈلۈكى ئۈچۈن ئىشلەتمەيدۇ؟ بىراق، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئۆزىدە بار-يوقىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىۋەتتى. ئۇ كەلگەن ۋاقتىدا شۇنداق نامرات ئىدى. قايتقان ۋاقتىدا تېخىمۇ نامرات قايتتى.

ئۇ راستتىنلا شۇنداق ئەخمەقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەقىل-پاراستىمىزنى ئۇنىڭ ئەخمەقلىكىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ تېخىمۇ ئەخمەقلىقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بىلىدۇ. ئۇ ساناقلىقلا ئىككى تەڭگە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇداغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇ بۇ ئىشى ئارقىلىق ئاچ قېلىپ ئۆلۈشكە رازى بولدىكى، خۇداغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتە كەينىدە قېلىشنى خالىمىدى. ئۇ خۇدانىڭ ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىپ سۆيۈشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلىدى. ئۇ خۇدانى ئۆزىنىڭ سۆيۈش ئۇبيېكتى قىلىپ تاللىۋالدى. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ يالغۇز تۇل ھاياتىدا ئۆزىنى نامرات ھەم يالغۇز ھېس قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇ ئۆزىدە بار-يوق بولغان ئىككى تەڭگىسىنى ئىئانە قىلغاندا ھېچكىمگە جاكارلىمىدى. ئۇ بۇ جايدىن ئۈن-تىنسىز ئايرىلدى. كىشىلەر ئۇنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمىدى. بىراق خۇدانىڭ ئوغلى رەب ئەيسا ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بايلارنىڭ ئىئانە قىلغان كۈمۈش تەڭگىلىرىنى ماختىمىدى. ئەكسىچە، تۇل كەمبەغەل ئايالنىڭ ئىككى تەڭگىسىنى ماختىدى. خۇدانىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش باھاسىز گۆھەردۇر. خۇدانىڭ ماختىشىغا ئالتۇن-كۈمۈش بېرىپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى مېھىر-مۇھاببەت بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. گەرچە مۇقەددەس كىتاپتا ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىم بۇ ئىش تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەمەس بەلكى ئۇ قىلغان ئىشلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالىمىز. بۇ، «مەريەم» نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا دەرھال خۇشپۇراق، قىممەتلىك ئەتىر بىلەن ئەيسا مەسىھنى ئەتىرلىگەن ئايالنى ئەسكە ئالغىنىمىزغا ئوخشاشتۇر .بىراق نام-نىشانى ئېنىق بولمىغان بۇ ئايالغا نىسبەتەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كۆز

يومغىلى بولمايدۇ. رەبمۇ بىز ئېتىقادچىلارنى ئاشۇ ئايالدىن ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرغان. گەرچە يەر-يۈزىدە ئۇ نامسىز بىر تۇل ئايال بولسىمۇ، ئەمما ئەرشتە ئۇلۇغ شان-شەرەپكە ۋە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگىدۇر.

ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئايال ئىكەن. پەقەت ئىككى تەڭگىسگە خۇدانىڭ ماختىشىنى تېگىشىۋالدى، شۇنداقلا خۇدانىڭ مەدھىيىسىگە، ھۆرمىتىگە ۋە شان-شەرەپلىك ئورۇنغا ئېرىشتى. مانا بۇ دۇنيا مىقياسىدىكى پايدىسى ئەڭ زور سودىدۇر.

# 3-ئاينىڭ 26-كۈنى

**📖«سىمون ئىسىملىك بىر كىشى يېزىدىن كېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى......لەشكەرلەر ھەزرىتى ئەيسا يۈدۈپ ماڭغان كرېستنى بۇ ئادەمگە مەجبۇرى كۆتۈرگۈزدى.» (ماركۇس 15: 21)**

پەرىشتىلەر، شەيتانلار ۋە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا، پۈتۈن دۇنيانى ياراتقان خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ، گولگوتا دېگەن جايغا بارماقچى. ئۇ باغچىدا بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. بىر قانچە قېتىم سوتلاندى. تىكەنلىك تاج تاقاپ، پىشانىسىدىن قان تامچىدى يەنە قامچىلاندى. مۇشۇنچىۋالا تالاپەت تارتىپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدا يەنە ئېغىر كرېست جازىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇدەك كۈچ-ماغدۇر نېمە قىلسۇن؟ ئىنسانلار نېمىدىگەن رەھىمسىز-ھە! ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئازاپ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى چۆشىنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان

بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن شاگىرتلارمۇ مۇشۇنداق قىلدى. پەقەت سىمۇن ئىسىملىك بىر كىشى باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ، بىر بۆلەك يولنى بېسىشىپ بەردى. ئۇنداقتا، بۇ سىمۇن زادى كىم؟

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىر تۇققان قېرىندىشى سىمۇنمۇ؟ ياق، بۇ ۋاقىتتا ئۇ تېخى ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلمىغانىدى. ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن زىياپەت بەرگەن پەرىسىي سىمۇنمۇ؟ ياق، ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئەيساغا زىياپەت بەرگەن. ئۇ ھەرگىز باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغان ئەيساغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. ئۇنداقتا، ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەيتانىيالىق سىمۇنمۇ؟ ياق، ئۇ پەقەت ئۆيىدىلا رەبنى كۈتىۋالغان. ئۇنداقتا، ئون ئىككى شاگىرت ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر سىمۇنمۇ؟ ياق، بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ قەيەرگە قېچىپ، نەگە مۆكىنىۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنداقتا، رەب بىلەن تەڭ ئۆلۆشكە رازى بولغان سىمۇن پېترۇسمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئەمەس. ئۇ ھەتتا بىر دېدەكنىڭ ئالدىدا رەبتىن تانغان تۇرسا، پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ رەبكە ۋاكالىتەن كرېست كۆتۈرۈپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئۇنداقتا زادى قايسى سىمۇن؟ ئەلۋەتتە، رەب بىلەن ھېچبىر تۇققاندارچىلىقى، دوستلۇقى، شاگىرت-ئۇستاز مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان كىرىنىيىلىك سىمۇندۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئاشۇ سىمۇنلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز. گەرچە، بىز خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى قوبۇل قىلغان، مېھىر-مۇھەببىتىدىن بەھرىمان بولغان، تەلىم-تەربىيىسىنى ئاڭلاپ، مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، خۇدا ئۈچۈن كرېستىمىزنى كۆتۈرۈپ ماڭالمىدۇق. كرېست بىزگە يېقىنلاشقاندا، بىز قورققىنىمىزدىن

ھۇدۇقۇپ، نەگە مۈكۈشنى بىلمەي قالدۇق..............

سىمۇن دەسلەپتە كۈتۈرۈشنى خالىمايدۇ. بىراق رەبكە قارىغىنىدا، خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، رەبنىڭ كرېستتىنى كۈتۈرۈپ مېڭىشقا رازى بولىدۇ. ئۇنىڭ سەرپ قىلغان كۈچى ھەرگىز بىھۇدە بولمىدى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ خۇداغا ئىشەنگەن. ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا شان-شەرەپ ئىچىدىدۇر. پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسكەندەر بىلەن رۇفۇس ھەتتا ئۇنىڭ ئايالىمۇ خۇدانىڭ ساداقەتمەن شاگىرتلىرىدىن بولۇپ قالغان.

# 3-ئاينىڭ 27-كۈنى

📖«مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلدىم.» *(2-تىموتىي4: 7)*

دۇنيا ئەزەلدىنلا بىر چوڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ، ئۇ ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى جەڭچىدۇر. بۇ جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى نام-ئابرۇي ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، بەزىلىرى مال-دۇنيا ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى تىرىكچىلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، يەنە بەزىلىرى گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بەزىلىرى ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، يەنە بەزىلىرى بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. پاۋلۇسمۇ بۇ جەڭچىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ : «مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلدىم» دەيدۇ.

ئۇ نىمە ئۈچۈن ئۆزىنى" خۇدا يولىدا ئاغىرغىچە كۈرەش قىلدىم،"- دەيدۇ؟

بىرىنچىدىن، پاۋلۇس ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغان. ئىنسانلارنىڭ كۆرىشى شەخسىي ياكى بىرەر تەشكىلاتنىڭ پايدا مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ.

بىراق، ئۇ ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ كۈرەش نىشانى ۋە مەقسىدى نېمە دېگەن ئالىجاناپ، نېمە دېگەن گۈزەل- ھە!

ئىككىنچىدىن: پاۋلۇسنىڭ كۆرىشى مۇتلەق غەلبە قىلىدىغان كۆرەش. ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ غەلبە قىلىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆرىشىدە يېڭىش ۋە يېڭىلىش بولىدۇ، ئەمما پاۋلۇس ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھكە تايىنىپ غەلبە قازىنىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ. ئۆزىگە تايانغاندا مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەردۇر. مەسىھكە تايانغاندا، غەلبە ھەرۋاقىت ياردۇر. پاۋلۇسنىڭ كۆرەش نەتىجىسى ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئۈچىنچىدىن: جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇدا ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەققانىيەت تاجى، شان-شەرەپ تەختتى ۋە ئەرشتىكى ھوقۇقنىڭ تۆمۈر ھاسىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئىنسانلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ ئېرىشكەن ئولجىلار ۋە نام-شۆھرەت، تەشەككۈرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىقتۇر. شۇنداقلا، ئۇلار ھېچقاچان كىشىنىڭ قەلبىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. پەقەت خۇدادىن كەلگەن شان-شەرەپلا مەڭگۈلۈك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئادەم قەلبى ھەقىقى قانائەت تاپىدۇ. پاۋلۇس قىلغان كۆرەشنىڭ نەتىجىسى نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك-ھە!

# 3-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگار خۇدا ئىكىلگەن روھانىيلار ئەھدە ساندۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىئوردان دەرياسىغا قەدەم باسسۇن، ئۇلار سۇغا قەدەم بېسىشى بىلەنلا دەريا سۈيى شۇ ھامان توختاپ، ئېگىز ئىگىلىنىپ تۇرىدۇ.» (يەشۇ 3: 13)**

باتۇر لاۋىيلار! كىم ئۇلارنىڭ باتۇرلىقىغا قايىل بولماي تۇرالىسۇن، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ قەدەم ئېلىش ئۈچۈن نەقەدەر زور جۈرئەت كېتىدۇ-ھە! خۇدامۇ ئۇلارغا ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ياكى ۋەدە بېرىپ يۈرمىدى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە قاراپ تۇردى. خۇدانىڭ نەزىرىدە ئىشەنچ ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ئاساسسىز ئىشەنچ ئىنتايىن مۇھىم. سىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: نۇرغۇن كىشىلەر لاۋىيلارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، سۇغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەلكى جىددىيلەشكىنىدىن: «ئەگەر مەن بولسام ھەرگىز بۇنداق ئەخمىقانە قوربان بەرمىگەن بولاتتىم. بۇنداق قىلىش نېمە دېگەن خەتەرلىك » دېيىشكەن بۇلۇشى مۇمكىن. بىراق، ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك خەتەرلىك بولمىدى، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار سۇغا قەدەم ئېلىشى بىلەنلا دەريا سۈيى توختاپ، قۇرۇق يول پەيدا بولدى(17-ئايەت). بىز ھەرگىز ئىشەنچكە سەل قارىمايلى. بىزنىڭ ئىشەنچىمىز خۇدانىڭ پىلانلىرىنىڭ نەتىنجىلىك ئورۇندۇلىشىغا ياردەم بىرەلەيدۇ. «....كېلىڭلار پەرۋەردىگار خۇداغا ياردەم قىلايلى» (ھاكىملار5: 23).

ئىشەنچ خۇداغا ياردەم قىلىدۇ. ئىشەنچ خۇدانى چاقىرىپ، شىرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى يەملۇۋېتەلەيدۇ. ئىشەنچ خۇدانى چاقىرىپ، ئوت يالقۇنى ئارقىلىق يامانلىق ئۇستىدىن

غەلبە قىلغۇزىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئىشەنچى بولمىسا، خۇدا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. خۇدا ھەرۋاقىت ھەممىگە قادىردۇر. بىراق، كىشىلەر ئىشەنچىنى يوقاتسا، خۇدا شان-شەرەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. شىرلارنىڭ ئېغىزىنى يەملەپ، ئۇنى بىر كۈن ئاچ قويۇش ۋە ئوت يالقۇنى ئارقىلىق ئىمانسىزلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، كائىناتتا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش، خۇداغا نىسبەتەن ئالاھىدە قىززىق بىر ئويۇن ئەمەس. خۇدا پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچىسگە ئاساسەن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەندە، ئاندىن دارىئۇس ۋە نىبۇقادنەسارلەر مەدھىيە ئېيتالايدۇ. ئىشەنچ خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، خۇدا ئىشەنچكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ھەقىقىي ئىشەنچ خۇدانىڭ ۋەدىسى ئارقىلىق قانائەتلىنىدۇ.ئۇ مەيلى قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىسۇن، خۇدا ئۆزىنىڭ ۋاقىت-سائىتىگە ئاساسەن مۇۋاپىق كۆرگەن ۋاقىتتا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئى بۇگۈنكى مېھىر-شەپقەت ئاستىدىكى لاۋىيلار، بىزمۇ ئاساسسىز ئىشەنچىمىزگە تايىنىپ خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئالغا باسايلى. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ كۈتۈرۈپ ماڭغىنىمىز خۇدانىڭ جەسەت ساندۇقى ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھايات خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىدۇر. شۇڭا، خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتقان، ئۆركەشلەۋاتقان تىز ئېقىنغا قەدەم ئالايلى.

باتۇر روھىي-ھالەت ئەلچىلەر زامانىسىدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئەگەر بىز خۇدا ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ھەم خۇدانىڭ ئەڭ چوڭ بۇيرىقىغا ئېرىشىشنى ئويلايدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىزدە چوقۇم تەۋرەنمەس ئىشەنچ

ۋە تولۇپ-تاشقان جاسارەت بولۇشى كېرەك.

ئەگەر، بىز خۇدا بىلەن بىرلىششنى بىتەرەپلىمە ئويلاپ، ئۇنىڭدىن تەبىئەت كۈچىدىن ھالقىغان، ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلساق، ئۇنداقتا سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،" كۆپ ئېرىشىش ئاز ئېرىششتىن ئاسان".

يۈرەكلىك بىلەن خۇدانىڭ ئەھدىسىدە چىڭ تۇرۇش، قورقۇنچاقلىق بىلەن سۇغا كىرمەي دېڭىز قىرغىقىدا تۇرۇشتىن ئاساندۇر.

ئىشەنچ-خۇدانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. مۇكەممەل چوڭقۇر ئىشەنچ بولسا-كىشىنى ھەممىنى قىلالايدىغان جاسارەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۈگۈن بىز خۇداغا ۋاكالىتەن چوڭ ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىشىمىز كېرەك.

# 3-ئاينىڭ 29-كۈنى

📖«دالىلاردىكى ياۋا گۈللەرنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» (مەتتا6: 28)

قەدىمقى زاماندا، بىر مۇناخ بولۇپ، ئۇ بىر تۈپ زەيتۇن دەرىخى تىكىپتۇ. ئۇ دۇئا قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئى خۇدا، مېنىڭ سۆيۈملۈك كۆچىتىم سۇغا مۇھتاج. ئۇنىڭ يۇمران يىلتىزلىرىنىڭ سۇغا قېنىپ، باراقسان كۆكلىيەلىشى ئۈچۈن ئۇنى خىسلەتلىك يامغۇرلىرىڭ بىلەن سۇغارغايسەن!» خۇدا دەرھال يامغۇر ياغدۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە دۇئا قىلىپ: «ئى خۇدا، مېنىڭ كۆچىتىم قۇياش نۇرىغا مۇھتاج. سەندىن ئۆتۈنەي! ئۇنىڭغا

قۇياش نۇرىنى چۇشۇرگەيسەن!» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، خۇدا بولۇتلارنى تارقىتىپ، يامغۇرلارنى توختۇتۇپ، قوياش نۇرىنى كۆچەتكە سېپىپتۇ. ئۇ يەنە دۇئا قىلىپ: «ئى خۇدا، ھازىر مېنىڭ كۆچىتىم شەبنەملەر ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشكە مۇھتاج» دەپتۇ. دەرۋەقە، زۇمرەتتەك شەبنەملەر دەرەخ كۆچىتىنى قاپلاپتۇ. بىراق، كەچ كىرگەندە بۇ كۆچەت ئۆلۈپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا بىر مۇناخنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن بۇ غەلىتە سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى مۇناخ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «مەنمۇ بىر كۆچەت تىكتىم. قاراڭ! ئۇ ناھايىتى باراقسان ئۆسۈۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ غەم قىلمايمەن. ئەكسىچە، ئۇنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ياراتقۇچى خۇدا مەندەك بىر نادان ئادەمگە قارىغاندا، ئۇنىڭ نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ھېچقاچان خۇداغا تەكلىپ-پىكىر بېرىپ، شەرت قويۇپ باقمىدىم. مەن پەقەت دۇئا قىلىپ: <ئى خۇدا، مەيلى بوران ياكى يامغۇر، مەيلى شەبنەم ياكى قار، قۇياش نۇرى ۋە باشقىلار بولسۇن ئۇ ئېھتىياجلىق بولغاننى ئۇنىڭغا بەرگەيسەن. چۈنكى، ئۇ سېنىڭ ياراتقىنىڭ، سەن ئۇنى ياخشى بىلىسەن، شۇنداقلا ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل تەمىنلىگۈچىدۇرسەن>' ـ دېدىم».

# 3-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖« ئۆزۈڭلار ئوتنى ياقتىڭلار، ئوتنى كىم ياقسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلار ياققان ئوت يالقۇنى ئىچىدە ماڭىسىلەر. سىلەرنىڭ تۇرار-جايىڭلار ئازاب-ئوقۇبەت ئىلكىدىدۇر. مانا بۇ مېنىڭ ئىرادە قىلغىنىم.» (يەشايا50: 11)**

مانا بۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چارە-ئاماللارنى ئىزدەپ، ئۆزىنى-ئۆزى قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. خۇدا بۇ يەردە بۇ كىشىلەرگە ئۆزى ياققان ئوتنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈردىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

بۇنىڭ مەنىسى شۇكى: بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، سىناقلارغا ئۇچرىغاندا ھەمىشە خۇداغا تايىنىشنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىمىز يول تېپىشنى ئويلايمىز. ئەسلىدە بىز ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، بىز ئۆزىمىز پىلان تۈزۈشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. بىز يەنە دائىم سەۋەب ئىزدەپ، ئۇرۇق-تۇققان، دوست-بۇرادەرلىرىمىزنىڭ نەسىھەتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمىز. نەتىجىدە، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە يات بولغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىز ياققان ئوتنىڭ ئۈستىدە ماڭغانلىقىمىز ھەم بۇ ئوتلارنىڭ ئازابىدىن قېچالمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك قېرىنداشلار، قاراڭغۇلۇقتىن قېچىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىز خالىغانچە چارە-تەدبىرلەرنى قوللانمايلى. ئەكسىچە، خۇدانىڭ ۋاقتىنى ۋە چارە-تەدبىرلىرىنى كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالايلى. بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بارلىق دەرسلەرنى، ئۇچرىغان ئاشۇ سىناقلاردىن ئۆگىنىۋالالايمىز.

ئەمەلگە ئاشمايدىغان پىلانلار خۇدانىڭ ھاياتىمىزدا يېرگۈزمەكچى بولغان خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، بىز بارلىق قىينچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا تاپشۇرايلى. پەقەت بىز خۇدا بىلەن بىللە بولساقلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شۈكرى-قانائەت بىلەن، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى ساقلىيالايمىز. شۇ نوقتا ئېسىمىزدە بولسۇنكى، خۇدا بىز بىلەن بىللە بولسىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ خۇددى يورۇقلۇقتا ئازادە قەدەم تاشلاپ ماڭغاندەك ماڭالايمىز. بىز ھەرگىز خۇدانىڭ پىلانلىرى ۋە ئىرادىسى ئۈچۈن ئۆزىمىز بىلگەنچە ئالدىنئالا تەييارلىق قىلمايلى. بىز قايسى ۋاقىتتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىكەنمىز شۇ ھامان ئۇنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلىمىز. بىز ئۆز خاھىشىمىز بويىچە سائەت ستىرېلكىسىنى توغرىلىيالايمىز. ئەپسۇس، ھەقىقىي ۋاقىتنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسىنى زورلاپ ئېچىلدۇرالايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ بەرگىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىمىز. ئوخشاشلا، بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھاياتىمىزدا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۈشكۈلاتلاردىن قېچىشقا ئۇرۇنىمىز. لېكىن تولۇقلاپ مۇكەممەل قىلىشقا ئاجىزمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىقىمىزنى خۇداغا تاپشۇرايلى. خۇدانىڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلىشتىن قولىمىزنى تارتايلى. بىز خۇداغا: «ئى خۇدا، ئىشلار مېنىڭ ئىرادەم بويىچە ئەمەس، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن!» دەيلى.

# 3-ئاينىڭ 31-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىنى خۇرسەن قىلغان بىر كىشىنى تاللىدى.» *(1-سامۇئىل13: 14)***

زىنا قىلغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن داۋۇتنى خۇدا: «ئۇ مېنى ئىنتايىن خۇرسەن قىلدى» دەۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر داۋۇتتىن ياخشى تۇرۇپ، دوزاققا مەھكۇم بولدى. ئەكسىچە داۋۇتقا ئوخشاش نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن كىشى جەننەتكە كىردى. خاتاسى يوق، داۋۇت ھەقىقەتەن گۇناھكار بىر كىشى، بۇ يوشۇرغىلى ھەتتا ئاقلىغىلىمۇ بولمايدىغان پۈلاتتەك پاكىت. بىراق ئۇ خۇدانىڭ قەلبىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇدا ئۇنى «ئۇ مېنى خۇرسەن قىلدى» دېگەن.

داۋۇت سائۇلغا سېلىشتۇرغاندا خۇداغا ئىتائەتمەن بولغاندىن سىرت، يەنە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشەنگەن كىشىدۇر. خۇدانىڭ قانۇنلىرى ئادىلدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى مۇھەببەتتۇر. خۇدانىڭ خارەكتىرى ھەققانىيدۇر. ئەمما ئۇنىڭ قەلبى مۇھەببەتلىكتۇر. داۋۇت ھەرقېتىم گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، دائىم ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ. گۇناھلىرىدىن يىرگىنىدۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھىنى تونۇپ، پۇشايمان قىلىدۇ ھەم خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە يېلىنىدۇ(زەبۇر 51). ئۇ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىپ مۇنداق دەيدۇ. : «گۇناھلىرى يېپىلغان، ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان كىشى بەختلىكتۇر» (زەبۇر32: 1)

ئۇنداقتا، خۇدا مېھىر-شەپقەتلىك بولغانلىقتىن ئۆز ئادىللىقىدىن ۋاز كېچەمدۇ؟

ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمى بۇيىچە داۋۇت قىلغان گۇناھلىرى ئۇچۇن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى. بىراق، خۇدانىڭ داۋۇتقا بەرگەن جازاسى ئۆلۈمدىن نەچچە ھەسسە ئازابلىق بولدى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن تۆت ھەسسە بەدەل تۆلەيدۇ. يەنى باتشىبا بىلەن زىنا قىلىپ تۇغۇلغان ئوغلى، ئەنەن، ئابسالوم، ئادويادىن ئىبارەت. زىنا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ خوتۇن توقاللىرى كۆپ كۈندۈزدە باشقىلار بىلەن زىنا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ۋىجدانى خۇداغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق ناله قىلىدۇ: «گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلماي سۈكۈت قىلغانلىقىمدىن، كۈن بويى ناله-پەرياد كۆتۈرۈپ سۆڭەكلىرىم قۇرۇپ كەتتى. سېنىڭ باسقان قولۇڭ ماڭا كېچە كۈندۈز ئېغىر بولدى. يازدىكى قۇرغاقچىلىقتەك مېنىڭ يىلىكىم قاغجىراپ كەتتى»(زەبۇر32: 3-4) .

قېرىنداشلار، خۇداغا مەدھىيە ، شۈكۈرلەر ئېيتايلى. بىز گۇناھكارلارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن يەنە «مېنى خۇرسەن قىلغان كىشى» دەپ ئاتىلىشى نەقەدەر چوڭ ئىلتىپات-ھە! بىز خۇدانىڭ رەھىم شەپقەتلىك مۇھەببىتىدە شاد-خۇرام بولغان ۋاقتىمىزدا (ھوشىيا6: 6) ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ، شۈكۈر ئېيتايلى. بىز شۇنداق قىلساق پەرىشتىلەرمۇ بىز ئۇچۇن ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

# 4-ئاينىڭ 1-كۈنى
************

📖«گەرچە ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىمۇ، ئۈمىدسىز قالسامىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا تايىنىمەن.» (ئايۇپ13: 15) قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرسەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرىمىز. بىز ئۇنىڭدىن تانساق، ئۇمۇ بىزدىن تانىدۇ.(2- تىموتى2: 12)

«چۈنكى مەن كىمگە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى بىلىمەن.» (2-تىموتىي1: 12)

دېڭىز-ئوكيانلاردا ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلاردىن ۋە ھۇشقىتىۋاتقان بورانلاردىن ساقلانغىلى بولمىغىنىدەك، ھاياتلىقتىمۇ ھەرخىل قىيىنچىلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىر پىشقەدەم كېمىچى مۇنداق دېگەن: «دولقۇنلار ئېگىز تاغلاردەك يۇپۇرۇلۇپ، بوران-چاپقۇنلار ۋۇلقان كەبى باستۇرۇپ كەلگەندە، قۇتۇلۇشتىكى بىردىن-بىر ئامال كېمىنى بىر چەتكە توختۇتۇپ خەتەر ئۆتۈپ كەتكۈچە ساقلاشتۇر.»

ئېتىقادچىلارنىڭ ھاياتىمۇ دەل مۇشۇنداق. خۇددى پاۋلۇسقا ئوخشاش، بەزى ۋاقىتلاردا دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇشلىرىدىن جىددىيلىشىپ قالىمىز............ ھەتتا ھاياتىمىزمۇ خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، دەھشەتلىك قىيىن-قىستاق بېسىملىرىغا ئۇچرايمىز. قۇياش نۇرى ۋە جىمىرلىغان يۇلتۇزلارنىمۇ كۆرەلمەيمىز.......قۇتۇلۇش ئۈمۈدىمىزمۇ ئۈزۈلىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا، بىز قىلىشقا تېگىشلىك بىردىن بىر ئىش، بىر چەتتە توختاپ تۇرۇشتۇر.

ئاشۇنداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق بىر باھانە-سەۋەب بىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىششتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدۇ. باشتىن كەچۈرگەن مول تەجربە-ساۋاقلارمۇ بىزگە يول باشچى بولالمايدۇ. قىلغان دۇئالىرىمىزمۇ تەسەللى

بىرەلمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، بىردىن-بىر ئامال تېنىچ بىر جايدا توختاپ تۇرۇشتۇر.

بىز پەقەت خۇدانىڭ باغرىدا تېنىچلانغاندا، مەيلى دەھشەتلىك بوران، قاتتىق يامغۇر، قويۇق تۇمان ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسە بولسۇن بىزنى ھەرگىز ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ. بىز پەقەت رولنى يەنى خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس ئەھدىسىنى، مەسىھ ئىچىدىكى چەكسىز مۇھەببەتنى چىڭ تۇتساقلا كۇپايە.

خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىزنى ھەرگىز بوران-چاپقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىشقا ئۈندىمەيدۇ. ئەكسىچە، بىزنى ئاشۇ بوران-چاپقۇنلار ئىچىدە ماڭغۇزىدۇ. بىزنى خەتەرگە ئۇچراشتىن ساقلىمايدۇ. ئەكسىچە، خەتەردىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزىدۇ.

# **4-ئاينىڭ 2-كۈنى**

**«ئۇلار چۆللەرگە قارىۋىدى، پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا جەۋلان قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى». (مىسىردىن چىقىش 16: 10)**

قارا بولۇتلار يېپىلىپ سۈزۈك ئاسماننى توسۇۋالغاندا، بىز ئادەتتە قارا بۇلۇتقا ئەمەس، بەلكى سۈزۈلۈشكە باشلىغان كۆلرەڭ بۇلۇتقا قارايمىز.

مەيلى ئىشلار قانچىلىك ئوڭۇشسىز بولسۇن، ھەرگىز ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىق كېرەك. ئۈمىدسىزلىنىش ئۈمىد يوق دېگەنگە باراۋەر. چۈنكى ئۈمىدسىز بىر ئادەم ھەرگىز دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ ھەم باشقىلار ئۈچۈن خەيرىلىك دۇئامۇ قىلالمايدۇ.

ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ خۇددى جاننى ئالىدىغان زەھەرلىك يىلاندىن

قاچقاندەك ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۇمۇدسىزلىكنىڭ ئەڭ تىپىك بەلگىسىدۇر. ئەگەر سىز خالىسىڭىز ئۇنى يوقىتالايسىز. بىراق ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاستاغىنە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالماڭ.

سىز خۇدانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ۋەدىسىنى تۇتالىسىڭىز، ئۇنداقتا قوللىرىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئى خۇدا، سەن بۇرۇن مۇشۇنداق دېگەنىدىڭ، ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن!» دەپ ئىلتىجا قىلىڭ. ئەگەر سىز يەنىلا گۇمانلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتىدا بولسىڭىز سەمىمىلىك بىلەن خۇدادىن سىزنى قىيناۋاتقان دۈشمەنلىرىڭىزنى ئەيىپلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ.

سىز ئۈمىدسىزلىنىش ۋە ئىشەنمەسلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ۋاقتىڭىزدا، مۇقەددەس روھ دەرھال ئىشەنچنى قەلبىڭىزدە قايتا تىرىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا ئەرشكە تەۋە بارلىق كۈچ-قۇدرەت سىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئېھتىمال، سىز ھېچنېمىنى سەزمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بىراق، سىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ گۇمانلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەمىمي دۇئا قىلسىڭىز، قارا كۈچلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

ئەگەر، بىز قارا كۈچلەرنىڭ كەينىدىكى خۇدانىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرەلىسەك، ھەرگىزمۇ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھوجۇمىدىن قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتۇق.

بىر كۈنى مەن ئوتلاقتا  يارىلانغان بىر قېرى بۈركۈتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا بېشىنى بۇراپ، ئاسمان بوشلۇقىغا قايتا-قايتا قاراپ ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ بۇرۇن ئاشۇ بىپايان ئاسماندا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلغان. چەكسىز ئاسمان ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانا يۇرتى ئىدى. ئۇ قانچە قېتىملاپ ئاشۇ بوشلۇقتا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى، جاسارىتىنى

نامايەن قىلغان-ھە! ئۇ بۇرۇن كۆك قەرىگە چىقىپ چاقماقلار بىلەن ئوينىغان. بورانلار بىلەن كۈرەش قىلغان ئىدىغۇ! ئەمدى ھازىرچۇ؟ يۇرتىدىن شۇنچە يىراق ماكاندا بىچارىلەرچە يېتىپتۇ. پەقەت بىرلا قېتىم ئېھتىياتسىزلىقتىن پەس ئۇچقانلىقى ئۈچۈن، ھازىر يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

بىز بۇ بۈركۈتنىڭ ھېكايىسىنى ئۆز قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈپ كۆرەيلى.

بۇ دۇنيا ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز ئەمەس. گەرچە بىز مۇشۇ دۇنيادا يارىدار بولساقمۇ، بىزنىڭ قەلبىمىز يەنىلا ئانا ماكانىمىز بولغان ئەرشكە تەلپۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىشەنچىمىزدە، ئۈمۈدىمىزدە، جاسارىتىمىزدە ۋە مەسىھتە چىڭ تۇرۇپ، ئېتىقادىمىزدىن تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ جاسارىتىمىز بولمىسا، يەنىلا بالدۇرراق بۇ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلغىنىمىز تۈزۈك. ئاھ جېنىم، ھەرۋاقىت ئەرشكە تەلپۈنگەيسەن!

ئەگەر بىز جاھىللىق بىلەن غەرىبكە قارىۋالساق، مەڭگۈ قۇياشنىڭ چىققانلىقىنى كۆرەلمەيمىز. (ياپۇنىيە ماقال-تەمسىللىرىدىن)

# 4-ئاينىڭ 3-كۈنى

### 📖«سىلەر ئوت ئىچىدىمۇ پەرۋەردىگار خۇدانى ئۇلۇغلاڭلار» (يەشايا24: 15)

بۇ يەردىكى «ئىچىدە» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىڭلار. بىز ئوت ئىچىدە يەنى سىناقلار ئىچىدىمۇ خۇدانىڭ نامىنى ئۇلۇغلايلى. (1-پېترۇس4: 12قارالسۇن) گەرچە ئۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك جاي بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەنچىمىز بىلەن خۇدانى ئۇلۇغلايلى. بىز

ئۇنىڭ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىگە ئىشىنەيلى. ئۇ ئېغىر سىناقلارنىڭ بىزنى سىنىشقا يول قويغانلىقى، چوقۇم بىزگە يېتەرلىك كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ، ئىرادىمىزنى تاۋلايدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سىناقلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، خۇدانى مەدھىيىلەشكە ۋە شۈكرى ئېيتىشقا يېتەرلىك ئاساسقا ئېرىشىمىز. بىز ئۇچرىغان سىناقلار ئىشەنچىمىزنى خۇددى ئالتۇندەك تاۋلاپ، ئېتىقادىمىزنى تېخىمۇ ساپ قىلىدۇ. ئېتىقادىمىز ساپ بولسا، ئەيسا مەسىھ قايتا كەلگەن چاغدا، بۇنداق ئېتىقاد بىزگە مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۈچ يىگىت يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان كۈچلۈك ئوت ئىچىدىن ئازراقمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي، يارىلانماي، چاچلىرىمۇ كۆيمەي، ھەتتا كىيىملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ئىس پۇرىقىمۇ يوق ھالەتتە كۆكرەك كېرىپ چىقتى. ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىدىكى كىشەنلەر يوقاپ، چېھرىگە نۇر قوشۇلغان ئىدى. خۇداغا كۆيۈملۈق قىلغان پادىشاھ نىبۇقادنەسار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، خۇدانى مەدھىيىلەپ، شان-شەرەپنى خۇداغا ئاتىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېتىقادچىلار ئوتقا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلىك سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، باغلاقتىن قۇتۇلۇپ، شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولغاندا، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ زەررىچىلىك ئىزناسىمۇ قالمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئېغىر بېسىملار ئاستىدا تۇرۇپمۇ، يەنىلا شاد-خۇرام بولالايدۇ، ئەجىبا بۇلار ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمى، زىيانكەشلىكى ئاستىدىمۇ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەجىبا بۇنداق كىشىلەر ھۆرمەتلەشكە لايىق ئەمەسمۇ؟ يەنە ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىھەم مۇكەممەل ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلارغا ھەۋەسلەنمەي

بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى نەقەدەر گۇزەل-ھە!

# 4-ئاينىڭ 4-كۈنى

**❧«ئەلىشا پەرۋەردىگار خۇداغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى:<ئى خۇدا، بۇ ياشلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان قىلغايسەن!>.» *(2-پادىشاھلار6: 17)***

بۇ بىر جۇملە ئايەتلەر بەلكى ئۆزىمىز ۋە باشقىلار ئۈچۈن «ئى خۇدا، بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ، كۆرەلەيدىغان قىلغايسەن!» دەپ دۇئا قىلىشىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى ئېسىمىزگە سالار. چۈنكى بىزنىڭ تۆت ئەتراپىمىزدا ئەينى ۋاقىتتا ئىلياس پەيغەمبەرنى ئوت ھارۋىسىدا ئېلىپ كەتكەندىكىدەك شان-شەرەپلىك ئوت ھارۋىلار بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرماقتا. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئېچىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىزدىكى چوڭ-كىچىك، ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز ھەممە ئىشلارنىڭ بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان «ئوت ھارۋا»سى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىز ئەنە شۇ «ئوت ھارۋا» نى كۆرەلىسەكلا، تاغدەك قىيىنچىلىقلارمۇ بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ئوت ھارۋا بولالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا پۇرچاقتەك كىچىك ئىشلارمۇ بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ھاياتىمىزنى خارابلاشتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر كىشىنىڭ شۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە باغلىق. بۇلار ھەرگىزمۇ شۇ ئىشلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن بەلكى بىزنىڭ شۇ ئىشقا قانداق قارىشىمىزدا. بىز ئۆزىمىزنى خۇددى قۇياش نۇرىدا سۇلۇشۇپ قالىدىغان ھەشقىپىچەكتەك ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە تاشلىۋەتسەك، كىچىككىنە ئەرزىمەس

ئىشلارمۇ بىزنى ئۈمىدسىزلىككە تاشلايدۇ. ئەكسىچە، ئۇچرىغان ھەربىر ئىشلارغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلەنسەك ئالەمشۇمۇل قىيىن ئىشلارمۇ خۇددى خۇدا ئېلىشانىڭ ئەرشكە چىقىشى ئۈچۈن تەييارلىغان ئوت ھارۋىسىدەك بىزنى غەلىبىگە باشلايدۇ. خۇدا ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەمنى مۇھىم ئىشلارغا قويمايدۇ. چۈنكى، دۈشمىنىمىز بولغان شەيتان ھەرۋاقىت ھىيلە-مىكىر ئويلاپ، خۇدانىڭ خەلقى بولغان بىزنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا ئىتتىرىشكە تەيياردۇر. كىشىلەر دائىم مۇنداق دەيدۇ: «چۈشكۈن ئۈمىدسىز قوشۇن جەڭگە كىرسە، نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ». بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر. بىز دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھۇجۇم تاكتىكىلىرىنى بىلىشكە مۇھتاج، شۇ چاغدا بىزدە ھۇجۇملارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقى بولۇدۇ. ئەگەر، دۈشمىنىمىز بىزنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسە، بۇ بىزگە ئېغىر زۇلۇم بولۇپ (دانىيال7: 25)، بىزنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلبە ئاۋازلىرىمىزنىمۇ يوق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن زېمىنىمىزنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

# 4-ئاينىڭ 5-كۈنى

***«ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، ئوغلۇڭ بىلەن ئىككىڭلار ئىچىدە قېلىڭلار.» (2-پادىشاھلار4: 4)***

ئۇلار چوقۇم ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئوي-پىكرىنى بىر يەرگە يىغىپ، خۇداغا يېقىنلىششى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە،

ئىنسانلارنىڭ چارە-تەدبىرلىرىگە، جامائەتچىلىكنىڭ ياردىمى ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىگە تايانمايدۇ. ئۇلار چوقۇم ئادەملەر ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ياردەمدىن، ئەۋزەل شەرت-شارائىت........... قاتارلىق ئىشەنچلىك سەۋەبلەردىن ئايرىلىپ، خاس ھوجرىغا كىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇداغا يېقىنلىششى زۆرۈر.

مانا بۇ خۇدانىڭ دەرسلىكىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ. ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ خىلۋەت جايدا ئايرىم دۇئا قىلىشنى مەشق قىلىشى ئىشەنچنى تاۋلايدىغان ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇلدۇر.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، نۇرغۇن جايلاردا خۇدا ئالاھىدە مۆجىزىلىك تام ئارقىلىق توْت ئەتراپىمىزنى ئوراپ، بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ۋە پىلانلىرى بىلەن ئۇچرىششىمىزنى توسىدۇ. دەل ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا، خۇدا بىزنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىشقا يېتەكلەيدۇ. دەل ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا، خۇدا بىزگە يېڭى بىر كىيىم تىكىپ قويغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇ كىيىمنى كىيىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

كۆپلىگەن ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى بېكىنمە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار قايسى ئىشلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھەممە بۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بەزى ئېتىقادچىلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، خۇدانىڭ ئالاھىدە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بىز خۇددى تەركى دۇنيا بولۇپ كەتكەن تۇل ئايالغا ئوخشاش، سىرت ۋە دۇنيادىن ئايرىلىپ، قەلبىمىزدە خۇدا بىلەن يېقىنلىشايلى. مۇشۇنداق بولغاندىلا خۇدانىڭ مۆجىزىسىنى كۆرەلەيمىز.

# 4-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖«مەن قوغدىنىش مۇنارىدا تىك تۇرۇپ، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سالدىم» (ھاباكۇك2: 1)**

خۇدانىڭ ياردىمىنى كۈتمەي تۇرۇپ، خۇدانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، تىلىگەن نەرسىلىرىمىزگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب، دەل بىزنىڭ خۇدانىڭ جاۋابىنى كۈتمىگەنلىكىمىزدىندۇر. يەنە نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، ئەرشتىن كەلگەن ياردەم بىزگە يېقىنلاشماستىنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قوغدىنىش ئورنىدا تۇرمىغانلىقىمىز ھەم ئۇلارنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قارشى ئېلىش ئۈچۈن قەلبىمىزنى تەييار قىلمىغانلىقىمىزدىن بولغان.

يامغۇر ياغقان ۋاقىتتا، قاچىڭىزنى ئېلىپ تەييار تۇرمىسىڭىز سۇغا ئېرىشەلمەيسىز.

مەسلەن، بىر كىشى بانكىدىن پۇل ئالماقچى بولۇپ، ھېلى كىرىپ، ھېلى چىقىپ كەتسە، يەنە پۇل چېكىنى قايتۇرۇۋالسا، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئوخشاش ئىشلارنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىسا، مېنىڭچە بانكا چوقۇم قائىدە-تۈزۈم چىقىرىپ، بۇنداق ئادەمنى بانكىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ھەقىقەتەن بانكىدىن پۇل ئېلىشقا كەلگەن ئادەم بولسا، پۇل چېكىنى تولدۇرۇپ، تېپتېنچ ھالدا نۆۋىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، چىقىپ كېتىدۇ.

ئەپسۇس...بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دۇئا قىلىشقا ئويۇن ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ دۇئا قىلىدۇ. بىراق خۇدانىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا دۇئاسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇنداق ئىش تەكرار-تەكرار يۈز بېرىدۇ.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، قوغدىنىش ئورنىدا تىك تۇرۇپ، خۇدانى كۈتۈشنى

ئۆگىنىۋالايلى. خۇددى سۇلايمان پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: «...كېلەچىكىڭدە ئىنئام ئالارسەن، ئارزۇ-ئۈمىدىڭ بىكارغا كەتمەس.» (پەندى-نەسىھەتلەر 23: 18)

# 4-ئاينىڭ 7-كۈنى

# ✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖« <توختاش........، مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويۇش!> » (زەبۇر46: 10)**

ئەگەر، بىز چىن قەلبىمىزدىن خۇدانى ھەقىقىي تونۇساق، قەلبىمىزدە تېنچلىق، سالماقلىق بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ بۇ دەرسلىكنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. دەل شۇ ۋاقىتلاردا، ماڭا بىر چوڭ بالا-قازا يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇ ئىشلار مېنىڭ دەرھال تاقابىل تۇرۇشۇمغا مۇھتاج ئىدى. مەن جىددىيلەشكىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالغانىدىم، مەن شۇنچە تىرىشساممۇ ئەتراپىمدىكى مۇھىت ئاسان ئۆزگىرىدىغاندەك قىلمايتتى. كۆڭلۈم ئىنتايىن پاراكەندە بولۇپ، تېنىم خۇددى نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم. تۇيۇقسىز روھىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن نازۇك بىر ئاۋازنىڭ ماڭا : «تېنچلانغىن! مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويغىن!» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن دىققىتىمنى بىر يەرگە يىغىپ، خۇدانىڭ ماڭا تەمكىنلىك ئاتا قىلىشىنى تىلىدىم، ھەمدە جىددىي ھەم تەس ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. مەن شۇ ۋاقىتتا، ھەقىقەتەن ئېغىر بېسىق ۋە سالماقلىق ئىچىدە

ئاراملىققا ئېرىشتىم. مانا بۇلار مېنىڭ قىممەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىم. ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن مېنىڭ خۇداغا بولغان تونۇشۇم ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ خىل تەۋرەنمەسلىك ھەرگىز ھۇرۇنلۇق ئەمەس. بەلكى ئىشەنچ ۋە تايىنىشتىن تۆرەلگەن يېڭى بىر سالماقلىقتۇر.

# 4-ئاينىڭ 8-كۈنى

**«ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئاجىزلىقلارنى، ھاقارەتلەرنى، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى، زىيانكەشلىكلەرنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن. چۈنكى، قاچان ئاجىز بولسام، شۇ چاغدا ئەيسا مەسىھنىڭ قۇدرىتىگە تولۇپ، كۈچلۈك بولىمەن.» *(2-كورىنتلىقلار12: 10)***

ئەگەر، بىز بۇ ئايەتنى سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلغان بولساق، مەنىسى تېخىمۇ ئېنىق ھەم چوڭقۇر بولاتتى. بۇ ئايەتلەرنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى مۇنداق: «ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئاجىزلاشسام، ھاقارەتلەنسەم، ئازاب-ئوقۇبەت تارتسام، زىيانكەشلىك ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىسام يەنىلا شاد-خۇدام بولىمەن. چۈنكى، قاچان كۈچۈم قالمىسا، شۇ ۋاقىتتا خۇددى پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشاش شىددەتلىك كۈچ-قۇدرەتكە تولىمەن.»

خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان مەخپىيەتلىك شۇكى: خۇدانىڭ ئالدىدا ھەرۋاقىت ئۆزىمىزنىڭ يۆلەنچۈكسىز، ياردەمسىز قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاشۇنداق مۇھىتقا ئۇچرىغاندا باشقىلارنىڭ بىزگە ھېسداشلىق قىلىشىدىن، ياردىمىدىن ئۈمۈد كۈتمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن،

قىينچىلىق، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسلىق شەرتلەردۇر. بىز مۇشۇلارغا تايىنىپ ئېھتىياجىمىز چۈشكەن ھەممە نەرسىنى خۇدادىن تىلىسەك بولىدۇ.

ئالەمدىن ئۆتكەن شوتلاندىيەلىك ئەما تەلىم بەرگۈچى گېئورگى مازسون (George Matheson) مۇنداق دېگەن: «ئى مېنىڭ خۇدايىم، مەن ئەزەلدىن ماڭا سانجىلغان تىكەنلەر ئۈچۈن ساڭا شۈكرى ئېيتىپ باقماپتىمەن. مەن ئىلگىرى نەچچە مىڭ قېتىملاپ ئەتىر گۈللىرىم ئۈچۈن ساڭا شۈكرى ئېيتىپ كەلگەن. ئەمما ئەزەلدىن سانجىلغان تىكەنلەر ئۈچۈن ساڭا شۈكرى ئېيتىپ باقمىغان. مەن باشتىن-ئاخىر كرېست ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىنئامغا نەزىرىمنى سېلىپ، ئۈمىد باغلاپ كەلدىم. ئەزەلدىن كرېستنىڭ ماھىيىتىنىڭ دەل ھازىرقى شان-شەرەپ ئىنئام ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىم.»

«سەندىن ئۆتۈنەي! كرېستتىكى شان-شەرەپنى ماڭا بىلدۈرگىن. سەندىن ئۆتۈنەي! ماڭا سانجىلغان تىكەنلەرنىڭ قىممىتىنى ماڭا بىلدۈرگىن. سەندىن ئۆتۈنەي! ئازاب-ئوقۇبەتلىك يوللارنىڭ سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا بارغىلى بولىدىغان پەشتاق ئىكەنلىكىنى ماڭا بىلدۈرگىن. سەندىن ئۆتۈنەي! كۆز-ياشلىرىمنىڭ دەل ھەسەن-ھۈسەن ياساش ئۈچۈن ئاقىدىغانلىقىنى ماڭا كۆرسەتكىن.»

# 4-ئاينىڭ 9-كۈنى

**📖«بالا-قازانىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىلا كېلەمدىغاندۇ!» (يارىتىلىش42: 36)**

**«خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلارنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ ھاياتىدا مەيلى قانداق ئىشلار يۈزبەرسۇن، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەممىسى شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز.» (رىملىقلار 8: 28)**

نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى قابىلىيەت تىلەيدۇ. قابىلىيەت نەدىن كېلىدۇ؟ بىر قېتىم بىز ئېلىكتىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئېكسكۇرسىيەگە باردۇق. بىز سان-ساناقسىز ماشىنا چاقلىرىنىڭ دىر-دىر قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شۇ يەردىكى كىشىدىن: «ئېلىكتىر كۈچى قانداق پەيدا بولىدۇ؟» دەپ سورىدۇق. ئۇ : «چاق بىلەن چاق ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغاندا سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ. بۇ سۈركىلىشتىن ئېلىكتىر كۈچى ھاسىل بولىدۇ» دېدى.

خۇدا سىزگە زور قابىلىيەتلەرنى بېرىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق ھاياتىڭىزدا سۈركىلىش پەيدا قىلىدۇ. ئەپسۇس، نۇرغۇن كىشىلەر سۈركىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەكسىچە، سۈركىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇلار شۇنداق قىلىپ قابىلىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

ئىتتىرىش كۈچى بىلەن تارتىش كۈچى ئۆز-ئارا قارىمۇ-قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، سەييارىلەر ئوربىتىسىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. بۇ سەييارىلەرنىڭ بىرسى تارتىش رولىنى يەنە بىرسى ئىتتىرىش رولىنى ئوينىغاچقا ئوربىتىسىدىن چىقىپ كەتمەي، ئۆز ئوقىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ.

خۇدامۇ مانا مۇشۇنداق بىزنىڭ ھاياتىمىزنى باشقۇرىدۇ. بىزدە ئىتتىرىش كۈچى يېتەرلىك بولمىغاندا، تارتىش كۈچىگە مۇھتاج بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىزنى قارشى بېسىملار ئارقىلىق سىنايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بىز خۇداغا شۈكرى ئېيتايلى. خۇدا خۇددى بىزگە ئۇچىدىغان قانات بەرگەندەك، ئۇنىڭ بەرگەن بېسىملىرىنى قارشى ئالايلى. بىز سەۋر-تاقەت، ئىشەنچ بىلەن ئالغا باسايلى. قايسى جايدا سۈركىلىش بولسا، شۇ جايدا كۈچ بولىدۇ.

# 4-ئاينىڭ 10-كۈنى

***«ماڭا يول كۆرسەتكىن، نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىسەن؟» (ئايۇپ 10: 2)***

ئى، سىناقلارغا ئۇچراۋاتقان قېرىنداشلار، خۇدا ھازىر ھەر جەھەتتىن سىلەرنى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەۋاتىدۇ. نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى سىناقلار جەريانىدا ئاندىن رۆشەن ئېپادىلىنىدۇ. سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز راھەت-پاراغەتلىك كۈنلەرگە قارىغاندا، قىيىنچىلىق كۈنلىرىدىكىدەك رۆشەن گەۋدىلەنمەيدۇ. يالتىراق قوڭغۇز پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىلا نۇر چىقىرالىغاندەك، ھەقىقى سۆيگۈمۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆز مەنىسىنى تاپالايدۇ. بىز ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق، تىنچ كۈنلەردە نېمىنى ئۈمۈد قىلىپ، نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. پەقەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئازاب-تارتقاندا ئاندىن بىزدە ئۈمۈد ۋە تەلپۈنۈش بولىدۇ. خۇددى قاشتېشى

ئەينەك جازىدىكى قارا دۇخاۋا ئىچىدە كۆركەم، گۈزەل كۆرۈنگەندەك، جاپا-مۇشەققەتلەرمۇ بىزنىڭ پەزىلەتىمىزنى تېخىمۇ رۆشەن گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەينەكتۇر.

سىز تېخى بايىلا يۈكۈنۈپ دۇئا قىلىۋېتىپ: «ئى رەببىم، ئىشەنچىمنىڭ يوقلىقىدىن قورقىمەن. ماڭا ئىشەنچىمنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلدۈرگەيسەن!» دېدىڭىز، مانا بۇ دۇئالار سىزنىڭ بىلىپ-بىلمەي خۇدادىن سىناشنى تەلەپ قىلغىنىڭىز بولماي نېمە؟ سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز سىنىلىشقا ئۇچرىماي تۇرۇپ، ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ يوقلۇقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ خۇدا بىزگە بەرگەن سىناقلارنىڭ ھەممىسى بىزدىكى پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىمىزدە ئاشۇ ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. ھەمدە، بۇ سىناقلار بىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىمىزنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەخلاق-پەزىلىتىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

خۇدا ئۆز ئەسكەرلىرىنى چېنىقتۇرغاندا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ھەشەمەتلىك خان ئوردىسىدا ئەمەس، بەلكى دالادىكى گازارمىلاردا چېنىقتۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئۇلارنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى ۋە كۆچ سەرپ قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەشنى مەشق قىلدۇرىدۇ. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇلارنى پاتقاقلاردا ئۈمىلەشنى مەشق قىلدۇرسا، بەزى ۋاقىتلاردا يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرتكۈزىدۇ. قېرىندىشىم، بۇلار خۇدانىڭ بىزنى تەربىيىلەشتىكى چارە-تەدبىرلىرى تۇرسا، سىز يەنە ئاغرىنامسىز؟ شەيتاننىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىغا ئۇچرىمىغانلىق، ھەرگىزمۇ بەخت-سائادەتنىڭ ئىسپاتى ئەمەس.

# 4-ئاينىڭ 11-كۈنى
**************

📖«مېنىڭ سىلەرگە مەخپىي ئېيتقانلىرىمنى سىلەر ئوچۇق-ئاشكارە ئېيتىۋېرىڭلار.» (مەتتا10: 27)

رەببىمىز بىز بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن، دائىم بىزنى قاراڭغۇلۇققا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇ بەزىدە بىزنى تەنھالىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا باشلاپ كىرسە، بەزىدە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ قاراڭغۇلىقىغا باشلاپ كىرىدۇ. يەنە بەزىدە ئۈمىدسىزلىكنىڭ قاراڭغۇلىقىغا باشلاپ كىرسە، بەزىدە كېسەللىكنىڭ قاراڭغۇلىقىغا باشلاپ كىرىدۇ-دە ئارقىدىن بىزگە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۆجىزىلىك، مەڭگۈلۈك، چەكسىز سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ غۇۋالاشقان كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ، ئەرشتىكى شان-شەرەپلەرنى كۆرسەتسە، گاس قۇلاقلىرىمىزنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەزەلدىن ئۆگەنمىگەن دەرسلىكلەرنى ئۆگىنەلەيمىز.

بىراق، بىزنىڭ خۇدانىڭ ۋەھىيسىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى مەسئۇلىيىتىمىز شۇكى، "مېنىڭ سىلەرگە مەخپىي ئېيتقانلىرىمنى خەلقى ئالەمگە ئوچۇق-ئاشكارە جاكارلاڭلار." (مەتتا10: 27)

بىز ھەرگىزمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرىۋەرمەيمىز. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە قايتىپ چىقىمىز. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۆگەنگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى جاكارلىشىمىز كېرەك. بىز بۇلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بىزنىڭ جاپا تارتقىنىمىز سەۋەبسىز بولماستىن، بەلكى مەقسەتلىكتۇر. بىز ئازاب چەككەن نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇھ تارتقىنىمىزدىن: «مېنىڭ نېمە ئارتۇقچىلىقىم بولسۇن؟ مېنىڭ باشقىلارغا قانداق پايدام تەگسۇن؟ مېنىڭ ئالتۇندەك ئۆمرۈم مانا مۇشۇنداق بىھۇدە ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ » دەيمىز.

قېرىندىشىم، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەممە ئىشلاردا خۇدانىڭ بىر ياخشى مەقسىدى باردۇر. خۇدا بىزنىڭ ئۆزى بىلەن خۇددى مۇسادەك ئەڭ ئېگىز جايدا ئالاقىلىشىشىمىزنى، ئۆزى بىلەن يۈز-تۇرانە تۇرۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلىشىمىزنى ھەم بۇ خەۋەرنى تاغ ئاستىدىكى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسانىڭ سىناي تېغىغا چىقىشى، ئىلياسنىڭ ئوت ھارۋىسىغا چىقىشى، پاۋلۇسنىڭ باسقان سەپەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىسراپچىلىقمۇ؟

ئېتىقادچىلار چوقۇم خۇدا بىلەن يالغۇز ئالاقىلىشىشى ۋە خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشى كېرەك. تېنىمىز يېمەكلىككە قانداق ئېھتىياجلىق بولسا، روھىمىزمۇ خۇدا بىلەن ئەنە شۇنداق ئالاقىلىششقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ھەم بۇ جەرياندا ئارام تاپىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا، خۇدانىڭ دائىم بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز ھەمدە داۋۇتقا ئوخشاش:«ئى پەرۋەردىگار خۇدا، سەن ماڭا يېقىن تۇرىسەن» دېيەلەيمىز. (زەبۇر119: 151)

# 4-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا مۇقەددەس روھقا چۆمۈپ، ئىئوردان دەرياسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇقەددەس روھ ئۇنى چۆل-باياۋانغا ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇ يەردە قىرىق كۈن شەيتان تەرىپىدىن سىنالدى.» *(لۇقا4: 1-2)***

ھەزرىتى ئەيسا مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدى ھەم شەيتان تەرىپىدىن سىنالدى. سىناقلار ھەمىشە بارلىق كۈچىنى يىغىپ، خۇداغا يېقىن كىشىنى ئىزدەيدۇ. بەزىلەر: «شەيتان ئىنتايىن ئىرادىلىك» دەيدۇ. بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا. شەيتان ئىلگىرى بىر "سىز بىلەن ئۆلۈشكە رازىمەن!"دىگەن كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «خۇدانى تونۇمايمەن!» دېگۈزگەن.

مارتىن رۇتىنىڭ شەيتاندىن ئۇچرىغان ھۇجۇملىرى ھەرقانداق بىر ئادەمدىن كۆپ بولغان. چۈنكى، ئۇ دوزاخنىڭ ئۇلىنى بىلىپ بىلمەي تەۋرىتىپ قويغان. يۇھاننا بېنمۇ مۇشۇنداق بولغان.

ئادەم مۇقەددەس روھقا قانچە چوڭقۇر چۆمگەنسىرى، شەيتاننىڭ شۇنچە كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. خۇدا شەيتاننىڭ بىزنى سىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن. چۈنكى، سىناقلارنىڭ بىزگە پايدىسى كۆپ. بۇ خۇددى قاتتىق بورانلارنىڭ قارىغاي دەرىخىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

سىز ئەزەلدىن خۇدانىڭ سىزنى قانداق قوغداۋاتقانلىقىنى، قانداق ئاسراۋاتقانلىقىنى بىلمەيسىز. شەيتان سىزنى ئازدۇرۇپ، خۇدادىن ئايرىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئاندىن رەبنىڭ سىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئالاھىدە زور جاپا-مۇشەققەتلەر ھەرگىز ئالاھىدە گۇناھلارنىڭ جازاسى ئەمەس. ئەكسىچە، بۇلار بەزىدە ئالاھىدە بەخت-سائادەت بولۇپ قالىدۇ. خۇدانىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۆھەرنى پەردازلاپ، بىزەپ تۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن ئۆتكۈر قوراللىرى بار. ئۇمۇمەن، خۇدا مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە سۆيگۈسى ئىچىدە دائىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى پەردازلاپ تۇرىدۇ.

مەن بۈگۈن بۇ قۇرلار ئارقىلىق مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىشنى خالايمەن. ئۇ بولسىمۇ: مەن بۇ ئۆمرۈمدىكى ئۆزگۈرۈشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە خۇدانىڭ زاۋۇتىدىكى كۈچلۈك ئوت، بولقا، بازغان، پىچاق ۋە كالتەكلەرگە تاياندىم.

## 4-ئاينىڭ 13-كۈنى

📖«پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۇستىمگە چۈشتى. ئۇ ماڭا: <ئورنۇڭدىن تۇر، تۈزلەڭلىككە قاراپ ماڭ. مەن ئۇ يەردە ساڭا سۆزلەيمەن> دېدى.» (ئېزەكىيال3: 22)

ئومۇمەن، خۇدا چوڭ ئىشلەتمەكچى بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە بىر ساقلاش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگۈزىدۇ. مۇسا قىرىق يىل، پاۋلۇس ئۈچ يىل، رەب ئەيسا ئوتتۇز يىل............. ساقلىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رۆشەن مىسالدۇر. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا بىزگە ساقلاش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېنچ بىر جاينى تەييارلىسا، بىز سەۋر-تاقەت قىلالماي زېرىكىشلىك ھېس قىلىمىز. ھەمىشە خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسىنى چۈشەنمەي، ئۆزىمىزنى خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىمىز.

بىلىشىمىز كېرەككى، خۇدا بەزى ۋاقىتتا بىزنى ئىش مەيدانىغا ئاپىرىپ ئىشلەتسە، بەزى ۋاقىتتا ئارامگاھلاردا ئارام ئالغۇزىدۇ. ئۇ بەزىدە بىزنى سەپەرگە چىقارسا، بەزىدە ساقلاتقۇزىدۇ. مەيلى خىزمەت ئۈستىدە بولسۇن، مەيلى دەم ئالغاندا بولسۇن ئۇنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ھېچقاچان ئۆزگەرمەستۇر. گەرچە بىز كۆرەلمىسەكمۇ، ھېس قىلالمىساقمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېنچلىنايلى، ھەمدۇسانا، شۈكۈرلەر بىلەن خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان ھەر بىر ۋاقىت ۋە جايلارنى قوبۇل قىلايلى.

# 4-ئاينىڭ14-كۈنى

**📖«رەببىمىز ئۆزى بىر پەرمان ئارقىلىق باش پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ۋە خۇدا ياڭراتقان كاناينىڭ سادासى بىلەن ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئاۋۋال تىرىلىدۇ. كېيىن ھايات ياشاۋاتقان بىزلەر، يەنى بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار ئاشۇ ئۆلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە رەببىمىز بىلەن ئاسماندا كۆرۈشۈش ئۈچۈن بۇلۇتلار ئارىسىغا كۆتۈرۈلىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن، رەببىمىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىمىز. »*(1-سالونىكالىقلار 4: 16-17)***

"سەھەر، تېخى تاڭ يورۇمىغاندا" (يۇھاننا 20:1) رەب ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلدى.

تېخى تاڭ ئاتمىغان، پەقەت سەھەردىكى يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىلا قەۋرىنىڭ ئېغىزىغا قويۇلغان تاشنىڭ يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. كېچە، تېخى تاڭ ئاتمىغان، يېرۇسالېم ئاھالىلىرى ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا، رەب قاتتىق ئۇخلاۋاتقان

كىشلەرنى ئۇيغىتىۋەتمەستىن ئۆلۈمدىن تىرىلدى. ئوخشاشلا "سەھەر، تېخى تاڭ يورۇمىغاندا" پەقەت يولتۇزلارلا جىمىرلاپ جىلۋە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ. ئۇلار ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ۋاقىتتا خۇددى رەب ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش غەپلەتتە ئۇخلاۋاتقان كىشلەرنى ئويغىتىۋەتمەستىن ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ. دۇنيا ئۇلارنىڭ چاقىرىلغاندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ. خۇددى يەشەيا پەيغەمبەر ئېيتقاندەك «ئى، چاڭ تۇزاندا ئۇخلاۋاتقانلار، ئويغىنىپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇڭلار!» (يەشايا 26: 19 ) ئەنە ئاشۇ ۋاقىتتا، شان-شەرەپكە ئىگە بولغان ھەر بىر تەن قەبرىدىن چىقىپ، رەببىمىز بىلەن بىرگە بولۇش ئۈچۈن، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنداقتا، بۈگۈن بىز يەنە نېمىگە قايغۇرىمىز؟ خۇددى زەبۇردا ئېيتىلغىنىدەك: «يىغا-زار داۋاملاشسىمۇ كېچىچە، يېتىپ كېلەر خۇشاللىق تاڭ سەھەردە. »(زەبۇر 30: 5)

# 4-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖«چۈنكى، مەن پەقەت سۆزۈڭگىلا تايىنىمەن.» (زەبۇر 119: 42)**

بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە قانچىلىك ئىشەنسەك، ئېتىقادىمىزنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى شۇنچىلىك بولىدۇ. ئىشەنچ ھېس-تۇيغۇ، تەسىرات، ئېھتىماللىق ۋە ياكى كۆرگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بىز بۇلارنى ئىشەنچتىن ئايرىۋەتمىسەك، خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيمىز. چۈنكى، ئىشەنچ ئۈچۈن بۇلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىشەنچ بولسا، پەقەتلا خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىگە

ئىشىنىپ، ئۇنى تۇتىۋالغاندا قەلبىمىز ئارام تاپىدۇ.

خۇدا ئۆزىمىزنىڭ، جامائەتچىلىكنىڭ، دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشەنچىمىزنى چېنىقتۇرۇشنى خالايدۇ. بىراق، بىز بۇ خىل چېنىقتۇرۇشلارنى قارشى ئالمايلا قالماستىن ھەتتا مۆكۈنۈۋالىمىز. بىز سىناقلارغا ئۇچرىغاندا مۇنداق دېيىشىمىز كېرەك: «ئى ئاسماندىكى ئاتا، كەلگۈسىدىكى خۇشپۇراق شارابنى ئىچەلىشىم ئۈچۈن، بۇ سىناق قەدىھىنى قولۇمغا تۇتقۇزغايسەن!» سىناق بولسا ئىشەنچنىڭ ئوزۇقىدۇر. بىز ئۆزىمىزنى ئەرشتىكى ئاتىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرايلى. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىشنى خالايدۇ.

پەقەت سىناق ۋە قىيىنچىلىقلار بىزنى چېنىقتۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، مۇقەددەس كىتاب ئوقۇشنىڭ رولمۇ ئىنتايىن چوڭدۇر. مۇقەددەس كىتاب ئوقۇش خۇداغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بىزنى خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى، خۇدا مۇقەددەس كىتاب ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە ۋەھىي بېرىدۇ.

سىز ھازىر خۇدانى سۆيۈملۈك دەپ ئېيتالامسىز؟ ئەگەر سىز بۇنداق دېيەلمىسىڭىز، سەممىيلىك بىلەن شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، دەرھال خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇقەددەس كىتاپ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقنى تىلەڭ. شۇ ۋاقىتتا سىز خۇدانىڭ نەقەدەر مۇلايىم، مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز ھەم ھاياجانلانغان ھالدا: «خۇدا نېمىدىگەن ياخشى، ئۇنىڭ قەلبى ئۆز پەرزەنتلىرىگە نەقەدەر مېھىر-مۇھەببەتلىك ـ ھە!» دېيەلەيسىز.

بىز ئېتىقادتا پىششىپ، روھتا كۈچەيگەنسېرى ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي خۇداغا تاپشۇرۇشنى خالايدىغان ھەم خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن

قانائەت ھاسىل قىلىدىغان بولىمىز. بۇ ۋاقىتتا، سىناقلار يۈپۈرلۈپ كەلسىمۇ، مۇنداق دېيەلەيمىز: "خۇدانىڭ ماڭا قانداق ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەم نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشلارنى مېنىڭ مەنپەئەتىم ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۈتىۋاتىمەن. "

## 4-ئاينىڭ 16-كۈنى

**«ئېتىقادى ۋەجىدىن، ئىبراھىم خۇدا بەرمەكچى بولغان زېمىنغا چاقىرىلغاندا، ئۇ خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ يولغا چىقتى.»(ئىبرانىيلار 11: 8)**

ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ، خاتىرجەم بولدى. گەرچە ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن ۋەدىنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما ۋەدە بەرگۈچىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغاندا كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىمىدى. ئەكسىچە ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەققانىي، ئىشەنچلىك، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس خۇداغا قارىدى. باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ سەپىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن يەككە-يېگانە خۇدا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن چاقچاق قىلمىغانىدى. بۇ نەقەدەر بىباھا ئىشەنچ-ھە! قېرىنداشىم، سىزمۇ چوڭقۇر مۇشۇنداق قىلالايسىز. خۇدا سىزنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرغان ۋاقىتتا، گەرچە نىشانىڭىز ئېنىق بولمىسىمۇ، چىن دىلىڭىزدىن پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقان، ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ئىگىسى بولغان خۇداغا ئىشىنىڭ. قېنى، ئورنۇڭىزدىن تۇرۇڭ، ھەممىنى قويۇپ، خۇداغا ئەگىشىڭ. چۈنكى،

يەر يۈزىدە ئەڭ ئېسىل بولغىنى ئەرشتىكى ئەڭ ئەرزىمەس نەرسىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

خۇدا بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئاتلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز چوقۇم ئۆزىڭىز تۈزۈۋالغان پىلان جەدۋىلىنى يىرتىپ تاشلىشىڭىز كېرەك.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىشلارنىڭ سىز ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن. يول باشلىغۇچىڭىز سىزنى قانداق يېتەكلەشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ھەتتا سىزنى چۈشىڭىزدە كۆرۈپمۇ باقمىغان يوللارغا باشلايدۇ. ئۇ ھېچقاچان قورقۇنچ دىگەننى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇمۇ سىزنىڭ قورقماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# 4-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«قاراڭلار، بۇلارنى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ...» (ئايۇپ12: 9)**

نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا، ئافرىقىدا تارىختىن بۇيان ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنتايىن چوڭ بىر گۆھەر بايقالدى. كىشلەر ئۇنى ئەنگىلىيە پادشاھىنىڭ تاجىغا بېزەك قىلىشى ئۈچۈن سوۋغا قىلىشتى. ئەنگىلىيە پادشاھى بۇ گۆھەرنى ئامستېردامدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇستا زەرگەرنىڭ لاھىيلىشىگە تاپشۇردى. قېنى ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ بۇ گۆھەرنى قانداق لاھىيلىمەكچىدۇ؟

زەرگەر بۇ بىباھا ياقۇتنى قولىغا ئېلىپ ئالدى بىلەن چوڭقۇر بىر بەلگە قويۇۋاپتۇ. ئاندىن، بولقا بىلەن كۈچەپ بىرنى قويۇپتۇ، قاراڭ! دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل

بىردىن-بىر گۆھەر بىر دەقىقە ئىچىدىلا ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئاھ، نېمىدىگەن بىمەنە ئىش بۇ، ئۆلمىگۈر زەرگەر چوڭ بىر بالا-قازانى تېرىدى...........

ئەمەلىيەتتە ئىشلار ھەرگىز بۇنداق ئەمەس. بۇ گۆھەرنى ئىككى پارچە قىلىش بىر قانچە ھەپتىلىك ئويلاش، پىلانلاش، ئۆلگە سىزىش ۋە لاھىيلەش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنىدى. گۆھەرنىڭ سۈپىتى، قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى دەز-يېرىقلاردىن تارتىپ ھەممىسى تەپسىلىي تەتقىق قىلىنغانىدى. ئەنگلىيە پادشاھى ئىش تاپشۇرغان بۇ زەرگەر، ھۆنەر جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك زەرگەر ئىدى.

ئۇنداقتا، سىز ئېيتىپ بېقىڭچۇ، بۇ بىر بولقا ھۇجۇم خاتا بولدىمۇ؟

ياق، ھەرگىز خاتا بولمىدى. بۇ ئىشلار زەرگەرنىڭ تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ بىر بولقا ھۇجۇم بۇ گۆھەرنى دۇنيادىكى ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل، كۆزنى قاماشتۇردىغان ئىككى دانە ئالماسقا ئايلاندۇردى. بۇ بىر بولقا ھوجۇم، بۇ گۆھەرنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى.

خۇدا بەزى ۋاقىتلاردا، سىزنى قان-ياشلىق قىسمەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، ئۈمۈدسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. سىز بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتا دەپ ئويلامسىز؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. سىز خۇدانىڭ قىممەتلىك بىر گۆھىرى. خۇدا بولسا سىزنى ياسايدىغان ئەڭ ئۇستا زەرگەردۇر.

ھامان بىر كۈنى، سىز خۇدانىڭ تاجىغا قادالغان، نۇر چېچىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل گۆھەرگە ئايلىنىسىز. سىز ھازىر ئۇنىڭ قولىدا. ئۇ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. سىز ئۇچرىغان ئىشلاردا خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىجازىتى بولمىسا، ھېچبىر ئىش سىزگە يېقىن يولىيالمايدۇ.

# 4-ئاينىڭ 18-كۈنى

**📖«ئامانەت قىل ھايات يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا، ئىشەن ئۇنىڭغا، ئۇ يېتەكچى بولار ساڭا. »(زەبۇر37 :5)**

مەن بۇرۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم زۆرۈر دەپ قارايتتىم. يەنى دۇئا قىلغان ئىشلارنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ قىلاتتىم ھەم خۇدانىڭ بۇ ئىشلارنى ئىجابەت قىلىشىغا ياردەم بەردىم دەپ ئويلايتتىم. كېيىن، خۇدا مېنى ئەسكەرتىپ، بۇنداق ئويلۇشۇمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، قىلغانلىرىمنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇتىغا چىقارماقچى بولغان ئىشلىرىغا توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ماڭا دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئىشىنىپ، مەدھىيە ۋە رەھمەت بىلەن ئۆزىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈشنى بۇيرىدى. ئولتۇرۇپ كۈتۈش، پەقەت خۇداغىلا تايىنىش ئادەمنىڭ ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويامدۇ قانداق؟ بىز دائىم غايەت زور سىناقلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىمىز ھەرىكەت قىلىشنى ئويلايمىز.

بىز ھەممىمىز سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ تىركىشىشلىرىنى توختاتمىسا، سۇ ئۈزۈش ماھىرىنىڭ بۇ كىشىنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر بىز ئۆز ھەرىكىتىمىزنى توختاتمىساق، خۇدا بىز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمىز خۇدانىڭ خىزمىتىگە توسالغۇ بولىدۇ.

تەنگە تەۋە كۈچ پائالىيەت قىلغاندا، ئەرشكە تەۋە كۈچ خىزمەت قىلمايدۇ. خۇدانىڭ دۇئالارغا جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. شۇڭا، خۇدانى ئالدىراتماستىن ئۇنىڭغا كۆپرەك ۋاقىت بېرىشىمىز كېرەك. بىر تۈپ ئەتىرگۈل سىزىش ياكى قارىغاي دەرىخى

تىكىش ئۇچۇنمۇ خۇدا ۋاقىتقا مۇھتاج. بىزگە بولكا تەييارلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىر ئېتىز تەييارلاش، ئاندىن بۇ يەرنى ئوبدان ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق چېچىش، ئوغۇتلاش، سۇغۇرۇش، قۇياش نۇرى، بىخلىنىپ يۇپۇرماق چىقىشنى ساقلاش،تولۇپ پىششىنى كۈتۈش، ئۇن قىلىش، ئاندىن خېمىر يۇغۇرۇپ بولكا پىشقاندىن كېيىن ئاچ قالغان ئادەملەرنى تويغۇزۇشتەك بىر قاتار جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك.

ھەر بىر رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۈگۈن يەر ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق چاچقان بولساق، خۇدانىڭ ۋاقتى كەلگۈچە ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز ھەم كۈتۈشىمىز كېرەك. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم خۇداغا كۆپرەك ۋاقىت بېرىشىمىز كېرەك. بىز دۇئا قىلىش جەريانىدا ئوخشاش بىر دەرسلىكنى يەنى خۇدانىڭ دۇئالارغا جاۋاپ بېرىشى ئۈچۈن چوقۇم ۋاقىت كېرەك دېگەن دەرسلىكنى ئۆگىنەلەيمىز.

# 4-ئاينىڭ 19-كۈنى

***«قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي ئۇرۇپ يولغا چىقتى.» (ئىبرانىيلار 11: 8)***

قۇشلارنىڭ ئىشەنچى بىزگە قارىغاندا كۈچلۈك. ئۇلار شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ ئۇچقاندا، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ يەنىلا خۇشال-خۇراملىق بىلەن ناخشا ئېيتقاچ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان يولنىڭ يىراقلىقىدىن، يېڭى ماكاندا ياتسىراپ قېلىشتىن غەم قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىنى ياراتقان خۇداغا تايىنىدۇ.

بىز ئەنە شۇنداق ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۇھ تارتماستىن قۇشلارغا ئوخشاش ناخشا ئېيتىپ ئالغا باسايلى. ئەگەر، بىز بارلىق ئىشلارنىڭ خۇدانىڭ قولىدا

ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، يەنە نېمە ئۈچۈن يىغا-زار قىلىپ، قورقۇپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز؟ ئەجىبا بۇلار قۇشلارنىڭ جەنۇپقا قىلغان قالتىس سەپىرىمىدۇ؟

# 4-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان پەرۋەردىگار خۇدا دەيدۇكى، كۈچ-قۇدرىتىڭگە، قابىلىيىتىڭگە تايانما. بەلكى مۇقەددەس روھىمغا تايانساڭ، ئىشلىرىڭ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.» (زەكەرىيا 4: 6)**

بىر قېتىم مەن تاغ باغرىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، بىر كىچىك بالىنىڭ ۋېلسىپىت مىنىپ، تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يول تىك ھەم شامال بولغانلىقتىن بۇ بالا شۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپمۇ يەنىلا ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈچ-ماغدۇرى تۈگەي دېگەندە، يېنىدىن تاغ چوققىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر تىراكتورنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ بالا چاققانلىق بىلەن دەرھال تىراكتورنىڭ كەينىدىكى رىشاتكىغا ئېسىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ئازىراقمۇ كۈچ سەرپ قىلماستىن ئۇچقاندەك تاغ چوققىسىغا چىقىۋالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مەندە مۇنداق بىر ئوي-پىكىر پەيدا بولۇپ قالدى.

مېنىڭمۇ ھازىر خۇددى ۋېلسىپىت مىنىپ، تاغ چوققىسىغا چىقىپ كېتىۋاتقان بالىدەك ھېرىپ، ماغدۇرۇم قالمىدى. مەن شۇنچە كۈچ سەرپ قىلساممۇ نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار، توسالغۇلار ئارقا-ئارقىدىن يۇپۇرلۇپ كېلىپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتكەن

ئىدى. بىراق بۇ يەردە بىر كۈچ يەنى رەب ئەيسانىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرىتى مېنىڭ ئىشلىتىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىشقا ھەقىقەتەن مۇھتاج. گەرچە مەن ئىشەنچىمنىڭ چىمچىلاق بارمىقى بىلەن ئۇنى تۇتۇۋالغان بولساممۇ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى مېنىڭ ئىشلىتىشىم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار. ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايانسام، غەلىبە قازىنالمايدىغان ھېچبىر ئىشىم يوقتۇر.

بۇ قېتىم مەن روھقا تەۋە بىر تەربىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، مېنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى يەلكەمدىن تاشلىۋەتتىم.

# 4-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖«ئۇ، خۇدانىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەندى.»*(رىملىقلار 4: 21)***

ئىبراھىم يۈز ياشقا يېقىنلاپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە ئەمەس ھەممىگە قادىر خۇداغا ئىشەندى.

ئۇ، خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن زەررىچىلىك گۇمانلانمىدى. ئۇ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئاستىدا ئازراقمۇ مەيۈسلەنمىدى. ئۇنىڭ ئىشەنچى ئاجىزلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. مۇقەددەس كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:«ئۇ، خۇدانىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەندى.» بۇ ئايەتلەرنى بىۋاستە چۈشەنسەك مۇنداق بولىدۇ: ئۇ ئاجايىپ مول، ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم ئىنتايىن چەكسىز بەخت-سائادەتكە، مول ئىنئامغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

بىزنىڭ خۇدايىمىز ھەممىگە قادىر، ھەممە يەردە بار مەڭگۈلۈك خۇدادۇر. ئۇنىڭ ھېچقاچان چەكلىمىسى يوقتۇر. بارلىق چەكلىمىنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزنىڭ تىلىگەن بارلىق نەرسىلىرىمىز، ئويلىغان ئوي-پىكىرلىرىمىز ھەم بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بەك كىچىك، بەك ئاز بولۇپ، خۇدانىڭ ئەسلىدىكى شان-شەرىپىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى ھېچبىر گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. خۇدا بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى كەڭ قىلىپ، ھەممىگە قادىر ئۆزىگە ئۈمىد باغلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

بىز خۇدانىڭ ئەھدىسىنى پەشتاق قىلىپ، خۇدانىڭ خەزىنىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئاتلىنايلى. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، خۇدانىڭ ھەر بىر ئەھدىسىنىڭ ھەممىسى بىزنى مېھىر-شەپقەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئاچقۇچتۇر.

## 4-ئاينىڭ 22-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«ئۇ مېنىڭ يوللىرىمنى بىلىدۇ.»(ئايۇپ 23: 10)**

قېرىنداشلار، بۇ نەقەدەر ئىشەنچلىك ئەمەلىيەت-ھە! خۇدا سىزنىڭ يوللىرىڭىزنى مەيلى ئۇ يول ئەگرى ياكى تۈز بولسۇن، تار ياكى كەڭ بولسۇن، تىك قىيالىق ياكى تەكشىلىك بولسۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ، ھەممىگە قادىر كۈچ-قۇدرەتلىك

خۇدا بولغاچقا بەزىدە ئوت تۆۋرۈكى بولسا، بەزىدە بۇلۇت تۆۋرۈكى بولۇپ، بىزگە يول باشلاپ ماڭىدۇ. يوللىرىمىزنىڭ ھەمىشە تۈز، راۋان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىراق بۇلۇت تۆۋرۈكى، ماننا، بۆدۆنە.......... قاتارلىق ياخشى نەرسىلەر ھېچقاچان كەم ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ سەپەر جەريانىدا بىزنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. قېرىنداشلار، بىزدە مۇشۇنداق ئىشەنچ بولسا، يۈرەكلىك ئالغا باسايلى.

بۇ ھەقتە داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «روھىم ئىچىمدە تۈگىشەي دەپ قالغاندا، سەن باسقان يولۇمنى بىلگەنسەن»(زەبۇر 142: 3)

ئەگەر بىزمۇ ئايۇپقا ئوخشاش بەختسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپمۇ خۇدانىڭ قولىنى كۆرەلىسەك، ئۇچرىغان سىناقلارنىڭ ھەممىسى يەڭگىللىگەن بولاتتى. ئايۇپ شەبالارنىڭ قېلىچى، ئاسماندىن چۈشكەن ئوت، چۆل-باياۋاندىكى بورانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىدە خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولىنى كۆرگەن. ئايۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىنئام بەرگۈچىمۇ پەرۋەردىگار خۇدادۇر. ئېلىپ كەتكۈچىمۇ يەنىلا پەرۋەردىگار خۇدادۇر. پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامى مەدھىيلىنىشكە لايىقتۇر.»(ئايۇپ1: 21)

ئايۇپ ھەر بىر ئىشتا خۇدانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، كۈل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇنداق دېيەلىگەن: «گەرچە ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا تايىنىمەن.» (ئايۇپ13: 15)

# 4-ئاينىڭ 23-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖**«يۇرسەممۇ گەرچە كۈلپەتلەردە مەن، مېنى روھلاندۇرىدىغان ئۆزۈڭدۇرسەن.ئۆزسەن قولۇڭنى، تۇسسەن دۈشمەنلىرىم غەزىپىنى، قۇتقۇزىدۇ سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى.» (زەبۇر138: 7)**

بۇ ئايەتنىڭ ئىبرانى تىلىدىكى ئەسلى مەنىسى: "گەرچە مەن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭساممۇ، سەن يەنىلا مېنى قۇتقۇزىسەن. "

نۇرغۇن چاغلاردا بىز ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش ئەھدىسىنى يۈرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىمىز. ئەمما، بىز ئالدىرىغان بىلەن خۇدا ئالدىرىمايدۇ، ئەسلىدە خۇدا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ مەركىزىگە ئەكىلىپ قويۇشنى كۈتكەنىكەن. ئۇ بىزنى ئازاپ ئوقۇبەتنىڭ كۈلپەتلىرىدە كۆرگەندە ئاندىن قوللىرىنى سوزۇپ، بىزنى قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئالدىراپ ئۇنى مالال قىلىمىز؟

مارتا رەب ئەيساغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىم، بۇ يەردە بولغان بولسىڭىز ئىنىم ئۆلمەس ئىدى» (يۇھاننا11: 21). رەببىمىز ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكىگە مۇنداق جاۋاپ قايتۇرىدۇ: «ئىنىڭىز تىرىلىدۇ.» (23 -ئايەت) بىز مارتاغا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، دەپ ئويلايمىز. بىراق بىزنىڭ رەببىمىز ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەملەپ:«زۇلمەت مۇشەققەتلەر ئارىسىدا ماڭغان بولساڭمۇ، مەن سېنى قۇتقۇزىمەن » دەيدۇ.

گەرچە ئۇ دۇئالىرىمىزغا ناھايىتى ئۇزۇندا جاۋاپ قايتۇرسىمۇ، بىز يەنىلا

ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئىچىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان بولساقمۇ، بىز ئازاب-ئوقۇبەت تارتىۋاتقان بۇ جاي، دەل ئۇ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى يۈرگۈزىدىغان جاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، دۈشمەننىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىنى توختۇتۇپ، كۈچلۈك ئوڭ قولى بىلەن بىزنى قوغدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلىرىم، بىز يەنە نېمىشقا ئۈمىدسىزلىنىمىز؟

## 4-ئاينىڭ 24-كۈنى

**************

📖 **«ئېتىقاد خۇدانىڭ ۋەدىسگە باغلانغان ئۈمىدنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ، كۆرۈنمەيدىغان مەۋجۇتلۇققا بولغان قايىللىقتۇر.»** ***(ئىبرانىيلار 11: 1)***

ھەقىقىي ئىشەنچ خۇددى خەتنى پوچتا ساندۇقىغا سېلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش. ئىشەنمەسلىك بولسا خەتنى پوچتا ساندۇقىنىڭ تۆشۈكىگە سالماي، ساندۇقنىڭ يېنىدا قولىدىن چىقارماي مىجىپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. سالمىغان بۇنداق خەتكە جاۋاپ خەتمۇ كەلمەيدۇ ئەلۋەتتە. مېنىڭ كىتاب جوزامدا ئۇزۇن يىللار بۇرۇن يازغان بىر قانچە پارچە خەت بار، مەن تاكى بۈگۈنگىچە ئادرىسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغانلىقتىن ئۇ خەتلەرنى سالمىغانىدىم. بۇ خەتلەر دوستلۇرۇم بىلەن بولغان ئالاقەمگە ئالاھىدە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتەلمىدى. مەن پەقەت ئۇ خەتلەرنى پوچتا ساندۇقىغا سېلىپ، پوچتا ئىدارىسىغا تاپشۇرسامللا ئىش كۇپايە.بولمىسا بۇ خاتلەردىن مەڭگۇ ھېچقانداق نەتىنجە چىقمايدۇ.

ھەقىقىي ئىشەنچ مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىز بارلىق ئىشلارنى خۇداغا

تاپشۇرغاندىن كېيىن، خۇدا مۇقەررەر ھالدا ئۇنى ئىجابەت قىلىدۇ. زەبۇر 37-كۈي 5-مىسرادا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا ئامانەت قىل، ئۇنىڭغا تايان، ئۇ چوقۇم تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلىدۇ» ناۋادا، بىز يوللىرىمىزنى خۇداغا ئامانەت قىلمىساق، خۇدا ئۇنى قانداق ئىجابەت قىلىدۇ؟ ئىشەنچ- قوبۇل قىلىش دېمەكتۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشەنچ خۇدا تەييارلىغان سوۋغاتنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. قېرىنداشلار، بارلىقىمىزنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرمايدىغانلىقىغا ئىشىنەيلى. شۇندىلا قەلبىمىز ئارام تاپقۇسى!

# 4-ئاپرېلنىڭ 25-كۈنى

***«ھېچ نەرسىدىن غەم قىلماڭلار.» (فىلىپىلىكلەر 4: 6)***

دوكتۇر پەيسون (Dr.Payson) ياش ۋاقىتلىرىدا، ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئوغلىدىن ئەنسىرەپ، غەم قىلىپ يۈرۈيدىغان ياشانغان بىر مومايغا مۇنداق خەت يازغان: «سىز ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەيدىكەنسىز. سىزنىڭ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىڭىز ئۇنى خۇداغا تاپشۇرغانلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا، يەنە غەم قىلىشىڭىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟.» خۇدانىڭ «ھېچ نەرسىدىن غەم قىلماڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلچى پېترۇس: «بارلىق غەم-قايغۇلىرىڭلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ» دەيدۇ.(1-پېترۇس 5: 7) ئەگەر، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتسەك، ئۇ يەنە بىزنى بېسىپ ھارغۇزۋېتەلەمدۇ؟ ئەگەر، بىز مېھىر-شەپقەت تەختىدىن يەنىلا ئېغىر

يوك بىلەن قايتقان بولساق، ئېنىقكى بۇ بىزنىڭ يوكىمىزنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ كەلمىگەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. مەن دائىم ئۆز دۇئالىرىمنى مۇنداق سىنايمەن:ئەگەر ئىشلىرىمنى خۇداغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، چېھرىمدە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئىزنالىرى قالمىغان بولسا، خۇددى خەنناغا ئوخشاش ئېچىلىپ تاماق يېيەلىسەم، بۇنىڭدىن دۇئالىرىمنىڭ ئىشەنچلىك بولغانلىقىنى بىلىمەن. ئەگەر ئېغىر يوك بۇرۇنقىدەكلا يەنىلا ساقلىنىپ قالغان بولسا، بۇ مېنىڭ دۇئا قىلغاندا ئىشەنچىمنىڭ ئاجىز بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

# 4-ئاينىڭ 26-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«مەن قەيسى شۇنداق قارايمەنكى، رەبىمىز ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ئالدىدا ھەر قانداق ئىش قەدىرسىزدۇر.» (فىلىپىلىكلەر 3: 8)**

يۇرۇقلۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم مەلۇم چىقىم بولۇشى كېرەك. مەلۇم دەرىجىدە چىقىم تارتقاندىن كېيىن بەلگىلىك يۇرۇقلۇقتا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شام كۆيمىسە يۇرۇقلۇق چىقىرالمايدۇ. كۆيگەندە ئاندىن يۇرۇقلۇق چىقىرىدۇ. بىزمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىمىز يوقاتمىساق، باشقىلارغا ھەرگىز بېرەلمەيمىز. كىشىلىك ھاياتتىكى ئازاپ-ئوقۇبەتنى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ، ئېتىقادچىلار ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن باشقىلارغا ياردەم بېرەلەيدۇ. بىراق بىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرگەندە مۆكۈۋېلىشنى ياخشى كۆرىمىز.

بىز پۇت-قوللىرىمىزنىڭ ماغدۇرى بار، ساغلام، خىزمەتتە ئۇتۇق قازانغان

ۋاقىتلىرىمىزدا، خۇدا مېنى چوڭ ئىشلەتتى دەپ ئويلايمىز. ئەمما سالامەتلىكىمىزدىن چاتاق چىقىپ يالغۇز غېرىبسىنغاندا، ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ ئىشسىز قالغاندا، مەن بىر كېرەكسىز ئىنسان، خۇدا مېنى ئېتىبارغا ئالمىدى دەپ ئويلايمىز. بىراق بىز سەۋىر-تاقەتلىك بولۇپ، خۇداغا ئىتائەتمەن بولساق، ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىمۇ خۇدا ئۈچۈن ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىشلارنى قىلالايمىز.

بۈگۈنكى ئازاب-ئوقۇبەت ئەتىكى شان-شەرەپ ئۈچۈندۇر.

نۇرغۇن ئادەملەر شان-شەرەپكە تەشنا بولىدۇ، لېكىن كرېستنى رەت قىلىدۇ. نۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن كۆيۈشنى خالىمايدۇ. مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، كرېست بىزنىڭ غەلبە تاجىمىزدۇر. كرېست بولمىسا غەلبە تاجىمۇ بولمايدۇ.

# 4-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«ھەمىشە دۇئا قىلىڭلار.» *(1-سالونىكىلىقلار 5: 17)***

نۇرغۇن كىشلەر «ھەمىشە دۇئا قىلىڭلار» دېگەن بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن تەس دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا بىز بىر دىدەكنىڭ گۇۋاھلىقنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئەتىگەندە مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا دۇئا قىلىپ: ئى رەببىم، قەلب كۆزلىرىمنى ئاچقايسەن، دىدىم؛ كىيىملىرىمنى كىيىۋېتىپ، مەن ئەيسا مەسىھ ئاتا قىلغان ھەققانىيەت تونىنى كىيىشنى خالايمەن، دىدىم؛ يۈزلىرىمنى يۇيۇۋاتقاندا، خۇدا مېنى پاكلىغىن، دىدىم؛ ئىش قىلىۋاتقاندا، ئى رەببىم، ماڭا بەرگەن كۈنلىرىڭ قانداق بولسا، كۈچ-قۇۋۋىتىم شۇنداق بولسۇن، دىدىم؛ ئۇچاققا ئوت ياققاندا، ئى رەببىم، قەلبىمگە

يېڭىدىن يالقۇنجاپ تۇرغان مېھىر-مۇھەببەت ئۈتىنى ياققايسەن، دىدىم؛ يەر سۆيۈرۈۋاتقاندا بولسا، قەلبىمدىكى بارلىق مەينەتچىلىكنى سۆيۈرۈۋەتكەيسەن، دىدىم؛ تاماق يەۋاتقاندا، ئى رەببىم، ماڭا يۇشۇرۇن ساقلاقلىق مانىنا ۋە مۇقەددەس روھىي سۇتتۇڭدىن بەرگەيسەن، دىدىم؛ باللارغا قاراۋاتقىنىمدا، خۇدا مېنى ئۆزۈڭنىڭ ئىتائەتچان پەرزەنتلىرىدىن قىلغايسەن، دىدىم؛ مەن ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئەنە شۇنداق دۇئا قىلىمەن. مەن قىلغان ھەربىر ئىشلار مېنى دۇئا قىلىشتىكى مەنا بىلەن تەمىنلەيدۇ.»

# 4-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«ئىسرائىللار خۇداغا پەرياد قىلغاندا، خۇدا ئىسرائىللار ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچى تەيىنلىدى. ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان بۇ كىشى كالەبنىڭ ئاكىسى كىنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل بولۇپ، خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.» (*ھاكىملار3: 9-10*)**

خۇدا ئۆز باتۇرلىرىنى ھەرۋاقىت تەييارلاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلگەندە، بۇ باتۇرلارنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، مۇقەددەس روھ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن سىزنىمۇ تەييارلايدۇ. كۈتۈش ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، خۇدا سىزنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنغا قويىدۇ.

بىر كۈنلەردە بىزمۇ ئەسنەئەلگە ئوخشاش خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەت تەختىدە

ئولتۇرۇپ، مەسىھ بىلەن بىللە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈمىز بىراق، ئاشۇ شان-شەرەپلىك كۈنلەرگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، خۇدا چوقۇم بىزنى خۇددى كۇشاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەسنىئەلنى تەييارلىغاندەك تەييار قىلىدۇ. ھەربىر كىشى چوقۇم ئالدى بىلەن جاپا-مۇشەققەتلىك قاراڭغۇ تونىلدىن ئۆتكەندە، ئاندىن غەلىبىنىڭ داغدام يولىغا قەدەم باسالايدۇ.

# 4-ئاينىڭ 29-كۈنى

**«پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ: كۈچ-قۇدرىتىڭگە، قابىلىيىتىڭگە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ مۇقەددەس روھىمغا تايان.» *(زەكەرىيا 4: 6)***

تارىخقا نەزەر سالساق، خۇدانىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزىدە كىچىكىپ، بەزىدە نىشاننى توغرىلىيالماي ھەتتا بەزىدە مەغلۇب بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەقىقەتەن شۇنداق، بىز ئىنسانلار خۇدانىڭ پىلانىنى ۋە ئىشلىرىنى ئەستايىدىل كۈزەتمەيمىز ھەم خۇدانىڭ قىلغانلىرىنىڭ قەدرىنى بىلمەيمىز.

ئۆتمۈشكە ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىك تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خۇدا خۇددى نۇرغۇن ئىشلاردا مەغلۇپ بولغاندەك، خۇدانىڭ پىلانىدا خاتالىق باردەك ھېس قىلىمىز. بىراق، بىز نەزىرىمىزنى يىراق كەلگۈسىگە تىكىپ، خۇدانىڭ پۈتكۈل قۇتقۇزۇش پىلانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خۇدانىڭ ئەزەلدىن مەغلۇپ بولمىغانلىقىنى، غەلىبىنىڭ باشتىن-ئاخىر خۇداغا مەنسۇپ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

خۇدا ھەمىشە ئىنسانلار ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان ئامىللار

ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇزۇپ كەلدى. خۇدانىڭ ئىشلەتكەن ئۇسۇللىرى ھەمىشە ئىنسانلارنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.كىشلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۈتۈق قازانغان كىشلەر خۇدانىڭ نەزىرىدە ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنىمىگە يارىماس، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بىلىمسىز، نادان........كىشلەر ئەكسىچە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئۈتۈق قازانغان كىشلەر بولۇپ چىقىدۇ. بىزنىڭ تەلتۆكۈس غەلبىگە ئېرىششىمىز، خۇدا بىلەن بىرلىشىش، ئۆزىمىزنى رەت قىلىش، خۇدا بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ

بىز باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مەغلۇبىيەتچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن غەلبە قازىنالىدۇق. مال-دۇنيالىرىمىزنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشەلىدۇق. دۈشمەنلىرىمىزنى سۆيگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، تېنچلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ خورلاشلىرىغا سۈكۈت قىلالىدۇق....بۇلارنى خۇدانىڭ ھاياتىمىزدىكى گۈزەل ئىرادىسى، دەپ چۈشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غەلبە قازىنالىدۇق.

خۇدا باشتىن-ئاخىر مەڭگۈ غەلبە قازانغۇچىدۇر. گەرچە، بەزى ۋاقىتلاردا خۇدا بارلىق پايدا-مەنپەئەتنىڭ ھەممىسىنى شەيتانغا تارتقۇزۇپ قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ خۇدا يەنىلا غەلبە قازانغۇچىدۇر. گەرچە خۇدا تېپتېنچ ھالەتتە ھېچ ئىش قىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە خۇدا ئۈزلۈكسىز ئاجايىپ زور مۆجىزىلەرنى ياراتماقتا.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ تېنچلىنىشنى ئۆگىنىۋالايلى!

# 4-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«بۇ يەتتە قوتۇر كالا ھېلىقى يەتتە سېمىز كالىنى يەۋېتىپتۇ... بۇ يەتتە باشاق ھېلىقى تولۇق يېتىلگەن يەتتە باشاقنى يۇتۇۋاپتۇ...» (يارىتىلىش 41: 4،7)**

مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشى بىزگە بىر ئاگاھلاندۇرۇشنى بېرىدۇ: ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن يىللار، ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلەر، مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىگۈدەك نەتىجىلەر، ئۇتۇقلۇق قىلغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كېيىنكى ئاجىزلىق، مەغلۇبىيەت، ئۈمىدسىزلىك، بوشاڭلىق، چېكىنىش قاتارلىقلار يوققا چىقىرىدۇ. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان نۇرغۇن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇلارنى ئادەم ئويلىسىمۇ قورققۇسى كېلىدۇ. گەرچە بۇلار ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي ئىشلار بولسىمۇ، چوقۇم مۇقەررەر يۈز بېرىدۇ دېگىلى، يەنە ساقلانماق تەس دېيىشكىمۇ بولمايدۇ.

گوردۇن (S.D.Gordon) مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىن-بىر ئاقىلانە يولى، ھەرۋاقىت خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. تۈنۈگۈنكى غەلىبە بۈگۈن ھېچقانداق ئۈنۈم يارىتالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، بۇلار پايدىلىنىشقا بولىدىغان مول تەجرىبە بولالايدۇ. پەقەت خۇدا بىلەن ھەرۋاقىت يېقىندىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەسىھنىڭ ئىچىدە ماكان تۇتساقلا، ھاياتىمىزدىكى «قوتۇر كالا» ۋە «پۇچەك باشاق»لار نى يەۋېتەلەيمىز.

# 5-ئاينىڭ 1-كۈنى

**📖«يالغانچىلىقنى مۇستەسنا بولغان خۇدا دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن ئىلگىرىلا بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى ۋەدە قىلغان.» (تىتۇس1: 2)**

ئىشەنچ ــ ھەرگىزمۇ ئىرادىنىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن ئىشلاردا نەتىنجىگە ئېرىششنى ئەمەس،بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىسىگە چىڭ ئېسىلىپ تەۋرەنمەي، ئۈمۈدۋار بولۇپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كۈتۈشنى كۆرسۈتۈدۇ.

ئىشەنچ ۋەدىنى ئالدىن بىشارەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ۋەدە بولسا نۇردۇر. خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىسى دەل ھايات سەپىرىمىزدىكى نۇردۇر. بىز يۇرۇقلۇقتا ماڭساق، ھېچقانداق تۇسالغۇغا ئۇچرىمايمىز ھەم ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. مانا ھازىر بىزنىڭ ئىشەنچىمىز خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئالدىن بىشارەتكە ئايلاندۇرغانىكەن، بىز ئۇچۇق ئاشكارە ھالدا: بۇ ئىشلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، چۈنكى خۇدا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ جاكارلىساق بولىدۇ.

مەن ھەرقايسى جايلاردا، دائىم باشقىلارنىڭ خۇداغا دۇئا قىلىپ ئۆزلىرىگە چوڭقۇر ئىشەنچ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمەن. بىراق، ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ئەستايىدىل قۇلاق سالسام، ئۇلارنىڭ تىلەۋاتقىنى چوڭقۇر ئىشەنچ بولماستىن، بەلكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر ئىكەن..............

ئىشەنچ ھەرگىز:«بۇ ئىشلارنىڭ ماڭا زور پايدىسى بار، شۇڭا خۇدا بۇ ئىشلىرىمنى چوقۇم ئۇتۇقلۇق قىل» دېمەيدۇ. ئەكسىچە:«بۇ ئىشلاردا خۇدا غەلبە قىلدى. شۇڭا بۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم ماڭا پايدىسى زور» دەيدۇ.

ئىشەنچ بولسا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇدا بىلەن بىللە قەدەم ئېلىپ، پەقەت بىرلا

ئىشنى تىلەيدۇ، يەنى:خۇدانىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىشنى تىلەيدۇ.

# 5-ئاينىڭ 2-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدانىڭ تەختى ئەرشتىدۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھەممىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرىدۇ.» *(زەبۇر 103: 19)***

بىر قېتىم، باش باھارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىشىمغىلا دەھشەتلىك رەھىمسىز سوغاق شامال ئۈستى-بېشىمنى چاڭ-توزانغا كۆمۈۋەتتى.

مەن قىزىققانلىق بىلەن ئاغرىنىپ:«ھەي بۇ شامالنى...» دېگىنىمچە ئاخىرقى سۆزلىرىمنى يۇتۇۋەتتىم. مەن ئەسلىدە، «ھەرگىز شامال چىقمىسا دەيمەن.....» دېمەكچى ئىدىم. لېكىن، بۇ سۆزلەر بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ چىقىرالماي قالدىم.

يولدا كېتىۋېتىپ بۇ ئىشلار خىيالىمدىن زادى چىقمىدى. قولىغا بىر توپ ئاچقۇچ ئالغان پەرىشتە كېلىپ ماڭا:

- رەببىم بۇ ئاچقۇچلارنى ساڭا بېرىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى،-دېدى.

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە مۇلايىملىق بىلەن:

- بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدىم.

پەرىشتە:

-شامال دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى، دەپلا غايىب بولدى.

مەن ھازىر ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئەلۋەتتە. بۇندىن كېيىن ئۆز

خاھىشىم بويىچە، مېنى بىزار قىلغان شامالغا خالىغانچە بۇيرۇق قىلالايمەن. مەن ئالدىراپ تاغ چوققىسىغا چىقتىم. شامال ئېغىزى دەل شۇ يەردە ئىكەن. مەن ئالدىرىغانچە شەرق شاملى، شىمال شاملى، غەرب شاملىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋەتتىم ھەم جەنۇب شاملىنىڭ ئېغىزىنى چوڭراق ئېچىپ قويدۇم. مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن رازى بولغان ھالدا :«ئەمدى دۇنيادا كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق دەھشەتلىك سوغاق شامال بولمايدۇ. ھەر ئايدا گۈل-گىياھلار ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ھەممە پەسىلدە مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدۇ. يىل بېشىدىن تارتىپ يىل ئاخىرىغىچە ئىسسىق بولىدۇ. ئاھ، سۆيۈملۈك ھاۋا...» خىياللىرىم ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، بىردىنلا كۆچلۈك ئىسسىق شامال بۇسۇپ كىرىپ نەپەس ئالالماي قالدىم.

يەر يۈزىدىكى بارلىق سۆيۈملۈك ئۆسۈملۈك، گۈل-گىياھلار بىردەمدىلا سارغىيىپ كەتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇم بۇ دۇنيادىكى جانلىقلارغا ھالاكەت ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن قىلغانلىرىمدىن ئازابلانغان ھالدا:«مەن ھاياتلىقنى نابۇت قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىلمەيدىكەنمەن. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق!» دەپ ۋاقىرىدىم.

مەن ئۆكۈنگەن ھەم خىجىل بولغان ھالدا، خۇدادىن پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ مەندىكى ئاچقۇچلارنى قايتۇرۇپ كېتىشىنى ئۆتۈندۈم ھەم ئۆز-ئۆزۈمگە، بۇندىن كېيىن ھەرگىز شامال دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى قولۇمغا ئالمايمەن، دەپ ۋەدە قىلدىم.

قاراڭ! ئەسلىدە رەب مېنىڭ يېنىمدىلا تۇرغانىكەن. ئۇ مىخ ئىزلىرى بار قوللىرىنى سوزۇپ، ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، باشقا ئۈچ شامال ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسنى ئېچىۋەتتى. كۆپلىگەن سوغاق شامالنىڭ ئېقىپ كىرىشى بىلەن راھەت ھېس قىلدىم.

بۇ ۋاقىتتا ئويلاپ قالدىم: خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلاردىن ئاغرىنغۇدەك مەن كىم

ئىدىم؟ رەب ئاچقۇچلارنى بىلىگە ئىسىۋالدى. مەن ئارقىدىن:

- ئى رەببىم ، شامالنى باشقۇرۇش ھوقۇقى سىنىڭ ئىلكىڭدىمۇ؟- دەپ سورىدىم.

رەب جاۋابەن:

شۇنداق بالام،- دىدى.

قاراڭ، مەن يەنە تۇرمۇشتا ئىھتىياجلىق بولغان بارلىق ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رەبنىڭ ھوزۇرىدا ئىسقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

رەب چىرايىمدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، مەندىن:

-بالام، ئەجىبا پادىشاھلىقىمدىكى بارلىق ھوقۇقلارنىڭ ماڭا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ -دەپ سورىدى.

مەن جاۋابەن:

-ئى رەببىم، شۇنداق، مەن بىلىمەن. گەرچە قۇللىرىڭ مىخ ئىزلىرى بىلەن جاراھەتلەنگەن بولسىمۇ يەنىلا مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر. سەن ئاشۇ ھەرخىل ئاچقۇچلارنى ئىشلىتىپ مېنى ئازاب-ئوقۇبەتكە، شاد-خۇراملىققا، قىيىنچىلىققا، ھوزۇر-ھالاۋەتكە، غەلبە ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىسەن. بۇندىن كېيىن ھاياتىمدا مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بەرسۇن مەن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. ھەممە ئىشلاردا ساڭا تايىنىمەن. كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ، ساڭا ئىشىنىمەن، ھەم سىنى مەدھىيلەيمەن،- دىدىم.

# 5-ئاينىڭ 3-كۈنى
**************

📖«ۋاقتى كەلگەندە، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامىغا ئىلتىجا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ.» (يوئىل 2: 32)

مەن نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇداغا نىدا قىلمايمەن؟ مەن نېمە ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا يۈگۈرۈپ دوست-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمدىن ئۈمىد كۈتىمەن؟ مېنىڭ خۇدايىم مەن بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟ مېنىڭ خۇدايىم دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغان خۇدا ئەمەسمىدى؟ مەن نېمە ئۈچۈن بىكاردىن ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆزۈم بىلگەنچە چارە-تەدبىرلەرنى ئويلاپ، پىلانلارنى تۈزىمەن؟ مەن نېمە ئۈچۈن بارلىق ئېغىر يۈكلىرىمنى خۇداغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن؟ مەن ..........................

نىشانغا ئۇدۇلدىن يۈگۈرۈش ئەڭ تېز، ئەڭ يېقىن بارغىلى بولىدىغان بىر يول. مەن نېمە ئۈچۈن دەرھال يۈگۈرۈپ، ھايات خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلانمايمەن؟ دۇنيادا پەرۋەردىگار خۇدادىن باشقا ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشىم كېرەك ئىدىغۇ!

مەن ئالدى بىلەن خۇداغا ئىلتىجا قىلىش سالاھىيىتىمنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئويلۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى، يوئىل پەيغەمبەر ئېيتقان ئايەتتىكى «ھەممىسى» نىڭ مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردىكى بۇ «ھەممىسى» مېنىلا كۆرسۈتۈپ قالماستىن، بەلكى خۇدانىڭ يېگانە ئوغلىغا ئېتىقات قىلغان ھەربىر ئادەمنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغان بۇ سۆزنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، دەرھال ۋەدە بەرگۈچى خۇداغا نىدا قىلايلى.

ئۇ شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئىكەن چوقۇم ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەممىنى تەقلەپ قويدى. ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن پىلان قۇرۇش ئەلۋەتتە مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش مېنىڭ ئىشىم. مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەسكىرىدۇرمەن. مەن پەقەت ئۇنىڭ نامىغا ئىلتىجا قىلسام،لا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمەن.

# 5-ئاينىڭ 4-كۈنى

📖«بۇلارنى سىلەرگە ئېيتقادىنى تاشلاپ قويمىسۇن، دەپ ئېيتتىم.» (يۇھاننا16: 1)

ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن يىقىلغان كىشىلەر ئىنتايىن بەختلىكتۇر.

شۇنداق بىر تۈركۈم قېرىنداشلىرىمىز باركى، ئۇلار گەرچە ئاي-يىللار قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ تۈرمىلەردە تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ھېلىھەم ئەرشتىكى خۇدا ئاتىمىزغا چوڭقۇر ئۈمۈد باغلاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدا ئورۇنلاشتۇرغان مېھىر-مۇھەببەت ۋە مەقسەت-مۇددىئاسىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئەنە شۇنداق مۇھىتتىمۇ خۇدا ئاتا قىلغان ئاراملىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

گەرچە ئۇلار نۇرغۇن يىللار ئازاب-ئوقۇبەت تارتىپ، كىشەنلىنىپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالسىمۇ، يەنىلا دۇئا ۋە مەدھىيە ئارقىلىق خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئورتاق بولماقتا. مۇقەددەس يازمىلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرلەنگەن:«دۈشمەنلەردىن ئولجا ئالغان غەنىيمەتلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولايلى.» (يەشۇ 22: 8)

گەرچە ئۇلار ئازاب-ئوقۇبەت تارتسىمۇ ھەم تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىسىمۇ، يەنىلا خۇشال-خۇراملىق بىلەن ھاياتىنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرماقتا.

گەرچە ئۇلار ئۇچرىغان سىناقلارنى چۈشەندۈرگىلى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئۇلار بۇ سەۋەبلىك ئېتىقادىدىن ھەرگىز تەۋرەپ قالمىدى. ئاھ، بۇنداق كىشىلەر نەقەدەر بەختلىك-ھە!

# 5-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«خالايىق مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتقان ۋاقىتتا، پەرۋەردىگار خۇدا پىستىرما قويۇپ ئەۋەتىپ، ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلغان..........لارنى ئۆلتۈردى....ئۇلار پەرۋەردىگار خۇدا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.» *(2-تارىخنامە 20: 22)***

ھەي...، بىز ئاز غەم قىلىپ، كۆپرەك مەدھىيە ئوقۇيالىغان بولساق، بارلىق غەم-ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى چالغۇ ئەسۋابلار ئورنىدا ئىشلىتىپ، مەدھىيىلەرنى جاراڭلاتساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىش غەم-ئەندىشە قىلىشتىن ئاسان ھەم كۆڭۈللۈكتۇر. شۇڭا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە مەدھىيە، شۈكۈر ئېيتىش كېرەك. قۇشقاچلارنىڭ ناخشا ئېيتىدىغان ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇشقاچلار غەم-ئەندىشە دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

سەھەردىن باشقا يەنە كەچتە ناخشا ئېيتىشمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ھوقۇشنىڭ

ھەركۈنى كەچتە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتى ناخشا ئېيتىشتۇر. ئۇلار بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەڭ ئېگىز دەرەخنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ، يېقىملىق مەدھىيە ناخشىلىرىنى باشلايدۇ.

بىزمۇ ئەنە شۇ قۇشلاردەك تاڭ سەھەر، كەچلەردە ناخشا ئېيتايلى. ھەركۈنلۈك تۇرمۇشىمىز مەدھىيە، ھەمدۇساناغا تولسۇن!

## 5-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار ئۆزىدىن ئەيمەنگەنلەرگە ئايان قىلار سىرىنى، ئۇلارغا ئېنىق تونۇتار ئۆز ئەھدىسىنى.» *(زەبۇر25: 14)***

پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مەخپىيەتلىكىنى پەقەت ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان پەرزەنتلىرىلا بىلىدۇ. خۇدانىڭ ئۇلارغا قوللانغان ۋاستىسى ھەمىشە سىرتتىن قارىغاندا رەھىمسىز ۋە قورقۇنچلۇقتۇر. بىراق، چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە قارىساق، بىز" بۇ خۇدانىڭ  سىرى. سەن پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنىلا كۆرەلەيسەن، ئەمما مەن بولسام ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنانى چۈشىنىمەن" دېيەلەيمىز.

ئالماس ۋە كەھرىۋا قوپال چوڭ تاشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەپىس گۈزەللىكى ۋە بىباھا قىممىتى سىرتىدىن قارىغاندا ھېچقانداق كۆزگە چېلىقمايدۇ. چۆل-باياۋاندىكى ئىبادەت چېدىرىمۇ سىرتىدىن قارىغاندا ھېچبىر قىممىتى باردەك كۆرۈنمەيتتى. ئىبادەت چېدىرى سىرتىدىن قارىغاندا تېرىلەر بىلەن يېپىلغان كۆرۈمسىز بىر چېدىر بولسىمۇ، ئەمما ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەر قىممەتلىك ئېسىل نەرسىلەردۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېھتىمال خۇدا سىزگە ئەنە شۇنداق قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ سوۋغاتلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى سەت بولغان تەقدىردىمۇ كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ. سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغىنى مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئەقىل-پاراسەتتۇر. ئەگەر بىز خۇدانىڭ سوۋغىتىنى ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلساق، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ خۇدانىڭ مەخپىيەتلىگىنى كۆرەلەيمىز.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتنىڭ سىزگە بولغان بېسىمى بەك چوڭمۇ؟ ھەرگىز ئۈلارنى ئىتتەرمەڭ، بۇ تاشچىنىڭ قولىدۇر.

# 5-ئاينىڭ 7-كۈنى

**«ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا بوشاشماستىن، ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا يەنە بىر تەمسىل سۆزلەپ بەردى.» *(لۇقا 18: 1)***

دۇئا قىلغاندىكى ئەڭ ئاددىي مەغلۇبىيەت قەتئىي ئىرادىنىڭ كەمچىل بولۇشىدۇر. بىز دەسلەپتە بىرەر ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. بىز كۈن دۇئا قىلىمىز، ئىككى كۈن، بىر ھەپتە، بىر ئاي دۇئا قىلىمىز. دۇئالىرىمىزدا ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىگەندىن كېيىن داۋاملىق دۇئا قىلىشتىن رايىمىز قايتىپ، ئۈمىدسىزلىنىمىز ھەم دۇئا قىلغاندا ئاشۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمايمىز. مانا بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر. بېشى بار، ئايىغى يوق ئىش قىلىدىغان تۇترۇقسىز ئادەملەر مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بېشى بار، ئايىغى يوق ئىش قىلىدىغان بۇنداق ئادەت مەغلۇبىيەتنىڭ مۇقەررەر بەلگىسىدۇر. دۇئا قىلىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

چۈشكۈنلىشىش ئۈمىدسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىشەنچنى يوق قىلىدۇ. ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى كۆشەندە.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:«بىزنىڭ دۇئا قىلىشىمىز قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ ئەجىبا بىز ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىشنى توختاتساق بولمامدۇ؟»

پەقەت بىرلا جاۋاب، ئۇ بولسىمۇ: دۇئا قىلىش، تىلىگەن نەرسىگە تاكى ئېرىشكۈچىلىك ياكى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە خۇدانىڭ شۇ ئىشنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىشى كېرەك.

پەقەت مۇشۇ ئىككى ئامىل تولۇق بولسا دۇئانى توختۇتۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىز دۇئا قىلىش ئارقىلىق خۇداغا نىدا قىلىمىز ھەم شەيتانغا تاقابىل تۇرىمىز. خۇدا بىزنىڭ دۇئالىرىمىز ئارقىلىق شەيتاننى بىزگە باش ئەگدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەمەس بەلكى پەقەت خۇدالا ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن دۇئانى توختىتىپ قويسا بولىدۇ.

بىز دۇئالىرىمىز جاۋابقا ئېرىشكەندىن سىرت ياكى قەلبىمىزدە ئاللىقاچان چوڭقۇر ئىشەنچ بولغانغا قەدەر دۇئانى خالىغانچە توختۇتۇپ قويساق بولمايدۇ.

بىرىنچىدىن، بىز كۆرەلىدۇق، شۇڭا دۇئانى توختاتساق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشەنچ كۆزلىرىمىز ئاللىقاچان ھەممىنى كۆرەلىدى. شۇڭا دۇئانى توختاتساق بولىدۇ.

تاكى خۇدانى ئۇچراتقۇچە خۇدانىڭ ۋەدىسى ئۈستىدە ساقلاڭ!

# 5-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«ئۇلار ئوت ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن.............................» (دانىيال 3: 25)**

ئوت ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان، ئەكسىچە ئۇلار ئوت ئىچىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرگەن. ئۇلار ئوت ئىچىدە خۇدانىڭ قۇدرەتلىك مۆجىزىسىنى كۆرگەن. خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقتىن ئۆز خەلقىنى ساقلاش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدىن ئامان-ئېسەن غەلبە قىلغۇزۇشتۇر.

ئىھ رەببىم، قاراڭغۇلۇق ئەتراپىمنى ئورىۋالغاندا سەندىن شۇنى تىلەيمەن، مۇشۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، يورۇقلۇقنىڭ هامان ئەتراپىمنى يورۇتىدىغانلىقىنى بىلەلىشىم ئۈچۈن ئەقىل كۆزلىرىمنى ئاچقىن!

ئۇلار ماڭا هامان بىر كۈنى زەيتۇن تېغىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ قايتا تىرىلىش شان-شەرىپىدىن بەھرىمان بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. بىراق ئى ئاتا، سەندىن يەنە بىر نەرسىنى يەنى، چاپراس ياغاچنىڭ مېنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن يېتەكلىشىنى تىلەيمەن. بۇ قېيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر چىقىش يولى، يەنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارغىلى بولىدىغان يول ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەيسەن. سەندىن ئۆتۈنەي، سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ تاغ چوققىسىدا ئىكەنلىكىنى، ئۆيۈڭگە بېرىش ئۈچۈن كۈچ سەرىپ قىلىشىمنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇتقايسەن.

مەن ئوت ئىچىدە مېڭىپ يۈرسەم، ئوت قانداقمۇ ماڭا زىيان يەتكۈزەلىسۇن؟

# 5-ئاينىڭ 9-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا بولسا ئىبراھىمنىڭ قېشىدا قالدى.» (يارىتىلىش18: 22)**

خۇدانىڭ دوستى باشقىلار ئۈچۈن ئارىغا چۈشەلمەيدۇ. بىز بەلكىم ئىبراھىم ئىشەنچى ئارقىلىق خۇدا بىلەن دوست بولالىدى، بىزدە بۇنداق ئېھتىماللىق يوق، دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيلى. ئىبراھىم خۇداغا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشقاندەك، بىزمۇ خۇداغا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشساق بولىدۇ. بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز يۈگۈرۈش، ھەرگىز يىراققا سەكرەش ئەمەس.

ئومۇمەن، ئېتىقاد جەھەتتە نۇرغۇن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن ھەم بۇ سىناقلار ئۈستىدىن غەلبە قىلغان ئادەمنى، تېخىمۇ زور سىناقلار كۈتۈۋاتقان بولىدۇ.

بىباھا ئېسىل ئالماسلارنىڭ ھەممىسى نەچچە رەت نەقىش ئۇيۇش ۋە پەردازلاش باسقۇچىدىن ئۆتكەن. قىممەتلىك ئالتۇنلارمۇ كۈچلۈك ئوتتا تاۋلىنىشتەك سىناقلاردىن ئۆتكەن. ئىبراھىمنىڭ «ئىشەنچ ئاتىسى» دەپ نام ئېلىشىمۇ نەچچە قېتىملىق ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈشتىن كەلگەن. ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22-باب 2-ئايەتتە مۇنداق يېزىلغان: «خۇدا ئۇنىڭغا: سەن ئوغلۇڭنى، يەنى ئامراق يالغۇز ئوغلۇڭنى ئېلىپ ...» قاراڭ! ئۇ كەمتەر ۋە ئىتائەتچان قەلب بىلەن يالغۇز ئوغلى ئىسھاقنى ئېلىپ بىر قەدەم–بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرلەپ، ئوغلىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن  مورىيا تېغىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ بۇ ئەملىيىتى، بۈگۈنكى كۈندە خۇدادىن گۇمانلىنىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن نەقەدەر چوڭ ئەيىبلەش-ھە! ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، ھەتتا

پەرىشتىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئېتىقادچىلارغا گۇمان قىلماي ئىشىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەن.

ئۇنىڭ ئىشەنچى غەلبە قىلىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ماڭا قىلغان ئىخلاسمەنلىكىڭنى كۆردۈم. سەن ماڭا بۇنداق ئىشەنگەن ئىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا ئىشىنىمەن. سەن مەڭگۈ مېنىڭ دوستۇم بولىسەن. مەن ساڭا بەخت ئاتا قىلىمەن. ئوخشاشلا سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر بەختكە ئېرىشىدۇ.» دېدى.

مانا بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنىڭ پىرىنسىپى شۇكى: ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلار خۇداغا ئېتىقاد قىلغان ئىبراھىمغا ئوخشاش بەخت تاپىدۇ. (گالاتىيالىقلار3: 9)

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا بىلەن دوست بولۇش ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس.

# 5-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«يوقسار ئادىم ئۆزەمنى گەر ئىشەنچىم بولمىسا، كۆرۈشكە پەرۋەردىگار مېھرىبانلىقىنى بۇ دۇنيادا !» (زەبۇر27: 13)**

**«مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمدىن روھسىزلىنىپ كەتمەي، ئەكسىچە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.» (ئەفەسلىكلەر3: 13)**

**«توختۇتۇش ئۇرۇشلىرىڭنى، بىلىپ قويۇش مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى.بارلىق ئەل مىللەت ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىمەن، پۈتكۈل يەر يۈزىدە ئۇلۇغلىنىمەن.» (زەبۇر46: 10)**

بىز ئېغىر مۈشكۈلاتلار ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغىنىمىزدا، ئىشەنچىمىز تەۋرىنىپ دائىم مۇنداق دەيمىز:

«مەن چىدىيالماي قالدىم. روھسىزلىنىپ ھېچ ئىش قىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ خۇدا ماڭا روھسىزلىنىپ كەتمەسلىكىمنى تاپىلىسىمۇ مەن يەنىلا شۇنداق چۈشكۈن ۋە روھسىز. مېنىڭ بىر مىنۇت بەرداشلىق بەرگۈدەكمۇ ماغدۇرۇم يوق. مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟»

سىز تېنىڭىز ئاجىزلاپ، ھۇشىڭىزدىن كەتكەندە قانداق قىلىسىز؟ ئەلۋەتتە ھېچ قانداق ئىش قىلالمايسىز. ناۋادا، سىز ئۆزىڭىز سۆيىدىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە يىقىلسىڭىز، ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىڭىزچە ئارام ئالسىز ھەم ھېچقانداق ئامال ئىزدىمەيسىز ياكى تىرىشمايسىز. چۈنكى سىز ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇۋاتىسىز.

سىز روھى جەھەتتە ئاجىزلاپ، ھوشىڭىزدىن كەتكەندىمۇ دەل مۇشۇنداق بولىدۇ. خۇدانىڭ بىزگە بەرگىنى ھەرگىزمۇ " قەيسەر"، "باتۇر" لۇق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ ماغدۇرسىزلانغانلىقىمىزنى، ئورنىمىزدىن تورالمايۋاتقانلىقىمىزنى،

كۈچ-قۇدرىتىمىز ۋە غەيرەت-جاسارىتىمىزنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىزگە :«توختاش، مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويۇش» دەيدۇ.

تايلور (Hudson Taylor) ئەپەندى روھى جەھەتتە ئاجىزلاشقان ۋاقتتا، جانجىگەر دوستىغا خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن:« مەن بەك ئاجىزلىشىپ كەتتىم. هازىر مېنىڭ خەت يېزىشقا، ئىنجىل ئوقۇشقا ھەتتا دۇئا قىلىشقىمۇ ماغدۇرۇم يوق. مېنىڭ ھازىر خۇددى كىچىك بالىدەك خۇدانىڭ قوچىقىدا يېتىپ تېنچلانغۇم، ئارام ئالغۇم، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئۇخلىغۇم بار.»

خۇدامۇ سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭىزنى خالايدۇ. سىز ئېغىر مۇشكۈلاتلاردا ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەردە قالغان ۋاقتىڭىزدا ھەرگىز ئۆزىڭىز چارە-تەدبىر ئىزدىمەڭ. پەقەت ئارام ئېلىپ ئۇنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىزلا كۇپايە. ئۇ سىزنى قوللايدۇ، ھەربىر ئىشلاردا سىزنى يېتەكلەيدۇ.

# 5-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«بىز ئوتتىن ۋە كەلكۈندىن ئۆتتۇق چىقتۇق. سەن بىزنى باياشاتلىققا چىقاردىڭ.»**

***(زەبۇر66: 12)***

پەقەت ئازاب-ئوقۇبەت ۋە مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان ئادەملا ئاراملىققا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىل ئاراملىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىكى ئاراملىق بولۇپ، ھەرگىز مەجبۇرى تېنچلىنىش ياكى جانغا تېگىدىغان يالغۇزلۇق ئەمەس، بەلكى تەبئىي ھالدا چىن قەلبتىن چىقىدىغان ھەقىقىي ئاراملىقتۇر.

ئادەتتە بىز دائىم ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغان كىشىنى ئەزەلدىن ئازاب-ئوقۇبەتنى بىلمەيدىغان كۆڭلى توق كىشى دەپ قارايمىز. بىراق بۇ قاراش خاتادۇر. چۈنكى، بۇنداق ئادەم ئەزەلدىن سىناقلارغا ئۇچراپ باقمىغان، ئەزەلدىن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان بولغاچقا، يەڭگىل بىر تەۋرىنىشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەزەلدىن دولقۇنلارنى كۆرۈپ باقمىغان ماترۇس ھەرگىز ئىشەنچلىك ماترۇس ئەمەس. پاراخۇتقا يېڭى كەلگەن ماترۇسلارنى ھەمىشە مۇھىم بولمىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بوران چىقىپ، دولقۇنلار ئۆركەشلىگەندە مۇھىم ئورۇندا تورغانلارنىڭ ھەممىسى نەچچە قېتىملىق دەھشەتلىك خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلاردۇر. ئۇلار دولقۇنلارنىڭ كۈچىنى تەھلىل قىلالايدۇ، يەلكەننىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، يامغۇر ۋە بوراننىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ.

قارا بوران ۋە يامغۇر ئەتراپنى قالايمىقان قىلىپ، ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلگەندە، كىشىگە خۇددى ئەمدى ئۈمۈت قالمىغاندەك تەسىر بېرىدۇ. ئەمما، تەجرىبىسى بار ئادەم خۇددى بورانغا ئۇچرىغان مايسىدەك يېتىۋېلىپ ئارامىلىق تاپالايدۇ. ئۇلار بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ: «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىدىن بولدى» دېيەلەيدۇ.

# 5-ئاينىڭ 12-كۈنى

📖 **«ئىشەنچى بار ئادەمگە ھەممە ئىش مۇمكىن.» (ماركۇس 9: 23)**

بەزى ۋاقىتلاردا، خۇدا بىزگە ئىشەنچ ھەققىدە ساۋاق بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئاقىلانە تىلەكلىرىمىزگە كېچىكىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. «ئىشەنچ ئۇنىۋېرسىتى» دا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن دەرسلىكلەر بار، ئۇلار: ئىشەنچ تەجرىبىسى، ئىشەنچ پىراكتىكىسى، ئىشەنچ سەۋىر-تاقىتى، ئىشەنچ ئىرادىسى، ئىشەنچلىك غەلبە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نۇرغۇن ۋاقىت سەرىپ قىلىپ ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئەگەر، سىز خۇداغا دۇئا-تىلاۋەت قىلسىڭىز، بىراق خۇدادىن جاۋاب كەلمىسە قانداق قىلىسىز؟

داۋاملىق خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىڭ، ھەرگىزمۇ كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنگە ياكى ھېسسىياتىڭىزغا تايىنىپ، ئىشەنچىڭىزدىن تەۋرىنىپ قالماڭ. سىز ئىشەنچىڭىزدە چىڭ تۇرغاندا قابىلىيىتىڭىز ۋە تەجرىبە –ساۋاقلىرىڭىز چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولغان ئىبراھىم، مۇسا، ئىلياس قاتارلىقلار ئەڭ دەسلەپتە ئۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچىنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ھازىرقىدەك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن. يۈسۈپ بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. زەبۇر 105-كۈي 19- مىسرادا مۇنداق دېيىلگەن:«پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇنى سىناپ تاۋلىدى.» بۇ سىناق ھەرگىزمۇ يۈسۈپنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئەمەس. خۇدا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا كۆرگەن چۈشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ

ئاكىلىرىغا قارىغاندا يۈقىرى بولىدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتىغا قارىغاندا، بۇ ئەھدە خۇددى مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. مانا، ئۇ ھازىر يەككە يېگانە ھالدا زىنداندا مەھبۇس بولۇپ بىھۇدە ئازاب چېكىۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ ۋاقتى توشۇپ ئازاد بولۇۋاتىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا مەھبۇس. ئۇ زىنداندىن ئازاد بولۇشنى تىلەپ قانچە قېتىملاپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدى بۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، خۇدا قەستەن ئۇنىڭ نىدالىرىغا قۇلاق سالماي، دۇئالىرىغا جاۋاب بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشەنچ دەرسلىكىنى ئۆگەتتى. بۇ خۇددى زەبۇر ئېيتىلغاندەك:«...ۋەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە...» (زەبۇر 105: 19) شۇنداق بولدى. خۇدا ئۇنىڭ ئاكىلىرىغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت ۋە سەۋر-تاقەتلىك مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى باش ۋەزىرلىك ئورنىغا كۆتۈردى.

بۇنداق سەرگۈزەشتە ھەقىقەتەن ئازابلىقتۇر. خۇدا ئۆز ئىرادىسىنى جاكارلاپ بولۇپ، يەنىلا ئۇزۇنغىچە ئەمەلگە ئاشۇرمىسا بۇ نېمىدېگەن چىدىغۇسىز كۈتۈش ھە-! بىراق بۇ ئىشەنچ سىنىقى بولۇپ، بۇ سىناق بىزگە خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتىدۇ.

«بۇنداق ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشىڭلارنىڭ سەۋەبى ئېتىقادىڭلارنىڭ ساپلىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. ھەقىقى ساپ ئېتىقاد بولسا ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىكتۇر.» (1-پېترۇس 1: 7)

# 5-ئاينىڭ 13-كۈنى

*******************

📖 ***«بىز قانداق دۇئا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيمىز.» (رىملىقلار8: 26)***

خۇدا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزغا ھەمىشە ئويلىمىغان يەردىن جاۋاب بېرىدۇ. بىز سەۋر-تاقەت تىلىسەك، خۇدا بىزگە قىيىنچىلىق بېرىدۇ. چۈنكى، قىيىنچىلىق سەۋرچانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (رىملىقلار 5: 3)

بىز ئىتائەتچانلىقنى تىلىسەك، خۇدا بىزگە ئازاب-ئوقۇبەت بېرىدۇ ھەم مۇشۇنداق ئازاب چېكىش جەريانىدا ئىتائەتمان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. (ئىبرانىيلار 5: 8)

بىز ئۆز مەنپەئەتىمىزنى ئويلىمايدىغان شەخسىيەتسىز پەزىلەتنى تىلىسەك، خۇدا بىزگە قۇربان بېرىش پۇرسەتلىرىنى يارىتىپ بېرىپ، باشقىلارنى ئويلايدىغان، باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان مۇھىتلارنى تەييار قىلىدۇ.

بىز قابىلىيەت ۋە كەمتەرلىك تىلىسەك، خۇدا بىزگە شەيتاننىڭ كۆلپەتلىك ئازابلىرىنى بېرىدۇ.

بىز ئېتىقادىمىزنى كۈچەيتىشنى تىلىسەك (لۇقا17: 5) خۇدا بىزگە نامراتلىق، كېسەللىك، ئىشسىزلىق، قىيىنچىلىق ۋە زىيانكەشلىكلەرنى بىرىپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

بىز «قوزا» نىڭ ھاياتىدەك ھاياتنى تىلىسەك، خۇدا بىزگە ئەڭ تۆۋەن خىزمەت بېرىپ، ھاقارەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغاندەك:«ئۇ خۇددى قوزىغا ئوخشاش پۇت-قوللىرى باغلىنىپ، بوغۇزلىنىشقا تەييار قىلىنىدۇ....ئۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ.» (يەشايا53: 7)

بىز مۇلايىملىقنى تىلىسەك، خۇدا بىزگە كىشىنى بىزار قىلىدىغان ۋە غەزىپىنى

قوزغايدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ.

بىز تېنچلىق تىلىسەك، خۇدا بىزنىڭ ئەڭ كىچىك نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمىزدىن تارتىپ جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئارام تېپىشقا چاقىرىدۇ.

بىز مېھىر-مۇھەببەت تىلىسەك، خۇدا بىزنى شەپقەتسىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قويۇش ئارقىلىق، نېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلاپ، ساداقەتمەن قەلبىمىزگە ئازار بېرىش ئارقىلىق بىزنى مېھىر-مۇھەببەتلىك قىلىدۇ. چۈنكى، مېھىر-مۇھەببەت سەۋرىچان ۋە مېھرىباندۇر. مېھىر-مۇھەببەت شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ. ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ. مېھىر-مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ. ھەممىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. ھەممە ئىشتا ئۈمىدۋار ۋە چىدامىلىق بولىدۇ. (1-كورىنتلىقلار13)

غەلبە قىلىش ۋە ئاراملىقتا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، بىۋاستە ھالدا مېھىر-مۇھەببەتلىك ئاتىمىز خۇدانىڭ قولىدىن، ئۇ بىزگە تەييارلىغان ھەرقانداق مۇھىت، ھەربىر سىناقنى قوبۇل قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

# 5-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«مانا شۇ كۈنى، ئىبراھىم خۇدانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ.........خەتنە قىلدى.» (يارىتىلىش17: 23)**

دەرھال ئىتائەت قىلىش- شەرتسىز ئىتائەت قىلىشتۇر. كېچىكىپ قىلىنغان ئىتائەت ھەرگىز ئىتائەت قىلىش ھېسابلانمايدۇ. خۇدا ھەر قېتىم بىزگە بۇيرۇق

بەرگەندە، ئۆزىنىڭ ئەھدىسىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز. ئۆز ئەھدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسا ئۇنىڭ ئىشىدۇر.

ئىتائەت قىلىشتا، بىز خۇددى ئىبراھىمدەك «شۇ كۈنى» دىن باشلىشىمىز كېرەك. بىراق، بىز دائىم خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن بۇيرۇقى ئاسانمۇ؟ ئارزۇيۇمغا ماس كېلەمدۇ؟ كۆپچىلىكنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇنمۇ؟ دېگەنلەرنى قايتا-قايتا ئويلۇشۇپ، ئاندىن ئىتائەت قىلىمىز. بىز بۇنداق سېلىشتۇرۇشنى ئىتائەت قىلمىغاندىن ياخشى، دەپ قارايمىز. بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىتائەت قىلىشنى كېچىكتۈرۈش بىزنى ھەرگىز خۇدا بىز ئۈچۈن تەييارلىغان مۇكەممەل بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

مارتىن رۇت مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقي ئىتائەتچان ئېتىقادچى ئالliqachan ئۆزىنىڭ «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالىنى قەبرىگە كۆمۈۋەتكەن بولىدۇ. خۇداغا بولغان ئىتائەتچانلىق گۇماندىن خالىي بولۇشى كېرەك.

ئىتائەتچانلىق بولسا ئېتىقادنىڭ مېۋىسى. سەۋر-تاقەت بولسا مېۋىنىڭ رەڭدار جۇلاسىدۇر.

## 5-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖«بۇلۇتلار كېلىپ شاماللارنى تارقىتىۋېتىدۇ، بىراق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى قۇياش نۇرىغا ئادەملەر بىۋاستە قاراپ تۇرالمايدۇ. قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭگى شىمال تەرەپتىن پەيدا بولىدۇ.» (ئايۇپ 37: 21)**

ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇلۇتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھەربىر پارچە بۇلۇتنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن گۈزەلدۇر. گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا ئاسمان بوشلۇقىنى قاپلىغان بۇلۇت ھەم قويۇق، ھەم قارا، ھەم تۇتۇق بولۇپ، ھېچبىر گۈزەللىكنى ھېس قىلغىلى بولمىسىمۇ ھەم كىشىنى بىئارام قىلىپ تىت-تىت قىلسىمۇ، ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزەتسەك بۇلۇتنىڭ كەينىدىكى قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىنى كۆرەلەيمىز.

ئى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى، يۈزىڭىزنى زېدە قىلغان ئازاب-ئوقۇبەت، كۆز-ياشلىرىڭىزنى تۆكۈشكە مەجبۇر قىلغان ئېغىر مۈشكۈلاتلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ روھتا پىشىپ يېتىلىشىڭىزدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان قويۇق بولۇتلاردۇر. سىز يەر يۈزىدە تۇرۇپ ئاسمانغا قارىغاندا، كۆزىڭىزگە كۆرۈنىدىغىنى ئەلۋەتتە ھەم قارا ھەم تۇتۇق قارا بۇلۇتلاردۇر. بىراق سىز مەسىھ بىلەن بىللە ئەرشتىكى تەختتە ئولتۇرۇپ، پەسكە قارىغىنىڭىزدا، سىزنى قورقۇنچقا سالغان قارا بۇلۇتلارنى كۆرىسىز ھەم بۇ بۇلۇتلارنىڭ پارلاق نۇر ئاستىدىكى گۈزەل جۇلاسىنى ھەم كائىناتتىكى ھەرخىل گۈزەللىكلەرنى كۆرەلەيسىز. سىز بۇلارنى كۆرگەندە خۇشاللىقىڭىزدىن بارلىق دەرت-ھەسرەتلىرىڭىزنى، ھېرىپ-چارچاشلىرىڭىزنى ئۇنتۇيسىز.

# 5-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«ئى دانىيال، قورقما! چۈنكى بىرىنچى كۈندىن باشلاپ سەن خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن چۈشىنىشكە ئىرىشىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويغىنىڭدىن بۇيان، سېنىڭ دۇئا تىلاۋىتىڭ ئىجابەت قىلىنىپ، مەن ساڭا ئەۋەتىلدىم. لېكىن، پارس ئەمرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، يىگىرمە بىر كۈن كېچىكتۈردى. .» (دانىيال 10: 12-13)**

بىز بۇ ئايەتلەردىن دۇئا قىلغاندىكى ئالاھىدە بىر ئىشنى يەنى شەيتاننىڭ بىۋاستە قارشىلىقىنى كۆرەلەيمىز.

دانىيال يىگىرمە بىر كۈن روزا تۇتۇپ دۇئا قىلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. بىز تارىختىن دانىيالنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ياكى ئۇنىڭ دۇئالىرىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ ئالاھىدە ھوجۇم قىلىپ توسۇشىدىن، دۇئاغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

خۇدانىڭ پەرىشتىسى دانىيالغا مۇنداق دېگەن: دانىيال دۇئا قىلىشقا باشلىغاندىلا، خۇدا ئۇنىڭ دۇئاسىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن پەرىشتىسىنى ئەۋەتكەن. بىراق، پارس دۆلىتىنىڭ ئالۋاستىسى يولدا خۇدانىڭ پەرىشتىسىنى توسۇۋالغان. پەرىشتە ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، دانىيال يەر يۈزىدە ئازاب چەككەن.

بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:«بىز ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى يامان روھىي كۈچلەر دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلارغا، ھوقۇقدارلارغا، بۇ قاراڭغۇ دۇنيادىكى كۆرۈنمەس كۈچلەرگە ۋە باشقا رەزىل روھىي كۈچلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتىمىز.» (ئەفەسلىكلەر 6: 12)

شەيتان خۇدانىڭ جاۋابىنى ئۈچ ھەپتىدەك كېچىكتۈردى. بۇ ۋاقىتتا دانىيال ئازابلانغىنىدىن ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالاي دېگەنىدى. (دانىيال10: 2) شەيتانىنىڭ ئەسلى مەقسىتىمۇ ئۇنى ئازابلاپ ئۆلتۈرۈش ئىدى. بىراق خۇدا ھەرگىز ئۆز پەرزەنتلىرىگە چەكتىن ئاشقان كۆتۈرەلمىگىدەك ئېغىر يۈكنى يۈكلەپ قويمايدۇ.

نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ دۇئالىرىمۇ ئوخشاشلا شەيتان تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بىراق، سىز ھەرگىز دۇئالىرىم ۋە ئىشەنچىم بەك كۆپ دۆۋىلىنىپ قالدى، دەپ ئەنسىرەپ كەتمەڭ. چۈنكى، ئۇزۇن ئۆتمەي سىزنىڭ دۇئالىرىڭىز خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك ئېتىلىپ كېلىپ خۇدانىڭ جاۋابىنىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى بەختىنىمۇ قوشۇپ تۆكۈۋېتىدۇ.

روھتا پىشقان ئېتىقادچىلار ھەمىشە شەيتانىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بىراق خۇدا ئۇلارنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ.

# 5-ئاينىڭ 17-كۈنى

📖**«قىرىق يىلدىن كېيىن، ...سىناي تېغىنىڭ يېنىدىكى چۆلدە كۆيۈۋاتقان تىكەنلىكنىڭ ئوت يالقۇنىدا بىر پەرىشتە كۆرۈندى...ئەمدى بارغىن. مەن سېنى مىسىرغا ئەۋەتەي*!*» (ئەلچىلەر *7: 30-34*)**

خۇدا بەزىدە خىزمەت ئورنۇمىزدىن بىزنى چاقىرىپ، بىز مەزگىل ئارام ئالغۇزۇش جەريانىدا بىزگە بەزى دەرسلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئاندىن، يېڭى باشتىن ئۆزى بەلگىلىگەن ئىش ئورنىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ بىر كۈتۈش ۋاقتى بولۇپ، ھەرگىز بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئەمەستۇر.

بۇرۇن بىر جەڭچى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئاتىنىڭ تاقىسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايقاپتۇ. ھايات-ماماتلىق جىددىي پەيتتە دەقىقە كۈتۈشمۇ نىمىدېگەن خەتەرلىك-ھە! بىراق ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، بىر تۆمۈرچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاتىنىڭ تاقىسىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ يېقىندىلا قوغلاپ كېلىۋاتقان تېۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، سەۋىر-تاقەتلىك بىلەن ئاتىنىڭ تاقىلىنىپ بولۇشىنى كۈتۈپتۇ. دۈشمەنلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىغا نەچچە چاقىرىم قالغاندا ئاتمۇ تاقىلىنىپ بوپتۇ. ئۇ ئىگەر-توقۇملارنى تەييار قىلىپ ئاتقا مىنىپتۇ -دە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ۋاقىتلىق توختاپ قېلىشى ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئەكسىچە، سۈرئەتنى تېزلىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتۇر. خۇدامۇ دەل مۇشۇنداق. بىز خىزمەتكە كىرىشتىن بۇرۇن خۇدا بىزنى دەقىقە توختاپ، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، روھىي جەھەتتە ئالغا بېسىشقا چاقىرىدۇ.

# 5-ئاينىڭ 18-كۈنى

**📖«قېرىنداشلار، بىزنىڭ...چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزدىن خەۋەردار بولۇشۇڭلارنى توغرا تاپتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا، چىدىغۇسىز ئېغىر بېسىم ئاستىدا ھەتتا ھاياتىمىزدىنمۇ ئۈمىد ئۈزگەنىدۇق. كۆڭلىمىزدە ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدۇق، دەپ ئويلىغانىدۇق. بۇنىڭدىن بىز ئۆزىمىزگە ئەمەس، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان خۇداغىلا تايىنىشىمىز لازىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق.» *(2- كورىنتلىقلار 1: 8-9)***

بىز دائىم ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھاياتىمىزغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كېتىمىز. ھەربىر قېتىم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن بىر يېڭى باشلىنىش ئىكەنلىكىنى، چوقۇم خۇدا ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز. ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراش بىزنى باشقىلارنى چۈشىنىدىغان، باشقىلارنىڭ دەرت-ھەسرەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىدۇ.

ئادەملەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنىڭ ئاجىزلىقى ھەم سىناقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى، ئاچچىق ھەسرىتىنى بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ.

پىچتا (مەش) كۆيۈۋاتقان ئوت پاراخۇتنىڭ قوزغىلىپ ئالغا بېسىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغاندەك، ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقمۇ بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

# 5-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«ئۇنىڭ دۇئاسى ئاياغلاشمايلا...پەرۋەردىگار خۇداغا مەدھىيلەر ئوقۇلسۇن! ئۇ خوجايىنىمغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ۋە قىلغان ۋەدىسىگە سادىق بولۇپ........» (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى24: 15، 27)**

خۇدا ئەنە شۇنداق ھەربىر ھەققانىي دۇئاغا «دۇئا ئاياغلاشماستىنلا...» جاۋاب

قايتۇردى. چۈنكى، رەب ئۆزى ۋەدە بېرىپ: «مېنىڭ نامىم بىلەن، ئىشەنچ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ھەرقانداق نەرسىنى تىلىسەڭلار، شۇنىڭغا ئېرىشىسىلەر» دېگەنىدى.

خۇدا ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ. بىز پەقەت ئاددىي ھالدا دۇئانىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى ھازىرلىساقلا، ئۇ چوقۇم بىزنى تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزىدۇ. بەزى دۇئالىرىمىزنىڭ ئىجابەت بولغىنىنى يەر يۈزىدە شۇ ھامان كۆرەلمىسەكمۇ، دۇئالىرىمىز تېخى ئاياغلاشماستىنلا، ئەرشتە ئاللىقاچان ۋۇجۇتقا چىقىپ بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، دۇئانى مەدھىيىلەر ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. بىز چوقۇم خۇدانىڭ ئاللىقاچان دۇئالىرىمىزنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇشىمىز، ئۇنىڭ بىزگە ئۆزلۈكسىز مېھرىبانلىق كۆرسۈتۈپ، قىلغان ۋەدىسىگە سادىق بولغانلىقىغا شۈكۈر، مەدھىيىلەر ئوقۇشىمىز كېرەك. (دانىيال9: 20-27، 10: 12 گە قارالسۇن!)

بىز مەلۇم بىر ئىشقا ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئىش-ھەركەتلىرىمىز بىلەن دۇئالىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېتىقادىمىزغا ماس كېلىشى كېرەك. بىز مەلۇم ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا چوقۇم تىلىگەنلىرىمىزنى خۇدا ئاللىقاچان بېرىپ بولدى، دەپ ئىشىنىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي ئىشەنچكە تۇتقان توغرا پوزىتسىيەدۇر.

# 5-ئاينىڭ 20-كۈنى

📖«مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا بولۇش ئاسان، تەلىپىم ئېغىر ئەمەس.» (مەتتا11: 30)

رەببىمىز ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇنىڭ بويۇنتۇرىقىدا بولۇش ھەقىقەتەن ئاسان، تەلىپى ئېغىر ئەمەستۇر. بىز قاچان ئۆتمۈشىمىزنى رەت قىلىپ، كرېستتىكى قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلساق، شۇ ھامان رەبنىڭ باغرىدا ئاراملىققا ئېرىشەلەيمىز.

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن: «بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇغداي دېنى تۇپىغا تاشلىنىپ قۇربان بولمىغۇچە، يەنىلا بىر تال دان پېتى تۇرىدۇ. قۇربان بولسا، بىخ سۈرۈپ كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ.» (يۇھاننا12: 24) پەقەت رەبنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىلا قەلبىمىزنى ئىللىتىدۇ. پەقەت رەبنىڭ پارلاق نۇرىلا ئۆز-ئۆزىمىزدىن بىزار بولماسلىقنى ئۆگىتىدۇ. پەقەت رەبنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىك كارامەت مۆجىزىسىلا بىزنى قەيسەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغانىكەن خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى سۆزلىمەي تۇرالمايمىز. خۇدا بۇيرىغان ئىشلارنى قىلماي تۇرالمايمىز. سۆيۈشكە تېگىشلىك بولمىغان كىشلەرگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمەي تۇرالمايمىز. «پەرۋەردىگارىمىز بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. بارلىق مەۋجۇدات ئۇ ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر. بارلىق شان-شەرەپ ئەبەدىلئەبەد ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغاي. ئامىن!» (رىملىقلار 11: 36)

قەدىرلىك قېرىنداشىم، خۇدا سىزنى خۇددى پېترۇسنى تەييارلىغاندەك تەييارلىسۇن. يەھياغا تەسەللى بەرگەندەك تەسەللىي بەرسۇن. سىزنىڭ ئائىلىڭىز بەيتانىيا يېزىسىغا ئوخشاش رەببىمىزنىڭ ئارام ئالىدىغان ماكانىغا ئايلانسۇن. سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز ۋە مېھىر-مۇھەببىتىڭىز فىلىمۇنغا ئوخشاش قېرىنداشلارنىڭ دىلىنى

ياراتسۇن.(فىلىمون5ـ7 ئايەتلەر) قەدەملىرىڭىز يۇسۇپكە ئوخشاش مۇبارەك بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاچارچىلىقتا قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزسۇن. (يارىتىلىش45: 7)

خۇدا كۆزلىرىمىزنىڭ تەشنالىق بىلەن ئەرشكە تەلپۈنىشىنى، قەدەملىرىمىزنىڭ ھەققانىيلىق يولىدا توختىماي ئالغا قاراپ چېپىشىنى، قوللىرىمىزنىڭ مۇقەددەس پاكلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا تورلارنى يېيىشىنى  تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت كەينىمىزگە قارىماي، ئالغا باسساقلا قانچىلىغان قارا سايىلەرنى يوقاتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. خۇدا ھەممە ئىشلاردا بىزگە ھەيدەكچىلىك قىلسۇن!

## 5ـئاينىڭ 21ـكۈنى

**«كېچىلىرى ئېيتقان ناخشامنى ئەسلەيمەن.» (زەبۇر77: 6)**

بىر ناخشىچى قۇش بولۇپ، ئۇ كۈندۈزدە  ناخشا ئېيتالمايدۇ. گەرچە ئىگىسى ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشقا ئۈندىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۈن-تېنسىز تۇرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ ئىنتايىن قىسقا ھەم قوپال ئاۋاز چىقارسىمۇ، بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ماھارىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. پەقەت بىرلا ئۇسۇل ئۇنى ئەڭ يارقىن ناخشا ئېيتقۇزالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ تۈن پەردىسى يېپىلغان كېچىدىن ئىبارەت.

كېچىدىكى ناخشىچى قۇشنىڭ ئاۋازىنى پەقەت قاراڭغۇ تۈندىلا ئاڭلىغىلى بولىدۇ. مانا بۇ «يېرىم كېچىدە:<يىگىت كەلدى، ئالدىغا چىقىڭلار! >» (مەتتا25: 6)دىگەن ئەڭ زور خۇشاللىقمۇ دەل زۇلمەت كېچىدە، ھەممە جاينى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا جاكارلىنىدۇ. مەيلى قەيەردە بولمىسۇن خۇدانى ئەڭ رازى قىلىدىغان مەدھىيە دەل

ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق ئورىغان مۇھىتتا ئېيتىلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ھوزۇر-ھالاۋەتلىك مۇھىتقا قارىغاندا، ئېغىر مۈشكۈلاتلار ئىچىدە خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى، رەھىمدىللىكىنى، مۇكەممەللىكىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنەلەيدۇ.

## 5-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«ئامانەت قىل ھايات يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا، ئىشەن ئۇنىڭغا، ئۇ يېتەكچى بولار ساڭا.» (زەبۇر37: 5)**

ئەسلى تەرجىمىسىدە مۇنداق چىقىدۇ: «بارلىق ئىشلىرىڭنى پەرۋەردىگارنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىن ھەم ئۇنىڭغا تايانغىن. ئۇ سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.»

بىز بۇ ئايەتلەردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، مەيلى قانچىلىك مۈشكۈل ئىش بولسۇن، ھەممىنى خۇدانىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەك، ئۇ شۇ ھامان خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھەرگىز كەلگۈسىنى ياكى ئېھتىماللىقنى كۆرسەتمەيدۇ بەلكى ھازىرنى كۆرسۈتىدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىكى بارلىق يۈكلەرنى يەنى ئازاب-ئوقۇبەت يۈكى، قىيىنچىلىق يۈكى، ماددى ئېھتىياج يۈكى، خىزمەت يۈكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرساق، ئۇ چوقۇم بىزگە ۋاكالىتەن بۇ يۈكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ.

«ئۇ خىزمەت قىلىدۇ» قاچان؟ ھازىرلا!

بىز خۇدانىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيمىز. بىراق، بىز ئىشلىرىمىزنى خۇداغا تاپشۇرغان ۋاقىتتا، خۇدا ئاللىقاچان خىزمىتىنى باشلىغان بولىدۇ. بىز خۇدانى ئىنتايىن ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ

ئويلايمىز. بىز خۇداغا دەرھال ئىشەنسەك، خۇدا خىزمىتىنى شۇ ھامان باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىمىز مەيدانغا چۈشۈپ سىناپ بېقىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. بىز قىلالمىغاننى خۇدا قىلالايدۇ. بارلىق شان-شەرەپ ئەبەدىلئەبەد خۇداغا مەنسۇپ بولغاي!

بىز خۇدانىڭ ئىشلىرىغا ئارلاشماي، ئۇ ئاتا قىلغان ئاراملىقتىن بەھرىمەن بولايلى. ئاھ، نېمىدېگەن راھەت! ئۇ ھازىر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:«مەن ھېچبىر نەتىجە كۆرمىدىم.» ئالدىرىماڭ! ئەگەر سىز ئىشلىرىڭىزنى ئاللىقاچان ئۇنىڭغا بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ھەرگىز خۇدانى سىنايدىغان ئىشلارنى قىلماڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىشەنچلىكتۇر.

«خۇداغا، يەنى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا، ئۆزۈم ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلايدىغان تەڭرىگە نىدا قىلىمەن.» (رەبۇر 57: 2)

قېرىنداشلار، ئۆزىمىز ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلايدىغان تەڭرىگە ھازىر قولىمىزدىكى ئىشلارنى يەنى بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم بولغان، ئۆزىمىز قىلالمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرايلى. بىزمۇ داۋۇت پەيغەمبەرگە ئوخشاش :«ئى پەرۋەردىگار خۇدا، مەن ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. قەلبىمنى ئارام تاپقۇزغىن! » دەپ ئىشەنچ بىلەن نىدا قىلىپ، ئۈمىدۋار بولايلى. «ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتلىرى خۇدانىڭ ئىلكىدىدۇر.» (تەلىملەر9: 1)

ئومۇمەن، خۇدا ئۆز قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

# 5-ئاينىڭ 23-كۈنى

**«ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئاقىل چارىسى تۈگەپ، ئاندىن پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنى مۇشەققەتلىرىدىن ئازاد قىلدى.» (زەبۇر 107: 27-28)**

كۆپىنچە ھاللاردا، ئېتىقادچىلار قېيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئالدى بىلەن خۇدادىن تىلمەي ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ دائىم قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىز توغرىلىق ئالدىنئالا پىلان تۈزىمىز ھەمدە بۇ ئىشلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى مۆلاھىزە قىلىپ، قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىلىق باش قاتۇرۇپ كېتىمىز. بىز شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ئىشىنىشنى خۇدانىڭ قۇدرەتلىك كۈچ-قۇدرىتىگە ئىشىنىشتىن ئۈستۈن كۆرىمىز. مۇشۇنداق بولغاچقا مەيلى بىز قانچىلىك ئازاب-ئوقۇبەت تارتايلى، تاكى بىز ئۆزىمىزنىڭ چارىسىز قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە خۇدا قۇتقۇزۇش يولىنى ئىلتىپات قىلمايدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، بىز خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ نەتىجىسى قىلىۋالىمىز. ئەگەر، بىز ئۆزىمىزنىڭ چارىسىز قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆز ئەقىل-پاراستىمىزگە تايىنىپ پىلانلىغان چارە-تەدبىرلەردىن ۋاز كەچسەك ھەمدە پۈتۈنلەي خۇداغا تايانساق، خۇدا بىزنى چوقۇم مۇشەققەتلەردىن قۇتقۇزىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، جاپا-مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟ سىز نېمىشقا بېكاردىن-بېكار جاپا تارتىشقا رازى بولىسىز؟ خۇدا ھازىرىنىڭ ئۆزىدە سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. پەقەت سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايانسىڭىزلا، جاپا-مۇشەققەتتىن شۇ ھامان ئازاد بولىسىز.

ھەرگىز ئۇمىدسىزلەنمەڭ. ئېھتىمال ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئاچقۇچ سىزگە ۋاكالىتەن ئىشكنى ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن.

## 5-ئاينىڭ 24-كۈنى

**📖«سارە ھامىلدار بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بالا دەل ۋەدە خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا تۇغۇلدى.» *(يارىتىلىش 21: 2)***

زەبۇردا مۇنداق بىر كۈي بار:«پەرۋەردىگارنىڭ نەسىھەتى مەڭگۈلۈكتۇر. قەلبىدىكى ئويلىرى دەۋىردىن-دەۋىرگە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.» (زەبۇر 33: 11) بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك تەييارلىقىمىز شۇكى، چوقۇم پەرۋەردىگارنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈشىمىز كېرەك. خۇدانىڭ ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن ۋاقىت-سائىتى باردۇر. بىز كەلگۈسى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىنى بىلمەيمىز. بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەت كۈتۈش. ئەگەر خۇدا ھاراندا ئىبراھىمغا: سەن ئوتتۇز يىل كۈتكەندىن كېيىن ئاندىن پەرزەنت كۆرەلەيسەن، دېگەن بولسا، ئىبراھىم قانچىلىك ئازابلىناتتى-ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇمۇ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدۇر. خۇدا ئالاھىتەن بۇ ئۇزۇن مەزگىللىك كۈتۈشنى دېمەي پەقەتلا:«ۋاقتى كەلگەندە سارە ئوغۇل تۇغىدۇ.» دېگەن.

ئەڭ ئاخىرى، خۇدانىڭ ۋاقتى سائىتى يېتىپ كەلدى. ئىشەنچ ئاتىسى بولغان ئىبراھىم شاد-خۇراملىققا چۆمدى. بۇ خۇشاللىق ياشىنىپ قالغان بۇ ئەر-ئاياللارغا ئۆتمۈشتىكى ئۇزۇن كۈتۈشلەرنىڭ ئازابلىق تەمىنى ئونتۇلدۇرۇۋەتتى.

ئەھ بىتاقەت بولۇۋاتقان قېرىندىشىم، ئۆزىڭىزنىڭ كۈتۈۋاتقىنىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك، ئۇ سىزنى  ھەرگىز ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدۇ. ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن ۋاقىت-سائەتنى ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ. خۇددى ھەزرىتى ئەيسا دېگەندەك :«قايغۇلىرىڭلار خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ.» (يۇھاننا 16: 20) خۇدا سىلەرنى شاد-خۇراملىققا ئېرىشتۈرىدۇ. خۇددى قاراڭغۇ كېچە سەھەردىكى قۇياش نۇرىدىن قېچىپ مۈكۈۋالغاندەك، قايغۇ-ھەسرەتلەر ئالدىڭلاردىن قاچىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ.

## 5-ئاينىڭ 25-كۈنى

✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼✼

**🕮«خۇدا تاللىغان بەندىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇشى ۋە مەڭگۈلۈك شان-شەرەپكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ھەرقانداق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتىمەن. » *(2-تىموتىي 2: 10)***

بىزنى ئالدىمىزدا قانداق سىناقلارنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز. بىراق شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئايۇپ ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنلىكتىن تاكى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئەسلىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئەگەر، ئۇ بۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىسمى ھەرگىز مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنمىگەن بولاتتى.

«قايغۇرغانلارغا نەقەدەر بەختلىك! چۈنكى يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر ئۇلار.» (مەتتا5: 4) قىشتىكى قاراڭغۇ كېچىدە، يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ يارقىن جىلۋە

قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قار لەيلىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئېچىلىدىغان جايى دەل قار مۇزلۇق تاغ چوققىسىدۇر.

پەقەت ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان ئادەملا «كۆلپەتلىك شاھزادە» نى تونۇيالايدۇ. سىز نۇرغۇن قېتىم خۇددى قۇياش نۇرىنى كۆرەلمەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ، قۇياش نۇرىنى قايتا كۆرۈش ئۈچۈن چارە-ئاماللارنى ئىزدىسىڭىزمۇ خۇدا يولىڭىزنى توسۇۋېلىپ، سىزنى قەستەن قاراڭغۇلۇقتا تاشلاپ قويغاندەك بولغانسىز. توغرا، ھەقىقەتەن شۇنداق. بۇ ئۇنىڭ قالتىس ئەقىل-پاراستىدۇر. ئۇنىڭ سىزنى قاراڭغۇلۇقتا تاشلاپ قويۇشىدا گۈزەل ئىرادىسى بار. بەلكى قۇياش نۇرىدا سىز مېۋە بېرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. خۇدا بولسا سىزنىڭ ياراتقۇچىڭىز. ئۇ نېمىنىڭ سىزگە پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، سىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا يامغۇرغا، قايسى ۋاقىتتا قۇياش نۇرىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ سىزنى ھەرگىز ئەخمەق قىلمايدۇ.

## 5-ئاينىڭ 26-كۈنى

**📖«ئى قۇدۇق، قاينا پ چىققىن! سىلەر بۇ قۇدۇق ئۈچۈن ناخشا ئېيتىڭلار.» (نوپۇس تىزىملاش 21: 17)**

ئاجايىپ بىر قۇدۇق! ئاجايىپ بىر ناخشا! ئەينى ۋاقىتتا ئىسرائىللار چۆلدە سەرسان بولۇپ، ئىچىدىغانغا سۇ يوق ئۆلۈم گىرداۋىدىكى ھالەتتە پەرۋەردىگار خۇدا مۇساغا مۇنداق دەيدۇ:«خالايىقنى يىغقىن! مەن ئۇلارغا ئىچىدىغانغا سۇ بېرەي.» (16-ئايەت)

شۇنداق قىلىپ  خالايىق يىغىلىپ، ھاسىسى بىلەن قۇمنى كولاشقا باشلايدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن كولاپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ:

«ئى قۇدۇق، قايناپ چىققىن! سىلەر بۇ قۇدۇق ئۇچۇن ناخشا ئېيتىڭلار» دەيدۇ. قاراڭ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇزۇن مۇددەت يەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان بۇلاق بۇلدۇقلاپ تېشىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

بۇ ھېكايە بىزگە مۇنداق بىر ساۋاق بېرىدۇ:«بۈگۈن بىزمۇ روھقا تەۋە چۆل باياۋاندا يول يۈرۈپ چاڭقاپ كەتكەن بولساق، ئىشەنچ ۋە مەدھىيەگە تايىنىپ، بەخت-سائادەتنىڭ بۇلىقىغا ئېرىشەلەيمىز.»

ئۇلار بۇلاق سۈيىگە قانداق ئېرىشتى؟ ئەلۋەتتە مەدھىيەگە تايىنىپ ئېرىشتى. ئۇلار قۇملۇقتا ئىشەنچ ناخشىسىنى ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەھدە ھاسىسى بىلەن بۇلاق قازدى.

مەدھىيە بىزنى بۇلاق مەنبەسىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئاغرىنىش بولسا سوتقا چاقىرىدۇ. ھەتتا دۇئامۇ بۇلاق سۈيىنى قايناپ تاشقۇزالمايدۇ. چۈنكى، ھېچقانداق بىر نەرسە خۇدانى مەدھىيەدەك خۇرسەن قىلالمايدۇ. مەدھىيە بولسا ئېتىقادنىڭ ئۆلچەملىك پاكىتى. قېرىنداشلار، سىلەر خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ باققانمۇ؟ خۇدا سىزگە سان-ساناقسىز مېھىر-شەپقەتلەرنى ئاتا قىلدى. سىز بۇلار ئۈچۈن خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز يۈرەكلىك بىلەن خۇدا سىزگە بەرگەن قىيىنچىلىق، نىقابلانغان بەخت ئۈچۈن ئۇنى مەدھىيلەپ باققانمۇ؟ سىز تېخى كەلمىگەن يىراق كەلگۈسىدىكى خۇدا سىزگە ئاتا قىلغان بەخت-سائادەت ئۈچۈن ئالدىنئالا ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇشنى خالامسىز؟

# 5-ئاينىڭ 27-كۈنى

**«............................ئۇلارنى ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار.» (مەتتا 14: 18)**

ھازىر مۇشكۈلاتلار، سىناقلار، خەۋپ-خەتەرلەر ۋە ئېھتىياجىڭىزدىكى كەمچىلىكلەر تەرىپىدىن قىينىلىپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدا سىز ئۈچۈن تەييارلىغان، سىزنىڭ مۇقەددەس روھقا تولۇشىڭىزدىكى ئالاھىدە كېرەكلىك قوراللاردۇر. ئەگەر سىز خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشەنسىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى يېڭى بەختكە، يېڭى قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشتۈرىدىغان پايدىلىق پۇرسەتتۇر. بۇلاردىن باشقا، بۇنداق بەخت-سائادەت ۋە قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغان ئالاھىدە يول يوق.

بۇ قۇراللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشەنچ ۋە دۇئالار ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىڭ. تېنچلىنىڭ! ئۇنىڭ سىزگە تاپىلىغانلىرىدىن باشقا بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزنى توختۇتۇڭ. ئۇ تاپىلىمىغان ئىشلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلماڭ. خۇداغا پۇرسەت بېرىڭ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا سىزنى قورقۇنچقا سالغان مۇشكۈلاتلار، سىناقلار، خەۋپ-خەتەرلەر، ئېھتىياجىڭىزدىكى كەمچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە شان-شەرەپلىك غەلىبىسى سىزگە ياردەم بېرىدۇ.

پاۋلۇس بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«ماڭا غەمخورلۇق قىلغان خۇدا ئۆزىنىڭ مول بايلىقى بىلەن سىلەرنىڭمۇ ھەممە ئېھتىياجىڭلارنى قاندۇرىدۇ.» (فىلىپىلىكلەر 4: 19)

خۇدانىڭ مەنبەسى نەقەدەر مول، شان-شەرىپى نەقەدەر زور-ھە! ئۇنىڭ ئېھتىياجلارنى تەمىنلىشى نەقەدەر سېخى، ئەيسا مەسىھ نەقەدەر ئۇلۇغ كۆۋرۈك-ھە!

مانا بوۋلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭىز يەتمەيدىغان قابىلىيەتلەردۇر. سىز بارلىق ئېھتىياجىڭىزنى ئۇنىڭ مول شان-شەرىپىگە ئالماشتۇرۇڭ. ئۇنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسى مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ چەكسىزلىكىدىن سىزگە كەڭ ئېچىلدى. سىز سەممىي، ساپ ئېتىقادىڭىز بىلەن ئېھتىياجىڭىز چۈشكەننى خالىغانچە ئېلىڭ. ئۇ سىزنىڭ كۆپ ئالغانلىقىڭىزدىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خەزىنىسىدە ھېچقانداق بىر نەرسە كەم بولغان ئەمەس.

«ئۆز ئوغلىنىمۇ ئايىماي، ئۇنى ھەممىمىز ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا ئەۋەتكەن خۇدا بارلىقنى بىزگە ئاتا قىلماي قالامدۇ؟ »(رىملىقلار8: 32 )

# 5-ئاينىڭ 28-كۈنى

📖«سەن ماڭا بەخت ئاتا قىلمىغۇچە قويۇۋەرمەيمەن...ياقۇپقا بەخت ئاتا قىلدى.» (يارىتىلىش32: 26، 29)

ياقۇپنىڭ بەختكە ئېرىشەلىشى چېلىشقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئېسىلىۋالغانلىقتىن بولدى. ئۇنىڭ ساغرىسى چىقىپ كەتتى، چېلىشالماس بولۇپ قالسىمۇ قارشى تەرەپنى يەنىلا قويۇۋەتمىدى. ئۇنىڭ يوتىسى يارىدار بولغاچقا، ئۇ پەقەت بىلەكلىرى ئارقىلىقلا قارشى تەرەپنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ، پۈتۈن ئېغىرلىقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈردى.

بىز دۇئا قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىز قاچان ئۆز تىرىشچانلىقىمىزنى توختۇتۇپ، ئۆز پىلانلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ئىشەنچىمىز بىلەن

ئەرشتىكى ئاتىمىزنىڭ بويىنغا چىلىك ئېسىلىۋالساق، شۇ ۋاقىتتا جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

ئاجىز كىشى كۈچ ئىشلىتىپ ھەممىگە قادىر كۈچ-قۇدرەتلىك پادىشاھنىڭ قولىدىن بەختنى تارتىۋالالامدۇ؟ بىز تىرىشچانلىقىمىز بىلەن خۇدانى باش ئەگدۈرەلەمدۇق؟ بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. قەيسەرلىك ھەرگىزمۇ خۇدا تەرىپىدىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت تەۋرەنمەس ئېتىقاد، پۈتۈنلەي خۇداغا تايىنىدىغان چىن قەلبلا بىزنى خۇدانىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. پەقەت كەمتەر ۋە ساداقەتمەن ئىشەنچ بىرلىشىپ:«مېنىڭ ئىرادەم بويىچە ئەمەس، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن» دېگەندىلا بەخت-سائادەت بىزگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

# 5-ئاينىڭ 29-كۈنى

**«........................................سىلەرنى دوست دەيمەن.» (يۇھاننا 15: 15)**

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ياشانغان بىر نېمىس تىلى پروفىسسور بولغانىكەن. پۈتۈن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن قىزىقىدىكەن ھەم قايىل ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان شوخ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قانچىسى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاجايىپ سىرنى بىلىشكە قىزىقىپتۇ ھەم ئارىدىن بىرسى ئوغۇرلۇقچە فروفىسسورنىڭ كىتابخانىسىغا يۇشۇرۇنۇپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپتۇ. فروفىسسور كىتابخانىسىغا ئىنتايىن كېچىكىپ كىرىپتۇ. قارىماققا ئۇ ئىنتايىن ھارغىن كۆرۈنىسمۇ بىر سائەتتىن ئارتۇق ئىنجىل كۆرۈپتۇ. ئارقىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ،

تېپتىنچ دۇئا قىلىپتۇ. ئارقىدىن ئىنجىلنى يېپىۋېتىپتۇ:«ئى رەببىم ئەيسا، بىز يەنە بىر قېتىم جەم بولدۇق!» دەپتۇ.

رەب ئەيسا بىلەن جەم بولۇش روھى ھاياتىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق نوقتا. ھەربىر ئېتىقادچى، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر چوقۇم رەب ئەيسا بىلەن جەم بولۇشنى ئىزدىشى كېرەك.

دۇئا قىلىش بىلەن مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇش بىزگە مەسىھنىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىز مەخپىي ھوجرىدا رەب بىلەن بىرگە بولۇشنى قانچە قوغلاشساق، خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى شۇنچە تونۇپ يېتەلەيمىز.

# 5-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«ھېلىقى144،000 كىشى تەختنىڭ، تۆت تىرىك مەخلۇقنىڭ ۋە يېتەكچىلەرنىڭ ئالدىدا يېڭى بىر ناخشا ئېيتتى. بۇ ناخشىنى گۇناھلىرىنىڭ بەدىلى تۆلىنىپ بۇ دۇنيادىن ئازاد قىلىنغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۆگىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى.» (ۋەھىي *14: 3*)**

شۇنداق بىر ناخشا بار، بۇ ناخشىنى سەنئەت ساھەسىدە ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، بۇ ناخشىنى ھېچقانداق بىر كومپوزىتور مۇزىكىلاشتۇرالمايدۇ. بۇ ناخشىنى پەقەت جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆگىنىپ، سەۋر-تاقەت ئىچىدە مۇزىكىلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ ناخشىنى ھېچقانداق بىر پەرىشتە بىزدەك يېقىملىق ئېيتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ناخشىنى ئېيتىشى ئۈچۈن چوقۇم بىز باسقان يوللارنى بېسىشى، بىز كەچۈرگەن

سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى زۆرۈر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ھازىردىن باشلاپ ئەرشتىكى ئاتىمىزدىن مۇزىكا دەرسى ئۆگىنىۋاتىسىز، ئۇ سىزنى تەربىيلەۋاتىدۇ. ئۇ سىزنى مانا مۇشۇنداق ئەرشتىكى مۇزىكا ئەترىتىگە كىرىش سالاھىيتىگە ئىگە بولغۇچە تەربىيلەيدۇ. بۇ ناخشىدا مەلۇم بىر ئاۋاز بار. بۇنى ھېچكىم ئۈستىگە ئالالمايدۇ. پەرىشتە ھەتتا پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقىمۇ شۇنداق. بۇنى پەقەت سىزلا ئۈستىگىزگە ئالالايسىز. پەرىشتە پەقەت يۇقىرى ئاۋازنىلا ئېيتىپ چىقىرالايدۇ، تۆۋەن بوش ئاۋازنى پەقەت سىزلا ئېيتىپ چىقىرالايسىز.

ئەرشتىكى ئاتىڭىز ھەتتا پەرىشتىمۇ ئۈستىگە ئالالمىغان بىر بۆلەك ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭىز ئۈچۈن، سىزنى جاپا-مۇشەققەت مەكتىپىدە تەربىيلەۋاتىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، ئۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى سىنايدۇ. ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە، سىزگە ناخشا ئېيتىشتىكى ھېسسىيات ئىپادىلەشنى ئۆگىتىدۇ. جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە، كۈچ-ماغدۇرىڭىزنى مەشق قىلغۇزىدۇ. سىناقلار ئىچىدە، توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. سىز ھەرگىز خۇدانىڭ بۇ مۇزىكا ئانسامبىلىغا سەل قارىماڭ. گەرچە نۇرغۇن ئادەملەر بۇنىڭغا ھەۋەس قىلسىمۇ تېخى تاللىنالىغان ئەمەس.

# 5-ئاينىڭ 31-كۈنى

**📖«رەببىمىزگە مەنسۇپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ھەمىشە شاد-خۇرام بولۇڭلار. يەنە تەكرارلايمەنكى، شاد-خۇرام بولۇڭلار!» (فىلىپىلىكلەر 4: 4)**

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ھەمىشە شاد-خۇرام يۈرەلمەيدۇ. بەزىلىرى

خىزمەتتىنىڭ بىسىمىدىن، بەزىلىرى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن، بەزىلىرى مىڭشۋاتقان يولنىڭ تارلىقىدىن، بەزىلىرى ئىقتىسادى بېسىمدىن، بەزىلىرى مۇھىتنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلاردىن غەم قىلىپ شاد-خۇرام بولالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچراۋاتقان ھەربىر ئىشلاردا خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمىگەچكە، ئېتىقادچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە يۈزلىنەلمەيدۇ.

خۇدا بىزگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شاد-خۇرام بولۇشقا چاقىرىق قىلغان تۇرسا ھەم بىزمۇ قۇياش نۇرىغا، ساپ ھاۋاغا مۇھتاج بولغاندەك شاد-خۇراملىققا مۇھتاج تۇرساق، ئەلۋەتتە دائىم شاد-خۇرام بولۇشىمىز كېرەكتە. خۇشال-خۇراملىق ئېتىقادچىلارنىڭ روھىي ھاياتلىقىنى سۇغىرىدۇ. ئەكسىچە، غەم-قايغۇ روھى ھاياتلىقنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. شاد-خۇرام بولۇش غەلىبىنىڭ ئالامىتى. شاد-خۇراملىق خۇداغا شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. غەم-قايغۇ شەيتاننىڭ سۆيەۋەتتى. شاد-خۇرام بولۇش دۈشمەنلەرنىڭ ھوجۇم قىلىش پۇرستىنى يوقىتىدۇ. غەم-قايغۇ قىلىش دۈشمەنلەرگە پۇرسەت بېرىدۇ.

خۇدا گۈل-گىياھلار، ئوت-چۆپلەر، تاغ-دەريالار قاتارلىق بارلىق گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىنى بىزنىڭ شاد-خۇراملىقىمىز ئۈچۈن ياراتقان. خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ يەككە-يىگانە ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىشتىكى مەقسىدىمۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ئۈچۈندۇر. پەرىشتە بۇ توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزگەندە: « مەن سىلەرگە پۈتۈن خەلقنى خۇشال قىلىدىغان بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن» دەيدۇ. (لۇقا 2: 10)

ئەڭ قاتتىق جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۈرمىدىكى مەھبۇس پاۋلۇس كۆلپەتلىرى سەۋەبلىك شاد-خۇرام بولمىغان بولسا توغرا بولاتتى. بىراق، ئۇ ئۆزى خۇشال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنى ھەمىشە شاد-خۇرام

بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇ فىلىپىلىكلەرنى ئۆزىنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇشقا ئەمەس، ئەكسىچە ھېچنەرسىدىن غەم قىلماسلىققا ئۈندىگەن.«ھېچ نەرسىدىن غەم قىلماڭلار.» (فىلىپىلىكلەر 4: 6)

# 6-ئاينىڭ 1-كۈنى

**📖«ھارغانلارنى راھەتلەندۈرۈڭلار. بۇ خىل ئاراملىق ھەقىقىي ھۇزۇردۇر.» (يەشايا28: 12)**

سىز نېمە ئۈچۈن غەم قىلىسىز؟ غەم قىلغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ سىز ھازىر چوڭ كېمىدىكى بىر يولۇچى خالاس. سىز كېمە ھەيدەشنى بىلمەيسىز. كېمە ئىگىسى رەب ئەيسا، سىزنى رولنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويسىمۇ رول باشقۇرۇشنى ھەتتا يەلكەننى چىقىرىشنىمۇ بىلمەيسىز. ئۇنداقتا، سىز خۇددى كېمە باشلىقىدەك، ماتروستەك يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ ئى قېرىندىشىم، تېنچلىنىڭ! رەب ئەيسانىڭ ئۆزى كېمە ئىگىسىدۇر.

سىز دەھشەتلىك دولقۇنلارنى، كېمىدىكى تەۋرىنىشلەرنى كۆرۈپ خۇددى كېمە باشلىقى يوقتەك ھېس قىلىپ قالدىڭىزمۇ؟ ياق، سىز خاتالاشتىڭىز، ئۇ باشتىن-ئاخىرى كېمىدە بار. ئۇ ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ھەرگىز قورقماڭ! ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ، سەپىرىڭىز چوقۇم خەيرلىك بولىدۇ.

سىزدىن ئۆتۈنەي، ئازاب-ئوقۇبەتتىن قەدەملىرىڭىز ھەرگىز توختاپ قالمىسۇن. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئېزىقتۇرۇلۇشتۇر. غەم-قايغۇ سىزنى ئىچى تار، ھەسەتخور قىلىپ،

قەلبىڭىزنى خازان قىلىدۇ. نەتىجىدە سىز ھەرقانداق مېھىر-شەپقەتنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىز. ئىشلار چوڭايغانسېرى سىز قاپ يۈرەك بولۇپ، خۇدادىن ھېيىقمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالىسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئاشۇنداق پىلانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق سىزگە چەكسىز ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 2-كۈنى

📖«ئاتا بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەھۋالدىمۇ، ... خۇداغا داۋاملىق ئىشەنچ باغلىدى... يەنىلا خۇداغا بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرمىدى.» (رىملىقلار4: 18، 19)

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم بىر كىشى گېئورگىدىن (George Mueller): «ئەپەندىم، قانداق قىلغاندا تەۋرەنمەس ئېتىقادنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ ئىشەنچ شاھزادىسى مۇنداق جاۋاب بەردى:«پەقەت بىرلا ئۇسۇل بار. ئۇ بولسىمۇ سىناقلارغا سەۋىر-تاقەتلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىشتۇر. شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەم يېتىلدۈرۈشۈمدىكى سەۋەبنىڭ ھەممىسى دەھشەتلىك ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىمدىن بولدى.» بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتۇر. بىز بارلىق ئىشلاردا ئامالسىز، يۆلەنچۈكسىز بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىلا ئاندىن پۈتۈنلەي خۇداغا تايىنالايمىز.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئالدىڭىزدىكى پۇرسەتكە ھەرگىز سەل قارىماڭ. سىزنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىڭىز دەل سىز ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان "تەۋرەنمەس ئېتىقاد" مەكتىپىدۇر. خۇدا بۇ يەردە سىزگە قانداق قىلغاندا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە

ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك تەختىگە يېقىنلىششىنى ئۈگىتىدۇ.

قورقماڭ، ئىشەنچىڭىز بولسۇن. (ماركۇس5: 36) قاچان قورقۇنچ ھېس قىلسىڭىز شۇ ۋاقىتتا بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىڭىزنى ئەرشكە تىكىپ تۇرۇپ، خۇداغا: «مەن قاچان قورقسام، شۇ ۋاقىتتا ساڭا تېخىمۇ تايىنىمەن.» دەپ ئېيتىڭ. مۇشۇنداق قىلغاندا سىز خۇداغا شۈكۈر ئېيتالايسىز. چۈنكى، جاپا-مۇشەققەتلىك مەكتەپ دەل ئىشەنچ مەكتىپىدۇر.

## 6-ئاينىڭ 3-كۈنى

**************

**_«.................................كۆلنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتەيلى.» (ماركۇس4: 35)_**

بىز مۈشكۈلاتلارغا ئۇچراشتىن ئەنسىرىمەي، خۇدانىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىپ يولغا چىقايلى. شاگىرتلار رەبنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يولغا چىقىپ، شىددەتلىك دولقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋاز بىلەن رەبنىڭ قۇتقۇزۇشىنى چاقىردى.

ناھايىتى جىددىي پەيتلەردە رەب قۇتقۇزۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ تاۋلاش، تېخىمۇ كۈچەيتىش، تېخىمۇ ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلدۇرۇش، قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ زور ئۈمىد باغلاتقۇزۇش ۋە بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

رەب شىددەتلىك دولقۇندىن ساراسىمىگە چۈشكەن شاگىرتلىرىنى مېھرىبانلىق

بىلەن تەربىيلەپ:« نېمانچە قورقىسىلەر! تېخىچە ئىشەنچىڭلار يوقمۇ؟» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: « سىلەر نېمىشقا بۇ شىددەتلىك دولقۇنغا غەلىبىلىك ھالدا: <سىلەر بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى، رەببىمىز كېمىدە. دېيەلمەيسىلەر؟» دېگەندىن ئىبارەت.

ھوزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ئېتىقاد قىلىش جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئېتىقاد قىلىشقا قارىغاندا كۆپ ئاساندۇر.

ئەگەر بىزنىڭ ئېتىقادىمىز ھېچقانداق سىناقلارغا ئۇچرىمىغان بولسا، ئىشەنچىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلەلمەيمىز.

گەرچە رەبنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يولغا چىقىپ قىيىنچىلىقتىن ساقلىنالمىساقمۇ يەنىلا رەبنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ يەردە بالدۇر-كېيىنلىك پەرقىلا مەۋجۇت خالاس. چۈنكى، رەببىمىز ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا: « كۆلنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتەيلى» دەپ قويغان بولماستىن، بەلكى قەلبىدە بىزنى دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆكۈرۈپ سىناشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

## ***6-ئاينىڭ 4-كۈنى***

**📖«پەرۋەردىگار بىر كېچە قاتتىق شەرق شامىلى چىقىرىپ، دېڭىز سۈيىنى كەينىگە ياندۇردى.» *(مىسىردىن چىقىش14: 21)***

بۇ ئايەت مۇقەددەس كىتاپتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر خەۋەر بولۇپ، خۇدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خىزمەت قىلماقتا. ئەينى چاغدا خۇدا ئۆزى تاللىغان خەلق

ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىسىنى كۆندۈزى ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇ كېچىدە، يەنى كۆرگىلى، تۇتقىلى، سەزگىلى بولمايدىغان ۋاقىتتا كۆرسەتكەن.

ئوخشاشلا، گەرچە سىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېچنىمىنى كۆرەلمىگەن بولسىڭىزمۇ، خۇدا يەنىلا خىزمەت قىلماقتا. تاڭ يورۇغاندا، سىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسرائىللارغا ئوخشاش سۇلارنىڭ يانغانلىقىنى، قۇرۇق يولنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرىسىز. خۇدا مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدىن سىزنى ئامان-ئىسەن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 5-كۈنى

***«چوقۇم ئىدا قىل.» (يەشايا 7: 11)***

بىز چوقۇم تاكى قاتتىق يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىمىز ۋە خۇدانى كۈتىشىمىز لازىم. بىز ھەتتا نەپسىمىزدىن قالغۇچە دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى توختىتىپ قويماسلىقىمىز ھەم تەرتىپ بويىچە كەلگۈسى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن ئىدا قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر، بىز ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلساق چوقۇم سەۋر-تاقەتلىك بىلەن كۈتىشىمىز كېرەك.

ئىلياس ئېتىقاد قىلغان خۇدا ھازىر قەيەردە؟ ئىلياس ئېتىقاد قىلغان خۇدا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇگۈنكى ئىلياسنىڭ ئۆزىگە ئىدا قىلىشنى كۈتىۋاتىدۇ.

ئومۇمەن، بۇرۇنقى ئۇلۇغ كىشىلەر ئېرىشكەنلەرگە بۈگۈن بىزمۇ ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر بىزدىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىشەنچ، ئۈمىد، مېھىر-مۇھەببەت ۋە سەۋىر-تاقەت بولسا، بىزمۇ ئۇلار ئېرىشكەن خۇدانىڭ مۆجىزىلىرىگە ئېرىشەلەيمىز.

# 6-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖« ئېغىر-بېسىقلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلىڭلار.» *(1-پېترۇس4: 7)***

دوستۇم، ئەگەر سىز دۇئا قىلمىغان بولسىڭىز تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ دۇنيا بىلەن ئۇچراشماڭ. سىز كەچتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، كۆزلىرىڭىزنى ئۇيقۇ بېسىپ، بىر كۈنلۈك جاپالىق خىزمەتنىڭ ھەممىسى زىممىڭىزنى باسىدۇ-دە دۇئالىرىڭىز قىسقىراپ، خۇدانىڭ ئالدىدىن بالدۇر قايتىپ ئارام ئېلىشقا ئالدىرايسىز. سەھەر ۋاقچە ئورنۇڭىزدىن تۇرىسىز. بىر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ھەممىسى ئالدىڭىزدا دۆۋىلىنىپ تۇرغاچقا، ئالدىراپ-سالدىراپ ئەتىگەندىكى خۇدا بىلەن بولغان بۇ قىممەتلىك ئالاقىنى قول ئۇچىدىلا ئاخىرلاشتۇرىسىز ۋە ئۆز ئىشىڭىزغا ئالدىرايسىز. سىز ئازراقمۇ سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلمىدىڭىز! سىز سەگەكلىككە سەل قارىدىڭىز. بۇنداق پەرۋاسىزلىق سىزنى قۇتقۇزالامدۇ؟ ياق!

پەرۋاسىزلىق بىلەن دۇئا قىلىش نەقەدەر ئېغىر ئىش-ھە! سىناقلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرىدۇ. سىز قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز. دۈشمەنلەر سىزنى ئازدۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولدى. سىزدە مۇستەھكەم تۇرغۇدەك كۈچ يوق. ئەتراپىڭىز زىيانكەشلىك، بېسىملار بىلەن تولغان، سىز سەۋر-تاقەت قىلىشقا ئامالسىز. سىز خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى قوغدىمىغاچقا، ئېتىقادسىزلارنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتى ۋە روھقا تەۋە قابىلىيەتنى يوقاتتىڭىز. خۇداغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭىز سۇسلاشتى. ئىش قىلغاندا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە قىلدىڭىز. سىز خۇدا بىلەن ئارىلىقىڭىز ئىنتايىن يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدىڭىز. دۇئا قىلمىغان بىر كۈن خارابلاشقان بىر كۈنگە ھېساب.

قېرىنداشلار، تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنى ئاددى چاغلاپ، سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلىشقا ھەرگىز سەل قارىماڭلار. خۇدانىڭ يەككە-يېگانە ئوغلى ئەيسا مەسىھ تېخى تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلىپ، كۆڭلىدىكى ئىشلارنى خۇداغا ئېيتقان يەردە، بىز قانچىلىك ئادەم ئىدۇق؟.

# 6-ئاينىڭ 7-كۈنى

📖«ئۇ كېچىسى ئادەملەرنى: <مېنى ياراتقان خۇدا نەدىدۇر؟> دەپ ناخشا ئېيتقۇزىدۇ.» **(ئايۇپ 35: 10)**

سىز ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتىۋاتامسىز؟

ئۇنداقتا، سىز خۇدادىن مۇقەددەس روھى ئارقىلىق ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى ئۆزىگە يىغىشنى تىلەڭ، ئۇنىڭ سىزنى زېرىكىشلىك قاراڭغۇ كېچىدە مەدھىيە ناخشىسى ئېيتقۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ.

سىزنىڭ ئۇيقۇسىزلىقىڭىز ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىڭىزنى يوقاتقانلىقىڭىزدىن بولغانمۇ؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، خۇدا مۇشۇ ۋاقىتلاردا سىزگە يېقىنلاشماقتا. سىزدىن ئايرىلغان ئامانلىق ئاللىقاچان خۇدانىڭ يېنىدا. ئەگەر، سىزدە مۇشۇنداق ئىدىيە شەكىللەنسە سىز دەرھال مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتالامسىز؟ سىزنىڭ ئۇيقۇسىزلىقىڭىز ئۈمىدسىزلىكتىن ياكى كەلگۈسىدىكى مەغلۇبىيەتنى ئويلاشتىن كېلىپ چىققانمۇ؟

گەرچە سىزنى ھېچكىم چۈشەنمىسىمۇ، يېقىن دوستلىرىڭىز دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىسىمۇ، بىلىشىڭىز كېرەككى ھازىرنىڭ ئۆزىدە خۇدا سىزگە يېقىنلاشماقتا. ئۇ

سىزنى يېتەكلەپ غەلىبە ناخشىسىنى ئېيتقۇزىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى بىردەك قىلىش ئۈچۈن سىزنى تەييارلاۋاتىدۇ.

پاراخۇتنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى شىددەتلىك دولقۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىھ ئېچىدىكى غەلىبە ئوتقا ئوخشاش ئېغىر سىناقلاردا ئاندىن گەۋدىلىنىدۇ. خۇدا ئادەملەرنى كېچىسى ناخشا ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كېچىنى ياراتقان.

# 6-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«چۈنكى، خۇدانىڭ پەرزەنتى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقادى ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.» *(1-يۇھاننا 5: 4)***

ئېتىقادچىلارنىڭ ھايات سەپىرىدە، ئۇلارنى پۇتلاش، چۈشكۈنلەشتۈرۈش، مەغلۇپ قىلىش، ئامانلىقىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن قەدەممۇ بىر قاپقان ۋە تۇزاق قۇرۇلغان. شەيتان ھۇجۇم قىلىش، ئىزىقتۇرۇش ھەم خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى قىلىۋاتقان ئىشلارنى ۋەيران قىلىش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىقلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ ھەم چېكىنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھايات يولىمىزدىكى ھەر بىر قەدەمدە ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

بەزى ۋاقىتلاردا، بىز خالىساقلا ئېتىقادىمىز ئارقىلىق قىل ئۈستىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەشلەردىمۇ غەلىبە قازىنالايمىز.

ئېتىقاد كۈچ-قۇدرەتنى يارىتىپ، مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەيلى قاراڭغۇلۇق

ياكى دەھشەتلىك خەۋپ-خەتەر بولسۇن، پەقەت تەۋرەنمەس ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدا بىلەن چەبدەسلىك بىلەن ھەمكارلاشساق، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەغلۇبىيەت غەلىبىگە ئايلىنىدۇ.

خۇدا باشتىن-ئاخىر ئەرشتىكى تەختىدە. ئەگەر بىز چىن قەلبىمىزدىن ئۇنىڭغا تايانساق، ئۇ دەقىقە ئىچىدە مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئىشەنچى بولغان ئادەم ھەرگىز چېكىنمەيدۇ. دۈشمەنلىرىنى ئۇچراتقانلا يەردە دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلالايدۇ.

## 6-ئاينىڭ 9-كۈنى

**«پەرۋەردىگارغا ئىشىنىپ، ياخشىلىق قىلغىن، زېمىندا ماكانلىشىپ، تېنچ-ئامانلىقتىن بەھرىلەنگىن.»** ***(زەبۇر 37: 3)***

مەن بىر قارا تەنلىك ئايالنى تونۇيتتۇم. ئۇ باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان بىر دېدەك ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئىخلاسمەن، شاد-خۇرام بىر ئېتىقادچى ئىدى. بىر كۈنى ئاقكۆڭۈل ئەمما غەمكىن يۈرۈيدىغان بىر قېرىنداش ئۇنىڭغا: «بەلكى سۆزلىرىم دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويۇشى مۇمكىن. سىز ھازىر ھەقىقەتەن ئىنتايىن خۇشال. بىراق، مەن سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزدىن غەم قىلىۋاتىمەن. ئەگەر، سىز ئاغرىپ قالسىڭىز خىزمەت قىلالمايسىز. ئەگەر خوجايىنىڭىز سىزنى ئىشتىن بوشىتىۋەتسە ھېچكىم سىزنى ئىشلەتمەيدۇ. ئەگەر .....» دەپتۇ.

ئۇ بۇ ئايالنىڭ سۆزى ئاياقلاشماستىنلا سۆزلىرىنى بۆلۈپ: «بولدى بەس! خانىم.»

دەپتۇ ۋە ئارقىدىن سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

«مېنىڭ ئېتىقادىمدا ئەزەلدىن «ئەگەر» بولۇپ باققان ئەمەس. پەرۋەردىگار خۇدا مېنىڭ پادىچىم. مېنىڭ ھېچ نەرسەم كەم ئەمەس. ئەگەر سىزدە ئەنە شۇنداق نۇرغۇنلىغان «ئەگەر» لەر بولسا، خۇشال بولالمايدىغانلىقىڭىز تەبىئي ئەھۋال. ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ خۇداغا تايىنىڭ» دەپتۇ.

ئەگەر بىز كىچىك بالىلاردەك سەبىي قەلب بىلەن بۇلارنى قوبۇل قىلساق، پەقەت مۇقەددەس كىتاپتىكى ئىككى ئايەتلا تاشلىۋېتىش تەس بولغان ئاشۇ «ئەگەر» لەرنى تاشلىۋېتىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 13: 5-6 ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېقىڭ:

«ئۆزۈڭلارنى مال-دۇنياغا ئۇرماڭلار. بارىغا قانائەت قىلىڭلار. تەۋراتتا خۇدا مۇنداق دېگەن:

< سەندىن ئەسلا ئايرىلمايمەن
سېنى ئەسلا تاشلىمايمەن. >

شۇڭا، زەبۇردا يېزىلغىنىدەك يۈرەكلىك ئېيتالايمىزكى:

< قورقمايمەن، رەببىم ياردەمچىمدۇر.
كىشىلەر مېنى نېمە قىلالىسۇن. >»

ئاسمانىنىڭ قەھرىدە ئۇچۇۋاتقان بۈركۈت كەلگۈسىدە تاغ-دەريالاردىن قانداق ئۆتۈشتىن ھەرگىز غەم قىلمايدۇ.

# 6-ئاينىڭ 10-كۈنى

📖«خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلارنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ ھاياتىدا مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بەرسۇن، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەممىنى شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز.» (رىملىقلار 8: 28)

بۇ ئايەتنىڭ دائىرىسى نېمىدىگەن كەڭرى-ھە! ئۇ بىزنىڭ بىر قانچە ئىشلىرىمىز ۋە ياكى خۇشال-خۇرام ئىشلىرىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنى يەنى زەررىچىلىك كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ چوڭ ئىشلارغىچە، مەنىلىك ئىشلاردىن تارتىپ قورقۇنچلۇق ئىشلارغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەۋاتىدۇ.

خۇدا بىز ئۈچۈن پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنى ماسلاشتۇرۇۋاتقانىكەن، ئۇنداقتا پۈتكۈل ئىشلىرىمىز دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆز-ئارا ماسلىشىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەتكەن گىراماتىكىلىق سۆز «ئالللىقاچان ماسلاشتۇرۇپ بولدى» ئەمەس، ياكى «كەلگۈسىدە ماسلاشتۇرىدۇ» مۇ ئەمەس، بەلكى «دەل ھازىر ماسلاشتۇرىۋاتىدۇ» دېگەن ھازىرقى زامان شەكلىدىن ئىبارەت.

«ئوخشار ھەققانىيلىقىڭ بۈيۈك تاغلارغا، ھۆكۈملىرىڭ چوڭقۇر تىلسىمات دېڭىزلارغا. ئى پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلۇرسەن ئۆزۈڭ، ئىككىلىسىنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ. (زەبۇر 36: 6) پەرۋەردىگار بارلىق يوللىرىدا ھەققانىيدۇر. ياراتقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتلىكتۇر.» (زەبۇر 145: 17)

پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنى ماسلاشتۇرغانىكەن، ھايات سەپىرىمىزدە قارا ۋە قوڭۇر چېكىتلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، ئۇلار بولغاچقىلا بىز چالغان مۇزىكا كىشلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ.

مىخ ۋە چىشلىق چاقلارنىڭ بۇلۇشى مۇقەررەردۇر. ئۇلار بولغاچقىلا بىزنىڭ ماشىنىمىز ھەرىكەت قىلالايدۇ.

بۈگۈن بىز ئۆگىنىۋاتقان ئېتىقاد دەرسىدە مۇنداق تەلىم بېرىلىدۇ:

«نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ھازىر چۈشەنمەيسەن. لېكىن كېيىن چۈشىنىسەن.» (يۇھاننا 13: 7)

# 6-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«...قەيەردە بولسۇن ...قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسۇن.»(1-تىموتىي2: 8)**

بىزنىڭ دۇئا قىلىشقا سەرپ قىلغان زېھنىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن ناچاردۇر. بىز نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىزنى خىزمەتكە، ئويۇن تاماشىغا، ئارام ئېلىشقا، شەخسىي ئىشلىرىمىز قاتارلىقلارغا سەرپ قىلىمىز. ئۇنداقتا، بىز قانچىلىك ۋاقتىمىزنى خۇداغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلالىدۇق؟

خۇددى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مۇڭدىشىشىنى ياخشى كۆرگەندەك، خۇدامۇ بىزنىڭ دۇئا ئارقىلىق ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇشاشماستىن ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار»(لۇقا 18: 1). «ئېزىقتۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەگەك تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلار»(مەتتا 26: 41). «دۇئا قىلىڭلار» (6: 9). «ھوسۇلنىڭ ئېگىسى بولغان خۇدادىن تىلەڭلار» (مەتتا 9: 38). «ھەمىشە دۇئا قىلىڭلار. ھەر قانداق ئەھۋالدا خۇداغا شۈكۈر ئېيتىڭلار» (1-سالونىكالىقلار5: 17-18). «مەيلى قەيەردە

بولسۇن...توغرا ئەمەللىك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسۇن» (1-تىموتىي 2: 8). «ئاراڭلاردا جاپا تارتىۋاتقان كىشى بار بولسا، ئۇ خۇداغا دۇئا قىلسۇن» (ياقۇپ 5: 13).

رەببىمىز دۇنيادىكى ۋاقتىدا، بىزگە دۇئا قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى قالدۇرغان ھەم دۇئا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ لازارنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان. ئون ئىككى شاگىرتنى تاللاشتىن بۇرۇن ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقىپ دۇئا قىلغان. ئۇ يەنە دۇئا قىلىش ئۈچۈن شاگىرتلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىققان. خالايىق ئۇنى پادشاھ بولۇشقا مەجبۇرلىغان ۋاقتتا، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تاغقا چىقىپ دۇئا قىلغان. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك زىياپەتتە، شاگىرتلىرى بىلەن خوشلىششتىن بۇرۇن كۆزلىرىنى ئەرشكە تىكىپ دۇئا قىلغان. گېتسىمانە باغچىسىدا، ئۇ ئۈچ قېتىم دۇئا قىلغان. كرېستكە مىخلانغان چاغدا دۈشمەنلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز بىز ئۈچۈن دۇئا قىلماقتا.

قېرىنداشلار، ھاياتىڭلارنىڭ مۇقەددەس روھقا چۆمۈلۈشنى خالامسىلەر؟ سىلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنەمسىلەر؟ غەلىبىگە ئېرىششنى خالامسىلەر؟ قابىلىيەتكە ئېرىششنى خالامسىلەر؟ ئىلتىپاتقا ئېرىششنىچۇ؟ مېھىر-شەپقەتكىچۇ؟ جامائەتچىلىكنىڭ گۈللىنىشىنىچۇ؟.......................................................

دۇئا قىلىڭ! دۇئا قىلىڭ! دۇئا قىلىڭ!

# 6-ئاينىڭ 12-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«ئەمدى بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەسسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى سىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ.» *(يۇھاننا15: 19)***

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېتىقادچىلار دائىم باشقىلارنىڭ گۇناھ ئارتىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئېتىقادچىلار قىلغان ئىشلار ئېتىقادسىزلارنىڭ نەزىرىدە گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئېتىقادچىلار يىرگەنگەن ئىشلار ئېتىقادسىزلار ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن، باشقىلار سىزنى قىمار ئويناشقا تەكلىپ قىلغاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئېتىقادچى ئىكەنلىكىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتسىڭىز، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويىسىز. سىز دۇنيادىن ئايرىلىپ خۇداغا يېقىنلاشقان ۋاقتىڭىزدا، باشقىلارنىڭ خۇشال بولمايۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىخلاسمەن بىر ئېتىقادچى ھەرگىز بۇ دۇنيا كىشىلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئەھۋال. سىز دۇنيانىڭ قوللىشىغا، ئىلتىپات قىلىشىغا، خۇشامەت ۋە قوغدىشىغا ئېرىشكەن ۋاقتىڭىزدا ئاللىقاچان ھەقىقەتكە نىسبەتەن گۇۋاھلىقىڭىزنى يوقىتىپ، دۇنيا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىسىز ياكى ئېتىقادىڭىزنى سېتىپ، دۈشمەنلىرىڭىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن بولىسىز. مۇقەددەس يازمىلاردا بىر كىشى دائىم مۇنۇ سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ:«مەن نېمىنى خاتا قىلسام، ئۇ مېنى شۇنچە ماختايدۇ.»

«قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، سىلەر قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگىنىڭلاردا، ئاجايىپ بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم، دەپ ھەيران بولماڭلار.» (1-پېترۇس 4: 12)

# 6-ئاينىڭ 13-كۈنى

📖«سىلەرگە ئامانلىق قالدۇرىمەن. ئۆز ئامانلىقىمنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن.» (يۇھاننا14: 27)

ئىككى رەسسام ئايرىم ھالدا ئامانلىق ئىپادىلىنىدىغان رەسىم سىزىشنى كېلىشىپتۇ. بىرىنچى رەسسام بىر چوڭ كۆلنى سىزىپتۇ. كۆل بويى ئىنتايىن تېنچ بولۇپ، كۆل سۈيى خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈك ئىكەن. تاغ ئۇستىدىكى ھەربىر مەنزىرە كۆل يۈزىدە ئىنتايىن ئەينەن ئەكس ئەتكەنىكەن.

ئىككىنچى رەسسام بىر چوڭ شارقىراتمىنى سىزىپتۇ. شارقىراتما يېنىدىكى چاتقالنىڭ شاخلىرى سۇ يۈزىگە ئېگىلىپ چۈشۈپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ قىسقا شېخىغا بىر قۇش ئۇۋىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇۋا قارىماققا بۇژغۇنلاردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىچىدە بىر قۇش خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانىكەن.

بىرىنچى رەسىمدە ئىپادىلەنگىنى توختاپ قالغان مەنزىرە بولۇپ، ئىككىنچى رەسىمدە بولسا ھەقىقىي ئامانلىق روشەن گەۋدىلەنگەن. ئاراملىق بۇلۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن ئاراملىقتىن بەھرىمان بولىدىغان ئوبيېكتىپ بولۇشى كېرەك.

ئېتىقادچىلارنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇرمۇشى سىرتىدىن قارىغاندا ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت خېيىم-خەتەر ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ روھىي تۇرمۇشى خۇدا ئاتا قىلغان ئامانلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىرېست ئالدىدا ئۇ شاگىرتلىرىغا: «ئۆز ئامانلىقىمنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن» دەيدۇ.

ئامانلىق ھەرگىزمۇ ئىبادەت قىلغاندا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاش بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەلبىمىزنى تېنچلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 14-كۈنى

**🕮«ماڭا بولغان ئېتىقادىڭ يوقالمىسۇن دەپ، ساڭا دۇئا قىلدىم» (لۇقا 22: 32)**

قېرىنداشلار، پەقەت ئېتىقادلا سىلەرنى ئەرشتىكى زور بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن قەلبىڭلاردىن ئېتىقاد قىلىڭلار. خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ھەم ئىشەنچلىك دۇئالار سىلەرنى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك تەختى ئالدىدا بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئېتىقاد ئاسمان-زېمىننى تۇتاشتۇرغۇچى ئۆتكۈزگۈچ سىم. بۇ ئۆتكۈزگۈچ سىم بىزنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىمىزنى خۇداغا، خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئېتىقادتىكى بۇ ئۆتكۈزگۈچ سىم ئۈزۈلۈپ كەتسە، بىز خۇدانىڭ جاۋابىغا قانداق ئېرىشىمىز؟

مەن ھازىر مۈشكۈلاتلار ئىچىدىمۇ؟ مەن ئېتىقادىمغا ئاساسەن ياردەمگە ئېرىشەلەيمەن. مەن ھازىر دۈشمەنلىرىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىممۇ؟ مەن ئېتىقادىمغا ئاساسەن گېنىرالنىڭ كەينىگە مۆكۈنەلەيمەن.

ئېتىقادىم بولمىسا خۇداغا نىدا قىلىشقا ئامالسىزمەن. ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولۇم. ئەگەر يولۇم توسۇلۇپ قالسا، قانداقمۇ خۇدا بىلەن ئالاقە قىلالاي؟

ئېتىقاد مېنى زېمىن بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. مەن ئېتىقادىمغا ئاساسەن زېمىننى چۈشىنىمەن. مەن ئېتىقادىمغا ئاساسەن خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەن قىلالايمەن. ئېتىقادىم مېنى: «خۇدا مەن تەرەپتە تۇرغانكەن، كىم ماڭا قارشى چىقالىسۇن؟» (رىملىقلار8: 31) دەپ توۋلاتقۇزۇپ، قارا كۈچلەرگە ھوجۇم قىلغۇزىدۇ. ئەگەر ئېتىقادىم بولمىسا، ئۆزۈمنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا شۇنداق

ئەسكەرتىمەنكى، ئېتىقادىمىز پاك، سەمىمىي بولسۇن. «ئىشەنچ بار بولغان ئادەمگە ھەممە ئىش مۇمكىن!» (ماركۇس 9: 23)

«شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېتىقادىمىز ئارقىلىق خۇدانىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان بەخت-سائادىتىگە ئېرىشىمىز.» (رىملىقلار4: 16)

ئېتىقاد خۇدانى ھۆرمەتلەيدۇ. ئوخشاشلا خۇدامۇ ئېتىقادنى ھۆرمەتلەيدۇ.

## 6-ئاينىڭ 15-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 ***«قانتىسى ياغقان يامغۇرلاردىن ئۇلار تىترەپ كەتتى.» (ئەزرا10: 9)***

ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر يامغۇرنى ياخشى كۆرىدۇ. يامغۇر كىشىلەرنىڭ كەيپىنى ئۆچۈرىدۇ. يامغۇر يوللارنى پاتقاق قىلىۋېتىدۇ. يامغۇر كىشىلەرنىڭ سودا-سېتىقىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. يامغۇر كىشىلەرنىڭ پىلانلىرىنى بۇزۇپ، ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. يامغۇر كىشىنى زېرىكتۈرىدۇ. يامغۇر ھەرگىز كىشىلەرنىڭ سىرداش دوستى بولالمايدۇ.

دوستۇم، بىراق سىز يامغۇردىن كېيىنكى گۈزەل ھەسەن-ھۈسەننى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. يامغۇردىن كېيىن ھاۋا تازىلىنىپ، ساپلىشىدۇ. يامغۇردىن كېيىن گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەر ئالماستەك پارقىراپ گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. يامغۇر قۇشلارغا جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. يامغۇر بارچە تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇپ، گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىدۇ. بارلىق ئۆسۈملۈكلەر يامغۇردىن ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر يامغۇر ياغمىسا، سىز يوقۇرقىدەك گۈزەللىكتىن قىلچە

ھۇزۇرلىنالمايسىز.

خۇدانىڭ نۇرغۇن پەرزەنتلىرى، بۈگۈنكى كۈندە خۇددى يامغۇردىن بىزار بولغاندەك خۇدانىڭ بەرگەن ساۋاقلىرىدىن ئاغرىنىدۇ. خۇدا يامغۇرغا ئوخشاش، سىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان پىلانلىرىڭىزنى بۇزىۋېتىدۇ. سىناقلار خۇددى يامغۇرغا ئوخشاش سىزنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. يالغۇزلۇق خۇددى يامغۇرغا ئوخشاش سىزنى زېرىكتۈرىدۇ.

بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا ئۇرۇنلاشتۇرغان يامغۇرنىڭ ھەممىسى بەخت-سائادەتلىك يامغۇردۇر. خۇدانىڭ مەقسىدى سىزنى ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىش ئەمەس، بەلكى سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتۇر. يامغۇردىن كېيىن، قۇرۇپ خازان بولاي دېگەن قەلبىڭىز يېڭى باشتىن سۇغۇرۇلىدۇ. يامغۇردىن كېيىن، چۈشكۈنلەشكەن ھاياتىڭىز روھلىنىدۇ. يامغۇردىن كېيىن سىز مېۋە بېرەلەيسىز. يامغۇردىن كېيىن، سىز مۇقەددەس پاك بۇلالايسىز.

# 6-ئاينىڭ 16-كۈنى

📖 ***« مېنىڭ ئۈمىدىم ئۇنىڭدىن كېلۇر.» (زەبۇر62: 5)***

بىز دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ھەمىشە خۇدانىڭ جاۋابىغا سەل قارايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنىڭ سەمىمىي ئەمەسلىكىنىڭ ئىپادىسى. دېھقان مول-ھوسۇلغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. پۇلغا مۇھتاج ئوغۇل بولسا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋەدىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنداقتا، بىز دۇئا قىلىۋاتقان ئېتىقادچى قانداقمۇ خۇدانىڭ جاۋابىغا ئۈمىد باغلىماي تۇرالىسۇن؟

بىر ئېتىقادچى ھەرقېتىم ئىشەنچ بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھەم ۋەدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا دۇئا قىلسا، چوقۇم خۇدانىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ.

خۇدا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بەرگەندە، مۇنداق ئىككى نوقتىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. يەنى ئۆزىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ۋە پەرزەنتلىرىگە بەخت ئاتا قىلىش. بۇرۇنقى زاماندا ئادەملەر رەبنىڭ ئالدىغا كېلىپ رەھىم-شەپقەت تىلىگەندە، ئۇ ئەزەلدىن رەت قىلىپ باقمىغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ نامىغا تايىنىپ، خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشى يەنىلا رەت قىلىشقا ئۇچرىمايدۇ.

بىز ئۇرۇقنى تۇپراققا كۆمۈپ قويغاندا، سىرتىدىن ئۇنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيمىز. خۇدانىڭ دۇئالىرىمىزغا بەرگەن جاۋابىمۇ خۇددى بىخلىنىۋاتقان ئۇرۇققا ئوخشايدۇ، بىز پەقەت ئۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمىدۇق، خالاس!

دۇئالىرىمىزنىڭ كېچىكىپ ئىجابەت بولۇشى ئىشەنچىمىزنى سىناپلا قالماستىن يەنە خۇدانىڭ بەرگەن پۇرسەتلىرىنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 17-كۈنى

📖« **ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزدەك نەرسە ئۈستىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇلار توختاپ تۇرغان چاغدا، قاناتلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرەتتى. » (ئەزەكىيال1: 25)**

كىشىلەر دائىم: «سىز خۇدانىڭ ئاۋازىنى قانداق ئاڭلايسىز؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭدا ئاجايىپ بىر سىر بار. ھايۋانلار توختاپ، قاناتلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغاندا،

ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان. ئۇنداقتا «توختاش» ۋە «ساڭگىلىتىپ تۇرۇش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

بۇنىڭ پەقەت بىرلا مەنىسى بار. يەنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى توختۇتۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، ئىش قىلغاندا خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئىزدىمەي ئۆزىمىز يالغۇز پائالىيەت قىلىمىز. بۇ ھەرگىز «توختاش» بولمايدۇ. بۇنداقتا خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىمىز تەبىئىي ئەھۋال. بىز يەنە نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، دۇئا قىلىۋېتىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ۋە چارە-تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىمىز. بۇ «توختاش» بولۇپ، «ساڭگىلىتىپ تۇرۇش» ئەمەس. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز خۇددى قۇش دەرەخ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپمۇ قاناتلىرىنى كىرىۋالغاندەك بىر ئىش بولۇپ، يەنىلا خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمىز.

بىر دوستۇم ماڭا بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلغانلىقىنى، بىراق خۇدانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئىشلارنىڭ ئىنتايىن ئوڭۇشسىز بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇنداق، بىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «توختاش» ۋە «ساڭگىلىتىپ تۇرۇش » نى چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىز ئىسراپ بولۇپ زىيان تارتتۇق ھەم ئىشلىرىمىزنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

ئىھ قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىز توختاپ ۋە قاناتلىرىمىزنى ساڭگىلىتىپ، خۇدانىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى. ئاندىن روھ قەيەرگە باشلىسا شۇ يەرگە قايرىلماي ئۇدۇل ماڭالايمىز. (ئېزەكىيال 1: 12)

# 6-ئاينىڭ 18-كۈنى

**«شۇنىڭ ئۈچۈن تالغان قولۇڭلارغا مەدەت بېرىپ، پۈكۈلگەن تىزىڭلارنى رۇسلاڭلار. سىلەرگە ئەگەشكەن «ئاقساق» لارنىڭ يېقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ماڭغان يولۇڭلار تۈز بولسۇن. بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنىڭ شىپا تېپىشىغا ياردەم بەرەلەيسىلەر.» (ئىبرانىيلار 12: 12-13)**

مانا بۇ تالغان قولىمىزغا مەدەت بېرىپ، پۈكۈلگەن تىزىمىزنى رۇسلاپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىشىمىز ئۈچۈن خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى. بىزنىڭ ئىشەنچىمىز دائىم ھالسىراپ، ئاجىزلىشىپ چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ تۇرىدۇ. دۇئالىرىمىز دائىم كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن كۈچى بار. خۇدا ئاللىقاچان بىزنىڭ ھالسىراپ، جۈرئىتىمىزنىڭ سۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغاندەك بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بىزگە ئىلھام بەرگەن. ھەقىقەتەن شۇنداق، زەررىچىلىك كىچىك سىناقلارمۇ بىزنى غەم-ئەندىشىگە سېلىپ ئالاقزادە قىلىدۇ. بىز بۇ سىناقلارغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالماي ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىمىز-دە، ئەڭ ئاسان يولنى تاللاپ ماڭىمىز.

بىز ھەمىشە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن سىناقلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. بىز قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە دائىم «مېنىڭ تەييارلىقىم تېخى پۈتمىدى» دېگەننى سەۋەب قىلىمىز. بىز يەنە قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ۋاقىتتا، ئېرىخا شەھىرىنى ئېلىشتا، باتۇرلۇق بىلەن چۈشكۈن روھلارنى يېتەكلەش ۋە دۇئا قىلىش زۆرۈر بولغاندا ۋە ياكى كېسىلىمىز

شىپا تاپقىلى ۋاتقاندا، بۇلاردىن ئايلىنىپ باشقا يوللار بىلەن كېتىپ قالىمىز.

خۇدا مۇنداق دەيدۇ:«سىلەر تالغان قولۇڭلارغا مەدەت بېرىپ، پۇكۇلگەن تىزىڭلارنى رۇسلاپ...» ئۇدۇل سۇغا قاراپ مېڭىڭلار. مانا قاراڭ، سۇ بۆلۈنۈپ قىزىل دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئېچىلدى. ئىئوردان دەرياسى تىكلىنىپ تۇردى. ھەرگىز قورقماڭ. خۇدا سىزنى يېتەكلەپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ھەرگىز قوللىرىڭىز تالغان، پۇتلىرىڭىز پۇكۇلگەن ھالەتتە توختاپ قالماڭ. ئېتىقادىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن! ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ! ھەرگىز ئېرىخا شەھىرىنى ئالالماسلىقتىن غەم يېمەڭ!  شەيتاننىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ. بۇ ھەقىقەتەن سىز ئۈچۈن پايدىلىق ھەم ئۈنۈملۈك بىر دەرس. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بىزنىڭ روھىمىز مانا مۇشۇنداق ئىلمان بولۇپ قالىدۇ. بەلكىم سىز بۈگۈن ئەنە شۇنداق روھى-كەيپىياتتىدۇرسىز.

ھەرگىز سىزنى ھالسىزلاندۇرغان ئىشلارغا دىققەت-ئېتىبارىڭىزنى چاچماڭ. مەيلى يوللىرىڭىز تىك تاغ يولى ياكى تۈزلەڭلىك بولسۇن، قار-يامغۇر ياكى ھاۋا ئوچۇق-تۇتۇق كۈنلەر بولسۇن پاراخوتقا ئوخشاش ئالغا قاراپ ئىلگىرلەڭ. چۈنكى سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز يۈك-تاقلارنى قاچىلاپ ۋاقتىدا پورتقا يېتىپ بېرىشتۇر.

# 6-ئاينىڭ 19-كۈنى

**✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲**

**📖«ئۇن تارتىشتا داننى ئېزىش كېرەك، بىراق ئۇنى دېھقان ھارۋا چاقلىرىنى ئايلاندۇرۇپ تېپىۋەرمەيدۇ. » (يەشايا 28: 28)**

نان پىشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن داننى ئۇن قىلغانغا ئوخشاش، رەبنىڭ قولىدا ئېزىلىشتىن بۇرۇن، رەب ھەرگىز بىزنى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ يېمەكلىكى قىلمايدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا رەب بىزگە ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. بىراق، بىزنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىز نۇرغۇن كىشىلەرنى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، خۇدانىڭ ئالدىدا بىزنىڭ تۆلىگەن بەدىلىمىز ئانچە چوڭ ئەمەس. دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە ئازابلىق كۆز-ياشلار بەدىلىگە كەلگەن.

خۇدا ئاللىقاچان مېنى ئۆزى تاللىغان خەلق ئۈچۈن يېمەكلىك بولۇشقا بەلگىلىدى. ئەگەر بۇ يېمەكلىك چوقۇم شىرلارنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئارىسىدا ئېزىلىپ، ئاندىن خۇدانىڭ خەلقى ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق قىلىنغان بولسا، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا شۈكرى مەدھىيە ئوقۇيمەن. — (J.R.Miller)

دۇنيادىكى قەھرىمانلار، ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق، قىيىنچىلىق، بەختسىزلىك ئىچىدە چېنىقىپ چىققانلاردۇر. چۈنكى قىيىنچىلىق بولغاندىلا كۈچلۈك ئىرادە ۋە سەۋىر-تاقەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بورانىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كېمىنى پورتقا كىرگۈزىمىز. مانا بۇ دەل « خۇدا دائىم ئادەملەرنىڭ قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىقادچىلارنىڭ ئىشەنچى ۋە خىزمىتىگە ئىلھام بېرىدۇ.» دېگەن سۆزدۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردىكى شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بېسىمغا ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئاندىن خۇدا تەييارلىغان «يېمەكلىك » بولالىغان. ئىبراھىم «ئىشەنچ ئاتىسى» دەپ نام ئېلىشتىمۇ ئەڭ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ھەم كۆپ ئىشلاردا ئىتائەتچان بولغان.

ياقۇپمۇ نۇرغۇن قېتىم ئازابلىق مۈشكۈلاتلارغا ئۇچرىغان. يۈسۈپمۇ فوتىفارنىڭ قۇلى بولۇپ، زىندان ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاندىن باش ۋەزىرلىك ئورنىغا چىققان. داۋۇتمۇ باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھالسىزلىنىپ، ئازاب تارتقاندىن كېيىن ئاندىن پۈتۈن دۆلەتنىڭ يېمەكلىكى بولالىغان. ئەگەر پاۋلۇسمۇ قامچىلارنىڭ، چالما-كېسەكلەرنىڭ ئازابىنى تېتىمىغان بولسا ھەرگىز بۇنداق چوڭ شان-شەرەپكە نائىل بولالمايتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر خۇدا سىزنى ئالاھىدە سىناقلارغا دۇچار قىلغان بولسا بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز خۇدانىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.

# 6-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭگە بۇرۇلساڭ، ئارقا تەرەپتىن قۇلىقىڭغا: <يول مانا مۇشۇ، ئۇنىڭدا مېڭىڭلار> دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايسەن» (يەشايا *30: 21*)**

بىز ئارىسالدى بولۇپ قالغاندا ياكى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغاندا، نۇرغۇن ئاۋازلار بىزگە مۇنداق قىلىشنى ياكى ئۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەقىل پاراسەتمۇ، ئىشەنچمۇ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بىز بۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىغاندا چوقۇم تېنچلىنىشىمىز،

بارلىق تەكلىپ-پىكىرلەرنى كاللىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا تىنچلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىشىمىز كېرەك. بىز شاد-خۇراملىق بىلەن خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ، پۈتۈن قەلبىمىزدىن خۇداغا ئۈمۈد باغلىغاندا، ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى ئۇچۇق بىر ئاۋازنى يەنى خۇدانىڭ يول كۆرسەتكەندىكى ئاجايىپ سىرلىق ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز.

يۇمران مايسىدەك يېڭى ئېتىقادچىلار ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغا تايىنىپ يالغۇز قەدەم باسماڭ. ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇڭ. خۇدا بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان ئېتىقادچىلار ناھايىتى ئاسان خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلەلەيدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھازىر ئېغىر مۈشكۈلاتلار ئىچىدىمۇ؟ ئۇنداقتا، بارلىق مەسىلىلىرىڭىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ. سىز ئۇنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم ياكى كەسكىنلىكتىن ئۆزىڭىز ئېرىشمەكچى بولغان جاۋابنى تاپالايسىز.

سىز پەقەت ئۆزىڭىز يالغۇز تېنچلانغاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇقتىن خالىي جايدا، ئىنسانلارنىڭ پىكرى ئاڭلانمايدىغان جايدا، پەقەت ۋە پەقەت سىز ئاشۇ جايدا تىنچ ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە جۈرئەت قىلىپ، تۆت ئەتراپىڭىزدىكى بىسمىلارغا پەرۋا قىلمىغاندىلا كۆز ئالدىڭىزدا خۇدانىڭ ئىرادىسى نامايەن بولىدۇ. سىز ئەنە شۇ ۋاقىتتا، خۇدا تونۇغرۇلۇق يېڭى بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولىسىز. يەنى سىز خۇدانىڭ خاراكتېرىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغان بولىسىز. بۇلار سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىزدە مەڭگۈلۈك گۈزەل ئەسلىملەرنى يادىكار قىلىدۇ. سىزنىڭ كۈتكەن ۋاقتىڭىز قانچە ئۇزۇن بولسا، ئېرىشكەن بەخت-سائادىتىڭىزمۇ شۇنچە مول بولىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 21-كۈنى
# ✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«... ئۇنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى.........» (ماركۇس 2: 1)**

مەرۋايىت ئىشلەپ چىقىرىدىغان قۇلۇلە سۇ ئاستىدا ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يېڭىدىن بىر ئارال قۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. بۇ ئارالدا ئاستا-ئاستا ئۇسۇملۇكلەر ئۈسۈپ چىقىپ، ھايۋانلار ۋە خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ماكانلىشىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ناۋادا خۇدا ھازىر سىزنى پىنھاندا يۇشۇرۇن ساقلىغان بولسا، سىزنىڭ مەۋجۇتلىقىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسە ھەرگىز ئاغرىنماڭ، قايغۇرماڭ. ئەگەر، كەلگۈسىدە خۇدا سىزنى ئاشۇنداق بىر ئورۇنغا قويسا ھەرگىز خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن چېكىنىپ چىقىشنى مەقسەت قىلماڭ. چۈنكى مەرۋايىت ئىشلەپ چىقىرىدىغان قۇلۇلە بولمىسا ھەرگىز مەرۋايىت بولمايدۇ. خۇدا قۇلۇلەگە ئوخشاش چىن قەلبىدىن خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج. گەرچە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ھېچكىم بايقىمىسىمۇ، ئۇلار مۇقەدەس روھنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن ئەرشكە تەۋە نۇرنى كۆرەلەيدۇ.

ئاشۇ كۈنلەر كەلگەندە، رەب ئەيسا ئۇلارغا چوڭ ئىنئاملارنى بېرىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەرگىز خاتالاشمايدۇ. ئاشۇ ۋاقىتلاردا، رەبنىڭ تەييارلىغان ئىنئامىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلىپ بۇ زور ئىنئامغا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن ھەيران قالىسىز.

ئېھتىمال خۇدا بىزنى قېرىنداشلىرىمىزدىن ئايرىپ، كەيپىمىزنى ئۇچۇردىغان ئېگىز تاغ چوققىسىغا ئەكىلىپ قويۇشى مۇمكىن ۋە ياكى ھەققانىيلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېمايۇس ياكى قەدىمى شەھەر كولوسىغا ۋە ياكى ئىنتايىن يىراق ماكىدونىيەگە

ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدا بىزنى نەگە قويسۇن، باتۇرلۇق ۋە چىن ئىخلاسمەنلىكىمىز بىلەن خۇداغا چوڭقۇر ئىشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ غەلبە قىلىدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەپ بولدى. ئۇ بىزنى زور شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرمەكچى.

## 6-ئاينىڭ 22-كۈنى

***«مېھىر-مۇھەببەت بارلىق گۇناھلارنى يېپىپ كېتىدۇ.» (پەندى-نەسىھەتلەر10: 12)***

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مەن گېزىتتىن بىر ئېتىقادچىنىڭ سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان ماقالىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى كاللامغا ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقا، ئالايىتەن بۇ بەتلەرنى خاتىرلىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، تۇيۇقسىز ئىنتايىن ئازابلىق، قالايمىقان ئىشلار كاللامغا كىرىۋالدى. مەن ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ قەتئىي ئۇخلىيالمىدىم. خۇددى مېھىر-مۇھەببەت ئاللىقاچان قەلبىمدىن سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خۇدادىن قابىلىيەت تىلەپ، <مېھىر-مۇھەببەت بارلىق گۇناھلارنى يېپىپ كېتىدۇ!> دېگەن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلالىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مۇقەددەس روھ شۇ ھامان قەلبىمدە خىزمەت ئىشلەپ، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ ئۆتمۈشۈمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇردى.

دەسلەپتە مەن، مېنى ئازابلىغان بارلىق قايغۇ-ھەسرەتلىرىمنى خۇددى قەبرىدىن لاي-لاتقىلارنى كولىغانغا ئوخشاش ئاستا-ئاستا، قەدەممۇ-قەدەم كولاپ تاكى قۇرۇق

ئۆڭكۈر قالغۇچە كولۇدۇم. مەن ئەنە شۇنداق قەلبىمدىكى لاي-لاتقىلارنى بىر-بىرلەپ كولاپ، پاكىزلىغاندىن كېيىن ئۆتمۈشۈمگە قەبرە قاتۇردۇم. كېيىن مەن بۇ بوشلۇققا ئىخلاسمەنلىك بىلەن مۇنبەت تۇپراقلارنى تولدۇرۇپ، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرنى، ئاق ئەتىر گۈللەرنى سېرىن گۈللەرنى تىكىپ پەرۋىش قىلدىم. ئۇلار تېزلا باراقسان ئۆسۈپ چىرايلىق ئېچىلدى.

شىرىن ئويقۇم قايتا باشلاندى. مېنى ھالسىراتقان ئازابلىق ئۆتمۈشلەر، جاراھەت ئېزى يوق ھالدا داۋالاپ ساقايتىلغاندى. بۈگۈن مەن ئويلاپمۇ يېتەلمەيمەن، "زادى قانداق نەرسە" مېنى شۇنداق ئازابلىغان بولغۇيدى؟!»

# 6-ئاينىڭ 23-كۈنى

**📖«-كەل،-دېدى ھەزرىتى ئەيسا.**

**پېترۇس كېمىدىن چۈشۈپ، سۇ ئۈستىدە ھەزرىتى ئەيساغا قاراپ ماڭدى. لېكىن قاتتىق چىقىۋاتقان بوراننى كۆرۈپ قورقتى ۋە سۇغا چۆكۈشكە باشلىغاندا:**

***-رەببىم، مېنى قۇتقۇزۇۋالغايسىز!-دەپ ۋارقىرىدى.» (مەتتا14: 29-30)***

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مانا كۆردىڭىزمۇ؟ پېترۇسنىڭ ئاجىز ئىشەنچى نەقەدەر چوڭ توسالغۇ-ھە! ئۇ ئاللىقاچان سۇ ئۈستىدە ماڭالىغان ئىدى. شۇڭا بوراننىڭ ئاجىز-كۈچلۈكلىكىدىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ بارلىق دىققەت ئېتىبارىنى رەبتىن كەلگەن ئاشۇ نۇرغا تىكىشى ھەمدە رەبتىن كەلگەن ئاشۇ نۇردىن بۆلەك ئەتراپتىكى مۇھىتقا، ئادەملەرگە دىققەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرىيىتى

يوق ئىدى.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، خۇدا سۇ ئۈستىدە تۇرۇپ، سىزگە: «كەل» دېگەندە، خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئالدىغا قەدەم ئېلىڭ. ھەرگىز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنگە دىققەت-ئېتىبارىڭىزنى چاچماڭ. چۈنكى، سىز دولقۇنلارنى مۆلچەرلەش ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز خېيىم-خەتەرگە قانچە دىققەت-ئېتىبارىڭىزنى مەركەزلەشتۈرسىڭىز، خەتەرگە شۇنچە چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىسىز. مۈشكۈلاتلارغا قانچە كۆپ قارىغانچە شۇنچە جاپا-مۇشەققەت تارتىسىز. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز پەقەت چىن دىلىڭىزدىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن خۇداغىلا ئۈمىد باغلاپ، يۈرەكلىك بىلەن ئالغا قاراپ قەدەم بېسىڭ!

# 6-ئاينىڭ 24-كۈنى

**«...ئەمدى كەلگۈسى ئىشلار توغرىلىق سورىماقچىمۇسىلەر؟ ئۆز ئوغۇللىرىم توغرۇلۇق، ئۆز قولۇمدا ئىشلىگىنىم توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرمەكچىمۇسىلەر؟.» (يەشايا*45: 11*)**

خۇدا: «سىلەر ماڭا بۇيرۇق قىلىڭلار» دەۋاتىدۇ. بۇ نېمە دېگەن چوڭ ھوقۇق،-ھە! بىز خۇداغا ئەمىر قىلالامدۇق؟ قىلالايمىز. ھەزرىتى ئەيسا دۇنيادىكى ۋاقتىدا بۇنداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ باققان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەشۇ، ئىلياس، مارتىنلارمۇ بۇنداق ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇپ باققان.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 17-باب 24-ئايەتتە رەب ئەيسا ئاتىسى خۇداغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاتا، سەن ماڭا بەرگەن كىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

مەن بىلەن بىر يەردە بولۇشنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.» رەبنىڭ جۈرئەتلىك ھالدا بۇنداق دۇئا قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسنى بېرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن.

يەشۇ زور غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋاقتىدا، نەيزىنى پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشقا تەگلەپ تۇرۇپ، ئۇنىلۇك ھالدا: «قۇياش توختاپ تۇرغىن!» دەپ ۋارقىرىغان(يەشۇ10: 12). ئۇنىڭ ئىشەنچى نەقەدەر كۈچلۈك-ھە! ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەقىقەتەن زور باتۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

ئىلياس ئۈچ يىل ئالتە ئاي ئەرشنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ يامغۇر ياغدۇرمىغان. كېيىن يەنە خۇداغا نىدا قىلىش ئارقىلىق ئەرش ئىشىكىنى ئاچقان. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە دېگەن باتۇر-ھە!

مارتىن سەكراتتا ياتقان مېلەنتوننىڭ (Melachthon) يېنىدا تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ، خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيۈملۈك دوستىدىن ئايرىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن نىدا قىلغان. ئۇ نېمە دىگەن باتۇر-ھە!

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا ئۆزى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇنلىغان قالتىس ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويغان. بىز خۇدانىڭ: «ئاسمان-زېمىنلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ياساپ، ئۇنىڭ ھەممە قوشۇنلىرىغا ئەمر قىلدىم» دېگەن بۇيرۇقنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. (يەشايا45: 12) بىراق، خۇدا ھازىر بىزگە: «ماڭا ئەمر قىل» دەۋاتىدۇ. بۇ نېمە دىگەن غەلىتە ئىش-ھە!

بىزنىڭ دائىم دۇئا قىلغاندىكى پوزىتسيەمىز بولسا گۇمانلىنىش، ئارسالدى بولۇش ۋە ئىشەنچسىزلىكتىن ئىبارەت. رەب ئەيسا، يەشۇ، ئىلياس ۋە مارتىنلارنىڭ دۇئا قىلغاندىكى پوزىتسيەسى بولسا قەتئىيلىك، باتۇرلۇق ۋە چوڭقۇر ئىشەنچتىن ئىبارەت.

بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيەدە نەقەدەر چوڭ پەرق بار-هە! بىزنىڭ دۇئالىرىمىز ئەنە شۇنداق دائىم قايتا تەكرارلىنىدۇ ھەمدە كۈچىنى يوقىتىدۇ.

رەب ئەيسا دۇنيادىكى ۋاقتىدا، ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئەمر قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرەتتى. مەسىلەن، ئۇ ئېرىخا شەھىرىگە يېقىنلاشقان ۋاقتىدا، توختاپ قارىغۇ تىلەمچىدىن: «مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» دەپ سوراش ئارقىلىق «سەن ماڭا ئەمر قىلساڭ بولىدۇ» دېگەننى ئىپادىلىگەن. (لۇقا18: 41)

ئىنسانلار چەكلىك ئەقىل-پاراستى بىلەن قانداقمۇ مېھىر-شەپقەتلىك خۇدا ئاتىمىز بىزگە بەرگەن ئورۇننى چۈشىنەلىسۇن؟ خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «مەندە بار بولغاننىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئەمر قىلىڭلار».«مېنىڭ نامىم بىلەن نېمىنى تىلىسەڭلار، مەن تىلەكلىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن.» (يۇھاننا14: 13)

## 6-ئاينىڭ 25-كۈنى

***📖«ئىسرائىللارغا: <مېڭىڭلار> دەپ بۇيرۇغىن.» (مىسىردىن چىقىش14: 15)***

ئى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى، سىز ئىسرائىللار قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىكى ئاشۇ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، پەرزەنتلىرى، مال-چارۋىلىرى ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك بولغان قورقۇنچلۇق ھالاكەتتىن تۇيۇقسىز قانداق قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانچە قېتىملاپ خۇداغا ئىشەنمىگەنلىكى ھەم مۇساغا ھاقارەت قىلىپ، ئاغرىنغانلىقىدىن نومۇس قىلىشتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مەڭگۈ بار بولغۇچى خۇدانىڭ قانداق قىلىپ، نېمىگە ئاساسەن بىر كىشىنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەيدىغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ خۇدا قۇدرەتلىك قوللىرىنى سوزۇپ، دېڭىزدىن ئىسرائىللارغا يول ئېچىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزغانغا ئوخشاش سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزگە ئاساسەن دۇئا-تىلاۋەتلىرىڭىزنى ئىجابەت قىلىدۇ.

سىز خۇداغا ئىتائەت قىلىشنى قارار قىلغاندا، ھەرگىزمۇ بۇ قارارىڭىزنىڭ نەتىجىسىدىن ئەندىشە قىلماڭ. يوللىرىڭىزنى توسىغان شىددەتلىك دولقۇنلارغا قەدەم بېسىشتىن قورقماڭ. چۈنكى، زەبۇردا مۇنداق دېيىلگەن: «پەرۋەردىگار توپان ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ. بەرھەق، پەرۋەردىگار مەڭگۈگە پادىشاھ بولۇپ، ھۆكۈم سۈرىدۇ.» (زەبۇر29: 10)

خېيىم-خەتەر بولسا خۇدانىڭ ھەقىقەت تونىنىڭ پېشى، قايتا كېلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ۋە ئىسپاتى.

يۈرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا تايىنىڭلار! يۈرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار! شۇنداق قىلغاندا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشۇ تۇسالغۇلارنىڭ سىلەرگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغانلىقىنى، خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەركىنلىك يولىغا ئايلانغانلىقىنى بايقايسىلەر.

# 6-ئاينىڭ 26-كۈنى

**************

📖«بەزى يەھۇدىيلار خۇداغا ساداقەتسىزلىك قىلدىمۇ دەيلى. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ساداقەتسىزلىكى سەۋەبىدىن خۇدا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمامدۇ؟» (رىملىقلار 3: 3)

مەن شۇنداق ئىيتالايمەنكى، ھايات مۇساپەمدىكى بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا بولغان ئىتىقادسىزلىقىم كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر مەن باشتىن-ئاخىر خۇداغا ئىشەنگەن بولسام، ئاللىقاچان ئۆتمۈشتىكى ھەربىر ئىشلىرىمدا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ۋە كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن بولاتتىم. ھەمدە ھازىرغا بولسا خۇدادىن كەلگەن زور كۈچ-قۇدرەت بىلەن يۈزلىنەتتىم. كەلگۈسىم بولسا ئاجايىپ شان-شەرەپلەر ۋە بەخت-سائادەتكە تولاتتى. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى مېنىڭ ئىشەنچىمنىڭ ئاجىزلىقىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ. مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ھەقىقىتىمۇ مېنىڭ ئىشەنچىمنىڭ ئاجىزلىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ ھەم مېنىڭ مەغلۇبىيتىم بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق بولغانىكەن، مەن شاد-خۇرام بولماي تۇرالايمەنمۇ؟

بىز ئىتىقادسىز رەزىل قەلبىمىز بىلەن خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن گۇمانلانغان ۋاقتىمىزدا، بىز ئۇ ۋەدىگە ھەرگىز ئېرىشەلمەيمىز. بۇ ھەرگىزمۇ ئىتىقادىمىز ۋەجىدىن خۇدانىڭ جاۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنداقلا خۇدانىڭ جاۋابى ئىشەنچىمىزنىڭ پايدىسىغا كەلگەن دېگەن مەنىدىمۇ ئەمەس. چۈنكى، مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدا مۇنداق ئەمر قىلغان: ئەھدىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى دەل ئىتىقادتۇر. مېھىر-شەپقەت يەتكۈزگۈچى ئۆزىنىڭ ئەركىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق

شەرت ئارقىلىق مېھىر-شەپقەتكە ئېرىشىشنى ئالماشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

ئېتىقادسىزلار دائىم: «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟» دەيدۇ. ئېتىقادنىڭ بۇنداق نەچچە مىڭلىغان«نېمىشقا» غا بېرىدىغان جاۋابى بولسا ـــ خۇدادىن ئىبارەت.

ھېچقانداق بىر ئادەم دەقىقە دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل نەتىجىگە ئېرىشەلىگەن ئەمەس.

بەزى ئادەملەر، ئەگەر بۇ دۇنيادا خۇداغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تامامەن ئىشىنىدىغان ئادەم بولغان بولسا دۇنيا ئۆزگىرەتتى، دەيدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز كۆكرەك كېرىپ مۇشۇنداق ئادەم بولۇشنى خالامسىز؟

ئىشەنچ يوق ھالدا دۇئا قىلىش، نىشانسىز قائىدە-يۇسۇن ۋە ساختىلىقتىن ئىبارەت. ئەگەر سىزنىڭ تېنىڭىزدىكى پۈتۈن ئەزالىرىڭىز بىر نىيەت بىر مەخسەتتە دۇئالىرىڭىزغا قوشۇلمىغان بولسا، سىزگە شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، يەنە بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ! ھەققانىي دۇئا بىر ئېغىز ئاۋاز چىقىرىپ بولغۇچە، پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەممىسى «ئامىن!» دەيدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان دۇئاسى مانا مۇشۇنداق ھەققانىي دۇئادۇر. خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن باشقا ھەرقانداق بىر نەرسىگە دۇئا قىلماي تۇرۇپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

# 6-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«ئىسرائىللارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى خۇدا ئىلتىپات قىلغاندۇر.» (زەبۇر68: 28)**

خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كۈچ-قۇدرىتى ئىنتايىن مول بولۇپ، خۇدا ھەمىشە مەيلى خىزمەتتە ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، بارلىق ئىشلاردا بىزنىڭ ئۇ بەرگەن كۈچ-قۇدرەتنى ئىشلىتىپ قارار چىقىرىشىمىزنى ۋە تاقابىل تۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 3-باب 16-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «خۇدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ چەكسىزلىكىدىن سىلەرگە قۇدرەت بېرىپ، مۇقەددەس روھ ئارقىلىق سىلەرنى ئىچ-ئىچىڭلاردىن كۈچلەندۈرگەي.» بۇنىڭدىن، بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى: بىزدىكى كۈچ-قۇدرەتنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس روھتىن كەلگەن. بىزدىكى كۈچ-قۇدرەت ئەزەلدىن توختاپ قالمايدۇ. چۈنكى، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان يۇشۇرۇن خەزىنە ئەزەلدىن قۇرۇقدالمايدۇ ھەم كەملىمەيدۇ. خۇداغا ھەمدۇسانا!

«كۈنلىرىڭ قانداق بولسا، كۈچ-قۇدرىتىڭ شۇنداق بولىدۇ.» (ئەمىر-مەرۇپلار33: 25)

پەرۋەردىگار خۇدا مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم. ئالغا بېسىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچۈم. ئۇ ماڭا بەرگەن كۈچ-قۇدرەت بىلەن ھالاكەت تۈزلەڭلىكىنى دەسسەپ يەنچىيەلەيمەن. ئۇزۇن يوللاردا چارچىماي ماڭالايمەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئازابلىق تەنھا تۇرمۇشقا سەۋىر-تاقەت قىلالايمەن.

پەرۋەردىگار خۇدا مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم. تۆۋەنگە چۈشۈشتىكى پەشتىقىم. غۇر-غۇر شامال ئۇرۇپ تۇرغان قىيا چوققىدىن ئايرىلىپ، دېمىق ئىسسىق جايلارغا بارغاندا ئاسانلا ئازابلىنىمەن. شۇڭا مەن تۆۋەنگە قەدەم تاشلىغىنىمدا خۇدانىڭ ماڭا

تېخىمۇ زور كۈچ-قۇدرەت بېرىشكە مۇھتاج بولىمەن.

كىچىك بالا ئېغىر كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالغاندا، ئانا بولغۇچىغا نىسبەتەن نائىلاج بىر چەتتە قاراپ تۇرۇش نەقەدەر ئېغىر ئازاب-هە! ئۇ ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت تېپتېنچ ھالدا بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۈنسىز قارايدۇ. ساقلايدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ بىزگە ھەرىكەتسىز كۈچ-قۇدرەت بېرىشىگە مۇھتاج بولىمىز. خۇداغا شۈكرى! پاۋلۇس بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىز ھەممە ئىشنى ئۆز ئىقتىدارىمىز بىلەن قىلالايمىز، دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى، بىزنىڭ ئىقتىدارىمىز خۇدادىن كەلگەندۇر.» (2-كورىنتلىقلار3: 5)

## 6-ئاينىڭ 28-كۈنى

📖 **«ئاسماندا ئوچۇق بىر ئىشىكنى كۆردۈم.» (ۋەھىيلەر4: 1)**

سىز يۇھاننانىڭ خۇدانىڭ ھەقىقىتى، يەنى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىپ، مەھبۇس بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. يۇھاننا ئەفەستىكى تۇققانلىرىدىن، جامائەتچىلىك بىلەن بولغان ئالاقىدىن قىسقىسى ھەممە نېمىدىن ئايرىلىپ، ھېچقانداق بىر مەھبۇسقا ئوخشىمىغان ھالدا سۈرگۈن قىلىنغان. مانا مۇشۇنداق كۈلپەتلىك مۇھىتتا خۇدا ئۇنىڭغا شۇنداق چوڭ بىشارەت بېرىپ، چىقىش يولى يوق ئامالسىز ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئەرشكە بارغىلى بولىدىغان ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بىزنىڭ ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، ياقۇپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ھارانغا قاراپ يولغا چىققاندا چۆلدە

غېرىبلىق ئىچىدە ئۇيقىغا كېتىدۇ. ئۇ چۈشىدە يەردىن تاكى ئاسمانغىچە تاقىشىدىغان پەلەمپەيىنى ھەمدە بۇ پەلەمپەيىنىڭ ئەڭ ئۈستى تەرىپىدىكى پەرۋەردىگار خۇدانى كۆرىدۇ.

بۇ ئىككى كىشىدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ئەرش ئىشىكىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇچۇق ئىكەنلىكىنى ئاللىغاچان كۆرۈپ بولغاندۇر.

نۇرغۇنلىغان مەھبۇس بولۇپ ئەسىر قىلىنغانلار، جاپا-مۇشەققەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەت تارتقانلار، كېسەل ئاسارىتىدە قىينىلىۋاتقانلار، يەككە-يىگانە ھالدا مۇساپىر بولىۋاتقانلار، ئائىلە ئىشلىرىنىڭ تۈگىمەس بېسىملىرىدىن چارچاپ، ئىبادەتكە قاتنىشالمايۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان ئەرش ئىشىكىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بولغاندۇر...........

بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرت بار. يەنى بىز ئەرش ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن چۇقۇم روھ ئىچىدە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزدە چوقۇم پاك، ساداقەتمەن، ئىتائەتچان قەلب بولۇشى، پاۋلۇسقا ئوخشاش مىڭلىغان ئىشلاردا زىيان تارتساقمۇ يەنىلا رەب ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرەلىگۈدەك جۈرئەت بولۇشى كېرەك. بىز خۇدانى ئۆزىمىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان بارلىق ئىشلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتەلىگەندە، بارلىق ئىشلاردا خۇدانىڭ خۇرسەنلىكىنى ئىزدىيەلىگەندە، ئەرشنىڭ ئىشىكى ئۆزلىكىدىن بىز ئۈچۈن ئېچىلىدۇ.

# 6-ئاينىڭ 29-كۈنى

**«بىز ئۇ يەرلەردە "نەفىلىيلەر" دېگەن گىگانت ئادەملەرنى كۆردۇق،بىز ئۆزىمىزگە قارىساق چېكەتكىدەك تۇرىدىكەنمىز، بىز ئۇلارغىمۇ شۇنداق كۆرۈنىدىكەنمىز.» (نۇپۇس تىزىملاش*13: 33*)**

توغرا، ئۇلار نەفىلىيلەر دەپ ئاتىلىدىغان گىگانت ئادەملەرنى كۆردى. بىراق يەشۇ بىلەن كالەب خۇدانى كۆردى. ئۇلار قورقۇنچ بىلەن: «بىز ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلالمايمىز» دېدى(31 -ئايەت). يەشۇ بىلەن كالەب ئىشەنچ بىلەن: «بىز دەرھال ئۇ شەھەرنى ئېلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلالايمىز» دېدى (30-ئايەت).

بىز بۇ ئايەتلەرنى روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشكە تەدبىقلىساق، نەفىلەر ئېغىر مۈشكۈلاتلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەيلى بىز نەدە بولايلى نەفىلەرنىڭ چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ ئائىلىمىزدە، جامائەتچىلىكتە، جەمىيەتتە، ھەتتا قەلبىمىزدىمۇ مۈشكۈل قىيىنچىلىق ھەرۋاقىت مەۋجۇت. بىز چوقۇم ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئۇلار خۇددى ئىسرائىللار ئېيتقان قاناندىكى نەفىلەرگە ئوخشاش بىزنى يوتىۋېتىدۇ (32-ئايەت) .

ئىشەنچى بار كىشى باتۇرلۇق بىلەن: «ئۇلار بىزنىڭ ئوزۇقىمىز. ئۇلارنى يەۋېتەيلى. ئۇلارنى يېڭەندىن كېيىن بىز تېخىمۇ كۈچلۈك بولىمىز» دېيەلەيدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق. بىزدە پەقەت غەلبە قىلىشقا ئىشەنچ بولسا، گەرچە ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇب بولۇش ئېھتىماللىقىمىز چوڭ بولسىمۇ، يەشۇ ۋە كالەبكە ئوخشاش چىن قەلبىمىزدىن خۇداغا ئۈمۈد باغلىساق، غەلبە جەزمەن بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

پاۋلۇس خوش خەۋەر تارقىتىش ئۈچۈن رىمغا سەپەر قىلغاندا، كىشىلەر ھەممىگە

قادىر خۇدا چوقۇم ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلىپ، سەپىرىنى ئامان-ئېسەن قىلىدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە بوران-چاپقۇنىنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن ساقلايدۇ، -دەپ ئويلاشقان ئىدى. ئەپسۇس، ئىشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە، شىددەتلىك بوران- دولقۇنلارنىڭ يەنە يىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇ يول بويى ئەنە شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. نەتىجىدە، مالتا ئارىلىدا كېمىنىڭ چوۋۇلۇپ كەتكەن تاختاي ۋە ياغاچلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ، بېلىقنىڭ قارنىغا يەم بولۇشتىن ئامان قالدى.

ئەجىبا، ھەممىگە قادىر خۇدا مۇشۇنداق خۇدامۇ؟ شۇنداق، دەل مۇشۇنداق خۇدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، پاۋلۇس ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەندىن كېيىن شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ خىل جەڭلەرنىڭ مەڭگۈ توختىمايدىغانلىقىنى، بىراق خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايانغاندا، ھەممە ئىشلاردا غەلبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «مانا بىز ھەرتەرەپتىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق، ئەمما يەكسان بولمىدۇق. تەمتىرەپ قالدۇق، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. قوغلىنىۋاتىمىز، ھالبۇكى خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمىدۇق. يىقىتىلدۇقيۇ، ئەمما يوقىتىلمىدۇق. ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ئەيسا مەسىھ بىزگە دائىم كۈچ-قۇدرەت بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ۋۇجۇدىمىزدىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايدۇ.» (2-كورىنتلىقلار4: 8-10)

پاۋلۇس خۇش-خەۋەر تارقىتىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۇزۇن مۇددەت كۆرەش قىلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا(ئىبرانى تىلى)

ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. ئېنگىلىس تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇرچىدا قىلىنغان تەرجىمىسى ئەسلى مەنىسىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. بۇ ئايەتلەردە خۇددى ماي بۇياق رەسىمگە ئوخشاش مۇنداق بەش خىل مەنزىرە باغلىنىشلىق ھالدا تەسۋىرلەنگەن.

بىرىنچى مەنزىرە: تۆت ئەتراپتىن نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلسمۇ، ئەرشتىكى پەرىشتە ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بارلىق تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ، زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئەسلى بۇ ئايەتنى سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىپ: «تۆت ئەتراپىمىزدىن قىيىن قىستاققا ئېلىنساقمۇ، ھەرگىز ئېزىلمىدۇق» دەپ ئالساق مۇۋاپىقراق بولاتتى.

ئىككىنچى مەنزىرە: تۆت ئەتراپتىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ئېتىۋېتىلگەن بولسمۇ، ئۇ يەنىلا چىقىپ كېتەلىگەن. چۈنكى، خۇدانىڭ نۇرى ئۇنىڭغا ماڭىدىغان يولىنى كۆرسۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى مۇنداق: «تەمتىرەپ قالدۇق، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدۇق.» روزېرخان (Rotherhan) بۇنى ئەسلى نۇسخىسىغا تېخىمۇ يېقىن قىلىپ مۇنداق تەرجىمە قىلغان: «يول يوق دېگەنلىك، ھەرگىز چىغىر يولمۇ يوق دېگەنلىك ئەمەس.»

ئۈچىنچى مەنزىرە: بىر دۈشمەن كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇنى قوغلىماقتا. بىراق، قوغدىغۇچى خۇدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلماقتا. شۇڭا ئۇ ھەرگىز يالغۇز ئەمەس. بۇنى روزېرخان (Rotherhan) مۇنداق تەرجىمە قىلغان: «قوغلىنىۋاتىمىز، ھالبۇكى خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمىدۇق.»

تۆتىنچى مەنزىرە: بۇ مەنزىرە ئىنتايىن جانلىق. دۈشمەنلەر ئاللىقاچان ئۇنى قوغلاپ يەتكەن ھەم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان. بىراق، بۇلارنىڭ

ھېچقايىسسى ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزەلمىگەن. ئۇ يەنىلا قەدىمنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇرالىغان. بۇ جۈملىلەرنى قىسقارتىپ: «ھوجۇمغا ئۇچرىساقمۇ باش ئەگمىدۇق» دەپ تەرجىمە قىلساق بولىدۇ. بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ مەنىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تولۇقلايدۇ. بىز ئەمدى بەشىنچى مەنزىرىگە كەلدۇق. ئۇ ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ، ئۆلۈم ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىگەن. چۈنكى ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ئۇ ئارقىلىق نامايەن بولغان.

بىزنىڭ ئارىمىزدا نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق داۋالىنىشقا ئېرىشەلمەيدۇ؟ چۈنكى، بىز ھەمىشە كۆرەش قىلمايلا داۋالىنىشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز قىلىۋاتقان كۆرەشنىڭ ۋاقتى ئازراق ئۇزىراپ قالسىلا ئازابلانغانلىقىمىزدىن چۈشكۈنلىشىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالىمىز. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، خۇدانىڭ ھۆزۈرىدىكى نەرسىلەرگە ئېرىشمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەرشتە باھاسى ئەرزان نەرسىلەر يوق. خۇدا بىزنى قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىدىن بەھرىمان قىلىش ئۈچۈن يەككە-يىگانە ئوغلىنى قوربان قىلغان. ئۇمۇمەن، قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بەدەل تۆلەشكە مۇھتاج. قىيىنچىلىق بولسا ئىشەنچىمىز بىلەن خارەكتېرىمىزنى تاۋلايدىغان قورالدۇر.

مۇسا تىكەنلىكتە ئوت كۆيىۋاتقان بولسىمۇ، كۆيۈپ كەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بىزمۇ ھازىر ئاشۇ تىكەنلىككە ئوخشاش بولۇپ، گەرچە شەيتان توختىماستىن سوغۇق سۇ قويۇپ تۇرسىمۇ، ئۆچۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن پەرىشتە كەينىمىزدىن مەڭگۈ ئوت قالاپ، يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

ئى خۇدانىڭ جاپا تارتىۋاتقان پەرزەنتلىرى، سىلەر پەقەت خۇداغا تايىنىپ، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرسەڭلار، دۈشمىنىڭلار بولغان شەيتان سىلەرنى ھەرگىز

باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ھەم مەڭگۈ مەغلۇب قىلالمايدۇ.

# 6-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«.........................شىۋىرلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم.» (ئايۇپ4: 16)**

يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بىر دوستۇم ماڭا «ئامانلىق» دېگەن كىتابنى سوۋغا قىلغان ئىدى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بولۇپ: «خۇدا قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مېنىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشىمنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ. پەقەت مەن تېنچلىنىشنى خالىساملا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەن.»

مەن تېنچلىنىشنى ئىنتايىن ئاسان ئىش دەپ ئويلاپ تېنچلانماقچى بولدۇم. مەن تېنچلانماقچى بولۇشۇمغا شاۋقۇن-سۈرەنلىك بىر ئاۋاز قۇلاق-مېڭەمنى بىر ئالدى. بۇ ئاۋازلارنىڭ بەزىلىرى ئىچىدىن، بەزىلىرى سىرتتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ شاۋقۇنلۇق خىلمۇ-خىل ئاۋازدىن باشقا، مەن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدىم.

بۇ شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئاۋازنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭمۇ ئاۋازى بار ئىدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ: «مېنىڭ دۇئا قىلغاندىكى ئاۋازىممۇ بۇنىڭغا ئارلىشىپ قالغانمىدۇ؟» دېدىم. يەنە بەزىلىرى شەيتاننىڭ ئەرز-شىكايىتى بىلەن دۇنيانىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئىدى.

خۇددى ھەممە تەرەپتىن ھەرخىل ئاۋازلار مېنى تارتىپ، ئېتتىرىپ يوقىرى ئاۋازدا ماڭا چاقىرىق قىلىۋاتقاندەك، قەلبىمدىكى تېنچسىزلىقنى ئېيتماسلىققا ئۈندەۋاتقاندەك، مەن ئۇلارنىڭكىنى ئاڭلىمىسام، جاۋاب بەرمىسەم بولمايدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم.

بىراق خۇدا ماڭا: «تىنچلان! بىلىشىڭ كېرەك مەن سېنىڭ خۇدايىڭ.» دەۋاتاتتى (زەبۇر46: 10) . ئوزۇن ئۆتمەي مېنىڭ ئوي خىيالىم ئەتىگە يۆتكەلدى. ئوي-پىكرىم ئەتىكى خىزمەت، ئەتىكى غەم-ئەندىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. خۇدا يەنە ماڭا: «تىنچلان!» دېدى.

مەن كۆچۈمنىڭ بىرىچە قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋېلىپ، ھەرقانداق ئاۋازنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشتىم. ئوزۇن ئۆتمەي باشقا ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى توختىدى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن نازۇك بىر ئاۋازنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدىم. ئىھ! بۇ ئاۋاز مېھرىبانلىققا، كۈچ-قۇدرەتكە، تەسەللىيگە تولغان ئىدى.

مەن ئاڭلىيالىدىم! مەن ئاڭلىيالىدىم! بۇ نازۇك ئاۋاز ئارقىلىق خۇدا مېنىڭ بارلىق سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگەن ئىدى. بۇ ئاۋاز بارلىق ئەقىل-پاراسەتنىڭ، بىلىم-قابىلىيەتنىڭ بولاق مەنبەسىگە ئايلانغانىدى.

ئەگەر، بىزنىڭ روھىمىز دائىم خۇدا بەرگەن نىممەتتىن ئۇزۇۋقلىنىپ تۇرسا، بىز ئالدىمىزدىكى خىزمەت ياكى جەڭلەردە، خۇددى كېچىدىكى تۇمانلىق ھاۋادىمۇ پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈل يۈزىدە چاقنىغان شەبنەمدەك چاقناپ تۇرالايمىز. بىراق، بىز بورانلىق يامغۇر كۈنلىرى شەبنەم كۆرۈشنى ئۈمۇد قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئوخشاشلا، قالايمىقان ئوي-پىكىر، چۈشكۈن كەيپىيات ئىچىدە خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئۈمۇد قىلماسلىقىمىز كېرەك.

# 7-ئاينىڭ 1-كۈنى
**************

📖«خۇدا ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» (لۇقا1: 45).

«ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، سۆزلىرىم چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» (لۇقا1: 20).

مارتىن (Matthew Henry) مۇنداق دەيدۇ: «ھېچقانداق چىقىش يولىمىز قالماي، خۇدانىڭ ئەھدىسىدىن گۇمانلانغاندا، خۇددى خۇدانىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك ئويلاپ كېتىمىز. مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: <خۇدانىڭ پۈتۈن ۋەدىلىرى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق «ئامىن» دەپ، خۇدانى ئۇلۇغلايمىز.>» (2-كورىنتلىقلار1: 20)

# 7-ئاينىڭ 2-كۈنى
**************

📖«ماڭغىنىڭدا قەدەملىرىڭ چەكلەنمەيدۇ، ھاياجانلىق يۈگۈرسەڭ غۇلاپ چۈشمەيسەن.» (پەندى-نەسىھەتلەر 4: 12)

خۇدا ھەرگىز ئالدىنئالا بىزگە ۋاكالىتەن ئىشەنچ كۆۋرۈكىدىن بىرنى سېلىپ، بىزنىڭ ئۆتۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. بەلكى ئاشۇ مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. ئەگەر ئۇ ئالدىنئالا بىزگە ۋاكالىتەن كۆۋرۈك سېلىپ ھەممىنى تەق قىلىپ قويسا، ئۇ ھەرگىز «ئىشەنچ كۆۋرۈكى» بولمايدۇ. كۆز بىلەن كۆرۈنگىنى ھەرگىز ئىشەنچ ئەمەس.

بىر باغچىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر چىقىش ئىشىكى بار بولۇپ، ئىشىك يېنىغا

بارغىنىمىزدا ئىشىك يەنىلا ئېتىك ئىدى. بىز ئىشىك يېنىدا بىر كۈن ساقلىساقمۇ ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. ئەگەر بىز ئالدىغا مېڭىپ، ئىشىكنىڭ مىخانىك چاقلىرىنى ئوڭ-سولغا ئايلاندۇرۇپ، ئىتتىرسەك باغچىغا كىرىش يولى ئاچالايتتۇق.

ئېتىقاد يولىمۇ دەل مۇشۇنداقتۇر. بىزنىڭ يوللىرىمىزنى مەيلى تاغ-دەريا ياكى تۆمۈر ئىشىكلەر توسۇۋالسۇن، يۈرەكلىك بىلەن ئالغا قەدەم ئالساقلا بولىدۇ. ئەگەر، تاغ-دەريالار بىزنى ئاياغ سېلىشقا مەجبۇر قىلىپ، سۇغا كىرگۈزسە، دەريا-دېڭىزلار قۇرۇق يەرگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر، تۆمۈر ئىشىك چىقىش يولىمىزنى توسسا، بىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ ئۇنى ئىتتىرسەك، بۇ تۆمۈر ئىشىك ئاپتوماتىك ئېچىلىدۇ. ئەگەر، يوللىرىمىزغا بىر ئېگىز تاغ توسالغۇ بولسا، بىز يەنىلا باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا قەدەم تاشلىساق، بۇ ئېگىز تاغلار دېڭىزغا چۆكىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ھازىر يوللىرىڭىزغا توسالغۇ بولۇۋاتقان نەرسىلەر بارمۇ؟ سىز پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ نامىغىلا تايىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا قەدەم ئېلىڭ. شۇ چاغدا، يوللىرىڭىزغا پۈتلىكاشاڭ بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى مۇزدەك ئېرىپ تۈگەيدۇ.

ئولتۇرۇۋېلىپ كۆز يېشى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟بۇ ھەقتە ھەممىگە قادىر خۇدا مۇنداق دېگەن«ئۇرنۇڭدىن تۇر، ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر!» گەرچە قاراڭغۇلۇقتا ئالدىدىكى يولنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ يەنىلا يۈرەكلىك بىلەن ئالدىغا قاراپ يول ئالايلى. ئالدىغا يېتىپ بارغاندا تەبىئى ھالدا ھەممىنى چۈشىنىمىز. زۆرۈر بولغاندا، يەنە بۇلۇت تۈۋرۈكى بىلەن ئوت تۈۋرۈكى بىزگە يول باشلايدۇ. باشتىن-ئاخىر سەپىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە يول باشلىغۇچىلار، دۇكاندار، سارايۋەنلەر بىز ئۈچۈن تەييار قىلىنغان بولۇپ، ھەر قانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا يېمەك-ئىچمەك،

لازىملىق كېيىم-كېچەك ۋە دوست بۇرادەرلەرنى ئۇچرىتالايمىز. بۇ ھەقتە روزېرفورد (Rutherford) ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ: «مەيلى ھەر قانداق مۇھىتتا، چارچىغان ۋاقتىمىزدا ھەمىشە قىزغىن كۆتىۋېلىشقا ۋە ئىللىق قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلەيمىز.»

# 7-ئاينىڭ 3-كۈنى

**📖«دېھقان تېرىش ئۈچۈن يەرنى كۈن بويى ھەيدەمدۇ؟ ئۇ پۈتۈن كۈن يەرنى ئاغدۇرۇپ، چالمىلارنى ئېزەمدۇ؟» (يەشايا *28: 24*)**

مەن باش يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گۈزەل بىر يايلاققا باردىم. يايلاقتىكى ئوت-چۆپلەر ئىنتايىن يۇمران، قويۇق، ئۇششاق بۇلۇپ ھەقىقەتەن شەرقنىڭ يېشىل گېلەملىرىگە ئوخشايتتى. يايلاقنىڭ بىر تەرىپىگە ئىنتايىن گۈزەل بىر تۈپ قەدىمى دەرەخ تىكىلگەن بۇلۇپ، دەرەخ شاخلىرىدا سان-ساناقسىز قۇشلار نەغمە قىلىۋاتاتتى. ساپ ھاۋا ئۇلارنىڭ يېقىملىق نەغمە-ناۋاسى بىلەن تېخىمۇ جانلانغاندى. ئىككى سىغىر كالا سالقىن دەرەخ سايىسى ئاستىدا كېرىلىپ يېتىپ ئاجايىپ مەنزىرىنى نامايان قىلغاندى.

يول ياقىسىدا سېرىق رەڭلىك يىكەنلەر، يىكەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىنەپشە رەڭلىك گۈللەر تېرىلغاندى. مەن بامبۇك دەرىخىگە يۆلەنگىنىمچە خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. كۆزلىرىم بۇ گۈزەللىككە تويۇنغاندا، قەلبىمدە خۇدا ياراتقان پۈتۈن كائىنات ئىچىدە ھېچبىر گۈزەللىك بۇ يەردىكىدەك گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك ئەمەسكەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئىككىنچى كۉنى مەن مۇشۇ يولدىن ئۆتتۉم. ئاھ، قاراڭ! بۇ گۉزەللىكنىڭ ھەممىسى پۉتۉنلەي ۋەيران بۇلۇپتۇ. بىر دېھقان ئۆتكۉر سوقا بىلەن ئېتىزنىڭ ئوتتۇرسىدا تۇرۇپ، يەر ئاغدۇرغىلى تۇرۇپتۇ. يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ يوق. پەقەت قاقاس سېرىق تۇپراقلا قاپتۇ. ناخشىچى قۇشلار نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇت تۇتۇپ يەۋاتقان بىر قانچە مېكيانلارلا قاپتۇ. يول بويىدىكى يىكەنلەر ۋە بىنەپشە رەڭلىك گۉللەرمۇ يوقىلىپتۇ. مەن ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا ئۆز-ئۆزۉمگە «بۇنداق گۉزەللىكنى ۋەيران قىلىشقا كىمنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىغاندۇ؟» دېدىم.

دەل ئاشۇ ۋاقىتتا ھەممىگە قادىر خۇدا كۆزلىرىمنى ئېچىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئاللىقاچان پىشقانلىقىنى، مول-ھۇسۇلنىڭ يىغىۋېلىنىش ئۉچۉن ئىشچىنى كۉتۇپ تۇرغانلىغىنى قەلبىمگە سالدى.

مەن قۇياش نۇرىدا سۇلۇشۇپ خارابلىشىۋاتقان چوڭ چىملىقنى كۆردۉم. شال باشاقلىرىنىڭ كۉز شاملىنىڭ يەلپۉپ ئۆتىشىدىن چىققان يۇمران ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن دەل ئاشۇ ۋاقىتتا شۇنى ھېس قىلدىمكى، قاقاس تۇپراق بولمىغان بولسا، مول ھۇسۇل ئالىدىغان شان-شەرەپلىك تەنتەنە بولمايتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بىزنىڭ خۇدايىمىز قەلب ئېتىزىمىزنىڭ دېھقىنىدۇر. ئۇ بىزدىن تېخىمۇ گۉزەل نەرسىلەرنىڭ ئۆسۉپ چىقىشى ئۉچۉن، دائىم كېلىپ قەلب ئېتىزىمىزنى ئاغدۇرۇپ تۇرىدۇ ھەم دائىم بىزگە كۆرۉمسىز، قاقاس مەنزىرىلەرنى يالداما قىلىدۇ. بىز سەۋر-تاقەتلىك بۇلۇپ، ئالدىمىزدىكى مول-ھوسۇلغا ئۉمۇد باغلايلى.

# 7-ئاينىڭ 4-كۈنى

**📖«چۈنكى، بۇ كۆرۈنگەن ئالامەت كەلگۈسىدىكى بىر بېكىتىلگەن ۋاقىت ئۈچۈن، ئۇ ئادەملەرگە ئاخىرەتنى تەلپۈندۈرىدۇ. ئۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئۇ ئۇزۇنغىچە كەلمەي قالسىمۇ،ئۇنى كۈتكىن، چۈنكى ئۇ جەزمەن كېلىدۇ، ھېچ كېچىكمەيدۇ. »(خاباكۇك 2: 3)**

«ئۇمۇد ماكانى» دېگەن بىر كىچىك كىتابچە بولۇپ، ئىچىدە مۇنداق مەزمۇن سۆزلەنگەن: سۇلايمان خۇدادىن كەلگەن بىر بىشارەتتە، خۇدانىڭ سىرلىق خەزىنىسىگە كىرىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ. ئاشۇ ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە «بەخت ئۆيى» دىگەن بىر ھوجرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەملەر خۇدادىن تىلىگەن بارلىق نەرسىلەر ساقلانغانىكەن. خۇدا ۋاقىت سائىتى كەلگەندە ئادەملەر ئۆزى تىلىگەن نەرسىلەرنى بېرىش ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردە ئاللىقاچان تەقلەپ قويغانىكەن.

نۇرغۇن ئادەملەر كېچىكتۈرۈشنىڭ رەت قىلىش ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. كېچىكتۈرۈشنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئەقىل-پاراستى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. يەشەيا پەيغەمبەر سۇرىسى 30-باپ 18-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «پەرۋەردىگار خۇدانى كۈتكەنلەر مېھىر-شەپقەتكە مۇيەسسەر بولىۇر.»

خۇدا سىز يولۇققان بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز سىزنى بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ئېغىر سىناقلارغا دۇچار قىلمايدۇ. ئۇ قەلبىڭىزدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر كۆيۈپ تۈگىگەندىلا ئاندىن سىزنى قۇتقۇزىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھەرگىز خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن گۇمانلىنىش بىلەن خۇدانىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىگە ئازار بەرمەڭ. سىز ھايات مۇساپىڭىزدىكى

بارلىق قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى مەدھىيىلەڭ. سىز چوقۇم مول ئىنئامغا ئېرىشىسىز.

# 7-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«شۇڭا مانا،مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن، ئۇنى دالىغا ئېلىپ كېلىمەن. كۆڭلىگە سۆزلەيمەن ۋە مەن ئۇنىڭغا ئۈزۈمزارلىقىنى قايتۇرىمەن ۋە"ئاقۇر جىلغىسىنى" "ئۈمىد ئىشىكى" قىلىپ بېرىمەن. »*(ھوشىيا 2: 14-15)***

ئۈزۈمزارلىقنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدۇ؟ چۆل باياۋاندىن! ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش، چىقىش يولى تېپىش مۇشكۈل بولۇۋاتقان چۆل-باياۋاندىن ئۈزۈمزارلىق تېپىشقا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بۇ ئايەتلەر بىزگە روھى جەھەتتە باي بولۇشنىڭ يولىنى دەل چۆل-باياۋاندىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، چۆل-باياۋاندىن پەقەت ئۈزۈمزارلىق تېپىپلا قالماي يەنە ئۈمىد ئىشىكىنى تاپقىلى ۋە باللىق دەۋرىگە ئوخشاش ناخشا ئېيتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنداق، خۇدا بىزنىڭ چۆل-باياۋاندىكى سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى، قايسى جايدا سەۋر-تاقەتنى يېتىلدۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى ياخشى بىلىدۇ. بىزنىڭ قەلبىمىز ئىنتايىن جاھىل بولغاچقا ئاسانلا بۇتلارغا چوقۇنۇشقا قىزىقىپ، خۇدانى ئۇنتۇپ قالىمىز ھەم جاھىللىق بىلەن :«مەن ئۆزۈم سۆيگەنگە ئەگىشىمەن» دەپ تۇۋلايمىز. (5-ئايەت ) بىز باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىپ ئۈمىدسىزلەنگەندە،

خۇدا: «مەن چوقۇم ئۇنىڭغا يول كۆرسۇتۇپ، ئۇنى چۆلگە باشلاپ ئاپىرىمەن، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىمەن»دەۋاتىدۇ. ئاھ، بىزنىڭ خۇدايىمىز نەقەدەر مېھىر-مۇھەببەتلىك،-ھە!

# 7-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖«بىز قانداق قەدەم بېسىشنى بىلمەيمىز، بىزنىڭ كۆزلىرىمىز پەقەت ساڭىلا تىكىلىپ تۇرماقتا. » *(2- تارىخنامە 20: 12)***

ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا بەزى ئادەملەر خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي، ئەھدە ساندۇقىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ھالاك بولغان.

ئېتىقادلىق ھايات قانداق ھايات؟ ئېتىقادلىق ھايات چوڭ-كىچىك بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە خۇدانى مەسئۇل قىلىش، ئۆزى ئازراقمۇ ئارىلاشماسلىق دېگەندىن ئىبارەت.

ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئىشنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولساق، ئۆزىمىز يەنە ئاۋارە بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەجىبا ھەممىگە قادىر خۇدا بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج بولارمۇ؟ ئۇنىڭ قىلغانلىرى بىزگە يەتمەي قالارمۇ؟ زەبۇر 37-كۈي 7-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تېنىچ بولۇپ، ئۇنى سەۋرىچانلىق بىلەن كۈت. ھارامدىن روناق تاپقان، يەنى يامان نىيەتلىرى ئىشقا ئاشىدىغان كىشى تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى كۆيدۈرمە.»

ئېھتىمال، سىز ئىشلىرىڭىزنىڭ بارغانسىرى قالايمىقان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇۋاتقانسىز. بىراق، بىلىشىڭىز كېرەك، خۇدا بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە

بىلىدۇ. ئەگەر بىز بارلىق ئىشلارنى چىن قەلبىمىزدىن خۇداغا تاپشۇرساق ھەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ۋاقتى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويساق، ئۇ چوقۇم مۇۋاپىق ۋاقتىتا ھەممە ئىشلىرىمىزنى كۆڭلىمىزدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا، بىز ئېتىقادىمىزدىن تەۋرەنمىسەكلا غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز. ئەكسىچە، بىز دەم ئالماستىن ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىش كۆرسەك غايەت زور تولسالغۇغا ئۇچرايمىز.

# 7-ئاينىڭ 7-كۈنى

📖 «ئۇ مېنى پارقىرايدىغان ئوقتەك قىلىپ، ساداقتا ساقلايدۇ» (يەشەيا 49-2)

ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيە شتاتىدا ئىنتايىن داڭلىق پېبلى (pebble Beach) تاش توخۇم ساھىلى بار. ساھىلدىكى تاشلار بەزىدە دولقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، بەزىدە دولقۇن زەربىسىدىن قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ سۈركىلىشكە ئۇچرايدۇ، يەنە بەزىدە رەھىمسىزلىك بىلەن چوڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگىدەك ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ ئارالغا مەخسۇس يۈملاق، سىلىق ھەم كۆركەم تاشلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇلار بۇ تاشلارنى ئېلىپ كېتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرگەزمىخانىسىدىكى دېۋانغا ئورنۇتۇپ ، مېھمانخانىسىنى بېزەيدۇ.

ئەگەر سىز ئۆركەشلىگەن دولقۇنلار يېتەلمەيدىغان چوققىلارغا، قار-يامغۇرلار

ئېرىمەيدىغان ئويمان جايلارغا قارىسىڭىز تاش تۇخۇم ئىزدەۋاتقان بىرمۇ كىشىنى ئۇچرىتالمايسىز.

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى تاش تۇخۇملارنى يىغىۋېلىشقا كەلمەيدۇ؟ چۈنكى، بۇ يەردىكى تاشلار دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغانلىقتىن كۆرۈمسىز ھەم قوپال بولۇپ قالغان. ئەسلىدە، پارقىراقلىق مۇشكۈل شارائىتلارنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

خۇدا بىزنىڭ قايسى خىل قورالغا ماس كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلگەچكە، بىزنى دەل ئاشۇ قۇرالنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تەربىيلەيدۇ. خۇدا بىزنىڭ قايسى خىل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىمىزنى بىلگەچكە، بىزنى دەل ئاشۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەربىيلەيدۇ ھەم مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىزنى تەييار قىلىدۇ. بىز پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئىشەنسەكلا كۇپايە.

## 7-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلايدىغانلار بولسا، يېڭى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار بۈركۈتتەك قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچىدۇ، ئۇلار يۈگۈرۈپ، چارچىمايدۇ. ئۇلار يولدا مېڭىپ ھالسىراپ كەتمەيدۇ.» (يەشايا 40: 31 )**

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەڭ دەسلەپكى قۇشلار قاناتسىز يارىتىلغان بولۇپ، پەرۋەردىگار قانات ياساپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «قېنى كېلىڭلار! بۇ قاناتنى تاقىۋېلىڭلار» دەپتۇ.

ئاشۇ ۋاقىتتىكى قۇشلارنىڭمۇ ئاجايىپ چىرايلىق، يۇمران پەيلىرى بولۇپ، هازىرقىغا ئوخشاشلا يېقىملىق ناخشا ئېيتالايدىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ تۈكلىرى قۇياش نۇرىدا رەڭدار نۇر چاچالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدىكەن. پەرۋەردىگار ئۇلارغا قانات تاقىۋېلىشقا ئەمر قىلغاندا، ئۇلار تاقاشنى خالىمىغان ئىكەن. كېيىن، ئۇلار پەرۋەردىگار خۇداغا ئىتائەت قىلىپ قاناتنى تاقاشقا رازى بوپتۇ .

ئەڭ دەسلەپتە، قۇشلارغا مۈرىسىدىكى يۈك ئىنتايىن ئېغىر كۆرۈنۈپتۇ. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي قاناتلىرىنى كەرىگەندە قاناتنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى هېس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆك قەرىدە ئەركىن ئۇچالايدىغان بوپتۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا ئېغىر تۇيۇلغان يۈك قاناتقا ئايلىنىپتۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بۇ بىر تەمسىلدىن ئىبارەت خالاس. بىز دەل ئاشۇ قاناتسىز كىچىك قۇش. بىزنىڭ قانىتىمىز بولسا، دەل خۇدا بىزگە تەييارلاپ بەرگەن خىزمىتىمىز ۋە ۋەزىپىمىزدۇر. بىزنىڭمۇ ئالدىمىزدىكى ئېغىر يۈكلەردىن قەددىمىز پۈكۈلۈپ، زەئىپلىشىدىغان ۋاقىتلىرىمىز بولىدۇ. بىراق بىز ئېتىقادىمىز ۋە جۈرئىتىمىز بىلەن ئاشۇ يۈكلەرنى ئۆزىمىزگە قانات قىلساق، ئۇلار بىزنى كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلغۇزۇپ، خۇدانىڭ هۇزۇرىغا باشلايدۇ.

ئەگەر، بىز خۇشال-خۇرام هالدا مېهىر-مۇهەببىتىمىز بىلەن ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىمىزگە يۈكلىۋالغان بولساق، شۇنى بىلىپ قۇيۇڭكى، هېچقانداق بىر ئېغىر يۈك بىزگە تەۋە بەخت-سائادەتنى ۋەيران قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بىر ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشنى رەت قىلسىڭىز بىر يېڭى كۈچنى رەت قىلغان بولىسىز. ئومۇمەن، مۈرىمىزدىكى يۈك قانچىلىك ئېغىر بولسۇن، خۇدا ئۇنى ئۆز قولى بىلەن

ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا ھەممىسى سۆيۈملۈكتۇر.

## 7-ئاينىڭ 9-كۈنى

✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻

**📖«مەن سېنى تاۋلاندۇردۇم، بىراق كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلاندۇرمىدۇم. مەن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ خۇمدانىدا سېنى تاللىۋالدىم.» (يەشەيا 48: 10)**

خۇداغا شۈكرى، خۇدا بىزگە نەقەدەر زور تەسەللىي بەرگەن-ھە! بۇ خۇددى يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدە تويۇقسىز سىم-سىم يامغۇر ياغقانغا، يەنە ئوتقا چىداملىق كېيىم كىيگۈزۈپ قويغانغا ئوخشاش بىزنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلايدۇ. ئازاب-ئوقۇبەت، نامراتلىق، كېسەللىك... كېلىۋېرىڭلار! خۇدا ئاللىقاچان مېنى تاللىدى. مەيلى قانداق مۈشكۈلاتلار بېشىمغا كەلسۇن، مەن خۇدانىڭ مېنى تاللىغىنىنى بىلىمەن.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ھەرگىز قورقماڭلار! خۇدا سىلەر بىلەن بىللە. دەھشەتلىك سىناقلاردىمۇ ئۇنىڭ ئامانلىقى ۋە تەسەللىسى سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن تاللىغان كىشىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. خۇدا بۇرۇن ئۆزى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قورقمىغىن، مەن ساڭا يار بولىمەن.»(يارىتىلىش 26: 24)

# 7-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«ئۇنى ئىزدىدىم، بىراق تاپالمىدىم، ئۇنى چاقىردىم، بىراق ئۇ جاۋاب بەرمىدى.»(نەزمىلەرنىڭ نەزمىسى 5: 6)**

خۇدا دائىم بىزگە ئىشەنچ ئاتا قىلغاندىن كېيىن، كىچىكتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى سىناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋارقىراپ نىدا قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ يەنىلا جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچماقچى بولىدۇ.

بىراق، ئىشىك خۇددى داتلىشىپ ئېچىلماس بولۇپ قالغاندەك زەررىچىلىك قوزغۇلۇپمۇ قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خۇددى يەرەمىيادەك ئازابلىق نىدا قىلىپ: «ھېچ دۇئا ئاڭلانمىسۇن دەپ بىزگە بۇلۇتلارنى ياپتىڭ.» (مەرزىيە 3: 44) دەيدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن، ساداقەتمەن ئېتىقادچىلار دۇئالىرىنىڭ جاۋابىنى سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلار يەنىلا بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلىگەن ئەمەس. بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ دۇئاسى زۆرۈر بولمىغانلىقتىن ياكى ئۇلارنىڭ دۇئاسى خۇدانى خۇرسەن قىلالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۆزى مۇشۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خۇدا پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىت-سائىتى، ئىرادىسىگە ئاساسەن بىزگە ئىلتىپات قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزى بىزنىڭ سىناقلاردىن سەۋر-تاقەتلىك بىلەن ئۆتىشىمىزنى ياخشى كۆرسە، بۇنىڭغا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ھېچقانداق بىر دۇئا ئورۇنسىز ئىسراپ بولغان ئەمەس. بىزنىڭ دۇئالىرىمىزغا خۇدا ھېچقاچان جاۋاپ بەرمەي باققان ياكى دىققەت قىلماي قالغان ئەمەس. نۇرغۇن

ئىشلاردا، بىز : «خۇدا دۇئالىرىمىزنى رەت قىلدى» دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماستىن، بەلكى دۇئالىرىمىزنىڭ جاۋابى كىچىككەندۇر.

خۇدا بىزنى دۇئاغا يېتەكلەش، ئېتىقادىمىزنى تاۋلاش ئۈچۈن قەستەن قۇتقۇزۇشنى كېچىكتۈرىدۇ.دولقۇنلار سۇنى كېمىگە توشقۇزىۋەتتى. بىراق، ھەزرىتى ئەيسا يەنىلا قاتتىق ئۇيقۇدا. بىراق، كېمە چۆكۈشتىن بۇرۇن ئۇ يەنىلا ئويغاندى. ئۇ گەرچە ئۇخلىغان بولسىمۇ، ھېچقاچان ئويغىنالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇخلاپ كەتكىنى يوق. خۇدا ئىشلارنى ھەرگىزمۇ بەك كېچىكتۈرۋەتمەيدۇ.

# 7-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«يۇرتتا يامغۇر ياغمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئېقىن سۈيى قۇرۇپ كەتتى»** ***(1-پادشاھلار 17: 7)***

ۋاقىت بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، بىر ھەپتىدىن بىر ھەپتىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. جىلغىدىكى سۇلارنىڭ قۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئىلياسنىڭ نىرۋىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. شەيتانمۇ ئۇنى ئازدۇرۇپ گۇمانلىنىشقا ئۈندەيتتى. بىراق، ئۇ ئاخىر مۇھتىنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تەسىر يەتكۈزىشىگە يول قويمىدى.

بىزمۇ دائىم ئىس-تۈتەك تۇمانلار ئارىسىدىن قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىنى ئېنىق كۆرگۈمىز كەلگەندەك، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتتىن خۇدانىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرۈشنى ئۇمۇد قىلىمىز. ئەمما، خۇدا بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىغا ئېتىقادىمىزنى قويغاندا، ئاندىن خۇدانىڭ كۆز قارىشى بۇيىچە مۇھىتقا قارىيالايمىز ھەم خۇدانىڭ

كۈچ-قۇدرىتىنى ھېس قىلالايمىز.

كۆنلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، جىلغىدىكى سۇ قۇرۇپ، پەقەت بىر تال ئىنچىكە كۈمۈش رەڭلىك سىزىقلا قالدى. بۇ كىچىك كۆلچەك ئاستا-ئاستا قۇرۇپ قۇرۇق تۇپىلا قالدى. قۇشلارمۇ ئۇچۇپ كەتتى. ئېتىز ۋە ئورمانلاردىكى ھايۋانلارمۇ يېمەكلىك ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمەيدىغان بولدى. بىر كۈن ئىچىدە جىلغىدىكى سۇلار پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگىدى. ئىلياس سەۋىر-تاقەتلىك بىلەن مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، خۇدا ئۇنى يېتەكلەپ:«تۇرغىن، زېدوندىكى زەرەفەتكە بارغىن دېدى.» (8- 9ئايەت)

ئەگەر ئىلياسنىڭ ئورنىدا بىز بولغان بولساق، چوقۇم بالدۇرلا جىددىيلىشىپ تەشۋىشلىنىشىمىزنى يوقىتالايتتۇق. ھەر تەرەپلەرگە چېپىپ ئۆز ئەقىل-پاراسىتىمىزنى ۋە پۇت-قوللىرىمىزنى ئىشقا سالاتتۇق. جىلغىدىكى سۇلار قۇرۇپ ئازلاشقا باشلىغاندىلا بىزنىڭ مەدھىيەگە، شۈكرىگە تولغان ناخشا ئاۋازىمىز تەبىئىي ھالدا توختاپ قالاتتى. خۇدانى مەدھىيلىگەندە ئىشلىتىدىغان سازلىرىمىزنى سارغىيىۋاتقان دەرەخ شاخلىرىغا قاراپ يۈتتۈرۈپ قويااتتۇق. ئۆزىمىز بولساق سۇلۇشۇپ خازان بولغان ئوت-چۆپ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ روھى چىقىپ كەتكەن ئەرۋاھتەك ئۈمىدسىزلىككە پاتاتتۇق ياكى بولمىسا جىلغا قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇنلا بەزى چارە-تەدبىرلەرنى ئويلاپ چىقىپ، خۇدانىڭ بەخت تىلىشىنى نىدا قىلاتتۇق. ئاندىن ئۆزىمىز بىلگەنچە سەپەرگە ئاتلىناتتۇق.

خۇدا دائىم ئۆز ئىرادىسى ۋە ۋاقىت-سائىتىگە ئاساسەن بىزنى قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر. ئەگەر، بىز ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۈتسەك، ھەرگىز قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان ھالەتكە، نۇمۇس ھەم پۇشايمان كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسلى يولىمىزغا قايتىشتەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بىز چوقۇم كۆتىشىمىز، چۇقۇم سەۋىر-تاقەتلىك بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايەن بولۇشىنى كۈتىشىمىز كېرەك.

## 7-ئاينىڭ 12-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**«ئۇ مېنىڭ يولۇمنى بىلىدۇ، مېنى سىنىغاندا، مەن ئالتۇندەك ساپ بولىمەن.» (ئايۇپ 23: 10)**

«قىيىنچىلىق ئىشەنچنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» بۇ قارىماققا ئىنتايىن قىسقا ھەم ئاددىي بىر جۈملە. بىراق جاپا-مۇشەققەتلىك مەغلۇبىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر سۆزدۇر.

ئىشەنچ بولسا خۇدا بەرگەن سوۋغاتتۇر. ئىشەنچ سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھەر خىل مۆجىزىلىك ئىشلار يۈز بېرىدۇ. يەنى كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرگىلى، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى مۇمكىن قىلغىلى بولىدۇ.

«قىيىنچىلىق ئىشەنچنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېتىقادىمىزغا تەدبىقلىساق، مەيلى روھى جەھەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن قىيىنچىلىق ھەم ئازاپ-ئوقۇبەتلەر بىزنىڭ روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلىپ، ئېتىقادىمىزنىڭ چوڭقۇرلىششىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەگ مەزمۇت دەرەخ ھەرگىز قۇيۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە ئۆسكەن بولماستىن، بەلكى قار-يامغۇر ۋە بورانلار توختىماستىن ھوجۇم قىلىدىغان ئۇچۇقچىلىقتا

ئۆسكەندۇر. گەرچە بۇ خىل دەرەخلەر بوران-چاپقۇننىڭ ھۇجۇمغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىسىمۇ، ياغاچچى ئۇستامنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ دەرەختۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىڭىز ماڭغان يولنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، سىزنىڭ باسقان يولىڭىز قۇياش نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان، ياۋا گۈللەر ئېچىلغان يول بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن تار ھەم خەتەرلىك يوللاردۇر. ئېھتىمال، يولدا شىددەتلىك بوران سىزنى ئۇچۇرتۇپ كېتىشى، ئۆتكۈر تاشلار تېرىلىرىڭىزنى تىلىۋېتىشى، تۇيۇقسىز پىشانىڭىزگە سانجىلىپ كېتىشى ۋە ۋەھشى ياۋايى ھايۋانلار سىزگە قاراپ ھۆركىرىشى مۇمكىن.

سىز باسقان بۇ يول ھەم قايغۇلۇق ھەم خوشاللىق يولدۇر. سىز باسقان بۇ يول ئازاپنى ساقايتقىلى، كۆز ياشلار تۆكۈلسىمۇ تەسەللىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان يولدۇر. سىز باسقان بۇ يول ھەم سىناقلار بىلەن تولغان ھەم غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان يولدۇر. سىز باسقان بۇ يول جەڭ بولىدىغان، ھەم جەڭدىن غەلىبە بىلەن قايتقىلى بولىدىغان يولدۇر. بۇ يولدا ھەمىشە قىيىنچىلىقلارغا، خەتەرگە، ھۇجۇمغا، زۇلۇملارغا ۋە خاتا چۈشىنىشكە، زىرىكىشلىك ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بىزنى سۆيىدىغان رەببىمىزگە تايانغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلالايمىز. بەلكىم شىددەتلىك بوران چاپقۇنلار يولىڭىزنى تۇسۇپ، سىزنى كەينىگە چېكىندۈرىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا، سىز ھەرگىز كەينىگە چېكىنمەڭ. ئەكسىچە كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئالدىغا قەدەم ئېلىڭ. ئاشۇ سىناقلار ئىچىدە خۇدا سىز بىلەن ئۇچراشماقچى. ئۇ سىرلىرىنى سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى. ئاشۇ سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، سىزنى ئالتۇندەك ساپ قىلىپ، سىزگە شەيتان تەۋرىتەلمەيدىغان مۇقەددەس ئېتىقادنى بەرمەكچى.

# 7-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدا ئىبراھىمغا: <سېنى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى قىلىمەن.> دەپ ئېيتقىنىدەك، خۇدانىڭ نەزىرىدە ئىبراھىم ھەممىمىزنىڭ ئاتىسىدۇر. چۈنكى، ئىبراھىم ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرىدىغان خۇداغا ئىشەنچ باغلىدى. »*(رىملىقلار4: 17)***

ئىبراھىم نېمە ئۈچۈن خۇداغا شۇنچىلىك چوڭ ئىشەنچ باغلايدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ نەزىرى بويىچە، ياشىنىپ قالغان ئىبراھىمغا نىسپەتەن ئاتا بولۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بىراق، خۇدا ئىبراھىمنىڭ تېخى ھېچقانداق پەرزەنتى يوق ۋاقتىدا، ئۇنى: «سېنى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى قىلدىم» دېگەن. ئىبراھىم خۇدانىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەن. مانا بۇ ھەقىقىي ئېتىقادتۇر. ئېتىقاد بولسا خۇدا ئېيتقان ھەر قانداق سۆزلەرگە ئىشىنىش ھەم ھىمايە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئېتىقاد يولىغا دەسلەپ قەدەم باسقاندا، ئالدىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى قۇپ-قۇرۇق كۆرۈنىدۇ. بىراق، بىر مەزگىلدىن كېيىن باسقان قەدەملەرنىڭ ئاستىدا مۇستەھكەم بىر ئۇل تاشنىڭ بارلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئەگەر، خۇدا سىزدىن: « ساڭا نېمە كېرەك؟» دەپ سورىسا، سىز ئىشەنچىڭىز بىلەن ئېھتىياجىڭىزنى ئېيتىڭ. خۇدا چوقۇم ئىشەنچىڭىزگە ئاساسەن سىزگە ھەممىنى بېرىدۇ.

سىز چوقۇم باشقا نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلماي، شاد-خۇراملىق بىلەن ئېتىقادلىق ھايات كەچۈرۈشىڭىز كېرەك. گەرچە، دۇنيادىكى چىراقلارنىڭ ھەممىسى ئۆچكەن، تۆت ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق ۋە خېيىم-خەتەر قاپلىغان، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار غۇۋالىشىپ قالغان بولسىمۇ، سىز يەنىلا شاد-خۇرام بولۇڭ. چۈنكى، خۇدا قەلبىڭىزنىڭ ئىچكى

قىسمىدا روھقا تەۋە پارلاق نۇرنى يەنى ئېتىقادنىڭ نۇرلۇق چىرىقىنى يېقىۋاتىدۇ.

ۋاقىت ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى. سىز ئەمدى ئارىسالدى بولۇپ، يەنە شاختا قونۇۋالماي، ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىخەتەر بولغان ئۇۋىدىن چىقىپ، ئىشەنچ قانىتىنى تاقىشىڭىز كېرەك. كىچىك قۇش ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى يىقىلىپ چۈشۈشتۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىز يىقىلىپ چۈشمەيدۇ. قاناتلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇداغا تايىنىپ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىڭىزدا چىڭ تۇرۇڭ، (رىملىقلار14: 4) سىز بەلكىم «مەندەك بىر ئاجىز ئىنسانىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلسۇن؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. خۇدا بولسا: «سەن قىلالايسەن!» دەيدۇ. سىز يەنە «مەن ئىنتايىن ئاسان ئېزىقتۇرۇلۇشقا ئۇچرايمەن، ئاسانلا تېنىمدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە باش ئېگىمەن. بۇنداق تۇرسام ھەرگىز غەلىبىگە ئېرىشەلمەيمەن.» دەيسىز. خۇدا : «سەن غەلىبىگە ئېرىشەلەيسەن!» دەيدۇ. سىز ئېھتىمال يەنە : «مەن بۇنداق ئاجىز چۈشكۈن روھىم بىلەن ئاراملىقتىن بەھرىمان بولالمايمەن. » دېيىشىڭىز مۇمكىن. خۇدا بولسا: « بەھرىمان بولالايسەن!» دەيدۇ. خۇدا بۇنداق دېگەن تۇرسا، ئەجبا سىز خۇدانى يالغان سۆزلەيدۇ دېمەيدىغانسىز؟خۇدا ئاللىقاچان دەپ بولغان تۇرسا، سىز قىلمىسىڭىز بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىز خۇدانىڭ بىرەر ئېغىز گېپىگە ئېرىشكەن بولسىڭىز، قىلچە ئىككىلەنمەي پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ. چۈنكى، سىزدە ھەقىقەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ سۆزنى ئېيتقان ئىشەنچلىك رەب باردۇر.

# 7-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«......ئارقان بىلەن قۇربانلىقنى باغلاڭلار. قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېلىپ باغلاڭلار.»**

***( زەبۇر 118: 27)***

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، قۇربانلىق سۇپىسى بىزنى چاقىرىۋاتامدۇ قانداق؟ بىز دائىم، تۇرمۇشىمىز ئەتىرگۈلدەك رەڭدار تۈس ئالغاندا خۇشاللىق بىلەن كرېستنى تاللايمىز. بىراق، ھاۋا تۇتۇلۇپ ئۆزگەرگەندە قورقۇپ تۈگۈلىۋالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئارقان باغلىۋېتىش نەقەدەر ياخشى ئىش،-ھە!

ئى مۇقەددەس روھ، سېنىڭ بىزنى باغلىۋېتىشىڭنى، كرېستكە باغلىۋېتىشىڭنى، مەڭگۈ ئۈنىڭدىن ئايرىۋەتمەسلىكىڭنى تىلەيمىز. بۇرۇنقى كونا، كەڭ يولىمىزغا قايتا قەدەم تاشلىماسلىقىمىز، باشقىلارنىڭ ھاياتىقا ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنى قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ قىزىل تانىسى، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن ئارغامچىسى، ئۆمۈدنىڭ كۈمۈش ئارغامچىسى بىلەن چىڭ باغلىۋالغىن! ئى مۇقەددەس روھ، بىزنىڭ پەقەت رەببىمىزنىڭ كۈلپەت ھەم ئازاپ ئوقۇبەت ئىچىدىكى كەمتەر ھەمراھلىرىدىن بولۇشقىلا ھەۋەس قىلالىشىمىز ئۈچۈن مەدەتكار بولغايسەن!

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، قۇربانلىق سۇپىسى سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. سىز بېرىشنى خالامسىز؟ سىز ئىتائەتچانلىق بىلەن كەمتەر روھنىڭ ئىلكىدە مەڭگۈ ماكان قۇرۇشنى خالامسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى خۇداغا تىرىك قۇربانلىق سۈپىتىدە ئاتاشنى خالامسىز؟

بىر قېتىملىق دالا ئىبادىتىدە، بىر قېرىنداشىمىز ئۆزىنى خۇداغا تەقدىم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا ئۆزىنى خۇداغا ئاتايتتى. بىراق، ھەر كۈنى كەچتە ئىبادەتتىن تارقىلىشتىن بۇرۇن، شەيتان

ئۇنى ھېچنىمىنى پەرق ئېتەلمەس قىلىپ: «خۇدا مېنىڭ ھەدىيەمنى قوبول قىلمىدى» دېگەنگە ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇناتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق نەچچە قېتىملاپ دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى كەچتە يىغىلىدىغان ۋاقىتتا ئۇ بىر پالتا بىلەن ياغاچ قوزۇق ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىغاندىن كېيىن، قوزۇقنى ئۆزى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جايغا قېقىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ دەل ئاشۇ جايدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا شەيتان ئۇنى يەنە ئېزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ئەخمىقانە قىزىقارلىق ئويۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپتۇ.

ئۇ دەرھال قوزۇق بار جايغا قايتىپ، ياغاچ قوزۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭ شەيتان ئەپەندى، ئاۋۇ ياغاچ قوزۇقنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ دەل مېنىڭ گۇۋاھچىم، خۇدانىڭ مېنى مەڭگۈلۈك قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى» دەپتۇ.

شەيتان دەرھال ئۇنىڭدىن ئايرىلىپتۇ. كېيىن بۇ قېرىندىشىمىز ھېچقاچان گۇمان قىلىپ باقماپتۇ. قەدىرلىك قېرىندىشىم، ئەگەر سىز ئېزىقتۇرۇلۇشقا ئۇچراپ، خۇداغا ئاتىغان ھەدىيىڭىزدىن گۇمانلانسىڭىز، سىزمۇ مەلۇم جايغا قوزۇق قېقىپ، ئۇنى خۇدانىڭ، شەيتاننىڭ ئالدىدا گۇۋاھچى قىلسىڭىز ئاللىقاچان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان بولىسىز....................

# 7-ئاينىڭ 15-كۈنى

**«ئېتىقادىمىز ئارقىلىق بىز دۇنيادىكى يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز.» *(1 يۇھاننا 5: 4)***

دۇنيا ئۈستىدىن غەلبە قىلىش دېگەن نېمە؟ گەرچە سىز تۇرۇۋاتقان مۇھىت، خۇدانىڭ ئالدىقاچان سىزدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇرسىمۇ، سىزنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچىڭىزدە قىلچە تەۋرىنىش بولمىسا، گەرچە خۇدا دۇئالىرىڭىزنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىسىڭىزمۇ، يەنىلا خۇداغا توختىماستىن نىدا قىلالىسىڭىز، گەرچە دۇنيانى رەھىمسىزلىك قاپلاپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ نىداسى خۇدانىڭ نەزىرىگە ئېلىنمىغاندىمۇ، سىز يەنىلا خۇدانىڭ ئويغاق، مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىز، سەۋىر-تاقەتلىك بىلەن كۈتسىڭىز، ئاچلىقتىن ئۆلگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ، يەنىلا خۇداغا بولغان ئىشەنچىڭىزنى يوقاتمىسىڭىز، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ئۈستىدىن غەلبە قىلغان ھەقىقىي ئېتىقادتۇر.

# 7-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار دەيدۇكى:<سەن سۆيۈملۈك بىر تال ئوغلۇڭنى ئايىمىغانكەنسەن، مەن ساڭا ئۆز نامىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن، نۇرغۇن ئەۋلادلارنى بېرىمەن. ئۇلارنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك، دېڭىز ساھىللىرىدىكى قۇمدەك كۆپ بولىدۇ. سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دۈشمەن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر بەختكە ئېرىشىدۇ.>» *(يارىتىلىش22: 16-18)***

بۇ ئايەتلەردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، خۇدانىڭ تەلپىگە ئاساسەن بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىنى خۇداغا تەقدىم قىلساق، خۇدا بىز تەقدىم قىلغان ئاشۇ نەرسىنى بىزگە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئېتىقادى ۋەجىدىن، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن يالغۇز ئوغلىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولدى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ پەرزەنتىنىڭ ھاياتى ۋە پەرزەنتىگە بولغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلانغاندى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبى قۇرۇتۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بىراق، نەتىجە قانداق بولدى؟ خۇدا يالغۇز ئوغلىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولىدىغانلىقىدەك ئەھدىنى بەردى. شۇنداقلا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىزنىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھمۇ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن دۇنياغا كەلدى.

مانا بۇ خۇدانىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تۇتقان ھەقىقىي مۇئامىلىسى. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن مال-دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، نامراتلىقنى تاللىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ بىزگە مال-دۇنيا ئاتا قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي خىزمەت ئورنىمىزدىن ۋاز كەچكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇ

بىزگە ھەتتا چۆشىمىزدىمۇ كۆرمىگەن نەچچە ھەسسە ئالى خىزمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن شىرىن ئاررزۇ-ئارمانلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، دۇنياغا نىسبەتەن ئۆلگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇ بىزگە ئاجايىپ مول ھاياتنى، چەكسىز شاد-خۇراملىقنى تەقدىم قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچە كۆپ قۇربانلىق بەرسەك، مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تېخىمۇ كۆپ ئېرىشەلەيمىز. بىز ئىبراھىمغا ئوخشاش ئۆزىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى قوربان قىلالىغاندىلا مەسىھنىڭ ئىچىدىكى مۇكەممەل ھاياتنى كۆرەلەيمىز.

بىز بەزىدە خۇدانىڭ بىزنى تاللىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. بۇ توغرىسىدا خۇدا يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇنداق ۋەھيي قىلغان:«مەن سېنى ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ خۇمدانىدا تاللىدىم» (يەشايا48: 10) . بىز يەنە تىرىلگەندىكى يېڭى ھاياتنى، ئەرشكە كۆتۈرۈلگەندىكى شان-شەرەپنى، گېتسىمانە باغچىسىدىكى دۇئا-تىلاۋەتنى، كرېست ۋە قۇرۇق قەبرىنى ئونتۇپ قالىمىز. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھەرگىز ئىبراھىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭ. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ دەل خۇدانىڭ  بەدەل تۆلەپ ئىتائەت قىلىشنى خالايدىغان ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە كۆرسەتكەن بىر ئۈلگىدىن ئىبارەت، خالاس. قۇربانلىق قەيەردە كۆپ بولسا، بەخت-سائادەت شۇ يەردە ئەڭ مول بولىدۇ. خۇدا تۇمانلاردىمۇ جۇرئەتلىك بىلەن دادىل قەدەم تاشلىيالايدىغان كىشىنىڭ ھېچ نەرسىسىنى كەم قىلمايدۇ.

# 7-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«مەن تىنچلىقتا تۇرىمەن، ئۆز تۇرالغۇمدا نەزەر سالىمەن.» (يەشايا18: 4)**

ئاسۇر پادىشاھىنىڭ قوشۇن تولاپ، ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلغاندىكى قىسقا ھېكايە ئېسىڭلاردا بارمىكىن؟ ئاسۇر قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، خۇددى خۇدا ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنى خالايدىغاندەك، ئۇلارنى توسىۋالمايدۇ. خۇدا يەنىلا تىنچلىق بىلەن ئەرشتىن زېمىنگە نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ. قۇياش نۇرىمۇ ھېلىھەم ئۇلارنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. بىراق يېرىم كېچە بولغاندا، خۇدانىڭ پەرىشتىسى خۇددى دېھقان ئوت ئورىغاندەك ھاكاۋۇر ئاسۇر قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىدۇ.

قاراڭ، خۇدانىڭ پوزىتسىيىسى نېمىدىگەن غەلىتە. ئۇ تېنچ تۇرۇپ، ئەتراپقا نەزەر سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ تېنچلانغىنى ھەرگىز يول قويغىنى ئەمەس. ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ھەرگىز قوشۇلغىنى ئەمەس. ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىت-سائەتنى، مۇۋاپىق پەيتنى كۈتىۋاتىدۇ. ئۇ دەل ئاشۇ ۋاقىتتا، يامانلار غەلبە قازىناي دېگەندە ئاپەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ. بىز دۇنيادىكى رەزىللىكلەرنى، يامانلارنىڭ غەلىبىسىنى، دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىنى كۆرگەندە، چوقۇم خۇدانىڭ تېنچ ئولتۇرۇپ ھەممىگە نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلىشىمىز كېرەك. بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنيادىكى ۋاقتىدا، ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاراپ باقايلى. بىر كۈنى كەچتە، ھەزرىتى ئەيسا قىرغاقتا ئۆزى يالغۇز دېڭىزدىكى شاگىرتلىرىنىڭ بوران-چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە قانداق قىلدى؟ جىمجىت قاراپ تۇردى. لازار ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزى ياخشى

كۆرىدىغان دوستىنىڭ بەيتانىيادا ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە بارمىدى. لازارنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاپ، ئالەمدىن ئۆتۈپ، قەبرىگە كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باردى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتنى كۈتكەنىدى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئۇ ھازىر سىزنىڭ دۇئايىڭىزغا ئەنە شۇنداق سۈكۈت ئېچىدىمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ سىزگە كۆڭۈل بۆلمىگىنى ئەمەس. ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرى دەل ھازىر سىزنىڭ مۈرىڭىزدە. ئۇ قەلبىڭىزدىكى ئېگىز-پەسلىكلەرنى ساناپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا، سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەييار تۇرماقتا.

# 7-ئاينىڭ 18-كۈنى

📖«پەرۋەردىگارنىڭ كۆزلىرى پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇيان-بۇيان كۆزىتىپ تۇرار.» (2-تارىخنامە16: 9)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا دەل ھازىر بىر ئادەمنى ئىزدىمەكتە. يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى، جان دىلى بىلەن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئادەمنى ئىزدىمەكتە. خۇدا بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى قويماقچى ھەم بۇ ئادەمنى خۇددى ئىلگىرىكى ئۇلۇغ كىشىلەرگە ئوخشاش چوڭ ئىشلارغا سېلىپ، ئۇنىڭغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلماقچى.

دۇنيا ئىخلاسمەن بىر ئېتىقادچىنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئالەمشۇمۇل زور غەلبە قازىنىشىنى كۈتمەكتە. دۇنيالا ئەمەس خۇدانىڭ ئۆزىمۇ بىر

ئادەمنىڭ يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى، بارلىقى بىلەن خۇداغا ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئۆزىنى تۇپراقنىڭ ئورنىدا قويۇپ، مەسىھكە ئوخشاش خۇدانىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، مەسىھكە ئوخشاش كەمتەر، ئىشەنچلىك، مېھىر-مۇھەببەتلىك، كۈچ-قۇدرەتلىك، خۇدانىڭ پىلانلىرىنى توسماستىن ئەكسىچە خۇداغا ۋاكالىتەن خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇقەددەس بىر ئادەمنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتە.

خۇدا مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئادەم پەقەت خۇدا ئاتا قىلغان شان-شەرەپتىن بەھرىمان بولۇپلا قالماستىن، يەنە خۇدا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان چەكسىز بەخت-سائادەتتىنمۇ مەڭگۈ بەھرىمان بولىدۇ.

موللېر ئەپەندى توقسان ياشقا كىرگەن يىلى، ئىشچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بايان قىلغان ماقالىسىدە ئۆزى ھەققىدە قىسقىچە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن 1825-يىلى قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتىم. بىراق تۆت يىلدىن كېيىن يەنى 1829-يىلى 7-ئايدا ئاندىن خۇداغا ئىتائەت قىلدىم. ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ مال-دۇنيانى، شەھەرنى، ھوقۇقنى، دۇنياغا تەۋە ھوزۇر- ھالاۋەتنى سۆيىدىغان يۈرىكىم يوق بولغانىدى. پەقەت خۇدالا مېنىڭ مۇھەببەت ئوبيېكتىم بولۇپ قالغانىدى. مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن تاپتىم. شۇڭا، مېنىڭ باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياجىم چۈشمىدى. خۇداغا شۈكرى! ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايانغاچقا، بۇنداق خاھىش تاكى ھازىرغىچە ماڭا ھەمرا بولۇپ، مېنى ئالاھىدە بىر خۇشال-خۇرام بىر كىشىگە ئايلاندۇردى. بۇ خاھىش مېنى پەقەت ئەرشتىكى نەرسىلەرگىلا ھەۋەس قىلىشقا چاقىردى. ھازىر، قەدىرلىك قېرىنداشلار، سىلەردىن بىر سوئال سورىشىمغا ئىجازەت بېرىڭلار! سىلەر پۈتۈنلەي خۇداغا ئىتائەت قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلار يەنىلا مۇشۇ دۇنياغا تەۋە ئىشلارمۇ ياكى خۇدانىڭ

خۇرسەنلىكىنى ئىزدەيدىغان ئىشلارمۇ؟ مەن بۇرۇن ناھايىتى ئاز ۋاقىتنى مۇقەددەس كىتاپنى كۆرۈشكە، كۆپ ۋاقىتلىرىمنى باشقا كىتابلارنى كۆرۈشكە سەرپ قىلاتتىم. بىراق، خۇداغا ئىتائەت قىلغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، خۇدانىڭ سۆزلىرى ماڭا نىسبەتەن سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز بەخت-سائادەتكە ئايلاندى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھاياجانغا تولۇپ تۇرۇپ: خۇدا ھەقىقەتەن ئاجايىپ سۆيۈملۈك! دەپ توۋلىيالايمەن. قېرىنداشلار، سىلەر ھەرگىز ئۆزۈڭلارنىلا قانائەتلەندۈرۈشنى ئويلىماڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭمۇ قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ، خۇدا ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك، دەپ توۋلىيالىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۈگۈن خۇداغا: «مېنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئېتىقادچى قىلغىن !» دەپ نىدا قىلىمەن.

## 7-ئاينىڭ 19-كۈنى

📖«مېنى ئاتام ئەمىر قىلغان بۇ ئازاب قەدىھىنى ئىچمەيدۇ دەمسەن؟» (يۇھاننا18: 11)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز بۇ سۆزنىڭ بوران-چاپقۇننى تىنجىتىش ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىنمۇ ئاجايىپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ پەيغەمبەرلەر ۋە شاگىرتلار نۇرغۇن مۆجىزە كۆرستەلىگەن بىلەن ھەممە ئىشتا سەۋىر-تاقەتلىك ۋە ئىتائەتچان بولالمىغان. خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىپ، سەۋىر-تاقەتلىك بولۇش ئەڭ يۇكسەك ئېتىقادتۇر. بەزى ۋاقىتلاردا، سىزنى يورۇقلۇققا باشلايدىغان چىراق ئۆچۈپ قالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا مەڭگۈ يېنىكلىمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى

يۇدۇشكە مەجبۇر بولىسىز. سىز مېھىر-مۇھەببەتكە، بەخت-سائادەتكە ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتكە تولغان تۇرمۇشنى ئۇمۇد قىلىسىز، ئىشلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە نامراتلىق ۋە بىچارىلىق بولىدۇ ياكى تۈگىمەس كېسەللەر بەدىنىڭىزنى چىرماپ ئارامىڭىزنى بۇزىدۇ. بەزىدە بارلىق يېقىن كىشىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالىسىز. شۇنداقلا، مۇشۇنداق يىگانىلىق ئىچىدىمۇ ھەر تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇملارغا ئۇچرايسىز. سىز ئەنە شۇنداق سىناقلار ئىچىدە، رەببىمىزگە ئوخشاش: «ئاتام ئەمىر قىلغان بۇ ئازاب قەدىھىنى ئىچمىسەم بولامدۇ؟» دىيەلەمسىز؟ مانا بۇ ئېتىقادنىڭ يۈكسەك پەللىسى. مانا بۇ روھقا تەۋە زور غەلىبە. ئەڭ كۈچلۈك ئېتىقاد ئىش-ھەرىكەتتە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى سەۋر-تاقەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ھېچقانداق بىر ئازاب-ئوقۇبەت تارتىپ باقمىغان قەلب، باشقىلارنىڭ ئازابىغا ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلالمايدۇ.

ئۆزىمىز بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرەلمەيمىز. باشقىلار تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر، يەنى بىز تۆلىگەن بەدەللەر بىزنى باشقىلارنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان بىر كىشى، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزى جاپا-مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان بولۇشى كېرەك. باشقىلارنى قۇتقۇزماقچى بولغان بىر كىشى، ئالدى بىلەن چوقۇم چاپراس ياغاچتىكى ئۆتكەلنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر، بىز رەب ئىچكەن ئازاب قەدىھىنى ئىچمىسەك، رەب تارتقان كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرمىسەك، باشقىلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىغا ياردەم بەرگەندىكى ئەڭ يۈكسەك خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالمايمىز.

# 7-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىزنىڭ ئەرشكە چىقىپ كەتكەن ئۇلۇغ باش روھانىيمىز بولغاچقا، ئېتىراپ قىلغان ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرايلى.............. شۇڭا، يۈرىكىمىز توق ھالدا مېھىر-شەپقەتلىك خۇدانىڭ تەختىگە يېقىنلىشايلى. بۇنىڭ بىلەن، خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىپ، ئېھتىياجلىق ۋاقتىمىزدا ياردەمگە ئىگە بولالايمىز.»**

***(ئىبرانىيلار4: 14، 16)***

بىزنىڭ دۇئا قىلغاندىكى ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىمىز-رەببىمىز ئەيسا مەسىھتۇر. ئۇ بىزنىڭ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاقلىغۇچىمىز ھەم بىزنىڭ باش روھانىيمىز. ئۇنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىسى خۇدانىڭ ئالدىدا بىزنى ئاقلاش، بىزگە ۋاكالىتەن كەچۈرۈم سوراشتۇر. ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن مۇكەممەل بولمىغان دۇئالارنى ئېلىپ كېتىپ، ناپاك يەرلىرىنى تازىلاپ، خاتا جايلىرىنى ئوڭشاپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ نامىدا گۇناھلىرىمىزنى ئۈستىگە ئالغاندىكى تۆھپىسى ۋە ھەقىقىتى بويىچە خۇدانىڭ جاۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، دۇئا قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندىڭىزمۇ؟ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ! ئاقلىغۇچىمىز بىزگە ۋاكالىتەن ئاللىقاچان جاۋابنى ئېلىپ بولدى. ئەگەر، ئۇ سىزنىڭ ئاللىقاچان دۇئا تىلاۋەتتىن ۋاز كەچكەنلىكىڭىزنى كۆرسە ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلىنىشى ۋە ئۈمىدسىزلىنىشى مۇمكىن. ئۇ ئاللىقاچان سىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئىككى قوللاپ خۇداغا سۇنۇپ بولدى. خەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتىمۇ ھازىر يول ئۈستىدە. مۇقەددەس روھمۇ سىز ئىشەنگەن ۋاقىتتا، مېھىر-شەپقەتلىك خۇدانىڭ تەختىدىن چىققان-«تاماملاندى» دېگەن ئاۋازنى قەلبىڭىزگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ.

ھەققانىي دۇئالارنىڭ ھەممىسىدە مۇقەددەس روھ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئەپسۇس، بىز دائىم ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. ئۇ بىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ، دۇئاغا يېتەكلەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ قاتتىق قەلبىمىزنى يۇمشىتىدۇ. ئۇ بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدۇ. ئۇ بىزنى خۇدانىڭ قۇدرەت-كامالىنى ئېنىق كۆرۈشكە، مېھىر-شەپقەتنى ۋە ئەقىل-پاراسىتىدىن ھوزۇرلىنىپ تەسەللى تېپىشقا چاقىرىدۇ. ئۇ بىزنى خۇداغا تاياندۇرۇپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن قەلبىمىزدىكى بارلىق گۇناھلارنى چىقىرىۋېتىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەققانىي دۇئالارنىڭ ھەممىسىدە خۇدا ئاتا، ئوغۇل، مۇقەددەس روھ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

# 7-ئاينىڭ 21-كۈنى

**«مەن پەقەت يەنە بىر قېتىم بۇ تېرە بىلەن سىناپ باقاي. ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئەمدى بۇ قېتىم پەقەت تېرە قۇرۇق بولۇپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە شەبنەم چۈشكەي.»**

***(ھاكىملار6: 39)***

ئېتىقادچىلارنىڭ ئىشەنچى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، بىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى ئېنىق بىلەلمىسەك ئاسانلىقچە ئىشەنمەيمىز. خۇددى گىدىئونغا ئوخشاش ئالدى بىلەن چوقۇم قوي يۇڭىنى تۇتۇپ قۇرۇقلۇقنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشىنىمىز. بۇ خىل ئىشەنچ ئېھتىمال ئەمەلىي ئىشەنچتۇر. بىراق ھەرگىز مۇكەممەل ئىشەنچ ئەمەس. بۇ خىل ئىشەنچ ھەمىشە خۇدانىڭ سۆزلىرىدىن سىرت پاكىت ۋە تۇيغۇنى ئىزدەيدۇ. بىرىنچى باسقۇچتىكى ئىشەنچتە، بىز ئىشلارنىڭ

ئوڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىشىنىمىز.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىشەنچتە، گەرچە ھېچقانداق تۈيغۇ بولمىسىمۇ يەنىلا ئىشىنىمىز. بۇ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرلەش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسۈتۇدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتىكى ئىشەنچتە مۇھىت، ھېسسىيات، ئادەملەر، ئەقىل-پاراسەت....... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قارشى تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا زورلىغاندا، بىز يەنىلا خۇدانىڭ سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇشتىكى ئەقىدىمىزدىن تەۋرەنمەيمىز. پاۋلۇسنىڭ ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 27-باب 25، 20 ئايەتلەردە ئېيتقىنى دەل مۇشۇنداق ئىشەنچتۇر. «بىز بىر قانچە كۈنلەرگىچە كۈن ۋە يۇلتۇزلارنىمۇ كۆرەلمىدۇق. بوران-چاپقۇن يەنىلا شىددەتلىك داۋاملىشىۋەردى. ئاخىرى قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈمىدىمىزدىنمۇ ۋاز كەچتۇق.» گەرچە پاۋلۇس مۇشۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا: «ھەممىڭلار غەيرەتلىك بولۇڭلار، ئىشىنىمەنكى خۇدا ماڭا قىلغان سۆزلىرىنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەيدۇ.

بىز خۇدادىن، مۇھىتقا قارىماي پۈتۈنلەي خۇداغا تايىنىدىغان ئاشۇنداق ئىشەنچ ئاتا قىلىشنى تىلەيلى.

# 7-ئاينىڭ 22-كۈنى

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽

**📖«پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشنى كۈتىدۇ، رەھىم قىلىشنى دەپ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار ھۆكۈم-ھەققانىيەت چىقارغۇچى خۇدادۇر، ئۇنى كۈتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر.» (يەشايا30: 18)**

بىز پەقەت بىزلا خۇدانى كۈتىۋاتىمىز دەپ ئويلاپ قالماسلىقىمىز كېرەك، ئەڭ مۇھىمى خۇدانىڭمۇ بىزنى كۈتىۋاتقانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر خۇدانىڭ بىزنى كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلسەك، بۇ بىزگە غايەت زور ئىلھام ۋە تەسەللىي بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈتىشىمىزنىڭ بىھۇدە بولمىغانلىقىنى بىلىپ زور ئاراملىققا ئېرىشىمىز. سىز بەلكىم:«ئەجىبا خۇدا مېھىر-شەپقىتىنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن كۈتىۋاتقان بولسا، مەن ئۇنى كۈتىۋاتقان ۋاقىتتا، نېمە ئۈچۈن مەن ئىزدىگەن ۋە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى بەرمەي يەنە داۋاملىق ساقلاتقۇزىدۇ؟ » دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا بولسا ئىنتايىن ئەقىللىق بىر دېھقان. ئۇ مول-ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتىۋاتىدۇ. (ياقۇپ5: 7) زىرائەت پىشماي تۇرۇپ ئۇ ھەرگىز يىغىۋالمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا بەخت-سائادەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. ئۇ بىزنى مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدىلا ئەمەس، سىناقلارنىڭ قارا بۇلۇتى ئاستىدىمۇ يەنىلا شۇنداق پىشىپ ۋايىغا يېتىشىمىزنى كۈتىدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئوغلىنى دۇنياغا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، ئۆزىمۇ تۆت مىڭ يىل كۈتكەندى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئاز قالدى. ئۇ ھەرگىز ۋاقتىنى ئۇزۇنغا سوزمايدۇ. بىز يەنە دەقىقە كۈتسەكلا ئۇ بىزگە ياردەمگە كېلىدۇ.

# 7-ئاينىڭ 23-كۈنى

**📖«...ھەمىشە خۇدا ئاتىمىزغا شۈكرى ئېيتىڭلار.» (ئەفەسلىكلەر5: 20)**

ئەگەر سىز رەبنىڭ ئىچىدە بولسىڭىز، خۇددى ھاۋاغا ئوخشاشلا رەب تەرىپىدىن ئورىۋېلىنغان بولىسىز. مەيلى قانداق ئاپەتلەر بولسۇن، رەب ئالدى بىلەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سىزنىڭ بېشىڭىزغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئۇچرىغان ھەربىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەدھىيلەشكە، شۈكرى ئېيتىشقا لايىقتۇر. خۇدا تۇرمۇشىمىزنى شۈكرى ۋە مەدھىيە ئاۋازلىرىغا توشقۇزسۇن! شۇنداق بولغاندا، بىز تېخىمۇ زور بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز.

ئەپسۇسلىنارلىقى نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز مەدھىيلەشكە، شۈكرى ئېيتىشقا لايىق بىرەر نەرسىنى كۆرەلمەيمىز. بىر كىشى ئاق قەغەزگە بىر قانچە قارا چېكىتلەرنى سىزسا، بىز يېرىم كۈن قاراپمۇ بۇ قارا چېكىتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقالمايمىز. كېيىن، ئۇ يەنە بىر قانچە سىزىقلارنى سىزىپ، توختاش بەلگىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماسلاشتۇرغاندىن كېيىنلا بىز ئاندىن بۇنىڭ يېقىملىق بىر گۈزەل مۇزىكا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. خۇدامۇ دەل مۇشۇنداق بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى چېكىت ۋە سىزىقلار، توختاش بەلگىلەر ئارقىلىق، بىزدىن كىشى قەلبىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرىدىغان گۈزەل مۇزىكىلارنى چىقىرىدۇ.

# 7-ئاينىڭ 24-كۈنى

**«شۇ چاغدا ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىگە مەدھىيە ئېيتىشتى. ئۇلار تېز ئۇنتۇدى ئىشلىرىنى، نەسىھىتىنى كۈتمىدى. بەلكى دالادا ئاچكۆزلۈككە باللادەك بېرىلدى. چۆل-باياۋاندا تەڭرىنى سىنىدى. شۇڭا، ئۇ سورىغىنى ئۇلارغا بەردى. بىراق جۇدەتكۈچى بىر كېسەلنى جانلىرىغا تەگكۈزدى.» (زەبۇر 106: 12-15)**

بىز مۇقەددەس يازمىلاردىن مۇسانىڭ ئېتىقادى ۋەجىدىن، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان خۇدانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقماي، ئۆز يولىغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. (ئىبرانىيلار11: 27) بىز يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن يەنە ئىسرائىللارنىڭ مۇسانىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغاندىلا ئاندىن خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ، شۈكۈر ئېيتىپ، ئەكسىچە بولغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئەگىشىپ ئېتىقادتىنمۇ يېنىپ، ھەتتا مەڭگۈ ھايات خۇدادىن يۈز ئۆرۈش گىرداۋىغا بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆردۇق.ئۇلار ئەسلىدە كۆزگە كۆرۈنمەس مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئىچىدە ئامانلىقتا ئېرىششى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلار تۆت ئەتراپىدىكى ماددىي نەرسىلەرگە باش ئەگدى.

بەزى ئېتىقادچىلارنىڭ تۇرمۇشى بەزىدە ئىسسىق، بەزىدە سوغۇق، بەزىدە ئېگىز ياكى پەس دېگەندەك قالايمىقان بولىدۇ. بۇ زادى نېمە سەۋەبتىن؟

بىردىنبىر سەۋەب شۇكى، ئۇلار ماددىي نەرسىلەر تەرىپىدىن ئورىۋېلىنغان. ئۇلار ئەسلى ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئەمەس، بەلكى خۇدانى مەركەز قىلىشى كېرەك ئىدى. خۇدا بىزنىڭ ھەربىر نەرسىلەردە ئۆزىنى كۆرۈشىمىزنى خالايدۇ. خۇدا ئۆزى خەۋەر بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ھېچقاچان ئېتىبارسىز قارىغان ئەمەس.

بايا بىز كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسرائىللار«شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلغان.» ئۇلار باشتىن-ئاخىر ئىشەنمەي، خۇدانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشەنگەن. ئۇلار قىزىل دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلگەندىمۇ يەنىلا خۇدادىن گۇمانلانغان. بىراق خۇدا ئۇلار ئۈچۈن يول ئېچىپ، مىسىر پادىشاھى ۋە قوشۇنلىرىنى سۇغا غەرق قىلغاندىلا، ئۇلار ئاندىن ئىشەنگەن. ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچى شەرت-شارائىتقا ئاساسلىنىدىغان ئىشەنچ بولغاچقا، تۇرمۇشى ھامان تەرتىپسىز ۋە قالايمىقان بولغان. بۇنداق ئىشەنچ خۇدانى ھەرگىز قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

دۇنيا بىزگە: «كۆرگىنىڭگە ئىشەن!» دەپ خىتاپ قىلىدۇ. بىراق خۇدا بىزگە: «ئىشەنسەڭ كۆرىسەن!» دەيدۇ. بۇ ھەقتە زەبۇردا مۇنداق بىر كۈي بار: «يوقىتار ئىدىم ئۆزەمنى گەر ئىشەنچىم بولمىسا، كۆرۈشكە پەرۋەردىگار مېھرىبانلىقىنى بۇ دۇنيادا....» (زەبۇر 27: 13)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز يەنىلا ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغان شارائىتتا خۇداغا ئىشەنمەكچىمۇ؟ ياكى شارائىتنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھەمىشە خۇداغا ئىشىنەمسىز؟

ئېتىقاد بولسا، بىزدىن كۆرۈنمەس مەۋجۇتلۇققا بولغان ئىشەنچنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشەنچنىڭ ئىنكاسى ئىشەنگەنلىرىمىزنى كۆرۈشتۇر.

# 7-ئاينىڭ 25-كۈنى
**✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲**

📖 **«نىمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ھازىر چۈشەنمەيسەن. لېكىن، كېيىن چۈشىنىسەن.» (يۇھاننا 13: 7)**

بىز كۆرۈۋاتقان خۇدانىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى پەقەت يېرىمى ئورۇنلانغان، يېرىمى تەرەققىي قىلىپ ئورۇنلىنىۋاتقان پىلانىدىن ئىبارەت خالاس. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئورۇنلىنىپ بولغان پىلانىنى، مەڭگۈلۈك ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاياقلاشقاندا ئاندىن ئەينەن كۆرگىلى بولىدۇ.

بىز لىۋانىنىڭ تاغ چوققىلىرىغا چىقىپ قاراپ باقساق، ئۇ يەردىكى ئەڭ ئېگىز ئارچا دەرىخىنىڭ باشقا دەرەخلەرنىڭ پەخرى، بوران-چاپقۇنلارنىڭ رەقىبى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ياز ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلسا، كېچە شەبنەملىرى بىلەن ئۇنىڭ يوپيۇرماقلىرىنى سۇغۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇشلار ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۇۋا قۇرۇشقا تەشنا بولسا، چارچىغان يولۇچى، سەرگەردان پادىچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سايىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ، تومۇز ئىسسىقتىن، قار-يامغۇردىن دالدىلىنىدۇ. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەزمۇت ئارچا دەرىخى كېسىۋېتىلىدۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئورمانلىقتىكى شان-شەرەپ، ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇۋاتقان ئارچا دەرىخى، دەرەخ كەسكۈچىنىڭ قولىدىكى پالتىدا ھالاك بولىدۇ.

پالتا غوللىرىغا تەگكەندە، دەرەخ شاخلىرى غولىدىن ئاجراپ چۈشتى. ئارقىدىنلا بۇ ھەيۋەتلىك ئارچا دەرىخى «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە يېقىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماستىن زەكەرىيا پەيغەمبەرگە ئوخشاش«ئى قارىغاي دەرىخى، پەرياد قىلغىن! چۈنكى ئارچا دەرىخى غۇلاپ چۈشتى.» دەپ ۋارقىرايمىز.

(زەكەرىيا11: 2)

بىراق، توختاپ تۇرۇڭ. ئىشچىلار ئۇ ھەيۋەتلىك يوغان دەرەخنى تاغدىن يۆتكەپ چۈشتى ۋە بۇ ئورمانلىقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزدا كۈپۈك چىقىرىپ يولغا چىقتى. قاراڭ، بۇ ئارچا دەرىخى ئەڭ ئاخىرى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، شان-شەرەپكە ئېرىشتى. سىز ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا، شاھلارنىڭ شاھى ئولتۇرۇشقا لايىق ئوردىغا قويۇلغانلىغىدەك نەتىجىسىنى كۆردىڭىز. ئەمدى، سىز يەنە ئارچا دەرىخىنىڭ كېسىلگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنامسىز؟

«بۇ ئىبادەتخانىنىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئىلگىركىدىنمۇ چوڭراق بولۇر.» (خاگگاي 2: 9)

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز ئەنە شۇ ئارچا دەرىخىگە ئوخشايمىز. خۇدانىڭ پالتىسى ئۈستىمىزگە چۈشۈپ، بىزنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىۋېتىدۇ. بىز سەۋەبىسىز ھالدا گاڭگىراپ قالغاندا، خۇدا بىزنى مەقسەتلىك ھالدا ئەرشكە تۈۋرۈك قىلىش ئۈچۈن تەييارلايدۇ. بۇ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: «خۇدانىڭ قولىدا جۇلالىق بىر تاج بولۇپ، خۇدانىڭ شاھانە چەمبىرىگى بولالايسەن.» (يەشايا62: 3)

# 7-ئاينىڭ 26-كۈنى

📖«مۇقەددەس روھقا تايىنىپ، خۇدانىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان بەخت-سائادەتلىرىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز.» (گالاتىيالىقلار5: 5)

بەزى ۋاقىتتا، بىز ئېغىر كۈنلەر تۈپەيلىدىن ئۈمۈد-ئارزۇلىرىمىزنىڭ يىپى ئۈزۈلگەندەك بولۇپ قالىمىز. ئۈمۈد ئىچىدە كۈتۈش مۈشكۈل بولسا، ئۈمۈدنى قانداقمۇ كۈتكىلى بولسۇن؟ ئازراق نۇر تۇچكىسىمۇ يوق، ھەممە جايىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق باسقان بولسىمۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك. دەرىزە سىرتى يەنىلا قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان بولسىمۇ، دەرىزىنى ئېچىپ يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. قەلبى بوش بولسىمۇ، ھېچقانداق مەينەت نەرسىلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويماسلىق، مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەۋر-تاقەت. مانا بۇ ئايۇپنىڭ مۇشكۇلاتلار ئىچىدىكى، ئىبراھىمنىڭ مورىيا تېغىغا سەپەر قىلغاندىكى، مۇسانىڭ مىدىيان چۆللىكىدىكى، ئىنسان ئوغلىنىڭ گېتسىمانە باغچىسىدىكى سەۋىر-تاقىتىدۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: «ئېتىقادى ۋەجىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان خۇدانى كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭغا ئىشەندى..............ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى.» (ئىبرانىيلار11: 27) بۇ خىل سەۋر-تاقەت ھەرقانداق سەۋر-تاقەتتىنمۇ تەس. مانا بۇ ئۈمۈدنى كۈتۈشتۇر. "ئى رەببىم، ماڭا سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭنى، سېنىڭ گېتسىمانە باغچىسىدىكى كۈچ-قۇدرىتىڭنى بەرگىن. ماڭا ئۈمۈدنى كۈتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرىتىڭنى، يۇلتۇزسىز قاراڭغۇ كېچىدىمۇ دەرىزە سىرتىغا قاراپ، كۈچ-قۇۋۋىتىمنى يوقاتمايدىغان ئۈمۈدنى، ئەڭ زور خۇشاللىقىمنى يوقاتقاندىمۇ تىك تۇرالىغۇدەك كۈچ-قۇدرەتنى بەرگىن."

# 7-ئاينىڭ 27-كۈنى
********************

📖**«شاھلارنىڭ شاھى پەرۋەردىگار دەيدۇكى، تاپاۋەتلىرىڭلارنىڭ ئوندىن بىرىنى قالدۇرماي مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا يەتكۈزۈڭلار. شۇنداقتا ھۇزۇرۇم مول بولىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن مېنى سىناپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ئۈچۈن ئەرشنىڭ دەرىزىسىنى كەڭ ئېچىپ ئېتىكىڭلارغا بەختنى تۆكۈپ بېرىمەن. شۇ چاغدا بەختنى قويغۇدەك جايىڭلار تاپالمايسىلەر» (مالاكى3: 10)**

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا بۇ يەردە بىزگە مۇنداق دەۋاتىدۇ: «ئى بالام، ئەرشنىڭ دەرىزىسى يەنىلا بۇرۇنقىدەك پارقىراق ھەم سىلىق، ھەتتا دەرىزە كېشەكلىرىمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. مەن بۇ دەرىزىنى بۇرۇن مۇساغا ئېچىپ، قىزىل دېڭىزنى ئىككىگە بۆلگەن. مەن يەنە يەشۇئاغىمۇ بۇ دەرىزىنى ئېچىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىنى توختاتقان. گىدونغا ئېچىپ، دۈشمەنلىرىنى قاچۇرغان. سەن مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمنى خالىساڭ، ھازىر بۇ دەرىزىنى يەنە سەن ئۈچۈن ئېچىشنى خالايمەن. مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بۇرۇنقىدەكلا ئىنتايىن مول ئامبار، ئېقىپ تۈگىمەس بۇلاق، خەزىنەمدە قىممەتلىك سوۋغاتلار ساقلانغان. شۇڭا، ئېھتىياجىڭنىڭ قانماسلىقى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ سەۋەبىڭدىندۇر. مەن ھازىر كۈتىۋاتىمەن. سىناپ كۆرۈپ باققىن! ھەممە شەرت-شارائىتلىرىڭنى ئېلىپ كېلىپ، تاپاۋىتىڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ئامبىرىمغا قويۇپ باق. مەن ھەممىنى ئاسان قىلىمەن. بالام، ماڭا پۇرسەت بەرگىن! ساڭا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدىغان پۇرسەت بەرگىن!»

مەن ئاپام ئېيتقان مۇنۇ ئىككى سۆزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن:خۇدا تەلەپ قىلغاننىڭ ھەممىسىنى بېرىپ، خۇدا ئەھدە قىلغاننىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالايلى. (S.D.Gordon)

خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەقىقەتەن بىزنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىمىزنىڭ

چەك-چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن قېتىم خۇدانىڭ ئالدىدىكى تىلەكلىرىمنى-ئۆزۈمنىڭ نېمە تىلىگەنلىكىمنى ئويلاپ قالدىم. گەرچە دېڭىز-ئوكيان يەنىلا مەۋجۇت تۇرسىمۇ، مېنىڭ تىلىگىنىم پەقەت بىر ئىستاكان سۇ ئىكەن. قۇياش يەنىلا شۇنداق كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ تىلىگىنىم بىر توچكا نۇر ئىكەن.

ئاھ، مېنىڭ تىلەكلىرىم بىلەن ئاتامنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ-ھە! خۇدانىڭ ماڭا بەرگەنلىرى ھەقىقەتەن مېنىڭ تەلەپلىرىمدىن ئېشىپ كەتكەن.

# 7-ئاينىڭ 28-كۈنى

📖«...ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇيلىماي، كەلگۈسىدىكى نىشانغا قاراپ ئىرىشىمەن.» (فىلىپىلىكلەر 3: 13)

ئى رەببىم، سەندىن ئۆتۈنەي! ئۆتمۈشتىكى غەلبەمنى ۋە مەغلۇبىيىتىمنى، شان-شەرەپلەرنى ۋە ھاقارەتلەرنى، پايدىنى ۋە زىيانلارنى ئۇنتۇلدۇرغىن. سەندىن ئۆتۈنەي، ئۆتمۈشتىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئون يىل بۇرۇنقى، ئۆتكەن يىلقى، ئۆتكەن ئايدىكى، تۈنۈگۈنكى، بىر سائەت بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرغىن. ئاھ خۇدا، ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە ئۇنتۇلدۇرغىن! مېنى باققۇچىسى، تايانچىسى يوق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پەقەت ساڭىلا ئۈمۈد باغلايدىغان قىلغىن. مېنى سەن تەييارلىغان يولدا كەلگۈسى نىشانغا قاراپ ئىرىشىدىغان، سەن پىلانلىغان

خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل قىلىدىغان، سەن بەلگىلىگەن بۇيرۇقلارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىدىغان قىلغىن. گەرچە ھەممە ئىشلار مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئەتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ مېنى ئورىۋالماسلىقى ئۈچۈن ياردەم قىلغىن. مەن بۈگۈن سېنىڭ مەن ئۈچۈن تەييارلىغان مېھىر-شەپقەتلىك قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىڭنى كۆرۈشنى خالايمەن. ئى رەببىم، بۈگۈن مېنىڭ بىر تال چېچىم چۈشسە، ئەرشتىكى دەپتىرىڭدە شۇ بىر تال چاچنى خاتىرىلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئى رەببىم، مېنىڭ ھەربىر كۈنلۈك تۇرمۇشۇم ۋە خىزمىتىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرشتىكى ھېساب دەپتىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئى رەببىم، بۇ ئارزۇلىرىمنى ئىجابەت قىلغايسەن! ئامىن!

## 7-ئاينىڭ 29-كۈنى

***«سەن بۇرۇن مۆلدۈر غەزىنىسىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ مەن بۇ مۆلدۈرلەرنى سىقىلىش ۋە جەڭ بولىدىغان كۈنلەرگە ئاپەت قىلىش ئۈچۈن ساقلىدىم.» (ئايۇپ38: 22-23)***

بىز ئۈچرىغان سىناقلارنىڭ ھەممىسى خۇدا بىزگە بەرگەن ياخشى پۇرسەتتۇر. بىراق، بىز دائىم ئۇنى تۇسالغۇ ئورنىدا كۆرىمىز. ئەگەر، بىز ھەربىر مۈشكۈلاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇدانىڭ بىزنى تاۋلاشتىكى ئۇسۇلى يەنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، كۆڭلىمىز تېنچلىناتتى ۋە تەسىرلەنگەن بولاتتۇق.

بىز ئۆتمۈشىمىزنى ئەسلەپ باقايلى، بەلكىم ئارىمىزدىكى كۆپىنچىمىزنىڭ ئېسىدە

بولۇشى مۇمكىن. مەسلەن: قايسى ۋاقىتتا خۇدا بىرگە ۋاكالىتەن گۈزەل بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە بىزگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلدى. قايسى ۋاقىتتا بىز ئازاب-ئوقۇبەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولدۇق. خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن سوۋغات پوسۇلكىسى ھەمىشە قوپال ھەم ئۇنى ئەكەلگەن پوچتىكەش ئىنتايىن كۆرۈمسىز بولسىمۇ، بىراق بىز بۇ سوۋغاتنى ئاچساق، ئۇنىڭ ئىچىگە ئورالغىنى پادىشاھ ئوردىسىدىكى گۆھەر ۋە تويى بولغان يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت خالاس.(A.B.Simpson)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدىمۇ خۇداغا تايىنىڭ ھەم تەۋرەنمەس ئېتىقادىڭىز بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلەڭ. مۇشۇنداق قىلغاندا سىز يېڭى كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشەلەيسىز.

# 7-ئاينىڭ 30-كۈنى

«ھەتتا بىرەر چىنە سوغاق سۇ......» (مەتتا 10: 42)

مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئۆمرۈم ئىنتايىن قىسقا. شۇڭا مەن مەيلى خىزمەت، مېھىر-شەپقەت، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىر بېرىشىم ۋە قىلىشىم كېرەك. مەن بۇلارغا سەل قارىماسلىقىم، كېچىكتۈرمەسلىكىم كېرەك. چۈنكى ماڭا بۇ يولدىن ئۆتۈش پۇرسىتى قايتا كەلمەيدۇ. قەدىرلىك دوستۇم، سىزدە بار بولغاننىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا بېرىڭ. ئېھتىمال سىزنىڭ بۇ ياردىمىڭىز

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالاھىدە ياردەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# 7-ئاينىڭ 31-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖«...............ئۇ قولىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىدى.» (زەبۇر78: 72)

سىز ئالدىڭىزدىكى يولنى قانداق بېسىشنى بىلمەي قىينالغان ۋاقتىڭىزدا، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى پۈتۈنلەي مۇقەددەس روھقا ئۆتۈنۈپ بېرىڭ. ئۇنىڭدىن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ماس بولغان چىقىش ئىشىكىدىن باشقا بارلىق ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتىشنى تىلەڭ. ئوخشاشلا، داۋاملىق ئەسلىدىكى ئورنىڭىزدىن ھەرگىز قوزغالماڭ. ئەگەر خۇدانىڭ ئوچۇق يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، ھازىرقى يول نىشانىڭىزنى خۇدانىڭ ئىرادىسى دەپ چۈشىنىڭ. سىز ئاشۇ كارىدورلۇق ئۇزۇن يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىڭىز كىرىشنى خالىغان نۇرغۇن ئىشىكلەرنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىسىز ھەم ئالدى تەرەپتىن خۇدانى ئۇچرىتالايسىز. بىراق، يەنە بىر ئىش ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇ بۇ ئىشىكتىن باشقا يەنە بىر ئىشىكنى قەستەن ئېتىۋەتمىگەن. بۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا «پۇرسەت دەرياسى» نامايەن بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىكىدىنمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر شۇنداقلا بىۋاستە دېڭىزغا قويۇلىدىغان ئېقىندۇر.

خۇدا دائىم مۇھىت ئارقىلىق بىزنى يېتەكلەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئالدىمىزدىكى يول خۇددى پۈتۈنلەي توسۇۋېتىلگەندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەتتىكىدەكلا بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىشلار باشقىلارغا نىسبەتەن ھېچقانچە

ئالاھىدە ئەمەس. بىراق ئىمانلىق، سەزگۈر كۆزلەرگە نىسبەتەن بىر بىشارەتتىن ئىبارەت. بەزى ۋاقىتلاردا بۇنداق ئىشلار قايتا-قايتا يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىشلار ھەرگىز تاساددىبى يۈز بەرگەن بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن تەييارلىغان يولىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇشىدىن ئىبارەت. خۇددى كېچىدە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان تېز پويىز شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى كۆرىدىغان چىراقلارمۇ شۇنچە كۆپەيگەنگە ئوخشاش، ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋەرسەك بىز ئېرىشىدىغان پۇرسەتلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ئەگەر سىز خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى تىلىسىڭىز، ئۇ چوقۇم سىزنى يېتەكلەيدۇ. بىراق، ئۇ ھەرگىز سىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنمەسلىكىڭىز ۋە گۇمانىڭىزغا تەسەللىي بەرمەيدۇ ھەم ھەرگىز ھاياتىڭىزدا ئورۇنلاشتۇرغان پىلانلىرىنىڭ خەرىتىسىنى چىقىرىپ كۆرسۈتۈپ قويمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر يولنى سىزگە كۆرسۈتۈپ قويىدۇ. ئەگەر سىز خۇشال-خۇراملىق ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچىڭىز بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭسىڭىز، ئۇ باشتىن-ئاخىر يولىڭىزغا كۆرسەتمە بېرىدۇ.

## 8-ئاينىڭ 1-كۈنى

📖 **«ئۆزۈڭلارنى خۇداغا ئاتاڭلار. چۈنكى سىلەر ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلدۈڭلار.» (رىملىقلار 6: 13)**

بىر كۈنى كەچتە مەن ئۆزىنى خۇداغا ئاتاش ھەققىدىكى نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. بۇ نۇتۇقنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئالاھىدە ياردىمى

تەگمىدى. بىراق، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «ئى رەببىم، بىز ساڭا شۈكۈر ئېيتىمىز. چۈنكى، بىز ئۈچۈن ئۆلگەن قۇتقۇزغۇچىغا بارلىق ئىشلىرىمىزنى ھاۋالە قىلدۇق» دېگەن دۇئاسى مېنى تۇتۇۋالدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا ماڭدىم. مەن يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەگەر مەن ئۆزۈمنى خۇداغا ئاتىسام، بۇلار مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىمغا تەسىر قىلىشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى ئويلاپ قورقتۇم. ئاشۇ ۋاقىتتا، قاتناشىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئىچىدە: «سەن ئۈچۈن ئۆلگەن قۇتقۇزغۇچىغا بارلىق ئىشلىرىڭنى ھاۋالە قىل» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

پويىزغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، مەن يەنە: «ئۆزۈمنى خۇداغا ئاتىسام نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزگىرىشىمگە، قۇربان بېرىشىمگە توغرا كېلىدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنىپ قورقتۇم.

ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ھوجرامغا كىرىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزەمنىڭ بۇرۇنقى مەغلۇبىيەتلىرىنى كۆردۈم. گەرچە مەن بىر ئېتىقادچى بولۇپ، جامائەتچىلىكتە خىزمەت قىلساممۇ تېخى ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتىمىغان ئىكەنمەن.

ئاشۇ ۋاقىتتا، مەن يەنە: «ئەگەر مەن ئۆزۈمنى خۇداغا ئاتىسام، قەلبىمدىكى پىلانلىرىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. كەلگۈسى ئارزۇ-ئارمانلىرىم كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئۆز كەسپىمدىن ۋاز كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ يەنە قورقتۇم.

مەن خۇدا ماڭا بەرگەن گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرەلمىگەچكە، باشتىن-ئاخىر تۇخۇ يۈرەكلىك قىلغانىدىم. ئاخىردا ھېلىقى كۈچلۈك ئاۋاز مېنى ئەركىلەتكەچ ئەيىپلەپ تۇرۇپ: «بالام، سەن ئۈچۈن ئۆلگەن قۇتقۇزغۇچىغا بارلىق ئىشلىرىڭنى ھاۋالە قىل. ئەگەر ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلمىساڭ يەنە كىمگە ھاۋالە قىلىسەن؟ » دەپ قەلبىمنىڭ

چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىدا قىلدى.

بۇ بىر جۈملە سۆز ماڭا ۋاكالىتەن ھەممە ئىشلىرىمنى ھەل قىلىۋەتتى. چۈنكى، مەن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە مېنى سۆيىدىغان، مەن ئۈچۈن ئۆلگەن ئىشەنچلىك قۇتقۇزغۇچىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ئۆزى قۇتقۇزغان بارلىق كىشلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولالايدىغانلىقىغا مېنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئىشەندۈرگەنىدى.

دوستۇم، سىزمۇ بارلىق ئىشلىرىڭىزنى سىز ئۈچۈن ئۆلگەن قۇتقۇزغۇچىغا ھاۋالە قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر پىلانلىرىڭىزنىڭ يۈرگۈزۈلىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشقا تېگىشلىك بولمىسا، ئۇ ھەرگىز سىزنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتمايدۇ. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈندۇر. سىز ئىشلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ سىزنى، سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان يولغا يېتەكلەيدۇ.

## 8-ئاينىڭ 2-كۈنى

**📖«مەن ھەممە تاغلارنى يول قىلىپ، يوللىرىمنى تۈز، تەكشى قىلىمەن.»**
**(يەشايا49: 11)**

خۇدا دائىم توسالغۇلار ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىرىمىز تۇرمۇشتا دائىم تاغ-داۋانلارغا، ئېغىر تەلەپلەرگە، خاراكتېرىمىز ماس كەلمىگەن خىزمەتلەرگە، ئازاب-ئوقۇبەت...... قاتارلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. بۇلار دائىم بىزنىڭ روھى جەھەتتە ئالغا بېسىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ، تەھدىت

سالىدۇ. ھەركۈنى بىز دائىم: «مەن پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلىسامىلا تۇرمۇشۇم تېخىمۇ ساپ، تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ پاك بولۇپ كېتىدۇ.» دەپ ئويلايمىز. شۇڭا، خۇدادىن بۇ نەرسىلەرنى ھاياتىمىزدىن چىقىرىپ تاشلىشنى سورايمىز. «ئەي نادانلار.....نېمانچە تەستە ئىشىنىسىلەر؟» (لۇقا24: 25) مانا بۇ ھەقىقى غەلبە قازىنىشتىكى شەرت. مانا بۇ خۇدانىڭ تۇرمۇشىمىزدا بىزنى مېھىر-شەپقەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتكە يېتەكلەشتىكى ئۇسۇلى. ئېھتىمال سىز ھازىر چىدىغۇسىز سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانسىز. سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قۇيايكى، ھەرگىز سىزنى غەلبىگە باشلايدىغان بۇ سىناقلاردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، مۆكۈۋالماڭ. سىز ئۆزىڭىزچە مەن بۇلاردىن يۇشۇرنۇۋالسام ، شۇ ھامان ئەركىنلىككە ھەم غەلبىگە ئېرىشەلەيمەن،دەپ ئويلاپ قالماڭ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەمىليەتتە ھەرگىز بۇنداق ئەمەس. سىناقلار توختىغاندا سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىز سەۋىر-تاقەت ئەمەس بەلكى ئالدىراقسانلىقتىن ئىبارەت. سەۋىر-تاقەتكە پەقەت چىدۇغۇسىز سىناقلار ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

قايتىپ سەۋىر-تاقەتلىك بۇلۇڭ! خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان سەۋىر-تاقەتلىك كىشى بۇلۇشقا تىرىشىڭ! غەلبىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىناقلارنىڭ ئىچىدە. ئېسىڭىزدە بولسۇن، تۇرمۇشىڭىزدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ۋە سەۋەپسىز ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ «تاغ» لىرى بۇلۇپ، خۇدا بۇ تاغلارنى ئاشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرغان. خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك:«ئۇنىڭ ماڭغان يولىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ تۇردىغان يېرىنى بىلىدىغان بىر خۇدادۇر. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى يەرنىڭ قەرىگىچە يېتىدۇ، ئۇ ئاسماننىڭ تېگىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»(ئايۇپ 28: 23-24)

# 8-ئاينىڭ 3-كۈنى
# ✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖«مەردانە ۋە قەيسەر بولۇڭلار.» (1-كورىنتلىقلار16: 13)

باياشات تۇرمۇشنى ئەمەس، بەلكى مەردانە ۋە قەيسەر بولۇشنى تىلەڭلار. قابىلىيىتىڭلارغا لايىق خىزمەتنى ئەمەس، بەلكى خىزمىتىڭلارغا لايىق قابىلىيەتنى تىلەڭلار. مۇشۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز مۆجىزىگە ھېساب بولماستىن، ئۆزىڭىزلا بىر مۆجىزە بولۇپ قالىسىز.

شۇ نەرسە چوقۇم ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، باياشات ۋە خالىغانچە ئەركىن تۇرمۇشتا خۇدا ھەرگىز بىزنى ئالغا يېتەكلىمەيدۇ. باياشات تۇرمۇش بىزنى يۇقىرىغا ئەمەس، ئەكسىچە تۆۋەنگە يېتەكلەيدۇ. ئەرش ھامان بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بولغاچقا، ھەرۋاقىت ئۈستىگە كۆز تىكىشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر دائىم بەدەل تۆلەيدىغان، ئۆزىنى كونترول قىلىدىغان، جاپا تارتىدىغان، قۇربان بېرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىراق سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، پەقەت جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارلا بىزنى ئالغا باستۇرىدىغان بىردىنبىر قىممەتلىك چىقىش يولى. ئۇلۇغلۇق ھەرگىز ئېچىلىپ تەييار بولغان، يېشىللىق قاپلىغان كەڭ يولدا بولماستىن، بەلكى ئۆز قولىڭىز بىلەن قىزىپ ئاچقان يولدىدۇر.

# 8-ئاينىڭ 4-كۈنى

**🕮«خالايىق تاشنى ئېلىۋەتتى. ھەزرىتى ئەيسا كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، مۇنداق دۇئا قىلدى: <ئى ئاتا، تەلىپىمنى ئاڭلايدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر ئېيتىمەن.>» (يۇھاننا11: 41)**

بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ۋە نورمالسىز تەرتىپ. لازار تېخى قەبرە ئىچىدىكى ۋاقىتتا ئاللىقاچان شۈكۈر دۇئاسى ئوقۇلغان. مەن ھەمىشە شۈكۈرنى ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن يەنى لازار تىرىلگەندىن كېيىن ئېيتىش كېرەك، دەپ قارايتتىم. بىراق، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىشلار ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتتى. شۈكۈر مېھىر-شەپقەت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، يەنى چوڭقۇر ئىشەنچلىك مېھىر-شەپقەت يېرىم يولغا كېلىپ بولغاندا، ئاللىقاچان ئېيتىلىپ بولغانىدى. ئۇرۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن غەلىبە مارشىنى ياڭرىتايلى، مۆجىزە كۆرۈشتىن بۇرۇن شۈكۈر ئېيتايلى!

مەسىھنىڭ ئەسكەرلىرى جەڭگە چىققاندا، كىم ئاۋۋال غەلبە مارشىنى توۋلىيالايدۇ؟ دۇئالارنىڭ جاۋابى كېلىشتىن بۇرۇن، كىم ئاۋۋال شۈكۈر ناخشىسىنى ئېيتالايدۇ؟ بۇ ھەقتە رەب بىزگە ئىنتايىن ياخشى ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتكەن. مەدھىيە ۋە شۈكۈر مۆجىزىلىك خىزمەت جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

دۇئا قىلغاندا ھېچ نەرسە مەدھىيەگە ئوخشاش خۇدانى خۇرسەن قىلالمايدۇ. يەنە ھېچنەرسە مەدھىيەگە ئوخشاش دۇئا قىلغۇچىلارغا ئادەمگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بىر قېتىم مەن جۇڭگودىكى ۋاقتىمدا مەدھىيە ئارقىلىق زور بەختكە ئېرىشكەنىدىم. مەن يۇرتۇمدىن نۇرغۇنلىغان شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تەشۋىشلىنىپ، غەم-ئەندىشىدە قالدىم. شۇنچە دۇئا قىلسامۇ مەندىكى بۇ تەشۋىش ۋە غەم

يېنىكلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن سەۋر-تاقەت قىلىشقا قانچە تىرىشسام، غەم-ئەندىشىلىرىم شۇنچە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. دەل ئاشۇ ۋاقىتلاردا، مەن سەپەرگە ئاتلىنىپ باشقا شەھەرگە باردىم ھەمدە بىر تەلىم بەرگۈچىنىڭ قورۇسىنىڭ تېمىغا يېزىپ قويۇلغان «خۇداغا شۈكۈر» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، مەنمۇ دەرھال خۇداغا شۈكۈر ئېيتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىم ۋە تەشۋىشلىرىم يوق بولدى. ئاھ، زەبۇردا يېزىلغان بۇ كۈي نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان-ھە!

«پەرۋەردىگار خۇداغا شۈكۈر قىلىش، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ نامىنى كۈيلەش ئەلادۇر. ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى سەھەردە، كېچىلەردە بولسا ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى جاكارلاش.....ئەلادۇر.» (زەبۇر92: 1-3)

# 8-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك. مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئاجىز چاغلىرىڭدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.» *(2-كورىنتلىقلار12: 9)***

خۇدا مېنى ئالاھىدە سىناپ، ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ئەڭ كىچىك بالامنى ئېلىپ كەتتى. مەن بالامنى دەپنە قىلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قېرىنداشلارغا سىناقلارنىڭ ئەھمىيتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مەن مۇشۇ تېما-ھەققىدە ئانالىز قىلىپ، ماتېرىيال تەييارلاۋاتقىنىمدا، ئۆزۈم سۆزلىمەكچى بولغان نەرسىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن شۇ ھامان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، خۇدادىن مېھىر-شەپقەت تىلىدىم. مەن مۇشۇنداق

دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كۆزۈمنى ئېچىشىمغىلا جازىدىكى رەڭلىك قەلەم بىلەن يېزىلغان «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك» دېگەن ئايەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. بۇ جازىنى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن بالامنى ئويناتقىلى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندە ئاپام ئەۋەتكەنىدى. گەرچە خىزمەتكارلىرىم بۇ ئىشلارنى ماڭا دېگەن بولسىمۇ، جازىغا قارىمايلا تامغا ئېسىپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ جۈملىلەرگە ھېچقاچان دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياشلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ بۇ جۈملىلەرگە قايتا دىققەت قىلدىم، «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك». «مېھىر-شەپقىتىم» دېگەن سۆز يېشىل رەڭدە، «ساڭا يېتەرلىك» دېگەن سۆز يەنە باشقا رەڭدە بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى.

بۇ ئايەتلەر قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، مېنى ئەيىپلەپ، خۇدادىن مېھىر-شەپقەت تىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ئەسكەرتتى. چۈنكى، خۇدا ئاللىقاچان ماڭا: «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك تۇرسا، يەنە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ پەقەت ئىشەنچىڭ بولسىلا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بايقايسەن» دېگەنىدى. خۇدا ئەنە شۇنداق ئاددى سۆز-جۈملىلەر بىلەن مېھىر-شەپقىتىنىڭ كېيىن ياكى ئېھتىمال ئەمەس، بەلكى ھەرۋاقىت يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئەنە ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ سۆزلەر قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالدى. خۇداغا شۈكۈر. ئاشۇ كۈندىن تاكى ھازىرغىچە مەن مۇشۇ ئايەتنىڭ ئەمەلىيىتى ئىچىدە ياشاپ كېتىۋاتىمەن.

بۇ قېتىم مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن بۇ ساۋاقتا باشقىلارنىڭمۇ ئېرىشىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن: «خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى ھەمىشە ھەقىقەت دەپ بىلەيلى. ھەرگىز بۇ ھەقىقەتنى ئارزۇ-ئۈمۈد ئورنىدا كۆرمەيلى. سىز قاچان بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسىڭىز، شۇ ۋاقىتتا بۇ ھەقىقەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرەلەيسىز.»

# 8-ئاينىڭ 6-كۈنى

**📖«ئەي شىمالنىڭ شامىلى ئويغانغىن. ئەي جەنۇبنىڭ شامىلى چىقىپ گۈل بېغىمنىڭ ئاستىدىن كېلىپ، خۇشبۇيلارنى ياپغىن.» (نەزمىلەرنىڭ نەزمىسى4: 16)**

بىز ئالدى بىلەن بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ باقايلى:

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، خۇشبۇي پۇراقلار گۈلزارلىق باغلارغا يوشۇرۇنغاندۇر. ئوخشاشلا مېھىر-شەپقەتمۇ ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغاندۇر.

خۇدا بەزى ۋاقىتلاردا يوشۇرۇن مېھىر-شەپقىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن شىددەتلىك بورانلار ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى سىنايدۇ. ئوت شىددەتلىك كۆيگەندە ئاندىن كۈچلۈك نۇر ۋە ئىسسىقلىق چىقىرالايدۇ. يۇلغۇننىڭ ئەڭ كۈچلۈك خۇشپۇراق چىقارغان ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئوتتا چاراسلاپ كۆيدۈرۈلگەن ۋاقتىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھاياتى مول روھى بايلىققا تولغان ئېتىقادچىمۇ ھەرخىل ئازاب-ئوقۇبەتلىك سىناقلاردىن تاۋلىنىپ چىققاندۇر. بىر ئېيتىلگەن، سۇنۇق قەلب خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان خۇشپۇراق تارقىتالايدۇ.

# 8-ئاينىڭ 7-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئاياغلاشقاندا، ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرى تەۋرىنىپ كەتتى. ئۇلار مۇقەددەس روهقا چۆمۈپ، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى يۈرەكلىك يەتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەلچىلەر خۇدانىڭ زور-كۈچ قۇدرىتى بىلەن رەببىمىز ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى.» (ئەلچىلەر4: 31، 33)**

ئىۋېنس (Evans) كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن چەت بىر يولدىن ئۆتۈپ يىغلىشقا ماڭدىم. مېنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىم ئىنتايىن سوۇس بولۇپ، قەلبىم مۇزدەك سوغاق ئىدى. مەن ئېتىمنى باغلاپ قويۇپ، پىيادە دۇنيانىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن خالىي بىر جايغا قاراپ ماڭدىم. مەن ئۇ يەردە ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تۇرمۇشۇمغا قايتىدىن نەزەر سېلىپ چىقتىم. مەن ئۈچ سائەتتەك خۇدانى كۈتكەن بولساممۇ، لېكىن ئازاب-ئوقۇبەت قەلبىمنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىنتايىن شىرىن، مۇھەببەتلىك ھېسسىيات قەلبىمنى ئىللىتتى. مەن شۇ ۋاقىتتا مۇقەددەس روهقا قايتىدىن چۆمۈلدۈم. كۈن ئولتۇراي دېگەندە مەن ئەسلىدىكى يولۇمغا قايتىپ، ئېتىمنى ئىزدەپ تاپتىم ۋە يولۇمغا راۋان بولدۇم. شۇ كۈنى مەن تاغ باغرىدا بىر توپ كىشىلەرگە تەلىم بېرىۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ يېڭى كۈچ-قۇدرەتكە تولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ھەم شۇ كۈنى ۋېلس (Wales) شەھىرىدىكى كىشىلەرمۇ ناھايىتى زور گۈللىنىشكە ئېرىشتى.

# 8-ئاينىڭ 8-كۈنى
**************

📖**«ئى خۇدا، سەن ئۆزۈڭ مېنىڭ پادىشاھىمدۇرسەن. سەن ئۆز خەلقىڭ ياقۇپ ئۈچۈن غەلىبىلەر بۇيرۇغۇچىدۇرسەن.» (زەبۇر 44: 4)**

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەك: سىز مېھىر-شەپقەت ئىچىدە چوڭ بولۇۋاتقاندا، نۇرغۇن دۈشمەنلەرگە ئۇچرايسىز. بىراق بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئولجا غەنىمەتلىرىدۇر.

سىزنىڭ ئۇلاردىن قورقىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىز ئۇلارغا تېگىپلا قويسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قېچىپ تېرە-پېرەڭ بولىدۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان سىزنىڭ قولىڭىزغا تاپشۇردى. شۇڭا سىز قەيسەر، باتۇر بولۇڭ! ھەرگىز قورقماڭ، ئەندىشە قىلماڭ! خۇدا سىز بىلەن بىللە. ئى باتۇر جەڭچى، سىز كۈچ-قۇدرەتلىك، چۈنكى كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگىسى سىز بىلەن بىللە. شۇڭا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ، ئۆزىڭىزگە تەۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈڭ!

قايسى ۋاقىتتا دۈشمەنلىرىڭىز سىزنى قورشاۋغا ئالسا، شۇ ۋاقىتتا غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز. قايسى ۋاقىتتا ئاجىزلاشسىڭىز، يەنە شۇ ۋاقىتتا خۇداغا تايىنىپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز.

بىلىشىڭىز كېرەك: رەب ئەيسانىڭ غەلىبىسىدە سىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشىڭىز بار. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۈچۈنلا غەلىبە قازىنىپ قالماستىن، بەلكى بارلىق ئېتىقادچىلارغا ۋاكالىتەن غەلىبە قازىنىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ غەلىبە قازانغاندا، سىز ئۇنىڭ ئىچىدە. ئۇ غەلىبە قازانسا، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە غەلىبە قازىنىسىز.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەككى: غەلىبە ئاللىقاچان سىزگە مەنسۇپ. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئۇلجا نىممەتلىرىنى يىغىۋېلىڭ. مەيلى نېفلىم دېگەن ئادەملەر بولسۇن، مەيلى مۇستەھكەم قورغان بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىزنى قورقىتالمايدۇ. سىز بولسىڭىز غەلىبە قازانغۇچى مۇستەھكەم قۇشۇننىڭ جەڭچىسى. شۇنىڭ ئۇچۇن، رەب ئەيسانىڭ غەلىبىسى ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

بىز بولساق پادىشاھنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇنداقتا بىز قانداق قىلساق ئۆز قورغانلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ شان-شەرەپ قۇچالايمىز؟ ياكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇقىنىمۇ يۈرەكلىك ئىشلىتەلمەي، بۇ ھوقۇقنىڭ بىزگە تەۋە ياكى تەۋە ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ يۈرەمدۇق؟ ۋە ياكى بىز ئالى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۇچۇن سەۋىر-تاقەتلىك بولۇپ، يۈرەكلىك بىلەن ئاشۇ ئالى ھوقۇقتىن پايدىلىنامدۇق؟ ........................

## 8-ئاينىڭ 9-كۈنى

**«كۆچ-قۇدرىتى سەندىن بولغان، قەلبىدە كۆتۈرۈلمە يوللار بولغان كىشى بەختلىكتۇر؛ يىغا ۋادىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۇنى بۇلاققا ئايلاندۇرار؛ شۇنداق، كۈز يامغۇرلىرى ئۇنى بەرىكەتلەرگە تولدۇرار. »*(زەبۇر84: 5-6)***

خۇشال-خۇرام كىشى ھېچقاچان تەسەللىنىڭ شىرىن تەمىنى بىلمەستۇر. ئەگەر بىز خۇدانىڭ قىممەتلىك سوۋغىتى«تەسەللى» گە ئېرىشىشنى ئويلىساق، چوقۇم خۇدا بىلەن چوڭقۇر ئالاقە ئورنىتىشىمىز كېرەك.

زېمىن قاراڭغۇلۇققا ۋە يۇرۇقلۇققا قانداق مۇھتاج بولسا، ئوخشاشلا بىزمۇ

ئازاب-ئوقۇبەت ۋە خۇشاللىقتا شۇنداق مۇھتاجمىز.

# 8-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«گەرچە ئۇ لازارنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇردى.» (يۇھاننا11: 6)**

بىز ئالدىنقى ئايەتتە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ مارتا، مەريەم ۋە لازارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەندۇق. ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئاغرىپ قالسىمۇ، يەنە دەرھال يولغا چىقمايدۇ؟ بۇ ئىش بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، خۇدا بىزگە مەيلى قانچىلىك سىرلىق ۋە قانچىلىك ئېغىر مۇئامىلە قىلمىسۇن، خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ چەكسىز ۋە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. مارتا ۋە مەريەم ئاچا-سىڭىللارنىڭ خىيالىچە بولغاندا، ھەزرىتى ئەيسا لازارنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال قايتىپ، ئىنىسىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھەزرىتى ئەيسا قانداق قىلدى؟ «گەرچە ئۇ لازارنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇردى.»

ئۇنىڭ دەرھال قايتمىغانلىقى، ئۇلارنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببىتىلا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئازابلىق ئائىلىسىگە دەرھال بېرىشنى توستى. ئەگەر خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى چەكسىز بولمىغان بولسا، ئۇ دەرھال بېرىپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كۆلپىتىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى

توختىتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىك ئاھ-زارىغا خاتىمە بېرەتتى................بۇ پەقەت ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدىكى كىشىلەرگە ۋاقىتلىق تەسەللىلا بولاتتى ــخالاس. ئەمما، ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈش بولسا، بىرلا ۋاقىتتا كىشىلەرگە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى، خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى نىجاتكارنى ھەم خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. مانا بۇ خۇدانىڭ مۇكەممەل مۆھەببىتىدۇر.

بىز نۇرغۇن ئىشلاردا قىيىنچىلىق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ تۆھپىسىگە سەل قارايمىز. ئېتىقادچىلارنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ تۇرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن. چۈنكى سىناق بولماي تۇرۇپ، ئېتىقاد تاۋلانمايدۇ. سەۋر-تاقەت قىلىش زۆرۈر بولمىغان ئىشلاردا سەۋر-تاقەت بولمايدۇ. مۈشكۈلاتلار بولماي تۇرۇپ، تەجرىبە-ساۋاق بولمايدۇ.

## 8-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«گەرچە ئەنجۈر دەرىخى چېچەكلىمىسىمۇ، ئۈزۈم تېلى مېۋە بەرمىسىمۇ، زەيتۇن دەرىخىدىنمۇ ھوسۇل بولمىسا، ئېتىزلاردىن ئاشلىق چىقمىسا، قوتاندىكى قويلار يوقىتىپ كېتىپ، ئېغىللاردىكى كالىلار تۈگەپ كەتسىمۇ يەنىلا خۇدادىن خۇشال-خۇرام بولۇپ، نىجاتكارىمدىن سۆيۈنىمەن.» (ھاباكۇك3: 17- 18)**

قاراڭ، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق پاجىئە، نەقەدەر ئۇلۇغ ئىشەنچ-ھە!

ئۇ بۇ يەردە: «مەن گەرچە مۇشۇنداق زور بالا-قازالارغا يولۇققان بولسامۇ، ھەتتا

ھاياتىمنى ساقلاپ قالغۇدەك يېمەكلىكىم بولمىسىمۇ، تۆت ئەتراپىمدا كۆرۈۋاتقىنىم ھېچنېمە يوق قۇپقۇرۇق قاقاسلىق بولسىمۇ، بۇرۇن خۇدادىن ئېرىشكەن مېھىر-مۇھەببەت، بەخت-سائادەتنىڭ ئورنىنى خۇدانىڭ قامچىسىنىڭ جاراھەت ئىزى قاپلىغان بولسىمۇ، يەنىلا خۇدادىن خۇرسەنمەن» دېگەن.

مەن بۇ ئىككى ئايەتلەردىن شۇنى ئويلاپ قالدىم، بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن ئابىدە تىكلەپ مەڭگۈ ساقلاپ قويۇشقا ئەرزىگۈدەك ئېسىل گۆھەر ئىكەن. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئىنتىزار بولۇۋاتقان ھەربىر كىشى بۇ ئايەتلەرنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئويۇۋالسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! گەرچە بۇ ئايەتلەر قىسقا جۈملە شەكلى بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇنىڭدىكى مەنە روھقا تەۋە ئاجايىپ سىرنى ئاشكارىلىغاندۇر. بۇ ئايەتلەر بىزگە يەنە مۈشكۈل كۈنلەر ئىچىدىمۇ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشنىڭ ۋە بارلىق سىناقلاردا قانداق قىلىپ خۇدانىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمان بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شان-شەرەپلىك ئىشەنچ!

# 8-ئاينىڭ 12-كۈنى

📖«ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق بىزگە ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك ۋەدىلەرنى بەردى.» (2پېترۇس1: 4)

بىر كېمە ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ كېمە ياساشتىكى مەقسىتى، كېمىنى ياساپ، جازىغا تىزىپ قويۇشمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ كېمە ياساشتىكى مەقسىتى كېمىنى دولقۇنلار

مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزغا قويۇپ بېرىشتۇر. ئۇ بۇلارنى كېمىنى ياسىغان ۋاقىتتىلا ئاللىقاچان ئويلاپ قويغان.

خۇدانىڭ سىزنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ بىر پەرزەنتى بولۇشقا چاقىرغانلىقى مەقسىتى، سىزنى دەل سىناقلارنىڭ ئۇستىگە قويۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ سىزگە ۋەدە بېرىپ ئۆزىگە تايىنىشنى تاپىلىغاندا، ئۇنىڭ سىزگە بېرىدىغىنى شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدىكى ئەھدىدۇر. سىز ئويلاپ بېقىڭ، خۇدانىڭ ئەھدىسى ئەينەك قۇتا ئىچىگە تىزىپ قويىدىغان، دېڭىز-ئوكيانلاردا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، ماگزىندا سېتىلىدىغان سۇ ئۈزۈش يەلكىنىگە ئوخشامدۇ؟

بىز ھەممىمىز ئويۇنچۇق قېلىچنىڭ جەڭ مەيدانىدا كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئويۇنچۇق ئاياقنى كىيىپ يول ماڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىراق خۇدانىڭ ئايىقى تۆمۈردىن، مىستىن ياسالغان. بىز ئۇنى كىيىپ ئەرشكە چىقالايمىز. ئۇلارنى كىيىپ ھەرگىز يىرتىۋەتكىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش كېمىسى بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم دېڭىز-ئوكيانلارنى كەزسەكمۇ ھەرگىز بىزنى چۆكتۈرۋەتمەيدۇ.

خۇدانىڭ ئەڭ ياقتۇرمايدىغىنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىر كۆزگەرمە بويۇمى سۈپىتىدە قاراپ، ئىشلەتمەسلىكىدىن ئىبارەت. ئۇ بىزنىڭ ئۆزىدىن بەھرىمەن بولۇشىمىزنى ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى باشقىلارغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ھوزۇرلىنىشىمىز ئۈچۈندۇر. خۇدا رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىمۇ بىزگە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئاتا قىلغاندۇر. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن مەسىھتىن ھۇزۇرلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

قېرىنداشلىرىم، سىلەردىن ئۆتۈنەي، خۇدانىڭ ئەھدىسىنى ھەرگىز كۆرگەزمىخانىدىكى قەدىمقى بۇيۇم ئورنىدا كۆرمەڭلار. بەلكى ھەركۈنى ئۇنى تەسەللى

مەنبەسى، قىينچىلىقتىكى تايانچ كۈچ قىلىڭلار.

خۇدا ئۆزى ئاللىقاچان ئەھدە قىلغان نەرسىگە يەنە قانداقمۇ «ياق» دېسۇن؟

# 8-ئاينىڭ 13-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«بۇلۇتلار يامغۇرغا تولغان بولسا، يەرگە تۆكىلىدۇ.» (تەلىملەر11: 3)**

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن ئەتراپىمىزدىكى قارا بولۇتلاردىن قورقىمىز؟ گەرچە ئۇلار ۋاقىتلىق قۇياش يۈزىنى يېپىۋالسىمۇ، قۇياش نۇرى ئۆچۈپ قالغىنى يوق. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار يەنە پارلاق نۇرىنى زېمىنغا چاچىدۇ. بۇلۇتلارغا يامغۇر تولغان بولسا قارىدايدۇ ھەم يامغۇر يېغىش ئېھتىماللىقى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

بۇلۇت بولمىسا قانداقمۇ يامغۇر ياغسۇن؟ بىز تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىزگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار دەل مېھىر-شەپقەت قاچىلانغان قارا ماشىنىدۇر. قاراڭ، قارا بۇلۇت ئۇزۇن ئۆتمەي سىم-سىم يامغۇرغا ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا ھەربىر ئۆسۈملۈك سىم-سىم يامغۇردىن شادلىقتا چۆمۈلىدۇ. گەرچە رەببىمىز بىزنى ئاپەتلەر ئارقىلىق ئازابلىسىمۇ، ئەمما مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق يەنىلا ساقايتىدۇ. ئۇ دائىم بىزگە مۇھەببەت خېتى يازسا، قارا رەڭلىك كونۋېرت ئىشلىتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ يۈك ماشىنىسى«غوڭ-غوڭ» قىلىپ قوپال ئاۋاز چىقارسىمۇ، ئىچىگە قاچىلانغىنى لىق مېھىر-شەپقەت ۋە ئىلتىپاتىدۇر. ئۇنىڭ تايىقى خۇشپۇراق چېچەك تۇرغان گۈلزارلىق ۋە شېرىن مېۋە بەرگۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى تۆتىنچى ئايدىكى سىم-سىم يامغۇر بەشىنچى ئاينى خۇشپۇراق گۈل-چېچەككە پۈركىگەندەك، قارا بۇلۇتلاردىن

بىزار بولماستىن خۇشال خۇرام ھالدا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتايلى.

ئى رەببىم، قارا بۇلۇتلار سېنىڭ ئاياغ ئاستىڭدىكى توپا-چاڭدۇر! قارا بۇلۇتلار ئەتراپنى قاپلىغاندا، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى نەقەدەر يېقىن-ھە!

# 8-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«سىزگە ئەرشتىن بېرىلمىگەن بولسا، ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ھوقۇقىڭىز بولمىغان بولاتتى.» *(يۇھاننا19: 11)***

ئومۇمەن خۇداغا تايىنىدىغان، ئىتائەتچان كىشىنىڭ ھاياتىدا يۈزبەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسى باردۇر. مانا بۇلار بىزنىڭ توختىماستىن شۈكۈر ۋە مەدھىيە ئېيتىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، خۇدانىڭ ئىرادىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئېنىق ئىشەنچلىك، ھاياتى كۈچكە ئىگە، شەرەپلىك بىر ئىشتۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. بىز پەقەت ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئىتائەت قىلساقلا ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى توسالمايدۇ.

چوڭقۇر دەرت ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان بىر كىشى دوستىغا خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن: «مەيلى بېشىمغا كەلگەن بۇ ئىشلارنىڭ قانچىلىك ئادالەتسىز ۋە شەپقەتسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى دەپ بىلىپ، شەرەپ ھېس قىلىمەن.» خۇداغا شۈكۈر! خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلارنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ ھاياتىدا مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بەرسۇن، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەممىنى شۇلارنىڭ مەنپەئەتى

ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرۇدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۆزىنىڭ شاگىرتتى تەرىپىدىن سېتىلىپ كەتكەن مەسىھ مۇنداق دېگەن: «مېنى ئاتام ئەمر قىلغان بۇ ئازاب قەدىھىنى ئىچمەيدۇ دەمسەن؟» (يۇھاننا18: 11) ئەگەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە بولغان بولسا، تۇرمۇشىمىز نەقەدەر گۈزەل بولغان بولاتتى ـ ھە!

شۇنداق بولغاندا، شەيتاننىڭ بىزگە قىلغان بارلىق ھوجۇملىرى بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يېرىم يولدا كېلىۋېتىپ ئاللىقاچان بەخت ـ سائادەتكە ئايلىنىپ بولاتتى.

# 8ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى

📖 **«بىز خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش ئۈچۈن، چوقۇم نۇرغۇن جاپالارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.» (ئەلچىلەر *14: 22*)**

ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن بارلىققا كەلگەن. بۇغداينى ئېزىپ ئۇن قىلغاندىن كېيىن بولكا پۇشۇرغىلى بولىدۇ. پۇراقلىق ماتىرىياللار كۈچلۈك ئوتتا كۆيدۈرۈلگەندىلا، ئاندىن خۇشپۇراق چىقىرىدۇ. تۇپراق ئاغدۇرۇلۇپ بوشىتىلغاندىلا ئاندىن ئۇرۇق چاچقىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا، ئېزىلگەن، پۇچۇلانغان قەلبلا خۇدانىڭ خۇرسەنلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ شىرىن خۇشاللىقنىڭ ھەممىسى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىز چوقۇم ئالدى بىلەن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە،

ئاندىن باشقىلارغا تەسەللى بېرەلەيمىز.

ئەگەر، سىز بىر تەسەللى بەرگۈچى پەرىشتە بولۇشقا ئىنتىلسىڭىز، ئەگەر سىز كەچۈرۈمچان ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشنى خالىسىڭىز، ئەگەر سىز سىناقلارغا دۇچ كەلگەن قېرىنداشلىرىڭىزغا تەسەللى بېرىپ، يار-يۆلەك بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا چوقۇم خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئالاھىدە ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرۇپ، ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز كېرەك.

# 8-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتتۈم پەرۋەردىگارنى، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ئۇ پەريادىمنى.» (زەبۇر40: 1)**

سىز كۈتۈشنىڭ ھەركەتلىنىشكە قارىغاندا ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ كۈتۈش سەۋر-تاقەتكە مۇھتاج. سەۋر-تاقەت بولسا ئورۇنلاش ئىنتايىن تەس بولغان بىر گۈزەل پەزىلەت. خۇدا ئۆز خەلقىنى مۇستەھكەم ئىگىز قورغانلار ئارقىلىق قوغدايدۇ. قورغان پاسىلى ئېگىزلىشىپ، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىغاندا، بىز خۇددى كېيىن مۇشۇ دائىرىدە نەزەربەنت قىلىنىپ، مەڭگۈ چىقالمايدىغاندەك جىددىيلىشىپ كېتىمىز. بىز نېمە ئۈچۈن چوڭراق بىر مۇھىتىمىزنىڭ بولمىغانلىقىنى چۈشەنمەيمىز. بىراق، خۇدا قىلغان ھەربىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەقسەت-مۇددىئالىقتۇر. بۇ ھەقتە زەبۇردا مۇنداق بىر كۈي بار: «خۇرسەن بولسا بىر ئادەمنىڭ يولىدىن پەرۋەردىگار، ئۇ ئۇنىڭ قەدەملىرىنى مەزمۇت قىلار.» (زەبۇر37: 23)

مولىلىرنىڭ ئىنجىل كىتاۋىدا بۇ ئايەتلەرنىڭ يېنىغا مۇنداق ئىزاھات يېزىلغان:

"مەردانە ئادەملەرنىڭ چەكلەنگەن قەدەملىرى پەرۋەردىگار تەرىپىدىندۇر."بىراق، بىز دائىم پەرۋەردىگار خۇدا بىز ئۈچۈن تەييارلىغان قورغاندىن چىقىپ كېتىشنى ياخشى كۆرىمىز.بۇ ھەقىقەتەن چوڭ بىر خاتالىق. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولغان بىر كىشى خۇدانىڭ ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقىنى چۈشىنىشى ھەم يېنىكلىك بىلەن ھەركەت قىلماسلىقىنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىشى، خۇددى ئىسرائىللار بۇلۇت تۈۋرۈكىگە ئەگىشىپ يۆتكەلگەنگە ئوخشاش، خۇداغا ئەگىشىپ يۆتكىلىشى كېرەك. بۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

بىز قاچان ھەر بىر ئىشتا خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى كۈتۈشنى ئۆگەنسەك، شۇ ۋاقىتتا تېنچلىق ئىچىدە روھى كۈچ-قۇدرىتىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەردە مانا مۇشۇنداق تېنچلىق ئىچىدىكى كۈچ-قۇۋۋەت كەمچىل. ئەگەر خۇدا بىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشىمىزنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇ چۇقۇم بىزگە يېتەرلىك كۈچ-قۇدرەت بېرىدۇ. سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈش، خۇدانىڭ يېتەكلىشىگە ئىتائەت قىلىش، كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىششتىكى سىردۇر. خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن سىرت ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى كۈتۈش ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

خۇدانىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىششتىن بۇرۇن، بىز ھەرىكەتلەنمەستىن ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق، بۇنىڭ نەتىجىسى ئەڭ زور مەغلۇبىيەت بولامدۇ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. غەلىبىگە دەل ھەركەتلەنمەستىن، تېنچلىق ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ھەركەتلىنىشتىن نەچچە ھەسسە مۈشكۈلدۇر، ھەركەتلەنمەسلىك تېخىمۇ زور جۈرئەت بىلەن چىڭ تۇرۇشقا، كۈتۈشكە، ئازابلانماسلىققا، ئۈمۈدسىزلەنمەسلىككە، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قەتئىي

ئىنائەت قىلىشقا، خىزمەتلەرنى ۋە شان-شەرەپلەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، باشقىلار ئالدىراپ خىزمەت قىلسىمۇ، ئۆزى يەنىلا تېنچلىق ئىچىدە ئىشەنچ بىلەن خىزمەت قىلىشقا مۇھتاجدۇر. مانا بۇ ئەڭ ئۇلۇغ تۇرمۇشتۇر. خۇددى مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغاندەك: «مۇشكۇل كۈنلەردە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالىشىڭلار ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەددىڭلارنى رۇسلاپ تۇرالىشىڭلار ئۈچۈن، خۇدا ئاتا قىلغان قوغدىنىش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىڭلار. » (ئەفەسلىكلەر6: 13)

## 8-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«ئىشىنىمەنكى، خۇدا ماڭا قىلغان سۆزلىرىنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.» (ئەلچىلەر *27: 25)***

بىر قانچە يىل ئىلگىرى مەن پاراخوت بىلەن ئامېرىكىغا باردىم. كاپىتان ئىنتايىن قىزغىن بىر ئېتىقادچى ئىكەن. بىز نېۋفئوندلەند( Newfoundlan )قىرغىقىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ تۆۋەندىكى بىر ھەقىقەتنى سۆزلەپ بەردى:

بەش ھەپتە بۇرۇن مەن مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن. ئاشۇ ۋاقىتتا كېمىدە يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنىڭ روھىيىتىمنى يېڭىلىدى. يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە بىروستول (Bristol) شەھىرىدىن مۈللىر ئىسىملىك بىر ئەپەندى بار ئىكەن. ئاشۇ ۋاقىتتا تۇمان بەك چوڭ بولغاچقا، پاراخوتنى يىگىرمە تۆت سائەت توختىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. مۈللىر ئەپەندى ماڭا: <كاپىتان، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، شەنبە چۈشتىن كېيىن مەن چوقۇم كىيوبىك (Quebec) شەھىرىگە يېتىپ بېرىشىم كېرەك> دېدى. مەن

جاۋابەن :<بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش> دېدىم. ئۇ "-ناھايىتى ياخشى، ئەگەر پاراخۇتىڭىز مېنى مەنزىلىمگە ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىسە، خۇدانىڭ باشقىچە ئۇسۇلى بار. ئەللىك يەتتە يىلدىن بۇيان مەن ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن دىيىشىپ قويغان ئۇچرىشىشنى بىكار قىلىپ باقمىدىم. بىز پەسكە چۈشۈپ دۇئا قىلايلى "دېدى.

مەن خۇدانىڭ بۇ ئىخلاسمەن بەندىسىگە قارىغىنىمچە كۆڭلۈمدە، بۇ كىشىنى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن چىققانمىدۇ؟ مەن ئەزەلدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، دېگەنلەرنى ئويلۇدۇم ھەم ئۇنىڭدىن: "موللىر ئەپەندى، سىز تۇماننىڭ قانچىلىك قېلىنلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟"- دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋابەن :<مېنىڭ كۆزلىرىم تۇماننىڭ قېلىن نېپىزلىكىنى كۆرەلمەيدۇ. پەقەت مەڭگۈ ھايات خۇدانىلا كۆرەلەيدۇ. ئۇ ھاياتىمدىكى بارلىق مۇھىتنىڭ باشقۇرغۇچىسى"دېدى.

ئۇ سۆزلىرىنى تۈگىتىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاددىيلا دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئالىرى ئاخىرلىشىپ، مەنمۇ دۇئا قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۇ قوللىرىنى مۈرەمگە قويۇپ تۇرۇپ، بۇنداق قىلىشمىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ئېيتىپ:<بىرىنچىدىن، سىز خۇدانىڭ دۇئالىرىڭىزغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدىڭىز. ئىككىنچىدىن، مەن خۇدانىڭ دۇئالىرىمنى ئاڭلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، سىزنىڭ يەنە دۇئا قىلىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق>دېدى.

مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ماڭا: <كاپىتان، مېنىڭ خۇدانى تونۇغىنىمغا ئاللىقاچان ئەللىك يەتتە يىل بولدى. بۇ جەرياندا خۇدانىڭ بىر قېتىممۇ دۇئالىرىمنى ئاڭلىمىغان يېرى يوق. كاپىتان، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ، تۇماننىڭ تارقىغانلىقىنى كۆرۈڭ!> دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، دەرۋەقە تۇمان پۈتۈنلەي تارقاپ بوپتىكەن. شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، موللىر ئەپەندى

ساق-سالامەت كىيۇبېك (Quebec) شەھىرىگە يېتىپ بارالىدى.

# 8-ئاينىڭ 18-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار مۇشۇنداق ئۇنىڭغا يالغۇز يېتەكچىلىك قىلدى. ھېچقانداق يات ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى.» *(ئەمىر-مەرۋپىلار32: 12)***

گەرچە تاغ يولى خەتەرلىك بولسىمۇ، ھەمراھلار بىلەن كۆلكە-چاقچاق قىلىپ ماڭسا، بۇ جاپا-مۇشەققەتلەر جاپا بىلىنمەيدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق ماڭغانچە تاغ چوققىسىغا چىقىشمۇ قىيىن بىلىنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. تۇيۇقسىز ئىنتايىن تار ھەم تىك ئەگرى بىر يول پەيدا بولدى. ئاشۇ ۋاقىتتا خۇدا ماڭا: «بالام، ئۆزۈڭ يالغۇز ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگىن!»دېدى

مەن قورقىنىمدىن تىترەشكە باشلىدىم. بىراق، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىشەنچىم: «ئى رەببىم، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ شۇ ھامان ئاجىز قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتائەتچانلىقىمنى قوبۇل قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ يولدا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردىم. مەن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ئىسسىق قوللىرىدا مېنى ئالدىغا يېتەكلىگەچ، ماڭا نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىلھام بەخش سۆزلەرنى قىلدى. مەن ئۇنىڭ سىرلىق مۇھەببىتىنى ھېس قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بارلىق غەم-ئەندىشىلىرىم ۋە قورقۇنچۇمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم ھەم خاتىرجەملىك بىلەن ئۇنىڭ قاۋۇل

بىلىكىگە چىلڭ ئېسىلدىم.....................

ئاشۇ ۋاقىتتا، قەدەملىرىم تېزلىشىپ ئۇچقاندەك مېڭىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئىدى. تىك قىيالىق تاغ يولىدىن يورۇق نۇر چاقنىدى.......................

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، بىز ئەرشتە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئايرىلىپ قالغان كىشلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. بىراق، چەكسىز خۇشاللىق، جۇشقۇن ناخشلار، شىرىن قۇچاقلاشلار ئىچىدە ئەسلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان بىر ئىشنىڭ، ئۈمۇدسىز قاراڭغۇ يوللاردا خۇدانىڭ يالغۇز يول باشلىغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئويلىماي تۇرالمايمىز.

# 8-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«قايغۇ-ئەلەمدە بولساقمۇ، ھەمىشە شاد-خۇرامىز. » (2-كورىنتلىقلار6: 10)**

قايغۇ-ھەسرەت ئىنتايىن گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئاينىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ناخشا ئاۋازى كېچىدىكى قۇشنىڭ نەغمىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى ھەرگىز خۇشال-خۇراملىق ئەمەس. ئۇ قايغۇ-ھەسرەتلىك كىشىگە دىلكەش بولالايدۇ. بىراق، خۇشال-خۇرام كىشى بىلەن تەڭ خۇشال بولالمايدۇ.

شاد-خۇراملىقمۇ ئىنتايىن گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى يازنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشايدۇ.بىراق، ئۇ كىشىگە دىلكەش بولالمايدۇ.

قايغۇ-ھەسرەت چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا: «بىز ئىككىمىز ھەرگىز ھەمكارلىشالمىغۇدەكمىز » دەپتۇ.

شاد-خۇراممۇ: «شۇنداق، قەتئىي مۇمكىن بولمىغۇدەك. مېنىڭ يوللىرىم قۇياش نۇرىغا تولغان يايلاقلاردىدۇر. يايلاقلاردىكى ئەتىر گۈللەر مەن ئۇچۇن ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چاچىدۇ. قۇشلار، تاغ-دەريالارمۇ مەن ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ.» دەپتۇ.

قايغۇ-ھەسرەت ئاستا ئۆرۈلۈپ: «مېنىڭ يوللىرىم قاراڭغۇلۇققا تولغان ئورمانلاردۇر. بىراق، دۇنيادىكى ئەڭ يارقىن، ئەڭ تەسىرلىك ناخشا ماڭا تەۋە. بىز كېيىن كۆرۈشەيلى» دەپتۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماستىنلا، ئۇلار بىر كىشىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. گەرچە ئۇلار بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ

قايغۇ-ھەسرەت ئىنتايىن بوش ئاۋازدا: «ئۇ چوقۇم شاد-خۇرام پادىشاھ. چۈنكى ئۇ بېشىغا نۇرغۇن ياقۇت قويۇلغان تاج كېيىۋاپتۇ. پۇت-قوللىرىدا غەلبىنىڭ مىخ ئىزلىرى بار ئىكەن. مەن  ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىمدا، بارلىق قايغۇ-ھەسرەتلىرىم ئۇنىڭ ئۆچمەس مېھىر-مۇھەببىتى ۋە خۇشاللىقى سەۋەبىدىن ئېرىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتاشنى خالايمەن.» دەپتۇ.

شاد-خۇرام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ: «سەن خاتالاشتىڭ قايغۇ-ھەسرەت. مەن ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرەت پادىشاھى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بېشىغا تاقىۋالغان تاجىسى تىكەندىن ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ قول-پۇتلىرىدىكى مىخ ئىزلىرى بولسا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ جاراھەت ئىزى ئىكەن. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتاشنى خالايمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئازاب چەكسەم خۇشاللىقىم تېخىمۇ ئاشىدۇ. تېخىمۇ شېرىن بولىدۇ.» دەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە: «بۇنداق بولغاندا، بىز ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تەن بولالايدىكەنمىز. پەقەت ئۇلا شاد-خۇرام بىلەن قايغۇ-ھەسرەتنى بىر تەن قىلالايدۇ» دەپ چۇرقىرىشىپتۇ.

ئۇ ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇنيادىكى سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇلار مەيلى قار-يامغۇرلۇق ياكى تۇمان كۆنلەر بولسۇن، مەيلى زېمىستان قىشتىكى قەھرىتان سوغۇق ياكى يازدىكى تومۇز ئىسسىق بولسۇن پەقەت ئايرىلماپتۇ. «قايغۇ-ئەلەمدە بولساقمۇ، ھەمىشە شاد-خۇراممىز.»

# 8-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«ئۇزى بولسا بۇ تەرەپتە يالغۇز قالدى. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ياقۇپ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە چېلىشتى.» (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى *32: 24*)**

بىز بۇ ئايەتتە ياقۇپنىڭ خۇدا بىلەن چېلىشقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، ياقۇپنىڭ سۆڭىكى چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇ يېقىلىپ كەتكەن ھامان خۇدانىڭ بىلىكىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئۇ بەخت ئاتا قىلمىغۇچە قويۇۋەتمىدى. يېڭى ھاياتلىق مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلدى. ئۇ يېقىلىپ چۈشكەن ۋاقىتتا دۇنياغا، ئىنسانغا، تەبىئەتكە تەۋە ھاياتلىققا ئىگە ئىدى. ئورنىدىن تۇرغاندا ئاللىقاچان ئەرشكە، خۇداغا تەۋە مۆجىزىلىك زور ھاياتقا ئېرىشتى. گەرچە ئاشۇ سەھەردە، ئۇ بىر مېيىپقا ئايلانغان بولسىمۇ، بىراق خۇدا: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭ ياقۇپ ئەمەس، ئىسرائىل بولسۇن. چۈنكى سەن خۇدا ۋە ئىنسان بىلەن چېلىشىپ شۆھرەت

قازاندىڭ.» دەپ جاكارلىدى. (28-ئايەت)

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر خۇدا بىزنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يۈكسەك ھاياتقا باشلىماقچى بولسا، ھەر بىرىمىز چوقۇم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز كېرەك. بارلىق پىلانلىرىمىز بىتچىت بولغان، ئاززۇ-ئارمانلىرىمىز كۆپۈككە ئايلىنىپ ئۈمۈدسىز قالغاندا، خۇدانىڭ ئالاھىدە كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ ئورنىمىزدىن دەس تۇرالايمىز. بىراق، بىر شەرت شۇكى، بىز خۇدانىڭ ئالاھىدە كۈچ-قۇدرىتىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن بەدەل تۆلىشىمىز كېرەك. بىز پۈتۈنلەي خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراستىنى، قابىلىيىتىنى توختۇتۇپ، ھەققانىيلىق يولىدا مەسىھ بىلەن بىللە كرېستكە مىخلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىمىز كېرەك. خۇدا بىزنى ئۇچرىغان ئىشلاردا قانداق يېتەكلەشنى ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن مۇشۇ يوللاردا ماڭغۇزۇشنى ياخشى بىلىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا ھازىر سىزنى مانا شۇنداق يېتەكلەۋاتامدۇ؟ سىز ھازىر ئىنتايىن ئېغىر سىناقلارغا، مۇشكۈلاتلارغا، خەتەرلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتامسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ خۇدانىڭ ياردىمىسىز بۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ كۈچ-قۇۋۋىتىڭىزنىڭ يوقلىقىدىن مەغلۇپ بولىدىغاندەك تۇرامسىز؟

بېرىڭ، ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇداغا تايىنىڭ! ئاجىز، ماغدۇرسىز تېنىڭىزنى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلاڭ! خۇددى ياقۇپقا ئوخشاش خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك كۈچلۈك بېلىكىگە ئېسىلىپ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. ئەگەر سىز ھازىرقى تار، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشنى ئاززۇ قىلسىڭىز، چىقىش يولى ئېگىز تۆپىلىكتە. ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ، شۇ چاغدا ئازاد بولىسىز. ئويلىمىغان يەردىن سىزمۇ ياقۇپقا ئوخشاش زور بەختكە مۇيەسسەر بولۇپ قالامسىز تېخى!

# 8-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖«ئۇ مېنى بىخەتەر جايغا ئېلىپ چىقتى، مەندىن سۆيۈنگەچ ماڭا نىجاتلىق بەردى.»**

***(زەبۇر18: 19)***

بۇ «بىخەتەر جاي» زادى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ باشقا بىر جاينى ئەمەس بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىنى يەنى بارلىق ھاياتلىقنىڭ قايتىدىغان ئارامگاھىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ ھۇزۇرى ھەقىقەتەن بىر بىخەتەر جايدۇر. داۋۇت مۇشۇ بىخەتەر جايغا كېلىشتىن بۇرۇن، ھاقارەتلىك ۋە نۇمۇسلۇق سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن خۇددى ئانا بۈركۈت بالىلىرىنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ يۈرگەندەك، سىلەرنى يېنىمغا ئېلىپ كەلدىم.» (مىسىردىن چىقىش 19: 4)

# 8-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«قالغانلارغا كېمىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن تاختايلىرىغا ۋە ياغاچلارغا ئېسىلىۋېلىپ، قىرغاققا چىقىشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن ساق-سالامەت چىقىۋالدى.»**

***(ئەلچىلەر27: 44)***

پاۋلۇسنىڭ رىمغا بېرىش سەپىرىدە ئۇچرىغان سىناقلار ۋە ئېرىشكەن شان-شەرەپلەر ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقاد يولىدىكى بىر نەمۇنىلىك ئۈلگىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك ساۋاق شۇكى: بىز ئۇچرىغان بارلىق قىيىنچىلىقلار ۋە

ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن تەييارلىغان.

كىشىلەرنىڭ ئاددى نەزىرى بىلەن قارىغاندا، ئېتىقاد يولى گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن بىر داغدام يول بولۇپ، خۇدا قاچان ئۆز خەلقىنى خېيىم-خەتەردىن قۇتقۇزماقچى بولسا، شۇ ھامان قىيىنچىلىقلارنى، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئۇلاردىن كۆتۈرىۋېتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىراق، ئەمەلىيەت دەل بۇلارنىڭ ئەكسىچىدۇر. ئىنجىلدا خاتىرلەنگەن ھەربىر ۋەقەلىكلەر بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى: ھەربىر گۇۋاھلىق بەرگۈچى يەنى ئىبراھىمدىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە ئېتىقات يولىدا شېھىت بولغۇچىنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاندىن شان-شەرەپكە ئېرىشكەن.

پاۋلۇسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى: خۇدانىڭ پەرزەنتى بولغان ھەربىر ئېتىقاتچى مەيلى قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت تارتسۇن، ئەمما روھى جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرىمايدۇ. پاۋلۇس دەمەشقتە ھەزرىتى ئەيسا ھەققىدە خۇش خەۋەر تارقاتقانلىقى سەۋەبىدىن، يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەتلەشكەندى. ئاشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ خۇدا ئەرشتىن ئوت چۈشۈرۈپ، پاۋلۇستەك ساداقەتمەن ئەلچىسىنى قوغدىمىغان. بەلكى، قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، سېۋەت ئارقىلىق سېپىل تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ قۇتقۇزغان. (ئەلچىلەر9: 25) قاراڭ، ئۇ خۇددى يۈيۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان مەينەت كىيىمدەك سېۋەتكە قاچىلانغان. ئەيسا مەسىھنىڭ خىزمەتچىسى مانا مۇشۇنداق سېپىل كۆنگۈرىسىدىن سېرىلىپ چۈشكەن.

كېيىن بىز ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتىنى، دوست بۇرادەرلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى، شەپقەتسىزلىك بىلەن قامچا يېگەنلىكىنى كۆرىمىز. خۇدانىڭ

ۋەدىسىگە ئىبرىشكەندىن كېيىنمۇ، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقنى، ئەڭ ئاخىرىدا قۇتقۇزۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىراق، مۇشۇ جەريانلاردا ئەرشتىن ئۇچار كېمە چۈشۈپ، بۇ قىممەتلىك مەھبۇسنى ئېلىپ كەتمىدى ياكى پەرىشتە غەزەپلىك ھۆركىرەۋاتقان بورانغا، دولقۇنغا بۇيرۇق قىلىپ، دېڭىزنى تىنجىتمىدى. بەلكى كېمىدىكى كىشىلەر كېمىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن تاختايلىرىغا، ياغاچلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ ۋە سۇ ئۈزۈپ دېڭىزدەك ئاران تەستە قىرغاققا چىقالىدى. مانا بۇلار خۇدانىڭ بىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىدۇر.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا سىناقلار ئىچىدىن بىزنى دەرھال قۇتقۇزمايدۇ. چۈنكى، خۇدا سىناقلار ئارقىلىق ئىشەنچىمىزنىڭ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ساپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

# 8-ئاينىڭ 23-كۈنى

**📖«ئىسھاقنى ۋەجىدىن، ئىبراھىم خۇدا ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان زېمىنغا چاقىرىلغاندا، ئۇ خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي ئورۇنى يولغا چىقتى.» (ئىبرانىيلار 11: 8)**

مانا بۇ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغانغا ئاساسلانغان ئىشەنچ ئەمەس. كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغانغا ئاساسلانغىنى ئىشەنچ ئەمەس، بەلكى سەۋەبتۇر. پاراخوت ئوكيانلارنى بېسىپ ئۆتكەندىمۇ ئىشەنچكە ئاساسلىنىدۇ. گەرچە، بىز دېڭىز يۈزىدە ھېچقانداق بىر يول بەلگىسىنى ۋە دېڭىز قىرغىقىنى كۆرەلمىسەكمۇ، بىر كۈن-بىر كۈندىن ئالغا

بىسىپ، خەرىتىلەرگە بەلگە قويۇپ ماڭىمىز. بىز ئەنە شۇنداق ئالغا ئىلگىرلەۋاتقاندا، ئۆزىمىزنىڭ مەنزىلگە يېتىپ بارغانلىقىمىزنى دەرھال بىلىمىز.

بىراق، بىز مۇساپىمىزنى قانداق ئۆلچەيمىز؟ ئەلۋەتتە بىزنىڭ كاپىتانىمىز ھەركۈنى ئۆلچىگۈچنى ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ قۇياش ئارقىلىق مۇساپىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ زېمىندىكى نۇرغا ئاساسلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى نۇرغا ئاساسلىنىپ مۇساپە بەلگىلەيدۇ.

گەرچە، ئېتىقاد سەپىرىدە ھېچقانداق يول بەلگىسى، ماياك، كومپاس بولمىسىمۇ مانا مۇشۇنداق ئەرشكە، خۇدانىڭ نۇرىغا تەلمۈرۈپ مۇساپە بەلگىلەيمىز. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، ئىشەنچ قەدىمىمىز خۇددى بىزنى قاراڭغۇلۇققا ۋە ئاپەتكە باشلاپ ماڭغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق خۇدا بىز ئۈچۈن يول ئېچىپ، قاراڭغۇ كېچىنى تاڭ سەھەرگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن بىز بىلگەنلىرىمىزگە ئاساسلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىمىزغا ئاساسلىنىپ مۇشۇنداق ئالغا قەدەم باسايلى.

ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئالدى بىلەن مۇساپە بەلگىلەپ، يول تاختىلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن قەدەم باسىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە قانداقمۇ ئالغا باسقىلى بولسۇن؟ ئىشەنچ، ئۈمىد، مېھىر-مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن ئالمىغا ئوخشاش دەرەختىن ئۈزىۋالغىلى بولمايدۇ. ئالەمنىڭ يارىتىلىشى1-باب1-ئايەتتە، ئالدى بىلەن «خۇدا»، ئاندىن «ھەممىدىن بۇرۇن....» دەپ يېزىلغان. خۇدا ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدادۇر. خۇدا پەقەت ئۆز-ئۆزىگە ياردەم بېرەلەيدىغان كىشىلەرگە يار-يۆلەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز-ئۆزىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان كىشىلەرگىمۇ يار-يۆلەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز چىن دىلىڭىزدىن ئۇنىڭغا تايانسىڭىزلا كۇپايە.

ياخشى پۇرسەت ھەمىشە ھەددىدىن ئارتۇق ئېھتىياتچانلىق سەۋەبىدىن قولدىن كېتىپ قالىدۇ.

# 8-ئاينىڭ 24-كۈنى

**************

📖**«ھەممە نەرسەم ئېخىمۇ تولۇقلىنىپ ئېھتىياجىمدىن ئېشىپ كەتتى.»** ***(فىلىپىلىكلەر4: 18)***

مەن باغۋەنلىككە ئائىت بىر كىتابتىن، پەقەت قاراڭغۇدىلا ئۆسىدىغان بىر گۈلنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. بۇ گۈل ئەزەلدىن قۇياش نۇرىغا مۇھتاج بولمايدىكەن. يولدۇشۇم بۇ گۈلنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن قورقمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە قاراڭغۇ مۇھىتتا تېز ئۆسىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

روھىيەت دۇنياسىدىمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ مۇھىتتا بىخلىنىپ، قاراڭغۇ مۇھىتتا ئۆسىدىغان گۈللەر بار.

ئەلچى پاۋلۇس فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان بۇ خەتنى رىمدا مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا يازغان. ئاشۇ ۋاقىتتا، بەلكى پاۋلۇس ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاخىرلاشقاندەك ھېسسىياتتا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مانا مۇشۇنداق مۇھاسىرە ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا بۇ گۈل ئىنتايىن پورەكلەپ، چىرايلىق ئېچىلغان. ئېھتىمال پاۋلۇسىمۇ بۇرۇن بۇنداق«قاراڭغۇ گۈلى» نى كۆرۈپ باققان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ گۈللەر ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك گۈزەل بولۇپ باقمىغان ئەلۋەتتە. خۇدانىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا، ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان خەزىنىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن.

بۇ خەزىنىنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ئاجايىپ نەرسە ساقلانغانىدى. ئۇلار بولسا:

مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى، مەسىھنىڭ مۇھەببىتى، مەسىھنىڭ خۇشال-خۇراملىقى ۋە ئامانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ نەرسىلەر خۇددى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆزلىرىدىكى بۇ يوشۇرۇنغان سىرلارنى ۋە شان ـشەرەپلەرنى ئېچىۋېتىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. قاراڭغۇ زۇلمەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پاۋلۇس ئۆزىنىڭ ئىلگىرى روھقا تەۋە تېخىمۇ مول ھاياتنى تونۇمىغانلىقىنى بايقىغان. جوۋېت (Dr.Jowett)

ھەربىر تال گۈلنىڭ گۈزەللىكى دەل ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدا قارا سايىسىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

نۇر قانچە كۈچلۈك بولسا، سايىمۇ شۇنچە قارا بولىدۇ.

## 8-ئاينىڭ 25-كۈنى

**📖«بۇ ئېتىقاد يولى ئاشكارا بولغۇچە، قانۇن بىزنى قوغداش يۈزىسىدىن قاماپ قويغانىدى.» *(گالاتىيا3: 23)***

«قاماپ قويغانىدى» دېگەن بىر قانچە سۆز ئىنگلىز تىلىدىكى Shut up to faith دىن كەلگەن. «shut up » نىڭ مەنىسى ئېتىش، يېپىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ياخشى بولمىز دەپمۇ ياخشى بولالمايۋاتقان، ھەتتا بىرەر نەرسىگە ئۈمۇد باغلىيالمايدىغان، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئاسارىتىدە قامىلىپ قالغان بىزنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئامالسىز تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئېتىۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا يەنە بىر يول ئوچۇقتۇر. ئۇ بولسىمۇ ئېتىقاد يولىدۇر.

ئۆتمۈشتە خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئىنسانلارنى نازارەت قىلىشتىكى

مەقسدى، ئۇلارغا ئېتىقادىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئىدى. تەۋرات قانۇنى ئاستىدا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھەم مۇشۇنداق ئامالسىز ئەھۋالدا ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىنىدىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى تونۇدى.

خۇدا ھازىر يەنىلا بارلىق يوللارنى ئېتىۋېتىپ، بىزگە پەقەت ئېتىقاد يولىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنىڭ خاراكتېرىمىز، مۇھىتىمىز، سىناقلار، ئۈمۈدسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بىزنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇھاسىرىگە ئالغان تەدبىرلىرىدۇر. خۇدا بىزنى بىردىن-بىر چىقىش يولى يەنى ئۆزى تەييارلىغان نىجاتلىق يولىنى كۆرۈشكە چاقىرىدۇ. مۇسا ياش ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا، كۈچ-قۇدرىتىگە، ھوقۇقىغا، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ مىللىتىنى قۇتقۇزماقچى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا ئۇنى چۆلدە قىرىق يىل مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاندىن خىزمىتىگە سالغان.

پاۋلۇس بىلەن سىلاس فىلىپى شەھىرىگە بېرىپ خۇش خەۋەر تارقاتقاندا، قامچىلانغان، زىندانغا تاشلانغان، ئىتقا ئوخشاش خارلانغان. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد يولىدىن باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى يوق بولۇپ، تۆت ئەتراپتىكى ھەممە يول ئېتىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار خۇداغا تايانىدى. ئۇلار قاراڭغۇ زىنداندا، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، شۈكۈر ئېيتقاندا، خۇدا ئۇلارنى قۇتقۇزدى.

يۇھاننامۇ يەككە-يىگانە ھالدا قاقاس پاتمۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت ئېتىقاد يولىلا ئوچۇق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ چىقىش يولى بۇنداق ئېتىۋېتىلمىگەن بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ شان-شەرەپلىك ۋەھىيسىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھازىر ئىنتايىن مۈشكۈل قىيىن ئەھۋالدىمۇ؟ سىزنى غايەت زور ئۈمۈدسىزلىك قاپلىۋالدىمۇ؟ بۇ ئىشلار سىزنى قايغۇغا سېلىپ، سىزگە تۈگىمەس زىيان يەتكۈزدىمۇ؟ سىز ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتامسىز؟ ھەرگىز قايغۇرماڭ، گەرچە تۆت ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە يوللار ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر يول يەنى ئېتىقاد يولىڭىز تېخى ئوچۇقتۇر. بارلىق ئېغىر يۈكلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭ. ئۇنى مەدھىيلەڭ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى سۆيىدىغانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. (رىملىقلار8: 28) ھەمدە ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە ئۇنىڭ تەييارلىغانلىرى دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق ئادەم ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردۇر. (يەشايا64: 4) سىز سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ بەخت-سائادىتى، ياردىمى، ۋەھيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەسسىلەپ ئۈستىڭىزگە ياغىدۇ. سىزدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ھەممىسى سىز ئۇچرىغان سىناقلار ئارقىلىق تېخىمۇ زور شان-شەرەپ ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

# 8-ئاينىڭ 26-كۈنى

**📖«يەر تېگى: "مەندە ئەمەس" دەيدۇ. دېڭىز بولسا: "مەن بىلەنمۇ بىللە ئەمەستۇر" دەيدۇ.» *(ئايۇپ28: 14)***

ئېسىمدە قېلىشىچە مەلۇم بىر يىلى يازدا مەن"مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغانلىرىم دېڭىز-ئوكيانلاردا....." دەپ ئويلاپ، دېڭىز-ئوكيانلار بار جايغا باردىم. بىراق،

دېڭىز-ئوكيانلاردىن: "سەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر مەندە يوق" دىگەن جاۋاپقا ئېرىشتىم. دېڭىز-ئوكيانلار مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ماڭا بېرەلمىدى....... شۇنداق قىلىپ، مەن: "ئېگىز تاغلار چوقۇم ماڭا ئاراملىق بېرىدۇ"دەپ، ئېگىز تاغلار بار جايغا باردىم. مەن سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك تاغقا ئۈمۈد بىلەن تەلمۈردۈم. بىراق، بۇ ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار: "سەن ئىزدىگەن نەرسىلەر مەندە يوق" دېدى. تاغلارمۇ مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئاھ! مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر زادى نېمە؟ مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر ئەسلى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببەت دېڭىزى بىلەن ھەقىقەت تېغى ئىكەن. تېگى يوق ھاڭ بولسا: "ئەقىل-پاراسەت مېنىڭ ئىچىمدە ئەمەس" دېدى. توغرا، ئەقىل-پاراسەت مەرۋايىت، ئالتۇن، ئالماسقا ئوخشاش ئۇنداق كۆپ بولمايدۇ. پەقەت بىردىن-بىر مەسىھلا ئەقىل-پاراسەت بولۇپ، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئېھتىياجىمىزدۇر.

بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىز پەقەت مەسىھنىڭ دوستتانىلىقى ۋە مۇھەببىتى ئاستىدىلا تەسەللى تاپالايدۇ.

سىزنىڭ بىر بۆركۈتنى ئورمانلىقتا تۇتۇپ قالغۇدەك ئامالىڭىز يوق. سىز ئەڭ گۈزەل ناخشىچى قۇشلارنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەغمە-ناۋا قىلدۇرۇپ، ئەڭ ھەيۋەتلىك قارىغاي دەرىخىدىن قونالغۇ ياساپ بەرسىڭىزمۇ ياكى پەرشتىلەر ئارقىلىق ئەڭ ئالى نازۇ-نېمەتلەرنى ئالدىغا قويۇپ قويسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوتالمايسىز. ئۇ يەنىلا كۆك قەرىدە قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلىشنى، ئېگىز ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىغا نەزەر تاشلاشنى، يەنىلا ئۆز يۇرتى بولغان قورام تاشلىققا قاراپ ئۇچۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق قار-يامغۇر، بوران چاپقۇن ئىچىدە قەلبى ئارام تاپىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قەلبىمۇ بۇركۇتكە ئوخشاش بولۇپ، مەڭگۈلۈك «قورام تاش» بولمىسا، مەڭگۈلۈك ئاراملىقتا ئېرىشەلمەيدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىز ئەرشتۇر. بۇ ھەقتە زەبۇردا مۇنداق بىر كۈي بار: «يا رەببىم، سەن بارلىق دەۋردە بىزگە ماكان بولۇپ كېلىۋاتىسەن.» (زەبۇر90: 1)

# 8-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا بۇ ئادەمنى بىر چەتكە تارتىپ...............» (ماركۇس7: 33)**

پاۋلۇس مەيلى مەسىھ ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا بولسۇن ياكى مەھبۇس بولۇپ زىنداندا ياتقان چاغلاردا بولسۇن سىناقلارغا ئالاھىدە بەرداشلىق بەرگەن. بىز قاتتىق ئەمگەكلەردە جاپا تارتساق، بەرداشلىق بېرەلىشىمىز مۇمكىن. بىراق، بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، زىنداندا مەھبۇس بولۇپ قالساق بەرداشلىق بېرەلىشىمىز ناتايىن.

باتۇر كىچىك قۇش ئەركىن پەرۋاز قىلغاندا، بۇلۇتلارغا چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشى، ئۇزۇن سەپەرگە بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن. بىراق، قەپەزگە سولانغاندا، ئاجىز قاناتلىرىنى قەپەزگە ئۇرۇپ، ئازابلىق پالاقلىشى ناھايىتى ئېنىق. سىز چوققۇم بۈركۈتنىڭ قەپەزگە سولانغان ھالىتىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ ھەتتا ئاچچىقلىنىشنىمۇ بىلمەستىن قاناتلىرىنى سىلىپ، ئۈمۈدسىز ھالەتتە شۈك تۇرىدۇ. ھەرىكەتلەنمەسلىك نېمىدېگەن ئازابلىق ھالەت -ھە!

پاۋلۇس زىنداندا، بۇ باشقىچە بىر تۇرمۇش ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ زىنداندا نېمە

قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باققۇڭىز بارمۇ؟ ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى زىندان ئەمەس، بەلكى زىندانىنىڭ چوققىسىدىكى ئەرشتۇر. ئەتراپىدىكىلەر دۈشمەن ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ بېشى ئۈستىدىكى ئەرشتۇر. ئۇ سالام خەتلىرىگە ئىمزا قويۇۋېتىپ، مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: مەن ئاگرىپاخانىنىڭ مەھبۇسى ئەمەس ھەم پادىشاھ قەيسەرنىڭمۇ ئەمەس. بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ مەھبۇسىدۇرمەن. (ئەفەسلىكلەر3: 1) بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولىنى كۆرەلىگەن. ئۇ زىندانىنى مۇقەددەس ئىبادەتخانا ئورنىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، زىندانىدىمۇ غەلبە شادلىقىغا چۆمۈپ، خۇشال-خۇراملىق بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇيالىغان.

گەرچە مەجبۇرلاش، زىيانكەشلىك سەۋەبىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان خىزمىتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى بىر مۇنبەر يەنى يېڭى بىر گۇۋاھلىق مۇنبىرى قۇرغان. ئۇنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتى بىزگە ئىنتايىن شىرىن، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئەركىنلىك يولىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىزگە ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى، يورۇقلۇقلىرى نەقەدەر قىممەتلىك-ھە!

يوھان بۇنيانىنىڭ (Bunyan) بېيدفورد (Bedford) تۈرمىسىدە ئون ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىر ئېغىز سۆزلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى. بىراق، ئۇ يەردە، ئۇ ئىنجىلدىن باشقا كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىپ، قەلب تارىنى چېكىدىغان ـ «ئەرش سەپىرى» دىگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇ: «مەن تۈرمىدە خۇددى ئۆز ئۆيۈمدىكىدەك ئاراملىقتا ئىدىم. مەن ئۈزلۈكسىز يازدىم، يازدىم. چۈنكى خۇشاللىق مېنى مەجبۇرى يازغۇزدى.» دەيدۇ.

ئاھ، ئەرشكە تەۋە تەسەللى، ئاراملىقنىڭ ھەممىسى تەنھالىق ئىچىدە ئېقىپ چىققاندۇر!

# 8-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«.........پەرۋەردىگار ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇ يەردە ئۇلارغا ئۆز تەلەپ ۋە شەرتلىرىنى ئېلان قىلدى....» (مىسىردىن چىقىش15: 25)**

بىر كۈنى، مەن چوڭ كۆلەملىك پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئېكىسكورسىيەگە باردىم. تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى كىچىك-كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈنگەنىكەن. پولات تاۋلىنىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە سان-سىفىرلار بىلەن سۈپەت دەرىجىسى بەلگىلىنىدىكەن. بەزىلىرى تولغىغان ھامان ئۆزۈلۈپ كېتىدىكەن. بەزىلىرىنى ئۇزۇن سوزغىلى، يەنە بەزىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كىچىكلەتكىلى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ تولغىنىشچانلىقى، ئىلاستىكىلىقى، بېسىم كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا ئاساسەن ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە سان-سىفىر بەلگىلىرى بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقى بۇ پولاتلارنىڭ قانچىلىك بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى، بۇ پولاتتىن كېمە، ئۆي-ئىمارەت ياكى كۆۋرۈك ياسىغاندا قانچىلىك ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق بىلىدىكەن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تەجرىبىخانىسىدىكى سىناقلار ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىققانىكەن.

خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىمۇ مۇشۇنداق سىنىلىدۇ. خۇدا بىزنىڭ ئەينەك ياكى ساپال لوڭقىغا ئوخشاش ئاجىز بولۇشىمىزنى ئەمەس، بەلكى پولاتقا ئوخشاش ھەرقانداق بېسىملارغا، تولغاشلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

ئۇ بىزنىڭ تاشتەكتىكى گۈل ئەمەس، بەلكى بوران-چاپقۇنلاردا مەزمۇت تۇرالايدىغان ئارچا دەرىخى بولۇشىمىزنى خالايدۇ. ئۇ بىزنىڭ شامال چىقسىلا تۈزۈپ

كېتىدىغان قۇم بارخانلىرى ئەمەس، بەلكى شىددەتلىك بورانلارغىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان تاش چوققا بولۇشىمىزنى خالايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئەنە شۇنداق قەيسەر، مەزمۇت بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلغانىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم بىزنى جاپا-مۇشەققەت تەجرىبىخانىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: جاپا-مۇشەققەت ھەقىقەتەن خۇداغا بولغان ئىشەنچنى تاۋلايدىغان تەجرىبىخانىدۇر.

باشقىلارغا ئىشەنچ ھەققىدە سۆزلىمەك ئىنتايىن ئاسان. بىراق، خۇدا دائىم بىزنى ساپ ئالتۇن بىلەن ساختا ئالتۇننى ئوتقا سېلىپ، تاۋلاپ ئايرىپ چىققاندەك جاپا-مۇشەققەت، بېسىملار ئىچىدە سىنايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بوراندا قالغان قامغاقتەك ئىشەنچسىز بولسا، بىز خۇدانىڭ قىممەتلىك سۆزلىرىگە تايىنىپ، بۇ تېنچسىز تۇرمۇشتىن ئازادلىككە ئېرىشەلەيمىز. مەسىھ بىلەن تەڭ بوران-چاپقۇندا قېلىش، مەسىھ يوق تېنچلىقتىن كۆپ ئەۋزەلدۇر.

ئەگەر، جاپا-مۇشەققەت بولمىسا روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر.

# 8-ئاينىڭ 29-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا ئۆز كرېستىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ماڭدى.» (يۇھاننا19: 17)**

«ئالماشتۇرۇلغان كرېست» دەيدىغان بىر شېئىر بار. بۇ شېئىردا ئىنتايىن چارچىغان بىر ئېتىقاتچىنىڭ ئۆزىنىڭ كرېستىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئېغىر دەپ

قاراپ، ئۆز كرېستىنى باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ يۇدۇشكە ئىنتىزار بولغاندەك ۋەقەلەر يېزىلغان. بىر كۈنى بۇ ئېتىقاتچى چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشىدە بىر يەرگە بېرىپ، ئۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويۇلغان شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كرېستلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىچىك كرېست جازىنىڭ شەكلى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۈستىگە ئالماستىن كۆز قويۇلۇپ، ئالتۇندىن بېزەلگەنىكەن. بۇ كۆركەم جازىنى كۆرگەن ئېتىقاتچى ھاياجانلانغىنىدىن: «ئاھ، بۇ كرېستنى يۇدۇپ يۈرمەك چوقۇم بەك راھەت» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ كرېستنى يۇدۇمەكچى بولۇپ قولىغا ئاپتۇ. ئەپسۇس، گەرچە ئالماس بىلەن ئالتۇن ناھايىتى گۈزەل بولسىمۇ، ئېغىر بولغاچقا ئۇ بۇلارنى كۆتۈرەلمەپتۇ.

كېيىن، ئۇ باشقا بىر سۆيۈملۈك كرېست جازىنى كۆرۈپتۇ. بۇ جازا ئىنتايىن نەپىس نەقىشلەنگەن بولۇپ، يېڭى ئېچىلغان گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغانىكەن. ئۇ، بۇ جازا چوقۇم يۇدۇشكە ئاسان، دەپ ئويلاپتۇ-دە كۆتۈرمەكچى بولۇپ، ئېڭىشىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن گۈللەرنىڭ ئۆتكۈر تىكەنلىرى ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئاغرىتىپتۇ.

ئۇ بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، بىر-بىرلەپ سىناپ بېقىپتۇ ھەم ھەرقانداق كرېست جازىنى يۇدۇمەكنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىنتايىن ئاددىي ياسالغان بىر كرېست جازىنى كۆرۈپتۇ. بۇ كرېست جازىنىڭ ئۈستىدە ھېچقانداق ئالماس يوق بولۇپ، نەقىشمۇ ئويۇلمىغانىكەن. پەقەت ئۈستىگە بىر قانچە سۆز يېزىلغانىكەن. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە، بۇ جازىنى يۇدۇمەك چوقۇم باشقىلارنىڭكىدىن ئاسان دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ، بۇ جازىنى ئېلىپ، قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ ئەستايىدىل قارىسا، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كرېست جازىسى ئىكەن. ئاھ، بۇ كونا كرېست جازا نۇرغۇن كرېست جازىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېنىك جازىكەن ئەمەسمۇ؟

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا بىزنىڭ قايسى كرېست جازىنى كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغانلىقىمىزنى بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ كرېستتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. دائىم باشقىلارنىڭ ئالتۇن-يامبۇلاردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەن چىرايلىق كرېستلىرىغا ھەۋەس قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئالتۇندىن بېزىلىپ، ئالماس كۆز قويۇلغان كرېست جازىسىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. يەنە بەزى كىشلەرنىڭ تۇرمۇشى قارىماققا ئىنتايىن سۆيۈملۈك بولۇپ، خۇددى نەقىشلىنىپ گۈل تىزىلغان جازىغا ئوخشايدۇ. بىراق، بىز ئۇلار يۈدۈۋالغان بۇ كرېست جازىنىڭ ئۆتكۈر تىكىنى بارلىقىنى بىلمەيمىز. ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ كرېستتىنى يۈدۈپ، سىناپ باقساق چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ كرېستتىنىڭ ئەڭ يەڭگىل، ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ كرېست جازىلارنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق بىر كرېست جازا ئۆزىمىزنىڭكىدەك بىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

# 8-ئاينىڭ 30-كۈنى

📖«كېمىلەرde دېڭىزغا چىقىشىپ قاتنىغۇچىلار،
بۈيۈك سۇلاردا تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار بولسا،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بولۇپ،
چوڭقۇر ئوكيانلاردا كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنى كۆرىدۇ.» (زەبۇر107: 23-24)

شامال ئومۇمەن بىزنىڭ روھىي سەپىرىمىزدىكى ياردەمچىمىزدۇر. بىزگە ھېچقانداق ياردىمى تەگمەيدىغىنى ھەرقانداق شامالنىڭ بولماسلىقىدۇر. مەيلى

شىمال، شەرق، غەرب، جەنۇب شاملى بولسۇن، ئۇمۇمەن شامال بولسىلا بىزنىڭ پۇرتقا كېرەلىشىمىزگە ياردەم قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز چوقۇم بىر ئىشقا ئىنتىلىشىڭىز كېرەك: «ئى خۇدا، بىزنى دېڭىز-ئوكيانلارغا ئاپىرىپ قويغىن. بۈيۈك سۇلار ئىچىگە كىرگۈزگىن. بىزنىڭ ھازىر تۇرىۋاتقان ئورنىمىز تاش جىنسلىرىغا ئىنتايىن يېقىن. ئەگەر بىز ئالۋاستى بىلەن ئازراقلا جەڭ قىلساق، تاش جىنسلىرىغا ئۇرۇلۇپ پارە-پارە بولۇپ كېتىمىز. ئى رەببىم، بىزنى دېڭىز-ئوكيانلارغا، بۈيۈك سۇلار بار جايغا ئاپىرىپ قويغىن. بىز ئۇ يەردىكى يېتەرلىك زېمىندا شان-شەرەپلىك غەلبە قۇچايلى» دەپ دۇئا قىلىڭ.

سىناقلارغا ئۇچرىغاندا، بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ئەڭ چوڭ بولىدۇ. سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكلەرنىڭ ھەممىسى تەندىكى ئىشەنچتۇر. ئوڭۇشلۇق شارائىتتىكى ئىشەنچ، ھەقىقى ئىشەنچ ئەمەستۇر.

# 8-ئاينىڭ 31-كۈنى

**✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻**

📖 ***«كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەنلەر نەقەدەر بەختلىك-ھە!...........» (يۇھاننا20: 29)***

كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە تايانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا خۇدا كۆز بىلەن كورگىلى بولمايدىغان ئىشلاردا بىزنى قوغدايدۇ. مانا بۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. قۇش ئۇچۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزى قۇنۇۋالغان دەرەخ شاخلىرىدىن ۋە تاملاردىن ئايرىلىپ، قاناتلىرىغا تايىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ يەر يۈزىگە يېقىنلاشسا، ئۇچۇشى خەتەرگە ئۇچرايدۇ.

ئىبراھىم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ تۈگەپ، كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ يېقىنلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، پۈتۈنلەي خۇداغا تايانغان ھەم ئىشەنگەن. ئۇ ئۆزىگە ئەمەس، پەقەت يەككە-يېگانە خۇداغا قارىغان چېغىدىلا، ئاندىن پۈتۈنلەي خۇداغا ئىشەنچ قىلالىغان. خۇدا ۋەدە قىلغان ئىش جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خۇدا بىزنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىدۇ، بۇنى تاكى بىز بىرەر نەرسىگە تايانماي پەقەت ئۇنىڭغا تايانغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆز سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

## 9-ئاينىڭ 1-كۈنى

📖« ،ئى، خار قىلىنغان، بوراندا ئۇيان-بۇيان چايقالغان، ھېچ تەسەللى قىلىنمىغان سەن. مانا، مەن تاشلىرىڭنى رەڭدار لاي بىلەن قىرلايمەن. مەن كۆك ياقۇتلار بىلەن ئۇلۇڭنى سالىمەن.» (يەشايا54: 11)

تامدىكى تاش مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنتايىن يىراق ئىگىز تاغلاردىن كەلدۇق. ئوت ۋە سۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئەجىر قىلىشى بىلەن، بىز تىك يار بولۇپ ياسالدۇق. ئادەملەر بىزدىن ئولتۇراق ئۆي ياسىدى. سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى، جاپا-مۇشەققەت تارتتى، ھۇزۇر-ھالاۋەت كۆردى، ئاراملىقتا ۋە ھىمايىگە ئېرىشتى. بىزنى ۋە سىلەرنى ياراتقان پەرۋەردىگاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى ئۆگەندى. بىراق، بىز ئېرىشكەن بۇ كۈنلەر بولسا نۇرغۇنلىغان ئازابلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. پۇرۇخ (مىلتىق دورىسى) يۇرىكىمىزنى مايدا پىشۇرغاندەك پىشۇرۇۋەتتى. ئۆتكۈر پالتا ئىچ باغرىمىزنى تىلىپ، پارە-پارە

قىلىۋەتتى. بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنى مانا مۇشۇنداق ھېچبىر سەۋەبسىز، نام-نىشانسىز تاش ئورەكلىرىدە تاشلىنىپ قالغان كېرەكسىز بويۇملاردەك ھېس قىلدۇق. كېيىن بىز ئاستا-ئاستا رەتلىك تاش تاختا ھالىتىگە كەلدۇق. مانا ھازىر ئاللىقاچان مۇكەممەل بولۇپ، بۇ يەردە كارغا كېلىۋاتىمىز.

سىلەر يەنىلا تاش ئۆرەكلىرىدە تۇرىۋاتىسىلەر. سىلەر تېخى مۇكەممەل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر بىزنىڭ بۈرۈنقى ھالىتىمىزگە ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەنمەيسىلەر. بىراق، بىر ئىشنى چوقۇم بىلىشىڭلار كېرەككى، ھامان بىر كۈنى سىلەر خۇدانىڭ قولى بىلەن ئەرشتىكى ئىبادەتخانىغا تىرىك تاش بولۇپ قويۇلۇسىلەر.»

# 9 -ئاينىڭ 2-كۈنى

**📖«چۈنكى، خۇدا سىلەرگە پەقەت ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشىڭمۇ شەرىپىنى ئاتا قىلغان.» *(فىلىپىلىكلەر1: 29)***

خۇدا ئىنتايىن پۇختا بىر مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپتە نۇرغۇنلىغان دەرسلىكلەر بولۇپ، ھەممىسى كۆز-ياشلارنى تۆكۈپ تۇرۇپ، جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رىچارت (Richard Baxter) مۇنداق دەيدۇ: «ئى خۇدا، مەن ساڭا شۈكۈر ئېيتىمەن. چۈنكى، سەن مېنى ئەللىك سەككىز يىل تەربىيىلىدىڭ.» مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرى غەلبىگە ئايلانغان.

بىزنىڭ ئەرشتىكى ئاتىمىز قۇرغان بۇ مەكتەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاخىرلىشىدۇ.

بىزنىڭ تەربىيلىنىدىغان ۋاقتىمىز كۈندىن-كۈنگە قىسقىراۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆگىنىش قىيىن بولغان دەرسلىكلەردىن ھەرگىز ۋايسىمايلى. ئۇچراشقا تېگىشلىك جازادىن ھەرگىز مۆكۈۋالمايلى. ئەگەر، بىز شاد-خۇراملىق بىلەن ئاخىرغىچە سەۋىر-تاقەت قىلساق، شان-شەرەپ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، غەلبە تاجىنى كىيىشكە ۋە ئەرشتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن بەھىر ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالايمىز.

دۇنيادىكى ئەڭ نەپىس فار-فۇر قاچا ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم كۆچلۈك ئوتتا تاۋلانغان بولىدۇ. جوئېسدېننىڭ(Dresden) فار-فۇر قاچىسى ھەمىشە ئۈچ قېتىم تاۋلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن فار-فۇر بويۇملار ئۈچ قېتىم تاۋلىنىشى كېرەك؟ بىر-ئىككى قېتىم يېتەرلىك بولماسمۇ؟ ياق، فار-فۇر قاچا چوقۇم ئۈچ قېتىم تاۋلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇستىدىكى سېرىق، قىزىل رەڭلەر تېخىمۇ يارقىن، رۆشەن گەۋدىلىنىدۇ.

ئىنسان ھاياتىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىرىنسىپقا ئاساسلىنىدۇ. سىناقلار بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم بېشىمىزغا كەلگەندە، خۇداغا شۈكۈر ئېيتايلى. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ، سىناق جەريانىدىكى گۈزەل رەڭلەر مەڭگۈ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ساقلىنىپ قالسۇن.

# 9-ئاينىڭ 3-كۈنى

**📖«شاگىرتلىرىنىڭ پالاقنى ناھايىتى تەستە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. چۈنكى، قارشى تەرەپتىن شامال چىقىۋاتاتتى.................................» (ماركۇس6: 48)**

بىز ھەرگىز ئۆز تىرىشچانلىقىمىزغا تايىنىپ، خۇدا بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. خۇدا ئۆزى بەلگىلىگەن خىزمەتلەرنى پەقەت ئۆزىلا قىلالايدۇ. ئەگەر، بىز تېنچ ھالدا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلساق، ئىشلارنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل پۈتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلساق ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز؟ پەقەت پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ئەيسا مەسىھكە تايانغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىمىزنى تولدۇرغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەندە، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز.

بىر قېتىم، مۇشۇ سىرنى ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولغان بىر قېرىندىشىمىز مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللىقاچان ھەزرىتى ئەيسا بەرگەن ھاياتلىق سۈيىدىن ئىچتىم. شۇڭا مەن مەڭگۈ ئۇسسىمايمەن. مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار:< ئىشلىگەن چىشلەيدۇ>. بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئاللىقاچان تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. مېنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىم بىلەن ھازىرقى ھاياتىم پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ»

بۇ خىل ھەممىگە قادىر، كەمكۈتىسىز غەلبە ئەسلىدە مەسىھنىڭ بىزنى مەڭگۈ ئاراملىقتىن، ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن بەرگەن سوۋغىتىدۇر.

جىمجىتلىق ئىچىدىكى تىرىلىشتە، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ساقلانغاندۇر.

# 9-ئاينىڭ 4-كۈنى

**«كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، خالايىق قاتتىق نەرە تارتسۇن. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ سېپىلى تېگىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، خالايىق ئالدىغا قاراپ ماڭسۇن.» *(يەشۇ6: 5)***

ئىشەنچ بىلەن توۋلاش ھەرگىز ئىككىلەنگەن ھالدا ئىدا قىلىش ياكى ئۈمىدسىز پەرياد چېكىش ئەمەس. مەن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نۇرغۇنلىغان سىرلىرى ئىچىدە يەنە قانداق نەرسىنىڭ ئىشەنچ بىلەن توۋلاشتىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. پەرۋەردىگار خۇدا يەشۇغا تاپىلاپ: «قارا، مەن ئاللىقاچان ئېرىخا شەھىرىنى، پادىشاھنى، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم» دېگەن(2-ئايەت). خۇدا: «مەن كەلگۈسىدە...» ئەمەس، بەلكى «ئاللىقاچان...سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم» دەۋاتىدۇ. ئېرىخا شەھىرى ئاللىقاچان ئىسرائىللارغا تەۋە بولدى. ھازىر پەقەت ئۇلار بېرىپ ئىگەللىسىلا بولىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە قانداق ئىگەللەشتە!!1 ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بۇ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۆزىنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى يەشۇغا ئېيتىپ بەرگەن.

ئۇلارنىڭ ھېچبىرى توۋلاش ئارقىلىق سېپىل تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، دەپ ئويلىمىغان. بىراق، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ سىرى دەل توۋلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇلار ئېتىقادى ۋەجىدىن، خۇداغا ئىدا قىلىپ توۋلىغان. ئۇلار غەلىبىدىن ھېچقانداق بەلگە يوق ۋاقىتتا، پەقەت خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن، خۇدا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە

ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، توۋلىغان ۋاقىتتا سىپىل تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

خۇدا ئاللىقاچان ئېرىخا شەھرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى، ئىشەنچ دەل مۇشۇنداق ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن مۇقەددەس روھ، ئېتىقادقا ئاساسەن قىلىنغان بۇ غەلبە شان-شەرىپىنى ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەتتە مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ئېتىقادى ۋەجىدىن، ئىسرائىللار يەتتە كۈن ئېرىخا شەھەر سېپىلىنى ئايلانغاندىن كېيىن، سېپىل ئۆرۈلدى.» (ئىبرانىيلار11: 30)

## 9-ئاينىڭ 5-كۈنى

**«ئۇنى كۈتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر.» (يەشايا30: 18)**

خۇدانى كۈتۈشكە ئائىت ھەقىقەتنى بىز بەك كۆپ ئاڭلاپ كەتتۇق. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بىز بارلىق شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىساق، خۇدا شۇ ھامان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ.» ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «خۇدا مەڭگۈ ھازىرقى خۇدا. خۇدانىڭ ئۆتمۈشى، كەلگۈسى يوقتۇر. ئەگەر بىز چىن دىلىمىزدىن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىپ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلساق، ئۇ بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى شۇ ھامان تەمىنلەيدۇ. ئارزۇ-ئۇمۇدلىرىمىزنى قاندۇرىدۇ. دۇئالىرىمىزنى ئاڭلايدۇ.»

بۇ خىل ئېتىقادنىڭ نۇرغۇن ھەقىقەتلىرى بار. بىراق بۇلار پەقەت ھەقىقەتنىڭ بىر تەرىپى خالاس. خۇدا مەڭگۈ ھازىرقى خۇدا، بۇ سۆز ھەقىقەتەن توغرا. بىراق، خۇدانىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. بىزنىڭ خۇدادىن

تىلىگەن تىلەكلىرىمىز خۇددى توپىغا كۆمۈلگەن ئۇرۇقتا ئوخشايدۇ. بۇ ئۇرۇق بىخ چىقىرىپ كۆكلەش ئۈچۈن سۇغۇرۇشقا، ئۇغۇتلاشقا مۇھتاج بولغاندەك، دۇئالىرىمىزنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ.

## 9-ئاينىڭ 6-كۈنى

****************

**📖«...ئۇلار يوقىلىدۇ، لېكىن سەن مەڭگۈ يوقالمايسەن..............» (ئىبرانىيلار1: 11)**

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، يالغۇز مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئىنتايىن غېرىب ھېس قىلىمىز. بوش ئورۇنلارغا تىكىلگىنىمىزچە ئۆزىمىزنى توتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىمىز. بىراق، قەدىرلىك دوستۇم، بىلىشىڭىز كېرەككى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىرسى دەل ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرىدۇ. ئۆزىڭىز ھېس قىلالمىدىڭىز شۇ! ئەمەلىيەتتە بۇ بىر بەختلىك ئىش بولسىمۇ سىز يەنىلا پاكىتقا، ھېسسىياتقا، ھاۋارايىغا ۋە تەن سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئاساسلاندىڭىز.........

مانا مۇشۇنداق يامغۇر، تۇمان، ئويغۇسىزلىق، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قەلب قەسىرىمىزگە تەسىر قىلىپ، خۇدا ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتنى ھېس قىلدۇرمايدۇ. شۇنداق بىر نەرسە بار بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈككە ھەم زور بەخت-سائادەتكە ئىگە. بۇ خىل نەرسىنى خالىغانچە سىرتلاردىن ئىزدەپ تاپقىلى، ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل نەرسە نېمە؟ بۇ خىل نەرسە دەل ئېتىراپ قىلىشتۇر. يەنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، ھەرۋاقىت بىز بىلەن بىرگە بولىدىغان سىرلىق، تېنچ، مۇلايىم، تەمكىن، قىزغىن خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، خۇدا دەل مۇشۇ يەردە، يەنى دەل سىزنىڭ يېنىڭىزدا، ئۇنىڭ سىز بىلەن بىرگە بولۇشى بىر ھەقىقەتتۇر. سىز ھەرگىز ھېس-تويغۇلىرىڭىزدىكى پاكىتقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىز بىلەن بىللە تۇرغانلىقىدەك پاكىتنى ئېتىراپ قىلىڭ. قەدىرلىك دوستۇم، سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا ئەنە شۇنداق بىر قىزغىن دوست، ھەممىگە قادىر خۇدا ــ قايغۇ-ھەسرەت ۋە كۆز-ياشلىرىڭىزغا ئورتاق بولماقچىدۇر.

## 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽

**📖«خۇدا بىزنىڭ باشپاناھىمىز ۋە كۈچ قۇدرىتىمىزدۇر.**

**كۈلپەتتە قالغىنىمىزدا ھەر قاچان يارەدەمچىمىزدۇر.» *(زەبۇر46: 1)***

ئادەملەر دائىم مۇنداق سورايدۇ: «خۇدا نېمە ئۈچۈن ماڭا بالدۇرراق ياردەم بەرمەيدۇ؟» مەن بۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: بۇ ھەرگىز خۇدانىڭ ئىش بېجىرىش تەرتىپى ئەمەس. خۇدا ئالدى بىلەن بىزگە قىيىنچىلىق ئىچىدە ساۋاق بېرىدۇ. خۇدانىڭ ئەھدىسى شۇكى: «ئۇ ماڭا نىدا قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن. ئېغىر كۈن باسقاندا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن.» (زەبۇر91: 15) خۇدا چوقۇم ئېغىر كۈنلەردە سىز بىلەن بىللە بولىدۇ. ئاندىن سىزنى مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتقۇزىدۇ. سىزنى قايسى ۋاقىتتا قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ؟ سىز تېپىرلىماي، تىت-تىت بولماي ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تېنچلانغاندا، ئاندىن سىزنى قۇتقۇزىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «بولدى!» (2- سامۇئىل24: 16)

خۇدا دائىم قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك ساۋاق بېرىدۇ. بۇنداق

قىلىشتىكى مەقسىدى بىزنى تەربىيلەشتۇر. خۇدا مۇددىئاسىغا يەتكەندىن كېيىن، بىز شان-شەرەپنى قايتۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيىنچىلىق ئىچىدە ساقلانغان بەخت-سائادەت ئىنتايىن شىرىن ۋە قىممەتلىكتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇدانىڭ بىزگە بەرگىنى قىيىنچىلىق بولماستىن، بەلكى پۇرسەتتۇر.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر ياشانغان قېرىنداشىمىز ماڭا: «خۇدا سىزنى سىنىغان ۋاقىت، دەل سىزنىڭمۇ خۇدانى سىنايدىغان ياخشى پۇرسىتىڭىزدۇر. سىز خۇدانىڭ ئەھدىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئامالىنىڭ بارىچە سىناقلار ئىچىدىن ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە تىرىشىڭ» دېگەنىدى.

سېناقلاردىن قوتۇلۇشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرسى، خۇدانىڭ سىزنى سېناقلاردىن بىۋاستە قۇتقۇزۇشىنى تىلەش ھەمدە سېناقلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىش. يەنى بىرسى، سېناقلارنىڭ خۇدادىن كەلگەن جەڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خۇدادىن تېخىمۇ زور بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز دۈشمەنلىرىمىزدىنمۇ پايدىلىنالايمىز ھەم بىزگە قارشى تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزگە ياردەمچى قىلالايمىز. مانا بۇ بىزنى سۆيىدىغان رەببىمىزگە تايىنىپ ھەممە ئىشلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىشتۇر.

# 9-ئاينىڭ 8-كۈنى
**************

📖**« ئىدا قىلغىنىڭدا ساڭا، جاۋابى بەرگەيسەن ماڭا، ئى مېنى ئاقلىغۇچى خۇدا! كۈلپەتتە قالغىنىمدا ئازات قىلغانسەن مېنى، يەنە رەھىم قىلغىن ماڭا، ئاڭلىغىن دۇئايىمنى.» (زەبۇر4: 1)**

مانا بۇ ئۇلۇغ بىر گۇۋاھلىق. ئۇنىڭ شۈكۈرسى مۇشكۈلاتلاردىن ئازاد بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشكۈلاتلار سەۋەبىدىن ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ: « ئى مېنى ئاقلىغۇچى خۇدا! كۈلپەتتە قالغاندا، مېنى ئازات قىلدىڭ سەن.» دەيدۇ. ئىنسان ھاياتىدىكى ئېغىر مۇشكۈلاتلار ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردا يۈسۈپ توغرۇلۇق يېزىلغان مۇنداق ئايەتلەر بار: «ئۇنىڭ پۇتلىرى زەنجىردە ئاغرىدى، ئۇنىڭ جېنى تۆمۈرگە كىرىپ قىسىلدى....» (زەبۇر105: 18). يۈسۈپنىڭ دەل شۇ چاغدا كۆرۈۋاتقىنى تۆمۈر بولدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇرۇن كۆرگەنلىرى بولسا ئالتۇن ۋە نۇر ئىدى. كۆڭلىدە ئويلىغان ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ ھەممىسى بالىلىق دەۋرىدە كۆرگەن شىرىن چۈش بولۇپ قالدى، خالاس. ئىنسان ھاياتىدىكى ئازاب-ئوقۇبەت، مۇشكۈلاتلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بىزمۇ يۈسۈپكە ئوخشاش قېيىنچىلىق ۋە ئازابلارنىڭ چۈشىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىشىغا مۇھتاجمىز. راھەت-پاراغەت ئالتۇنغا ئوخشاش ئېسىل خىيالى چۈشتۇر. جاپا-مۇشەققەت تۆمۈرگە ئوخشاش ھەقىقىي سەرگۈزەشتە ۋە تەجرىبە ساۋاقتۇر.

ئى، ھاياتتا مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىم! ئەگەر سەن كېڭىيىشنى ئويلىساڭ، ئالدى بىلەن چوقۇم جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشۈڭ زۆرۈر، ئەلۋەتتە. يۈسۈپنىڭ

زىندانىدىكى ھاياتى ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك تەختكە ئولتۇرۇشىغا ئاساس بولغان. ئەگەر، سىز ئۆزىڭىز زىندانغا كىرىپ، تۆمۈرگە قىسىلىپ باقمىغان بولسىڭىز، قىرىنداشلىرىڭىز تۆمۈرگە قىسىلىپ قالغاندا، ئۇلارنى تۆمۈردىن قانداق قۇتقۇزالايسىز؟ خۇدا ئەنە شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەت، مۈشكۈلاتلار ئارقىلىق سىزنى قىستاپ، كېڭىيىشىڭىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر، يۈسۈپ مىسىردا مەھبۇس بولمىغان بولسا، ھەرگىزمۇ مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى بولالمايتتى. ئۇنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەنلەر كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا ۋە كۆكرىكىگە تاقالغان ئالتۇن تاج بولدى.

# 9-ئاينىڭ 9-كۈنى

**📖«بەزىلىرى تۇپرىقى كەم تاشلىق يەرگە چۈشۈپتۇ، تۇپسى نېپىز بولغانلىقى ئۈچۈن،تېزلا ئۈنۈپ چىقىپتۇ.» (مەتتا13: 5)**

تۇپرىقى كەم ....! ئىنجىلدا مۇنبەت تۇپراق خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، پاك قەلب بىلەن چىن دىلىدا ساقلايدىغان، ھوسۇل بەرگۈچە سەۋر قىلىدىغان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.( لۇقا 8: 15) ئۇنداقتا، تۇپرىقى كەم تاشلىق يەر قانداق كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان؟ تۇپرىقى كەم تاشلىق يەر بولسا، ساداقەتسىز ھەم سەۋرىسىز كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

مۇلايىملىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ، ياخشى يېزىلغان تەسىرلىك نۇتۇق، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ناخشىلارنىڭ ھەممىسى شۇ ھامان بەزى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ ھاياجانغا سالىدۇ. دەسلەپتە ئۇلاردىن كۆرۈنەرلىك ئۆنۈم ھاسىل

بولىدۇ. بىراق، تۇپرىقى كەم بولۇپ، چوڭقۇرلاپ كىرمىگەنلىكى يەنى سەممىي-ساداقەت ھەم سەۋرچانلىقىنىڭ كەمچىلىكى، ھەقىقەتكە بولغان ئۇمۇد، ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇپ كېتىدۇ. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بىز ھەر بىرىمىز قەلبىمىزدىكى تۇپراقنىڭ سۈپىتىگە قاراپ باقايلى! مەلۇم بىر قېتىم رىملىق بىر ئەسكەر مەلۇم بىر يول بىلەن ئالدىغا قاراپ مېڭىشنى قارار قىپتۇ، بىرسى ئۇنىڭغا: «بۇ يول ئىنتايىن خەتەرلىك، ئېھتىيات قىلمىساق ھاياتىمىزغا خەتەر يېتىدۇ.» دەپتۇ. بۇ رىملىق ئەسكەر جاۋابەن: «ھايات قىلىشقا نىسبەتەن مەنزىلگە يېتىش تېخىمۇ زۆرۈر » دەپتۇ.

مانا بۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشتۇر. ھەممىگە يۈزەكى قارايدىغان ئادەملەر، ھېسسىياتىغا، تەسىرگە، بىۋاستە سېزىمىگە، خارەكتىرىگە، مۇھىت ۋە تۇرمۇشتىكى نەرسىلەرگە تايىنىپ ياشايدۇ. چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كىشىلەر بولسا پەقەت ئالدىغا قاراپ قەدەم بېسىشنى نىشان قىلىپ، مەيلى بوران-چاپقۇن، قار-يامغۇر بولسۇن ئۇچرىغان ھەربىر قىيىنچىلىقلاردىن بۇسۇپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاقتىكى قۇياش نۇرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

خۇدا بىزنى چوڭقۇر قازغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەقىقەتنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى تونۇتىدۇ ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئى رەببىم، مېنى سەندىكى ھاياتلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا باشلىغايسەن! تېيىزلىقتىن ئۆزۈڭ مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن!

# 9-ئاينىڭ 10-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«پەرۋەردىگار ئەمەلگە ئاشۇرار مەن ھەققىدىكى پىلانىنى، مەڭگۈلۈكتۇر، ئى پەرۋەردىگار، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ، تەرك ئەتمىگەيسەن بىزنى، ئۆز قوللۇرۇڭ بىلەن ياراتقانلىرىڭنى.»** ***(زەبۇر138: 8)***

ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ سىرلىق، دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ بولۇپ، بۇنى ئىنسان ئەقلى ھەرگىز چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئادەم بۇ خىل كۈچنىڭ سېھرى قابىلىيىتىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. ئەگەر ئازاب-ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان بىر كىشى تەمكىنلىك بىلەن، ئۆزىنى ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن خالى قىلىشنى تىلىمىسە، بۇ كىشى بەختلىكتۇر. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، بۇ كىشىنىڭ ھاياتىدا كرېست شەرەپ تاجىغا ئۆزگىرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ سىرلىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ كىشى تىپتىنچ ھالدا پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئايىقىغا سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. بۇ كىشى ئاجايىپ شىرىن ئاراملىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزىمۇ تېنچلانغان بولۇپ، بىرەر ئېغىز گەپ-سۆزمۇ قىلمايدۇ. ئۇ ھەتتا خۇدادىن مەنىسىز قۇرۇق سوئاللارنىمۇ قايتا سورىمايدۇ.

ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرى يىغىلانغان بولۇپ، خۇددى قۇرۇق شاخ-شۇمبا ئۇستىگە بىنا سالغاندەك نادان ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى قايتا قوغلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىمۇ مۇلايىم، ئىنتائەتچانلىقتا ئۆزگەرگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ تاللىشىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە زىت بولغان ھېچقانداق نەرسىنى تاللىمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلەرگە بولغان

مۇھەببىتى ئۆلگەن بولۇپ، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا قايتا ئازار بېرەلمەيدۇ. ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى يېقىتالمايدۇ. ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايدۇ. ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى توسالمايدۇ. چۈنكى، مەيلى مۇھىت قانداق ئۆزگەرسۇن ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى ھامان خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر. تەلپۈنىدىغىنى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدۇر. ئۇ كائىناتتىكى خۇدا ياراتقان ھەربىر نەرسىنىڭ، ھەربىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۆتمۈش ياكى ھازىر بولسۇن ھەممىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئاھ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـقۇدرىتىنى، ئەقىل ـپاراستىنى، پىلانلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى....ھەممىسنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئەيسا مەسىھنىڭ ئايىقى ئاستىغا قويالىغان بولساق ـــــ نەقەدەر بەختلىك بولغا بولاتتۇق ـھە! مانا مۇشۇنداق قىلالىساقلا ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىمىز.

## 9-ئاينىڭ 11-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 **«شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشتى.» *(ئىبرانىيلار6: 15)***

قەدىرلىك دوستۇم، سىز مۇقەددەس كىتابدىن ئىبراھىم ئۇچرىغان سىناقلارنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ ئېرىشكەن بەخت-سائادىتىنىڭمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا زور ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىز. خۇدا ئۇنى ئۆز ۋەدىسىنى كېچىكتۈرۈپ

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق سىنىدى، شەيتان ئېزىقتۇرۇش ئارقىلىق سىنىدى، سارا مۇلايىم، ئىتائەتچان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆز ئاجىزلىقىنى يېپىش ئارقىلىق سىنىدى. ئىبراھىم، ئۇ يەنىلا سەۋر-تاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن گۇمانلانمىدى. خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى چەكلىمىدى. خۇدانىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە چەكسىز ئىشىنىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك قەلبىگە ئازار بەرمىدى. ئۇ خۇدانىڭ مۇقەددەس ئايىقىغا سەجدە قىلىپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىگە قەتئىي ئىشەندى. گەرچە خۇدانىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان كۈنلىرى كېچىكىپ كەلسىمۇ، ئۇن-تىنسىز ھالدا تېنچلىق بىلەن خۇدانى كۈتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ سەۋر-تاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ، خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشتى.

خۇدانىڭ ئەھدىسى ئەجابەت بولماي قالمايدۇ. سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇرغۇچى ھېچقاچان مەغلۇپ بولمايدۇ. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تەشنا بولغۇچى ھامان مۇراد-مەقسىدىگە يېتىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئىبراھىمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى، ئىش-پائالىيىتى ئالدىراقسان كىشىنى خىجىل قىلدۇرسا، خۇدادىن نارازى بولىدىغان كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىبراھىممۇ سىناقلارغا ئۇچرىغان. ئۇ سەۋر-تاقەتلىك بىلەن كۈتكەنلىكى ئۈچۈن خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىپ كۆڭلى قانائەت تاپقان. سىز ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆز ھاياتىڭىزغا تەدبىقلىسىڭىز، ئوخشاشلا بەخت-سائادەتكە ئېرىشىسىز.

# 9-ئاينىڭ 12-كۈنى

**🕮«دالادىن چىقىۋاتقان بۇ زادى كىم؟.....................» (نەزمىلەرنىڭ نەزمىسى8: 5)**

مەن بىر قېتىملىق دۇئا-تىلاۋەت يىغىلىشىدا، ئىنتايىن پايدىلىق بىر دەرسلىكنى ئۆگىنىۋالدىم. بىر قېرىنداشىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ، سىز ۋە ماڭا ئوخشاش، خۇدادىن بىزگە ھەرخىل بەخت-سائادەتلەرنى ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى. يەنە سىز ۋە ماڭا ئوخشاش، ئاللىقاچان ئېرىشكەنلىرىمىز ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتتى. بىراق، ئۇ دۇئاسىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان ۋاقىتتا، بىر غەلىتە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دېدى: «ئى رەببىم، بىزنى يۆلىۋالغىن! شۇنداق رەببىم، يۆلىنىشكە تېگىشلىك ھەربىر جايلاردا بىزنى يۆلىۋالغىن!»

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىزنىڭ يۆلەنچۈكىڭىز بارمۇ؟ بۇ قېرىنداشىمىز يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن بىزنىڭ يۆلىنىشكە تېگىشلىك ئوبيېكتىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بىزگە، بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىزنىڭ خۇدا، خۇدانىڭ بىزگە يول باشلىغۇچى بىر نۇر ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ قويدى.

قەدىرلىك دوستۇم، رەببىمىز ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بىزنىڭ يېنىمىزدىدۇر. ئۇ ھەر ۋاقىت مېھىر-شەپقەتلىك قولىنى كەڭ ئېچىپ، ئاجىز ئېتىقادچىلارنى يۆلىۋېلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

# 9-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«سەن ئەتە ئەتىگەنگىچە تەييار بولۇپ، سىناي تېغىغا چىقىپ، تاغنىڭ چوققىسىدا مەن بىلەن كۆرۈشكىن.» (مىسىردىن چىقىش 34: 2)**

سەھەر ۋاقتى مېنىڭ كۈچ-ماغدۇرۇم ئەڭ كۈچلۈك، ئۇمۇدىم ئەڭ چوڭ ۋاقىت، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەھەر ۋاقتى خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشنى بەلگىلىۋالغان. سەھەر ۋاقتى مەن كۈچ سەرپ قىلمايلا تاغقا يامىشىپ چىقىپ، قىيالاردىن ئۆتەلەيمەن. چۈنكى، كېچىسى بارلىق ھېرىپ-چارچاشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپنە قىلىۋەتكەن. شۇڭا، سەھەر ۋاقتى مەن يېڭى روھى-كەيپىيات، يېڭى كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. سەھەر ۋاقتى پۈتۈن بىر كۈن خۇشال يۈرۈشۈم ئۈچۈن خۇدا مېنى پاكىزلاپ تەييار قىلىدۇ. سەھەر ۋاقتى مەن دۇئا ئارقىلىق ئاللىقاچان بىرىنچى قېتىملىق غەلبىنى قولغا كەلتۈرىمەن. شۇڭا، بۇ بىر كۈندە مەن چوقۇم غەلبە قىلىمەن. سەھەر ۋاقتى تاغ چوققىسى مۇقەددەستۇر. شۇڭا، بىر كۈن چوقۇم مۇقەددەس بولىمەن!

ئى ئاتا، ھازىر مەن سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم. تۆزلەڭلىكتە مېنى سەن بار مۇقەددەس ئېگىزلىككە كېلىشتىن توسىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. مەن ھازىر سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا ئاساسەن ھۇزۇرۇڭدا بولۇش ئۈچۈن كەلدىم.

سەھەردە تاغ چوققىسىغا چىقىش مېنى پۈتۈن بىر كۈن ئىچىدە باتۇر، ساغلام، شاد-خۇرام بولۇشقا چاقىرىدۇ. ــ يۈسۈپ (Joseph Parker)

ئاپامنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ھەركۈنى سەھەردە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىر سائەتكە يېقىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىنجىل ئوقۇش، ئويلىنىش، دۇئا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاشۇ بىر سائەتنىڭ ئىچىدە ئۇ خۇددى پاكىز بۇلاققا ئوخشاش

خۇدادىن كۈچ-قۇدرەت ۋە تەسەللى ئېلىپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم خوشنىلار ئارا يۈز بېرىدىغان ئۇششاق چۈششەك تالاش-تارتىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن خۇدادىن مەدەت تىلەيدۇ. مەن ئاپامنىڭ ھاياتىدىن مەسىھنىڭ غەلىبىسىنى كۆرەلەيمەن. مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقىنى، ئاچچىقلىنىپ ئېيتقان بىرەر ئېغىز غەزەپلىك سۆزلىرىنى، چېقىمچىلىق قىلغانلىقىنى ھەتتا غەيۋەت-شىكايەت قىلغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئاساسەن ئېتىقادىغا ماس بولمىغان ئىشلارنى قىلغانلىقىنىمۇ بايقىمىدىم. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىدىكى سىر زادى نەدە؟ بۇنىڭدىكى سىر، دەل ئۇنىڭ ھەركۈنى سەھەر مەڭگۈلۈك ھايات دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ، چۆلدىكى ماننادىن يىگەنلىكىدە.

## 9-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«كىمدە-كىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆز خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن!» (ماركۇس8: 34)**

رەببىم ماڭا كۆتىرىپ مېڭىشنى بۇيرىغان كرېستنىڭ شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بېكىتكەن. مەن ئۆزەمنى بىلىملىك، قابىلىيەتلىك دەپ قاراپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىسام، ئېھتىمال مېنىڭ كرېستتىم مېنى قانائەتچان قەلب بىلەن تار ھەم ناچار خىزمەت ئورنىدا تېنچلىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىشى مۇمكىن. ئېھتىمال مېنىڭ كرېستتىم مېنى مېھىر-شەپقەتلىك، كەچۈرۈمچان بولۇشقا ئۈندەپ، ئىلگىرى مېنى خورلىغان

دۈشمەنلىرىمگە مۇلايىم ۋە قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشمىنى، ياردەمدە بولۇشۇمنى بۇيرۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال مېنىڭ كرېستتىم مېنى خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەسىھنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلغۇزىشى مۇمكىن. يەنە ئېھتىمال مېنىڭ كرېستتىم قەلبىم سۇنۇق ۋاقىتلاردا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سەھەردىكى پارلاق نۇرنى نامايەن قىلىشى مۇمكىن.

كرېستنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، بىر-بىرىگە ئۇخشىمايدۇ. بىراق ھەربىر كرېستنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك ئازابلىق ھەم ئېغىردۇر. مەن ھازىرغا قەدەر ئۆزۈمنىڭ ئوي-خىيالى بويىچە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر كرېستنى تاپالمىدىم. بىراق، مەن ھەر قېتىم ئىتائەتچانلىق ۋە سەۋىر-تاقەت بىلەن كرېستىمنى يۈدۈپ ماڭغاندا، رەبنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمەن. رەب ھەر قېتىم مەن ئەڭ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولۇپ، جاپا-مۇشەققەت تارتقاندا ئەقىل-پاراسىتىمنى كۈچەيتىدۇ. ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ. كۈچ-ماغدۇرۇمنى ئاشۇرۇپ، قەيسەر ھەم باتۇر قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئۆز كرېستىڭىزنى ئالغا بېسىشىڭىزغا ياردەم قىلىدىغان ھاسا قىلىڭ. ھەرگىزمۇ سىزنى پۇتلاشتۇرىدىغان چومات قىلماڭ.

# 9-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖« بېغىمنىڭ ئۈستىدىن ئۆچۈپ كېلىپ، خۇشبۇيلارنى چاچقىن! » (نەزمىلەرنىڭ نەزمىسى 4: 16)**

بۇ كۈيدىكى 4-بابتا بىر قانچە يەردە تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل خۇشبۇي سۆزىنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. مەستەك بىر خىل ئاچچىق دورا بولۇپ، بۇ قايغۇ ھەسرەت ئىچىدىكى شىرىن ھېسسىياتقا سىمۋول قىلىنغان. مۇرمەككى بولسا جەسەت ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا بولۇپ، بۇ بىزنىڭ جاھىل، ھاكاۋۇر خاراكتېرىمىزنىڭ ھەممىسىنى كېرستكە مىخلاپ، ئاندىن قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇشپۇراق چىقارغانلىقىمىزغا سىمۋول قىلىنغان.

ئاھ، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز نېمە دىگەن سۆيۈملۈك ـھە! ئۇلارنىڭ چىرايىدا كرېستنىڭ ئىزى بولۇپ، بىرلا قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ھاكاۋۇر، جاھىل ۋە باشقا خاراكتېرىنىڭ ئالللىقاچان مەسىھ بىلەن بىللە كرېستكە مىخلانغانلىقىنى، رەبنىڭ ئايىقى ئاستىدا مەڭگۈ يوقالغانلىقىنى كۆرۈۋالايدۇ. مانا بۇ ئەرشكە تەۋە بەخت-سائادەتتۇر.

مەستەك بولسا ئۇتتا كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن خۇشپۇراق چىقىرىدىغان دورىدۇر. ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى كۈچلۈك ئوتتا تېخىمۇ قويۇق خۇشپۇراق چاچىدۇ. بۇ بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ۋە جاپا-مۇشەققەتنىڭ كۈچلۈك ئازابىدا پۇچۇلانغان ۋاقتتا، مەدھىيە ۋە دۇئالار ئارقىلىق خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەننى ئىپادىلەيدۇ. قەدىرلىك دوستۇم، سىز ئەنە شۇنداق خۇشپۇراق چېچىپ باققانمۇ؟

# 9-ئاينىڭ 16-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«بۇ يەردىن كېتىپ، شەرق تەرەپكە بارغىن. ئىئوردان دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى قېرىت جىلغىسىنىڭ بويىغا ئۆزۈڭنى يوشۇرغىن.» *(1-پادىشاھلار 17: 3)***

خۇدانىڭ خىزمەتچىسى تۇرمۇشتىكى ئېسىل نەرسىلەرنى ساقلاشنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر، خۇدا بىزگە: « بالام، سەن ئاللىقاچان يېتەرلىك ئالدىراش بولدۇڭ. يېتەرلىك شان-شەرەپكە، نام-ئابرويغا، ھاياجانلارغا ئىگە بولدۇڭ. سەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ كېسەل كارۋىتىغا، ماتەملەر ئارىسىغا، ئادەم قەدەم باسماس چەت جايلارغا يوشۇرۇنغىن » دېسە، بىز ھەرگىز ھەيران قالمايلى.

ناۋادا ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ قالسا، بىز مۇنداق جاۋاب بېرەلەمدۇق؟

«ئى ئاتا، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن. مەن سېنىڭ قېشىڭغا قېچىپ كەلدىم. مېنى ئىبادەت چىدىرىڭنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىغا يوشۇرۇپ، قۇدرەتلىك قانىتىڭنى ئۈستۈمگە ياپقايسەن.»

خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى چۈشىنىدىغان ھەربىر كىشى كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىششنى ئويلايدىكەن، چوقۇم ئىلياسقا ئوخشاش قېرىت جىلغىسىغا بېرىپ يوشۇرنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەملەردىن، ئۆزىدىن ئايرىلمىسا روھقا تەۋە قابىلىيەتكە، كۈچ-قۇدرەتكە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ.

پوپ ئاندىرىنىڭ (Bishop Andrew) ئەنە شۇنداق قېرىت جىلغىسى باردۇر. ئۇ ھەر كۈنى بەش سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىدۇ. يوھاناننىڭمۇ (John welsh ) قېرىت جىلغىسى بار بولۇپ، ناۋادا ئۇ ھەر كۈنى سەككىز سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، خاس ھوجرىسىدا خۇدانىڭ ھوزۇرىدا بولمايدىكەن،

ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ بىر كۈن ئىسراپچىلىققا تولغان بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ. داۋۇتنىڭمۇ (David Brainerd) قېرىت جىلغىسى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىر ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە. ئېۋىنسىنىڭ (Evans Christmas) قېرىت جىلغىسى ۋېلىس (Wales) تاغ جىلغىسىدا.

بىز تارىخنى ۋاراقلاپ پاتمۇس ئارىلىغا، رىم تۈرمىسىگە، يەھۇدىيە چۆلگە، پەلەستىن تاغ جىلغىسىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەڭگۈ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان قېرىت جىلغىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

رەببىمىزنىڭ قېرىت جىلغىسى بولسا ناسىرە، يەھۇدىيەنىڭ چۆل-باياۋىنى، بەيتانىيەدىكى زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستى، گېراسادىكى چۆللۈك ئىدى.

بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەر بىرىمىزنىڭ چوقۇم قېرىت جىلغىسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئەنە شۇنداق قېرىت جىلغىمىز بولغاندىلا بىز خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ئاراملىقىغا ئېرىشەلەيمىز. تۈرمۈشتىكى يۇشۇرۇن بەخت-سائادەتنى تېتىيالايمىز. مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن ئىلھام ئالالايمىز.

# 9-ئاينىڭ 17-كۈنى

📖«مانا بۇ پەرۋەردىگاردۇر. ھەر ئىش بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولسۇن.» *(1-سامۇئىل 3: 18)*

ئەگەر، بىز ھەربىر ئىشلاردا خۇدانى كۆرسەك، خۇدا بىز كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەر بىرىدە بىزگە ۋاكالىتەن غەلىبە قىلىدۇ. ئېھتىمال، بىز قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدىن

قۇتۇلالماسلىقىمىز ۋە تۇرۇۋاتقان مۇھىتىمىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ھاياتىمىزنىڭ ئىگىسى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ بىز قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قالغاندا، مۇقەددەس يازمىلاردىكى ئايەتلەر ئارقىلىق بىزگە مۇنداق تەسەللىي بېرىدۇ: «سەن مېنىڭ پاناھگاھىمدۇرسەن، مېنى كۈلپەتتىن ساقلايسەن، نىجاتلىقنىڭ شادلىق ناخشىلىرى بىلەن ئورىۋالىسەن.» (زەبۇر 32: 7)

ئەگەر بىز ئۇنى ھەقىقەتەن كۆرگەن بولساق، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ خاتا بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەك بولىدۇ. ئۇنىڭ قابىلىيىتى ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بىزگە تۇتقان ئەڭ قاتتىق مۇئامىلىسى، بىزنى روھى جەھەتتە ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازا تۇتۇش، ئازاب-ئوقۇبەت، قايغۇ-ھەسرەت، مەغلۇبىيەت، قىيىنچىلىق...... ئىچىدە ئايۇپقا ئوخشاش: «خۇدا ئۆزى بېرىپ، ئۆزى ئالدى. خۇدانىڭ نامىغا ھەمدۇسانا بولغاي!» دەيلى. (ئايۇپ 1: 21)

بىزنىڭ ھەربىر ئىشلاردا خۇدانى كۆرۈپ، بىزگە ئازار بەرگەن ۋە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى سۆيۈشتىن باشقا ئامالىمىز يوق، خۇدا ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پايدىلىنىش قۇرالى قىلىپ، بىزنى بارلىق ئاغرىنىشلارنى ۋە قالايمىقان ئوي-پىكىرلەرنى توختىتىشقا چاقىرغان.

# 9-ئاينىڭ 18-كۈنى

🕮«خەلق تىزگىنسىز قالار، بولمىسا پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسى، بەختلىك بولار ئۇنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى. » (پەندى-نەسىھەتلەر 29: 18)

خۇدانى كۆرۈش ئۈچۈن چوقۇم كۈچ سەرپ قىلىپ ساقلاش كېرەك. بۇ يەردە ۋاقىت ئاملى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بىز چوقۇم خۇدانى ئۇزۇن كۈتكەندە، خۇدا ئاندىن بىزگە بىشارەت بېرىدۇ. چايقىلىپ تۇرغان كۆل يۈزىدە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، بىز تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرخىل دولقۇنلارنىڭ چالغۇتىشىدىن ساقلىنىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا تېنچلانساق، ئاندىن خۇدانى كۆرەلەيمىز.

خۇدانى كۆرۈش بىزگە كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلىپ، تۇرمۇشىمىزغا ئەڭ زور تەسىر قىلىدىغان بىر ئىش. خۇدانى كۆرۈش ئىنسان ھاياتىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ياقۇپ ياببۇك دەرياسى بويىدا خۇدانى كۆرگەنلىكتىن "ئىسرائىل" دەپ نام ئالدى. گىدون خۇدانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قورقۇنچاق بىر كىشىدىن باتۇر بىر كىشىگە ئايلاندى. توماس رەببىمىزنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن گۇماندىن خالاس بولۇپ، ساداقەتمەن شاگىرت بولدى. كەرۇي (William Carey) خۇدانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مۇزدوزلۇق ھۈنىرىدىن ۋاز كېچىپ، ھىندىستانغا باردى. داۋۇت (LiVingstonc David) خۇدانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىپ، خۇدانىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئافرىقىغا بېرىپ، ئۆرمان ھاياتىنى باشتىن كەچۈردى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلەرنىڭ مەسىھكە كېلىشى ئۈچۈن خۇش خەۋەر تارقىتىش خىزمىتى

بىلەن شۇغۇللانماقتا.

روھ ئىچىدە تېنچلىنىش ئىنتايىن تەس بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە خۇدا باشتىن-ئاخىر بىزگە سۆزلەۋاتىدۇ. قاچان دۇنيانىڭ ئاۋازى روھ ئىچىدە غايىپ بولسا ۋە پەسەيسە، شۇ ۋاقىتتا بىز خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. بىزنىڭ خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئالدىراقسانلىقى، شاۋقۇن-سۈرەنگە، مەنىسىزلىككە تولغانلىقىدىندۇر.

# 9-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«ئاتام خۇدا بولسا باغۋەندۇر.............................................»** ***(يۇھاننا 15: 1)***

بىشىمىزغا كەلگەن ھەرخىل كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، خۇدانىڭ پەرىشتىسى خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سوۋغات سۈپىتىدە بىزگە بەرگەندۇر. ئەگەر بىز بۇ نوقتىنى چۈشەنسەك تەسەللىي تاپالايمىز. گەرچە دۇنيانىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈلپەتلەر خۇددى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ، يوقىتىشقا ئۇرۇنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، روھى كۆزىمىز بىلەن قارىساق، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر بەخت-سائادەتنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر. بىز دۇنيادىكى ئەڭ زور ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ نەتىجىسى يەنى دۇنيادىكى ئەڭ زور بەخت ـــــ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر قېتىم خۇدانىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن قىرقىپ، پۇتاشلىرىغا ئۇچرىغاندا، گەرچە پىچاق كېسىپ، قاتتىق ئاغرىق تارتساقمۇ "ئاتام خۇدا باغۋەندۇر" دېگەن سۆزنى ئېسىمىزگە ئالغان ھامان تەسەللىي تاپالايمىز.

دوكتۇر ۋىنسېنت (Dr.Vinccnt) لىقمۇلىق ئۇزۇم ئېسلغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ باغۋىنىم يېڭى كەلگەن ۋاقىتتا، ئەگەر بىز ئۇزۇم تالللىرىنىڭ شاخلىرىنىلا پۇتاپ، پېلەكلىرىنى قالدۇرۇپ قويساق ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ خالىغىنى بويىچە قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. گەرچە بىز ئىككى يىل ئىچىدە بىرەر تال ئۇزۇم يېيەلمىگەن بولساقمۇ، بىراق بۇ يىل ئۇزۇمدىن مانا مۇشۇنداق مول-ھوسۇل ئالدۇق.»

مانا بۇ ھېكايە بىز ئېتىقادچىلارنىڭمۇ ئۇزۇم تېلىغا ئوخشاش پۇتاپ تۇرۇشقا مۇھتاج بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە باغۋەن ئۇزۇم تېلىنى پۇتاپ، تاقىر قىلىپ قۇرۇتىۋەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى كەلگۈسىدۇر. ئۇ مۇشۇنداق پۇتاپ قىرقىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ مېۋە بېرىپ، مېۋىسىنىڭ تېخىمۇ تەملىك بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بەدەل تۆلىمىگەندە نۇرغۇن بەخت-سائادەتلەرگە مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

## 9-ئاينىڭ 20-كۈنى

**«مەن ساڭا:‹ئېتىقاد قىلساڭ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىسەن› دېگەنىدىمغۇ!»**
***(يۇھاننا11: 40)***

مارتا بىلەن مەريەم رەببىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇنىڭغا: «ئى رەببىم، بۇ يەردە بولغان بولسىڭىز ئىنىم ئۆلمەس ئىدى» دەيدۇ. (32، 21-ئايەت) بەلكىم ئۇلار كۆڭلىدە يەنە: «ئى

رەببىم، بىز سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن كىچىكىپ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىدۇق. نېمىشقا بالدۇر كەلمەيسىز؟ نېمىشقا كېچىكىپ كېلىسىز؟ ئۇ ئۆلگىلى ئاللىقاچان تۆت كۈن بولدى!» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ھەزرىتى ئەيسا بارلىق گۇمانلارغا ئاجايىپ ئۇلۇغ ھەقىقەت بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئېھتىمال چۈشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن. بىراق ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئېتىقاد قىلساڭ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىسەن.»

ئىبراھىم خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن يالغۇز ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىل دېگەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، يەنىلا خۇداغا ئىشەندى ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆردى. مۇسامۇ خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، يەنىلا خۇداغا ئىشەندى. نەتىجىدە خۇدا ئۇنى ئىسرائىللارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، مىسىردىن ئېلىپ چىقىشقا چاقىرغاندا، ئاندىن خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆردى.

يۈسۈپمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاكىلىرىنىڭ رەھىمسىز مۇئامىلىسىدىن قۇل بولغانلىقىنى، يەنە بېشەم خوتۇننىڭ تۆھمىتى بىلەن زىنداندا مەھبۇس بولغانلىقىنى قىلچىلىك چۈشەنمىسىمۇ يەنىلا خۇداغا ئىشەندى. ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق ئىشلاردىن خۇدانىڭ ئۇلۇغ شان-شەرىپىنى كۆردى.

ياقۇپمۇ نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆزىنى ئامراق ئوغلىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى. كېيىن يۈسۈپ مىسىردا باش ۋەزىر بولۇپ، ئۆزى ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغاندا، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆردى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، يۈز بەرگەن ئىشلار سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىمۇ مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. سىز بەلكىم: «مەن خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈمدىكى كىشىنى ئېلىپ

كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. مەن خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنىڭ مېنى قىينىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. مەن خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق ئېگىز-پەس يوللارغا باشلايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. مەن خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن كۆز ئالدىمدىكى بۇنداق گۈزەل پىلانلىرىم ۋە مەقسەتلىرىمنى توسىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. مەن خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن جىددى ئېھتىياجىمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ۋاقتىنى كەينىگە سۈرىدىغانلىقىنى، كېچىكىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن.

قەدىرلىك دوستۇم، خۇدانىڭ هاياتىڭىزدا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى چۈشىنىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. خۇدامۇ سىزنىڭ بۇلارنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلمايدۇ. سىزمۇ پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلمايسىز، شۇنداقمۇ؟ سىز پەقەت ئېتىقاد قىلىسىڭىزلا، هامان بىر كۈنى چۈشەنمىگەن ئاشۇ بىر قاتار ئىشلاردا خۇدانىڭ ئۇلۇغ شان-شەرىپىنى كۆرىسىز.

# 9-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖«مەن قەيسى شۇنداق دەپ قارايمەنكى، رەبىم ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ئالدىدا ھەرقانداق ئىش قەدىرسىزدۇر.» *(فىلىپىلىكلەر3: 8)***

هازىر دەل ئورما مەزگىلى. دېهقانلار مول-هوسۇل شادلىقىدا ئورما ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، مول-هوسۇلنى ئامبارغا قاچىلاش ئۈچۈن تەييار تۇرماقتا. بىز ئويلاپ باقايلى، ئەگەر بۇغداي دېنى توپىغا كۆمۈلۈپ قۇربان بولمىغان بولسا، بۇنچە كۆپ

بۇغداي باشاقلىرى نەدىن كېلەتتى؟ ئېتىقادتا پىششىپ يېتىلىشىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىز دۇنياغا تەۋە ھاياتىمىزنى قۇربان قىلمىساق، قانداقمۇ مەسىھكە تەۋە يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشەلەيمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزگە تەۋە خۇشال-خۇراملىق ۋە بەخت-سائادەتنى قايتا ئويلىماستىن، بۇرۇنقى ھاياتىمىزنى يەنى گۇناھكار تەبىئىتىمىزنى مەسىھ بىلەن بىللە كرېستكە مىخلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، كۆپ مېۋە بېرىشنى ئويلىساق، چوقۇم ئالدى بىلەن قاراڭغۇلۇق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىگە كۆمۈلىشىمىز كېرەك.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېھتىمال سىزمۇ ماڭا ئوخشاش بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئۈمۈدسىزلەنگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق بىز شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، رەب بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشقا لايىق كۆرۈپ تاللىغان تۇرسا، بۇ بىزگە نىسبەتەن زور بەخت ۋە شان-شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇچرىغان بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ رۇخسىتىسىز ۋە ئىرادىسىدىن سىرت بولغان ئەمەس. ئازاب-ئوقۇبەت مول بەخت-سائادەتنى ئەكىلىدۇ. ئۆلۈم يېڭى ھاياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا بەلگىلەنگەن قانۇنىيەتتۇر.

# 9-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«...شەيتاننىڭ ھەممىڭلارنى سىناش تەلىپىگە خۇدا ماقۇل بولدى. ئۇ سىلەرنى خۇددى بۇغداي تاسقىغاندەك سىنىماقچى. لېكىن، ماڭا بولغان ئېتىقادىڭ يوقالمىسۇن دەپ، ساڭا دۇئا قىلدىم.» (لۇقا22: 31-32)**

خۇدا بىزنى سىنىغان ۋاقىتتا، ئېتىقادىمىزنى تەپكىگە سېلىنىپ نىشانغا تەييارلانغان ئوق قىلىدۇ. ئېتىقادتىكى ئەڭ زور سىناق كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشتۇر. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا بىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىزگە ئازاب-ئوقۇبەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگۈزۈپ، ئېتىقادىمىزنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغانلىقىغا قارايدۇ. ھەقىقىي ئېتىقاد مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ قىلچىلىك زىيانغا ئۇچرىمايدۇ.

پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ: «مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلدىم.» (2-تىموتىي4: 7) گەرچە، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئېتىقادىدا ئاغرىغىچە چىڭ تۇرغان. كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسەلىگەن بىلەن ئېتىقادىنى كېسەلمىگەن. بۇ يات مىللەتلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئەلچى «مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۆرەش قىلدىم، يەنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ پۈتۈن مەنزىلىنى بېسىپ بولدۇم. ئېتىقادىمدا چىڭ تۇرۇپ كەلدىم» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئۇچ ئىشىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغان. ئۇنداقتا بۇلار نېمىگە ھېساب؟ ئۇ غەلىبىگە، ئىنئامغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە يەر يۈزىدە ھۆرمەتلەشكە ئېرىشىپلا قالماستىن، ئەرشتىمۇ مەدھىيەگە ئېرىشكەن. بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئىشلىرىمىزنى مەسىھ ئۈچۈن قۇربان قىلالمايمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتكە سادىق

بولالمايمىز؟ چۈنكى، بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېسابلاشنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ پايدا-زىياننى ھېسابلىشىمىز ئوخشىمايدۇ. بىز ئېرىشىشنىلا ئويلايمىز. ئۇ خۇدا ئۈچۈن يوقىتىشنى شەرەپ دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەققانىيلىق تاجىنى كېيىشنى ئويلىساق، چوقۇم ئۇنىڭغا ئوخشاش خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشىمىز ھەم ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

## 9-ئاينىڭ 23-كۈنى

**📖«مۇقەددەس يازمىلاردا ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار ھەققىدە:<ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ھاياتلىق سۇيىنىڭ دەريالىرى ئېقىپ چىقىدۇ!> دەپ يېزىلغان.» (يۇھاننا7: 38)**

بىز دائىم ھەيرانلىق ۋە تىت تىتلىق ئىچىدە: «نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىن ھاياتلىق سۇيىنىڭ دەريالىرى ئېقىپ چىقمايدۇ؟ » دەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئېلىپ، بەرمىگەنلىكىمىزدىن شۇنداق بولىدۇ. كىرگەن نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ، بىراق ئەزەلدىن بۇنى چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ باقمىغاچقا دائىم ئىچىمىزدە چۆكمە بولۇپ، توختاپ قالىدۇ. بىز چوقۇم ئۇنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىشىمىز يەنى خۇدا توغرۇلۇق كۆپرەك گۇۋاھلىق بېرىشىمىز، كۆپرەك خۇش خەۋەر تارقىتىشىمىز، كۆپرەك خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، مۇقەددەس روھ بىزگە ۋاكالىتەن خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. تېخىمۇ چوڭ ئاچىدۇ.

شاگىرتلار ئورما ھېيتىدا، مۇقەددەس روھقا چۆمۈلگەندىن كېيىن، يىغىلىپ دۇئا

تىلاۋەت قىلىدىغان ئۆيدە تۇرۇۋەرمەستىن، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، ئەيسا مەسىھ ھەققىدە خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقاتقان.

«ئىنىڭ ھابىل قېنى؟» (يارىتىلىش4: 9) بوگۈنكى كۈندە، خۇدا ئوخشاشلا سىزدىن«ئاتا-ئاناڭ قېنى؟ ئوغۇل-قىزلىرىڭ قېنى؟ ئاكا-ئىنىلىرىڭ قېنى؟ ئاچا-سىڭىللىرىڭ قېنى؟ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ قېنى؟» دەپ سورىسا، بىز قابىلغا ئوخشاش «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرەمدۇق؟

## 9-ئاينىڭ 24-كۈنى

**📖«ئۇلار مىسىيە رايونىغا كەلگەندىن كېيىن، بىتىنيە ئۆلكىسىگە كىرمەكچى بولدى. بىراق ھەزرىتى ئەيسانىڭ روھى ئۇلارنىڭ كىرىشىگە يەنە بىر قېتىم يول قويمىدى.» (ئەلچىلەر*16: 7*)**

بۇلار ئىنتايىن غەلىتە بىر چەكلىمە. بۇ كىشىلەرنىڭ بىتىنيە ئۆلكىسىگە كىرىشتىكى مەقسىدى خۇدانىڭ خۇش-خەۋىرىنى تارقىتىش ئىدى. بىراق رەبنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى. مەندىمۇ بۇنداق سەرگۈزەشتە بولۇپ باققان. بەزى ۋاقىتلاردا، غەلبە قىلىش ئىشەنچىم بولغان ئىشلاردا دائىم توسالغۇغا ئۇچرايمەن. قارشىلىق مېنى قايتىشقا مەجبۇرلىسا، كېسەللىك چۆل-باياۋانغا چېكىنىشكە زورلايدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا، مۇقەددەس روھ ئۇنى قويۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن تەس بىر ئىش. بىراق، خۇدا بىزگە خىزمەت قىلىشنىمۇ خۇدا ئۈچۈن، كۈتۈشنىمۇ خۇدا ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنى ھەركەتلەندۈرگۈچىمۇ خۇدا، پائالىيىتىمنى چەكلىگەنمۇ خۇدا. خۇداغا شۈكۈر! مەن

بېرىشنى خالايدىغان بىتتىنيەگە بارمىغانلىقىمدىن خۇرسەنمەن.

ئى مۇقەددەس روھ، گەرچە مەن سەپەرلىرىمدە دائىم تۇسالغۇغا ئۇچراپ تۇرساممۇ، يەنىلا سېنىڭ يېتەكلىشىڭنى خالايمەن. گەرچە بۈگۈن قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىمنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەتە مەن كىرمەكچى بولغاندا تۇيۇقسىز ئېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭدۇر.

ئى رەب، سەندىن ئۆتۈنەي! ماڭا كۈتۈش جەريانىدا ئالدىمدىكى يول تاختىسىنى ئېنىق كۆرۈشنى ئۆگەتكىن. سەندىن ئۆتۈنەي! چەكلىمە جەريانىدا ساڭا خىزمەت قىلىدىغان يېڭى يوللارنى ئىزدەشنى ئۆگەتكىن. سەندىن ئۆتۈنەي! خىزمەت قىلمىغان ۋاقتىمدا، ساداقەتمەنلىك ۋە تېنچلىق بىلەن كۈتۈش ئارقىلىق ساڭا خىزمەت قىلىشنى ئۆگەتكىن.

# 9-ئاينىڭ 25-كۈنى

**📖«نېچۈن مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ نېچۈن ماتەم تۇتۇپ يۈرەرمەن، زۇلۇمى ئاستىدا دۈشمەنلىرىمنىڭ.»(زەبۇر42: 9)**

قەدىرلىك قېرىنداشىم، سىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟ سىزنىڭ دائىم زۇلۇمغا ئۇچراپ، خۇشاللىقىڭىزنى يوقاتقانلىقىڭىزغا قارىتا بىرەر باھانە-سەۋەب بارمۇ؟ سىز نېمشقا تېخى كەلمىگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ سىزنى قىيىنىشىغا يول قويىسىز؟ كىم سىزگە تۈن كېچە مەڭگۈ كۈندۈزگە ئۆزگەرمەيدۇ دېدى؟ ئەجىبا سىز قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن تاڭ ئاتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ئەجىبا سىز زېمىستان قىشتىن

كېيىن باھارنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىز خۇداغىلا ئۈمۈد باغلاڭ!

# 9-ئاينىڭ 26-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«........كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانغا ئەمەس، ئېتىقادقا تايىنىپ ياشايمىز. » *(2-كورىنتلىقلار5: 7)***

خۇدا بىزنىڭ ھېس-تۇيغۇمىزغا ئاساسلانماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، شەيتان ھېس-تۇيغۇغا تايىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇدا بىزنىڭ ئەمەلىيەتكە يەنى مەسىھ بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان تاماملىغان ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

خۇدا ئەزەلدىن ھېس-تۇيغۇغا ئاساسەن بىزنى جەلپ قىلىپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇزغان ئەمەس. خۇدا ئەزەلدىن ھېس-تۇيغۇغا ئاساسەن بىزگە ئىلھام بېرىپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇزمايدۇ.

ئۇنداقتا، خۇدا بىزگە قايسى ۋاقىتتا ھېس-تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ؟ خۇدا بىزنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغانغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزنى، ئاراملىق ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلىكىمىزنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئاندىن بىزگە ھېس-تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ.

خۇدانىڭ ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ، بىز خۇدادىن كەلگەن ھېس-تۇيغۇغا ئېرىشەلمەيمىز. بىراق، خۇدا قايسى ۋاقىتتا بىزگە ۋاقىت ئاجرىتىپ، تېگىشلىك

ئۆلۈشمىزنى ئايرىپ بېرىشنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ۋە ئېھتىياجىنى ياخشى بىلىدۇ.

بىز زادى كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغىنىنى تاللامدۇق ياكى خۇدانىڭ ئەمەلىيەتكە ئىشىنىشنىمۇ؟ بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز دېگىنىز ساھىلىدىكى قۇمغا ئوخشاش ئىشەنچسىزدۇر. بىراق، خۇدانىڭ ئەمەلىيىتى مەڭگۈلۈك ئۇلتاشقا ئوخشاش مۇقىمدۇر. چۈنكى، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى، ئەتىسى مەڭگۈ ئوخشاشتۇر.

# 9-ئاينىڭ 27-كۈنى

📖«...چۈنكى، مەن ئاللىقاچان نىجات تۆلىۈشقا كاپالەت تاپتىم.» (ئايۇپ33: 24)

ئېتىقادتا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئېتىقادلىق ھاياتنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇ مەسىھنىڭ تېنىمىزدىكى ھوقۇقى ھەم مەسىھ ھاياتىنىڭ تېنىمىزدە نامايەن بولۇشىدۇر. مانا بۇ مەسىھ تېنى بىلەن بىزنىڭ تېنىمىزنىڭ بىرلىششى بولۇپ، مەسىھ ھاياتىنىڭ بىزنىڭ تېنىمىزگە ئېقىپ كىرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن بىزدە بولغان تەن بولسا، مەسىھ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى شەرەپلىك تەندۇر. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈن ھايات بىر تەن بىلەن خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ھوقۇق تۇتماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۈگۈنكى تېنىمىزمۇ ئەنە شۇنداق شەرەپلىك تەندۇر.

ھايات مەسىھ بىزگە تەۋە بولغاچقا، ئۇنىڭ بارلىق خاراكتىرى، قابىلىيىتىمۇ بىزگە تەۋەدۇر. بىز ئۇنىڭ تەنلىرىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ گۆشى ھەم سۆڭەكلىرى. پەقەت بىز

ئۈنىڭغا ئىشەنسەك، قوبۇل قىلساق خۇدانىڭ يەككە-يىگانە ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى بىزگە ئۆتىدۇ. شۇڭا خۇداغا مۇنداق نىدا قىلايلى: «ئى رەببىم، سەندىن ئۆتۈنەي! ماڭا: <تېنىمىز...ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى رەببىمىز ئۈچۈندۇر. رەببىمىز بولسا تېنىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدۇ> دېگەنلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرگەيسەن!» (1-كورىنتلىقلار6: 13)

«ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا سېنى قۇتقۇزىدۇ.» (زەفەنىيا3: 17) بۇ ئايەت تەخمىنەن يىگىرمە يىل بۇرۇن ساغلام ئېتىقادىنىڭ ھەقىقەت نۇرى سۈپىتىدە قەلبىمگە سىڭىپ كىرىپ، كاردىن چىققان تېنىمنى داۋالاپ ساقايتقانىدى. بۇ ئايەت تاكى بۈگۈنگىچە خۇددى چوڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىغا ئوخشاش، مەسىھنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالغان بۇ ئاجىز تېنىمگە كىرىشكە چاقىرىدۇ ھەم مېنى مەسىھنىڭ ھەمراھلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن سۇغۇرۇپ خۇددى «يېڭى ئاسمان-زېمىندەك» (ۋەھيي21: 1) يېڭى ئادەم قىلىپ يارىتىدۇ.

ئاھ، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا، سەن مېنىڭ خۇدايىمدۇرسەن! خۇدا، سەن مېنىڭ خۇدايىم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئىچىڭدىكى بارلىق قائىدە-نىزاملار مېنىڭكىدۇر. مەن قانچىلىك ئېتىقاد قىلسام، شۇنچىلىك ئىشلىتىشنى خالايمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشىمدۇر. ئى خۇدا، ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدا، سەن دەل بىزنىڭ ئىچىمىزدىدۇرسەن! ئاھ، بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ ھوقۇق-ھە! ئۇ يەنى-ئاتا، ئوغۇل، مۇقەددەس روھ مېنىڭ مېڭەمدە، مېنىڭ روھىيىتىمدىدۇر.

بۇلار يىگىرمە بىر يىلدىن بۇيان مېنىڭ ئەمەلىي باشتىن كەچۈرگەن ھەقىقىي سەرگۈزەشتىلىرىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشقان، كۆپەيگەن ئەمەلىي سەرگۈزەشتىلىرىمدۇر. ھازىر مەن يەتمىش ياشقا كىرگەن بولسامۇ

ئۇتتۇز ياش ۋاقتلىرىمدىكىدەك قاۋۇل، قىزغىن. مەن خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ، هازىرقى بەدەن قۇۋۋىتىم ۋە زېھنىي كۈچۈم بىلەن ئادەتتىكى نورمال ئادەملەر قىلالايدىغان خىزمەتنىڭ ئىككى هەسسىسىنى كۈچ سەرپ قىلماي قىلالايمەن. مېنىڭ كۈچ-قوۋۋىتىم، ئەقلى-زېھنىم، روهىي هاياتىم خۇددى فونتانغا ئوخشاش تېشىپ تولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى تەلىم-تەربىيە ياكى كېچە-كۈندۈزلۈك ساياهەت بولسۇن، هەرقانداق مۇهىتتا هەممە ئىش ماڭا خۇددى تۇرۇبىدىن سۇ ئۆتكەندەك ئاسانقۇر.

# 9-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«........بۇلارنى سىلەرگە مەن ئارقىلىق ئامانلىق تاپسۇن، دەپ ئېيتتىم.» *(يۇهاننا16: 33)***

بەخت بىلەن بەختكە ئېرىشىش ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. پاۋلۇس گەرچە زىنداندا مەهبۇس بولغان، ئازاب-ئوقۇبەت تارتىپ، جاپا-مۇشەققەت چەككەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ هەممىسىدە بەختكە ئېرىشكەن.

پاگانىنى(Paganini) بولسا ماهىر ئىسكىرىپكا چالغۇچى مۇزىكانت، بىر كۈنى ئۇ سەهنىگە چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى سادالىرى ئىچىدە، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈۋالغان ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئۆزى دائىم چالىدىغان هېلىقى سۆيۈملۈك ئىسكىرىپكا ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ.

ئۇ بىر هازا داڭقېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ

ئىسكىرىپكىنى خاتا ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ-دە سەھنىدىن چۈشۈپ، كەينى سەھنىدىن ئۆزىنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بىر ھازا ئىزدىگەندىن كېيىن، ئۇ ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ ھەم كونا بىر ئىسكىرىپكىنىڭ بۇلۇڭدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ كۆپچىلىككە:

«ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، خانىملار، بۈگۈن مەن مۇزىكىنىڭ سازىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى مۇزىكانتنىڭ قەلبىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى» دەپتۇ-دە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېلىقى كونا ئىسكىرىپكىنىڭ تارلىرىنى تارتىپتۇ. بۇ كونا ئىسكىرىپكىدىن چىققان، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان يېقىملىق مۇزىكا تاماشىبىنلارنىڭ قەلب تارلىرىنى چېكىپ، ئۇلارنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھاياجىنىدىن ياڭرىغان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۇزۇنغىچە توختىماپتۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ، مۇزىكىنىڭ سازدىن ئەمەس، بەلكى مۇزىكانتنىڭ قەلبىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىپتۇ.

سىناقلارغا ئۇچراۋاتقان قېرىنداشلار، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرمۇ دۇنيا سەھنىسىدە تۇرۇۋاتىسىلەر. ھازىر سىلەر پۈتكۈل ئاسمان-زېمىنلارغا ئىنسان ھاياتىدىكى مۇزىكا ھەرگىزمۇ مۇھىت، شەيئى ۋە سىرتقى قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىڭلار.

# 9-ئاينىڭ 29-كۈنى

**📖«........مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن دۇئاغا بېرىلدىم.» (زەبۇر109: 4)**

بىز دائىم ئالدىراشلىق ۋە جىددىيلىك ئىچىدە دۇئا قىلىمىز. ئۇنداقتا، بىز ھەركۈنى قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ دۇئا قىلىمىز؟ بۇنى ھېسابلىماق ئىنتايىن ئاسان. ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە ئون مىنۇت شۇنداقمۇ؟ سىز بۇرۇن ئېتىقادتا پىشىپ يېتىلگەن ئۇلۇغ كىشىنىڭ دۇئا قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ مۇقەددەس روھقا چۆمۈلگەن كىشىنىڭ خاس ھوجرىسىدا نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ دۇئا قىلغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟

ۋايتفىلېد (Whitefield) مۇنداق دەيدۇ: «مەن كېچە-كۈندۈز، ھەپتە-ئايلار ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىمەن. دۇئا قىلغاندا بەزىدە ئاۋاز چىقىرىمەن. بەزىدە ئاۋاز چىقارمايمەن.» يەنە بىر تەجرىبىلىك دۇئا قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ قىلغان دۇئا ئۈنۈملۈكتۇر.» ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

بەزىلەر، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات ياكى ئىلىم-پەن ساھەسىدە مۇۋاپپىقىيەت قازىنالمايدۇ دەيدۇ. روھقا تەۋە ئىشلارمۇ مۇشۇنداقتۇر. ۋاقىت چىقىرىپ دائىم خۇدا بىلەن يالغۇز ئالاقە قىلمايدىغان ئادەم، روھى ھاياتلىقتا ھەرگىز ئالغا باسالمايدۇ.

# 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«خۇددى بۈركۈت ئۆز چاڭگىسىنى تەۋرىتىپ، بالىلىرىنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ،قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇلارنى پەيلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرگىنىدەك، پەرۋەردىگارمۇ شۇنداق ئۇنىڭغا يالغۇز يېتەكچىلىك قىلدى، ھېچقانداق يات ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى.» *(ئەمر-مەرۇپلار32: 11-12)***

ھەممىگە قادىر خۇدا ئاتىمىز ھەمىشە ئۆز بالىلىرىنى قۇدرەتلىك قانات ئاستىغا ئېلىپ قوغداپ، ئۇلارنى تىك چوققىدىن پەسكە ئىتتىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇچالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ناۋادا، بالىلىرى خەتەرگە يولۇقۇپ تۇيۇقسىز ئۇچالماي چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ شۇ ھامان قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار، ئەگەر خۇدا بىزنى ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئورۇنغا قويسا، يۈرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا تايىنايلى. چۈنكى، بىز خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشقا تەييار ھالەتتە يېنىمىزدا تۇرغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك .

خۇدا قاچان ئېغىر يۈكنى سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە يۈكلەپ قويغان بولسا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قاناتلىرىنى سىزنىڭ ئاستىڭىزغا يايغان بولىدۇ.

بىر كىچىك گۈل ھەيۋەتلىك، چوڭ بىر ئارچا دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتۇ. بۇ كىچىك گۈل ئۆزىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان بۇ چوڭ دەرەخنى ھەم ئۇنىڭ سايىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن. شۇنداقلا ئۆزى بەھرىلىنىۋاتقان بۇ تېنچلىقنى ئىنتايىن ئەزىزلەيدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر دەرەخ كەسكۈچى بۇ ئارچا دەرىخنى كېسىۋېتىپتۇ. بۇ كىچىك گۈل ئىنتايىن ئازابلىنىپ، يىغلىغان ھالدا: «ئاھ، مېنىڭ قوغدىغۇچۇم يوق بولدى.

ئەمدى مېنى بورانلار ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. يامغۇر مېنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

كىچىك گۈلنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ: «ياق، ياق، قۇياش سېنى يورۇتىدۇ. خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيى سېنى سۇغۇرىدۇ. سېنىڭ بۇ ئاجىز تېنىڭ ئۆسۈپ تېخىمۇ مەزمۇت، تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. سەن ئېچىلىپ ئەتراپقا خۇشپۇراق چاچقىنىڭدا، كىشىلەر سېنى مەدھىيىلەپ:<بۇ كىچىك گۈل نېمىدېگەن تېز ئۆسكەن-ھە! ئارچا دەرىخى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ> دېيىشىدۇ» دەپتۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، كۆردىڭىزمۇ؟ خۇدانىڭ يېنىڭىزدىكى تەسەللى بەرگۈچىڭىزنى، پايدا-مەنپەئەتىڭىزنى ئېلىپ كېتىشىدىكى مەقسىدى، سىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئۆسۈشىڭىز ئۈچۈندۇر. خۇدانىڭ تەربىيەلەش تاكتىكىسى ھەرگىز يۇمشاق كارىۋات ئۈستىدە ئەمەس. ئۇ چوقۇم سىزنى داللارغا ئېلىپ چىقىپ، مەجبۇرى ھالدا تاغ-دەريا، قىيالىق يوللاردا ئېغىر يۈك كۆتۈرگۈزۈپ چېنىقتۇرىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئەسكەرلىرىگە ھەيۋەتلىك فورمىلارنى كىيگۈزۈپلا قالماستىن، يەنە خىللانغان سەرخىل لەشكەرلەرنى تاللايدۇ. خۇدانىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقستى، ئۇلارنى جاپالىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش بولۇپ ھەرگىزمۇ باغچە ئىچىدە سەيلە قىلدۇرۇش ئەمەس. خۇدا باتۇر جەڭچىلەرنىڭ تېنچلىقتا ئەمەس، شىددەتلىك جەڭلەردە پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قېرىنداشلار، خۇدا سىلەرنىمۇ ئەنە شۇنداق خىللانغان باتۇر ئەسكەر قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى، سىلەر مۇشۇنداق بولۇشنى خالامسىلەر؟ خۇدا سىلەرنى كەسكىن ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتمەكچى. سىلەرنىڭ ئۇ سىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ھەربى فورما ۋە قورااللار بىلەن دۈشمەن

ئۇستىدىن غەلبە قىلغۇچىلار يوقمۇ؟

# 10-ئاينىڭ 1-كۈنى

**❰❰«ئازابقا ئۇچرىغىنىم ياخشى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەندىم.» (زەبۇر 119: 71)**

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر ئىش بار: كۆركەم گۈل چۆل-باياۋاندىكى ئېگىز تاغ چوققىسىدا ئۆسكەن بولىدۇ. ئەڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان رەڭدار، ئەڭ چىرايلىق ياۋا گۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تاقىر، سوغۇق تاغ چوققىلىرىدا ئۆسكەن بولىدۇ.

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەڭ يارقىن رەڭنى نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىدا كۆرگەنىدىم. تاغ چوققىسى ئالتۇن رەڭگە تولغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ، كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى.

قاراڭ، مۇخلار ئېگىز، تاقىر، سوغۇق جايلاردا بوران-چاپقۇن ۋە جۇدۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. بىراق، يەنىلا مۇشۇنداق گۈزەل رەڭدار تۈسكە كىرىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلمامدۇ؟ مەندە ئىككى خىل مۇخنىڭ ئەۋرىشكىسى بار. بىرسىنى ئېگىز تاغ چوققىسىدىن يىغىۋالغان. يەنە بىرسىنى تام تۈۋىدىن يىغىۋالغان. بۇ ئىككى خىل ئەۋرىشكىنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىدە زور دەرىجىدە ئوخشىماسلىق بار.

بوران-چاپقۇنلۇق تېمپېراتۇردا ئۆسكەن ئەۋرىشكىنىڭ رەڭگى نورۇز گۈلىنىڭ رەڭگىدە بولۇپ، كۆرۈنۈشى سىلىق، پارقىراق، ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. تۆۋەن

تېمپېراتۇردا ئۆسكەن ئەۋرىشكىنىڭ رەڭگى بولسا قارا، سۈپەتسىز ۋە قوپال بولۇپ، تىتىلىپ كەتكەنىدى.

ئازاب-ئوقۇبەت تارتىۋاتقان قېرىنداشلار، سىلەرمۇ ھازىر ئازاب-ئوقۇبەتلىك قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدىڭلارمۇ؟ سىلەر بارلىق تەسەللىي ۋە ئىلھامدىن مەھرۇم قالدىڭلارمۇ؟ خۇدا تەييارلىغان بوران-چاپقۇنلار ئارقا-ئارقىدىن سىلەرنى ھالسىرتىپ، قارىماققا سىلەرنى نابۇت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئېغىر سىناقلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا ئايلىنىپ، زور بەخت-سائادەتكە ئېرىشىسىلەر.

## 10-ئاينىڭ 2-كۈنى

**«ھەزرىتى ئەيسا باشقىلارغا ئۇقتۇرماي، ئۇلارنى بەيتسايدا دېگەن يېزىغا ئېلىپ ماڭدى.» (لۇقا9: 10)**

ئەگەر بىز مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ئالغا بېسىشنى ئويلىساق، چوقۇم خۇدا بىلەن كۆپرەك يالغۇز ئالاقە قىلىشىمىز كېرەك. كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش روھى جەھەتتە بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ. پۈتۈن بىر كۈن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانغا قارىغاندا، تېنچلىق بىلەن بىر سائەت دۇئا قىلىش بىزنى روھى جەھەتتە يېتىلدۈرىدۇ. چۆل-باياۋاندا يېگى شەبنەم تامچىلىرى، ساپ ھاۋا بار. شۇڭا بىز چۆل-باياۋانغا بېرىپ، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالايلى.

# 10-ئاينىڭ 3-كۈنى

**«يەر تەۋرەشتىن كېيىن بىر لاۋۇلدىغان ئوت كۆرۈندى. لېكىن، پەرۋەردىگار خۇدا ئوت ئىچىدە ئەمەس ئىدى. ئوتتىن كېيىن مۇلايىم، بوشقىنا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.»**

***(1-پادىشاھلار19: 12)***

بىزنىڭ بىر قېرىندىشىمىز ھەربىر ئىشتا خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشەنگەچكە، روھى جەھەتتە ئىنتايىن تېز چوڭ بولدى. بىر قېتىم بەزىلەر ئۇنىڭدىن بۇنداق تېز ئالغا بېسىشتىكى مەخپىيەتلىكنى سورىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئاددىي ھەم سەممىيلىك بىلەن : «ئىچىمدىكى چەكلىمىگە دىققەت قىلغانلىقىمدا» دەپ جاۋاب بەردى. ھەقىقەتەن راست، بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئىچىدىكى مۇقەددەس روھنىڭ چەكلىمىسىگە دىققەت قىلمايدۇ. مۇقەددەس روھنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن ئاستا ھەم تۆۋەندۇر. تۆۋەن ھەم بوش ئاۋازنى ئاڭلىماق ئىنتايىن تەس. بىز دائىم بۇ خىل ئاۋازنى قەلبىمىزنىڭ تېنچلىقىنى بۇزىدىغان بېسىمدەك ھېس قىلىمىز. بىزگە نىسبەتەن بۇ خۇددى سەھەردىكى سالقىن شامال يۈزىمىزنى سىلاپ ئۆتكەندەكلا بىر ئىش. ئەگەر سىز بۇ نازۇك ئاۋازغا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سالسىڭىز، بارا-بارا بۇ ئاۋازنى تېخىمۇ ئوچۇق ھەم ئاسان ئاڭلىيالايسىز. بۇ خۇددى بىز سۆيگەن كىشى ئىنتايىن بوش ھالدا قۇلاق تۈۋىمىزگە شىۋىرلاپ، بىر ئېغىز سۆز قىلسىمۇ دەرھال ئاڭلاپ چۈشەنگەندەك بىر ئىش. مۇقەددەس روھنىڭ ئاۋازىمۇ بىزنىڭ سۆيگىنىمىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىسەك، پەرۋا قىلمىساق، ئىشەنمىسەك سۆيگىنىمىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ. خۇدا مۇھەببەتتۇر. بىز چوقۇم ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇشىمىز، ھەر

ۋاقىت ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئېغىز ئاچماقچى بولغاندا، ئىچىڭىزدىكى چەكلىگەن ئاۋازنى ئاڭلىسىڭىز، شۇ ھامان زۇۋان سۈرمەسلىكىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا روھىي جەھەتتە تېنچسىز ھېس قىلسىڭىز، گەرچە كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ بىر ئەخمەقلىق بولسىمۇ، شۇ ھامان پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك.

چەكلىمىگە دىققەت قىلىشتىن سىرت، بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم دەرسلىك خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۈتۈشتۇر. ھەر بىر ئىشلاردا خۇدا سىزگە ۋاكالىتەن پىلان تۈزىدۇ. سىزگە ۋاكالىتەن ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا سىز ھەرگىز ئۆز ئەقىل-پاراستىڭىزگە تايانماڭ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا ئىجرا قىلغان پىلانلار خۇددى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە قارشى تۇرىۋاتقاندەك بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقىدۇ. پەقەت سىز ئاڭلىسىڭىز، ئىتائەت قىلسىڭىز، گەرچە بۇلار ئەخمەقانە ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ ئىلگىرى-كېيىنلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، بىزنىڭ پايدا-مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. (رىملىقلار8: 28 قارالسۇن)

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىز خۇدانىڭ ئاۋازىنى تونۇسىڭىز، ئالدى بىلەن سىزدە چوقۇم مەيلى نەتىجىسى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئىتائەتچان قەلب بولۇشى كېرەك. ناۋادا خۇدا سىزنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مېڭىشقا ئەمر قىلسا، سىز پۈتۈنلەي ئىتائەت قىلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، خۇدانىڭ ئۆزى سىزنىڭ ئىچىڭىزدىكى شەرەپلىك نۇردۇر. مۇشۇنداق بولغاندا، سىز خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيالايسىز ھەم خۇداغا تېخىمۇ يېقىنلىشىسىز. شۇنداقلا دەھشەتلىك سىناق ھەم قورقۇنچلۇق بېسىم

ئاستىدىمۇ خۇدانىڭ سىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز.

# 10-ئاينىڭ 4-كۈنى
**************

📖 **«مۇشۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار خۇدا ئايۇپقا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ بەرىكەت بەردى.» (ئايۇپ42: 12)**

گەرچە ئايۇپ نۇرغۇن ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، نەتىجىدە يەنىلا زور بەخت-سائادەتكە ئېرىشتى. خۇدا ئۇنىڭ ئىخلاسمەن، تەقۋادارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق ئېغىر سىناقلارنى بەردى. ئۇنداقتا، بۈگۈن بىزنىڭ ئاپەتلەرگە ئۇچرىشىمىزمۇ يەنىلا خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟ شان-شەرەپلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئازابلىق كۆز-ياشلاردىدۇر. ئايۇپ ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭغا خۇدانى تېخىمۇ ئۇلۇغ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئاددى قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «گەرچە قۇلاقلىرىم سەن توغرىلىق مىش-مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىم سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.» دەيدۇ. (5-ئايەت)

ئەگەر ئازاب-ئوقۇبەت، ئۈمۈدسىزلىك ئىچىدە خۇدانىڭ بىز بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ: «سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن» (مەتتا26: 42) دەپ نىدا قىلالىساق، بەخت-سائادەتكە چوقۇم ئېرىشىمىز. ئايۇپ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە خۇدانى كۆرگەچكە: «مەن قۇتقۇزغۇچى خۇدايىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىمەن» دەيدۇ. (ئايۇپ19: 25) گەرچە پەرۋەردىگار خۇدا ئايۇپقا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ بەخت-سائادەت ئاتا قىلسىمۇ، بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەستۇر.

جاپا-مۇشەققەت ھەر قېتىم سىزنى ئىزدەپ كەلگەندە، قولىغا ئالتۇن ئىلىنۋالغان بولىدۇ.

بىز ئەگەر جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە سەۋىر-تاقەتلىك بولۇپ كۈتسەك، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بەخت-سائادىتىمىزگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىز جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىسەك، نۇرغۇن بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشەلمەيمىز. نۇرغۇن خۇشال-خۇراملىققا پەقەت ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ھەقىقەت نۇرى پەقەت يەر-يۈزىگە تەۋە نۇرلار ئۆچكەندىن كېيىن ئاندىن نامايەن بولىدۇ.

روھتا پىشقان ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندۇر. ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا كۆلپەتلەر ئىز سالغاندۇر. قۇربان بولغۇچىلار تاقىغان شەرەپ تاجىنىڭ ھەممىسى ئازابلىق كۆز-ياشلارنىڭ بەدىلىگە كەلگەندۇر.

# 10-ئاينىڭ 5-كۈنى

**📖«يامغۇر ياغمىغىنى ئۈچۈن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئېقىن سۈيى قۇرۇپ كەتتى.» (1-پادىشاھلار17: 7)**

ئەگەر، بىز يوقىتىشنىڭ بەخت-سائادەت، مەغلۇبىيەتنىڭ غەلبە، مەنىسىزلىكنىڭ سوۋغات ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن بولساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئېتىقادىمىز تېخى مۇكەممەل بولمىغان بولىدۇ. روھىي كۈچ-قۇدرەت ھەمىشە ماددى كەمچىللىكنىڭ

ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ئىلياسنىڭ قېرىت جىلغىسىدا سۇنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە قاراپ ئولتۇرۇشى، بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەينەن ئىپادىلىنىشىدۇر. «بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن، جىلغىدىكى سۇلار قۇرۇشقا باشلىدى.» مانا بۇ بىزنىڭ تۈنۈگۈنكى تارىخىمىز، ئەتە ئۆچۈن ئالدىن ئېيتىلغان بىشارەت.

بىز هامان بىر كۈنى ئىلتىپاتقا تايىنىش بىلەن ئىلتىپات قىلغۇچىغا تايىنىشنىڭ پەرقىنى تونۇپ يېتىمىز. ئىلتىپاتنى بىر مەزگىل ياخشى ئىشلەتكىلى، پايدىلانغىلى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئىلتىپات ئاتا قىلغۇچى مەڭگۈلۈك مۇھەببەت مەنبەسىدۇر.

ئىلياس مەشرىققە مېڭىشتىن بۇرۇن، قېرىت جىلغىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر تەس مەسىلە ئىدى. ئۇ مەشرىققە بارغاندىن كېيىن، ھەممىنى ئېنىق چۈشەندى. خۇدانىڭ قاتتىق مۇئامىلىسى ھەرگىز ئاخىرقى نەتىجىنى بىلدۈرمەيدۇ. تۇرمۇشتىكى ئاپەت، جاپا-مۇشەققەت، ئازابلىق كۆز-ياشلارنىڭ ھەممىسى قىستۇرۇلغان مۇزىكا بولۇپ، ھەرگىز ئاخىرقى تاللانغان ئېسىل دەقىقە ئەمەس.

ئەگەر، ئىلياس قېرىت جىلغىسىدىن ئۆتمەي، بىۋاستە مەشرىققە بارغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان نەرسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ قېرىت جىلغىسىدا ئېتىقادلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن. سىز ۋە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىمۇ يەر يۈزىگە تەۋە بۇلاق قۇرۇپ كەتسە، ئىنسانلارغا خاس چارە-تەدبىرلىرىمىز كارغا كەلمىسە، چوقۇم پۈتكۈل كائىناتنى ياراتقان خۇدادىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭغا ئۈمۈد باغلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

# 10-ئاينىڭ 6-كۈنى

***«ئۇ ............................................ ئۈن-تىنسىز تۇردى.» (يەشايا 53: 7)***

ئۈنسىز سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئوقۇشماسلىققا بەرداشلىق بېرىش، مۇلايىملىق بىلەن ناھەقچىلىقنى سىغدۇرۇش نەقەدەر چوڭ كەڭ قورساقلىققا مۇھتاج-ھە! ئېتىقادچىلارنى سىناشنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇسۇلى ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتۇر. چۈنكى، بۇ بىر ئىكەك بولۇپ، دەرھال ئۇ كىشىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ساپ ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز سىناقلارنىڭ ئاستىدا بەخت-سائادەتلەرنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى بىلگەن بولساق، داۋۇتقا ئوخشاش: «ئۇنى قارغىغىلى قويغىن! چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرىغان. بولغۇن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورنىدا پەرۋەردىگار خۇدا ماڭا ياخشىلىق ياندۇرارمىكىن» (2-سامۇئىل 16: 11-12) دېيەلىگەن بولاتتۇق.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلۇغ ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، كۈرەش قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا زېھنىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ خۇددى سېرىق ھەرىنىڭ ئوۋۇسىغا ھەسەل يىغقىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر. گەرچە سېرىق ھەرە تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سىزگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

خۇداغا شۈكۈر! ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ روھىنى يەنى ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا تىل قايتۇرمايدىغان (1-پېترۇس2: 23)، ئۆزىنى ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇدىغان روھىنى بەردى. «شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم روھىڭلارنىڭ چۈشۈپ، جاسارىتىڭلارنى يوقاتماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھكارلارنىڭ شۇنچە خورلاشلىرىغا قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار. »(ئىبرانىيلار 12: 3)

# 10-ئاينىڭ 7-كۈنى

**📖« ئاراڭلاردا خۇدادىن قورقۇدىغان، ئۇنىڭ بەندىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغۇچى كىم بار؟ كىمنىڭ قاراڭغۇلۇقتا يورۇقلۇقى بولمىسا، خۇدانىڭ نامىغا تەۋەككۇل قىلسۇن، خۇداغا تايانسۇن!» (يەشايا 50: 10)**

بىر ئېتىقادچى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قانداق قىلىشى كېرەك؟ قىيىن مۇشكۈلاتلار ئىچىدىچۇ؟ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئىخلاسمەن بىر ئېتىقادچى زۇلمەتلىك ھەم مۇشكۈل سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە، خۇددى ئاسمانلارنى قاراڭغۇ بۇلۇت قاپلىغان، يوللاردا نۇرنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرگىلى بولمىغان قاراڭغۇلۇقتا قالغاندەك تەمتىرەپ، ھەممىشە نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ قاراڭغۇلۇقتا تەمتىرەپ يۈرگەن كىشى سىزمۇ قانداق؟ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بىر ئېتىقادچى قانداق قىلىشى كېرەك؟ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار خۇداغا تايىنىشى كېرەك.

بۇ ۋاقىتتا، بىرىنچى قەدەمدە قىلىدىغان ئىش ـــ ھېچنىمە قىلماسلىق. بۇ بىچارە ئىنسان تەبىئىتى قىلالمايدىغان ئىنتايىن تەس بىر ئىش. غەربلىكلەردە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار:« قىيىنچىلىق ئىچىدە ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلما.» بۇنىڭ مەنىسى شۇكى:« نېمە قىلىشنى بىلمىگەندە، ھېچنىمە قىلمىغان ياخشى.»

ئەگەر ئالدىدا تۇمان قويۇق بولسا، يەنە ئالدىغا ماڭغاننىڭ پايدىسى يوق. زۆرۈر پەيتتە چوقۇم لەڭگەر تاشلاش لازىم. بىزمۇ ئوخشاشلا، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ھېچنەرسە قىلماستىن، بەلكى خۇداغا تايىنىشىمىز كېرەك. بىز پەقەت خۇداغا تايانغان ۋاقتىمىزدىلا، خۇدا ئالدىن بىزگە ۋاكالىتەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر، قەلبىمىز يەنىلا قاراڭغۇ زۇلمەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتتىن غەم قىلىپ، قورقۇنچ ھېس قىلسا ياكى

خۇدانىڭ بەرگەن سىناقلىرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ شەرق، شىمالغا قېچىپ يۈرسەك، سىلەرگە شۇنى دەپ قويايكى، خۇدا بىزگە ۋاكالىتەن ئازراقمۇ خىزمەت قىلمايدۇ.

بىز چوقۇم قەلبىمىزنى تېنچلاندۇرۇپ، خۇدانىڭ ئىچىدىكى ئاراملىقتىن بەھرىمان بولۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز خۇددى كىچىك بالىدەك قوللىرىمىزنى خۇدانىڭ قولىغا قويۇپ، ئۇنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ پارلاق نۇرىغا چۆمۈلىشىمىز كېرەك.

ئۇ ئورمانلىقتىكى يول تاختىسىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا، ئۇ بىزنى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىشەنچلىك يولغا باشلاپ، مەنزىلىمىزگە خاتىرجەم يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بىز قانداق مېڭىشنى بىلمىگەن ۋاقتىمىزدا، يېنىمىزدا بىر يېتەكچىنىڭ بولماي قىلىشى ناتايىن.

# 10-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«ھېچنىمىسىدىن غەم قىلماڭلار.......................» (فىلىپىلىكلەر4: 6)**

نۇرغۇن ئېتىقادچىلار تۇرمۇشتىن غەم قىلىپ، تىت-تىتلىق ئىچىدە زېرىكىپ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدىراش تۇرمۇش ئىچىدىن، قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي ئاراملىققا ئېرىشىش بىلىشكە ئەرزىيدىغان بىر سىردۇر. بىز ئالدى بىلەن غەم-ئەندىشىنىڭ زادى قانداق پايدىسى بار دېگەننى ئويلاپ باقايلى.

غەم-ئەندىشە ھېچقانداق بىرەر كىشىنى قەيسەر، ئىرادىلىك قىلغان ئەمەس. ئۇ ئەزەلدىن بىرەر كىشىنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلغۇزغانمۇ ئەمەس. ئۇ

ئەزەلدىن بىرەر كىشىنى قېيىن مۇشكۈلاتلاردىن قۇتقۇزغان ئەمەس. غەم-ئەندىشە كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ، گۈزەل ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. تىت-تىتلىق ۋە غەم-ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ قەتئىي چەكلىگەندۇر. بىزنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ :« <نېمە يەيمىز، نېمە ئىچىمىز، نېمە كىيىمىز؟> دەپ غەم قىلماڭلار.» دىگەن(مەتتا 6: 31). رەببىمىز بىزنى ھەرگىز بىر ئىشتا ئالدىنئالا ئويلانماڭلار، قىلچە پىلانمۇ تۈزمەڭلار، قىلچىلىك قائىدە-نىزاملارغا ئەمەل قىلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيتى يوق دېمەكچى ئەمەس، بەلكى بۇلار ئۈچۈن غەم قىلماڭلار دېمەكچى. ئەجىبا، سىزنىڭ قايغۇ-ھەسرەت، غەم-ئەندىشىلىرىڭىزنى باشقىلار بىلمەي قالارمۇ؟ سىزگە دەپ قويايكى، چىرايىڭىزنىڭ ئازابلىق تۈرۈلىشى، سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزىڭىز، تۇرمۇشتىكى كىچىك ھەرىكەتلەر ۋە چۈشكۈن روھى-كەيپىياتىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار بىلىدۇ. بىز بۇ غەم-ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم خۇداغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ «ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي.» دېگەن (مەتتا 1: 28).

مەنىسىزلىك، غەم-ئەندىشە، گۇمان، ئىشەنمەسلىكنىڭ ھەممىسى ئېتىقادچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى. بىز ئۇلاردىن زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ئۇلار دائىم بىزنى پائالىيەت قىلىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمىدىمۇ؟ ئۇلار دائىم بىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىمىزنىڭ مېۋىلىرىنى نابۇت قىلمىدىمۇ؟ نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز ئېتىقادىمىزغا تايىنىپ لەيلەپ چىققانىدۇق، بىراق ئۆزىمىزنىڭ تالاش-تارتىشلىرى، تۈگىمەس غەملىرى بىلەن چۆكۈپ كەتتۇق.

ئاھ، بىز تېنىچ كۈچكە نەقەدەر مۇھتاج-ھە! بىز تېنچلانغان ۋاقتىمىزدا

پەرۋەردىگارنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. خۇدانىڭ ھەربىر سۆزلىرىنىڭ ئۈنۈمى باردۇر. ئېگىز تاغلار يۆتكىلىپ، يەر-زېمىن كۆكۈم تالقان بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى ھەرگىز يوقىتىلمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىشىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. شۇنداقلا، ئىشىنىشكە لايىقتۇر. ئاھ روھىم، قايتىپ كەلگىن! قايتىپ كېلىپ تېنچلانغىن! رەببىمنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگىن!

# 10-ئاينىڭ 9-كۈنى

**«خۇدانىڭ ئۆزى ئادالەتلىك خۇدا بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولغانلارنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر.» (يەشايا30: 18)**

يامغۇر مىقدارى ئەڭ كۆپ جايدا، ئوت-چۆپ ۋە دەل-دەرەخلەر ئەڭ يېشىل بولىدۇ. ئېرلاندىيە ئەزەلدىن تۇمان ئەڭ كۆپ جاي. شۇڭا ئېرلاندىيە يېشىل قاش تاش ئارىلى (Emerald Lele) دەپ نام ئالغان. بىز قاچان «ئازاب-ئوقۇبەت تۇمىنى» ۋە «قايغۇ-ھەسرەت تۇمىنى» غا يولۇقساق، شۇ ۋاقىتتا بىز خۇدانىڭ تەسەللى ۋە مۇھەببىتىگە تولغان يېشىل قاشتېشىدەك بىر قەلبكە ئىگە بولىمىز.

ئى قېرىندىشىم، سىز : «قارلىغاچلار ئۆلۈپتۇ، ئۇلار كۆرۈنمەيۋاتىدۇ» دېمەڭ. ئۇلار ئۆلگەن بولماستىن، بەلكى دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، يىراققا ئۇچۇپ كەتكەن. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قايتىپ كېلىدۇ. سىز : «گۈللەر ئۆلدى، قاتتىق سوغۇق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويدى» دېمەڭ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. زېمىستان قىش ئۇلارغا قاردىن ئاپپاق ماۋۇق كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ قويغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار توپىدىن قايتا باش

كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. سىز:« قۇياش ئۆچۈپ قالدى. بولۇتلار قۇياش نۇرىنى توسۇۋالدى» دېمەڭ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. قۇياش قارا بولۇتنىڭ كەينىدە سىزگە ۋاكالىتەن يازنى تەييارلاۋاتىدۇ. سىز يەنە ھەرگىز: «خۇدا مېنى ئۇنتۇپ قالدى» دېمەڭ. خۇدا ھەرگىز سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بەلكى سىزنىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىزنى قوزغاش ئۈچۈن ئېتىقادىڭىزنى سىناپ، سىزنى ساقلىتىۋاتىدۇ. چۈنكى، بىز داۋاملىق ئۈمۈد ئىچىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۈتىشىمىز كېرەك. گەرچە خۇدانىڭ ۋەدىسى كېچىكىپ كەتسىمۇ، ھەرگىز ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ.

# 10-ئاينىڭ 10-كۈنى

**«كۆڭلۈڭ بىسەرەمجان بولمىسۇن رەزىللەردىن، يامانلارغا ئاغرىتما يۈرۈكىڭنى ھەسەتتىن.» (زەبۇر 37: 1)**

مانا بۇ، ئون پەرز ئىچىدىكى« ئوغرىلىق قىلما.» (چىقىش 20: 15) دېگەن بۇيرۇقتا ئوخشاش خۇدانىڭ مۇھىم ئەمىر-پەرمانىدۇر. ھازىر بىز «غەزەبلەنمە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ باقايلى. غەزەپلىنىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ بۇ سۆزنىڭ مۇنداق مەنىسى بار:

غەزەپلىنىش سىرتقى جەھەتتە تۈزۈلۈش، ئىچكى جەھەتتە سۈركىلىش ۋە ھالسىزلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇلايىم بىر كىشى ھەرگىز سەۋەبسىز كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھالسىزلاندۇرمايدۇ. غەزەپلىنىش قەلبىنىڭ تېنچسىزلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئىنتايىن زىيانلىق. خۇدا بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە-ئۆزىمىزنىڭ زىيان سالماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.

دوختۇر سىزگە مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىملىق غەزەپلىنىش، سالامەتلىكىڭىزگە بىر قېتىم قاتتىق قىزىپ قالغاندىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دائىم غەزەپلىنىدىغان كىشى ساغلام تەنگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، بىز خۇدانىڭ غەزەپلەنمە دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۆتتۇق. شۇڭا، بىز خۇدانىڭ «....غەزەپلەنمە» دېگەن بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك.

# 10-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«شۇنىڭ ئۈچۈن، جاسارىتىڭلارنى يوقاتماڭلار. بۇ جاسارەتنىڭ ئىنئامى ئىنتايىن زوردۇر. خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىپ ......................» (ئىبرانىيلار 10: 35-36)**

ئاھ، يۈرىكىم ئاغرىپ ئازاپتىن ئىچ باغرىم ئۆرتىنىپ كەتتى. ئېزىپ قالغان قوزىغا ئوخشاش باشپاناھسىز قالدىم. كونا جاراھەتلەر ساقايماي تۇرۇپ، يېڭى جاراھەتلەر يۈرىكىمگە ئىز سالدى. بىراق، يەنىلا ئەرشكە ئۈمۈد بىلەن تەلمۈرۈپ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئالغا باسماقتىمەن. بۇ يولغا قەدەم باسقانلارنىڭ قايسىبىرى باسقان يولنىڭ داۋانلىق، ئېگىز-پەس يول ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ....... بۇ يوللار ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ مۇقەددەس ئاياغ ئىزلىرى ھەم قان-ياشلىرى بىلەن تولغان. ماڭا ئىلھام كېرەك! ئىلھام! ئاشۇ مۇقەددەس ماكانغا كىرىش ئۈچۈن ئالغا! ھازىر تۆت ئەتراپىمنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن تولغان. قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ كۈچى ئىنتايىن زوردۇر. مۇھىتمۇ قەبىھلىك بىلەن تولغان. (لۇقا 13: 24) خۇددى خۇدامۇ مەندىن يىراقلاشقاندەك. شۇنداقتىمۇ خۇداغا شۈكۈر! خۇدا ئېتىقاد نۇرى ئارقىلىق ماڭا يول

كۆرستىپ، ھايات سەپىرىمگە ھەمراھ بولماقتا.

# 10-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«...يۈسۈپ ئۇ يەردە قاماقتا بولۇپ قالدى........ پەرۋەردىگار يۈسۈپكە يار بولغاچقا، ئۇ باشقۇرغان ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغانىدى.» (يارىتىلىش *39: 20، 23*)**

ئەگەر بىز خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن خۇداغا خىزمەت قىلغانلىقىمىز سەۋەبىدىن تۈرمىگە تاشلانساق، رۆشەنكى ئۇ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، تۈرمە ئەكسىچە دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ماكانغا ئايلىنىدۇ. يۈسۈپ مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەچكە تۈرمىدە تىت-تىت بولمىغان، ئازابلانمىغان ھەم قارشىلىقمۇ قىلمىغان. ئەگەر ئۇنىڭدا خالىماسلىق ئىپادىسى كۆرۈلگەن بولسا، زىندان باشلىقى ھەرگىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولاتتى. يۈسۈپتە ھەتتا ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىمۇ يوق ئىدى.

شۇ نۇقتا ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىزدە قاچان ئۆزىمىزگە ئىچ ئاغرىتىدىغان قەلب پەيدا بولىدىكەن، شۇ ۋاقىتتا بىز تۈگەشكەن بولىمىز. يۈسۈپ بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن خۇداغا تاپشۇرغان. ئى رەببىم ئەيسا، مەن مەھبۇس بولۇپ تۈرمىدە ياتقىنىمدا ساڭا تايىنالىشىم، خۇشال-خۇرام بولالىشىم ئۈچۈن مەدەتكار بولغايسەن! تۈرمىدىمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى ئۈرۈنلىيالىشىم ئۈچۈن سەندىن كۈچ-ماغدۇر تىلەيمەن.

مەن ھازىر ئالىلىقاچان قاراڭغۇلۇقنى سۆيۈشنى ئۆگىنىۋالدىم. چۈنكى، ئەتراپ

قانچە قاراڭغۇ بولسا، رەبنىڭ چېھرى شۇنچە نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ.

## 10-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«ھېچ نەرسىدىن غەم قىلماڭلار. ئەكسىچە، ھەرقانداق تەلىپىڭلار بولسا دۇئا-تىلاۋەت ئارقىلىق خۇدادىن تىلەڭلار ۋە شۈكۈر ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، خۇدانىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تېنچلىقى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق تېنچلاندۇرىدۇ.» (فىلىپىلىكلەر 4: 6- 7)**

ئېتىقادچى بولغان كىشى چوقۇم ھېچنېمىدىن غەم قىلماسلىقى كېرەك. مەيلى بىز ئۇچرىغان سىناقلار قانچىلىك چوڭ، قايغۇ-ھەسرىتىمىز قانچىلىك چوڭقۇر، مۈشكۈلاتلىرىمىز قانچىلىك ئېغىر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى غەم قىلىشىمىزغا سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى، ئەرشتە يالغۇز ئوغلىنى سۆيگەندەك بىزنىمۇ سۆيىدىغان ھەممىگە قادىر، ھەرۋاقىت بىزنى قۇتقۇزۇشقا، ياردەم بېرىشكە خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدىغان خۇدا ئاتىمىز باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىزگە :« ھېچ نەرسىدىن غەم قىلماڭلار. ئەكسىچە، ھەرقانداق تەلىپىڭلار بولسا دۇئا-تىلاۋەت ئارقىلىق خۇدادىن تىلەڭلار ۋە شۈكۈر ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، خۇدانىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تېنچلىقى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق تېنچلاندۇرىدۇ.» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك.

«ھەرقانداق»، مەيلى ئۆيگە ئوت كەتسۇن ياكى سۆيگەن كىشىمىزنىڭ كېسىلى خەتەرلىك بولسۇن ۋە باشقا تۇرمۇشتىكى چوڭ-كىچىك، ئۇششاق ئىشلار بولسۇن

ھەرقانداق تەلپىمىز بولسا، خۇدانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئوخلىيالماي ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلگەن ۋاقتىمىزدا، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشىمىز، ھەر تۈرلۈك نازۇك قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى — ئائىلە، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىمىز كېرەك.

«دۇئا-تىلاۋەت ئارقىلىق»، تىلەمچىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، سەمىمىيلىك ۋە سەۋىر-تاقەت بىلەن ئۇنى كۈتىشىمىز كېرەك.

«شۈكۈر ئېيتىڭلار»، بىزدە ھەرۋاقىت خۇداغا شۈكۈر ئېيتىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز ئۆزىمىزچە خۇداغا شۈكۈر ئېيتقىدەك سەۋەب تاپالمىساق، ئەڭ ئاددىي بىر ئىش يەنى بىزنى گۇناھىنىڭ قۇللىقىدىن ئازاد قىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان خۇدانىڭ بىردىن بىر ھەقىقىتى —— ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىقى ۋە مۇقەددەس روھ ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىشىمىز كېرەك. مانا بۇلار بىزنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا شۈكۈر ۋە مەدھىيە ئېيتىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

«خۇدانىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تېنچلىقى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق تېنچلاندۇرىدۇ.» مانا بۇلار نەقەدەر زور، نەقەدەر ھەقىقىي، نەقەدەر ئېسىل بەخت-سائادەت-ھە! بىراق، بۇ خىل بەخت-سائادەتنى پەقەت ئۆز ھاياتى ئارقىلىق باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرلا ئاندىن چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك ئېشىپ چۈشىدىغان بەخت-سائادەت ۋە تېنچلىقتۇر. بۇ سۆزلەرنى قەلبىمىزگە پۈكۈۋالايلى. ئەگەر بىز بۇلارنى ھاياتىمىزغا تەدبىقلىيالىساق، نەتىجىدە چوقۇم خۇداغا زور شان-شەرەپلەرنى كەلتۈرەلەيمىز.

بىز دائىم ئۆزىمىزنى كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىش بارمۇ-يوق؟ دەپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بار بولسا، دەرھال خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، قەلبىمىز تېنچلانغىچە كۈتۈشىمىز كېرەك.

# 10-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«تۇيۇقسىز كامىرغا كۈچلۈك بىر يورۇق نۇر چۈشۈپ، خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى كۆرۈندى. پەرىشتە پېترۇسنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ:**

**- تېز تۇر! ـ دەپ ئويغاتتى. پېترۇسنىڭ قوللىرىدىكى زەنجىر شۇئان بوشاپ چۈشۈپ كەتتى.» (ئەلچىلەر *12: 7*)**

«تۈن يېرىمىغا يېقىن، پاۋلۇس بىلەن سىلاس دۇئا قىلىپ، خۇداغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتاتتى. ... تۇيۇقسىز قاتتىق يەر تەۋرەپ، زىندانىنىڭ ئۇللىرىمۇ سىلكىنىپ كەتتى. زىندانىنىڭ پۈتۈن ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، مەھبۇسلاردىكى كىشەنمۇ چۈشۈپ كەتتى. » (ئەلچىلەر 16: 25- 26)

مانا بۇ خۇدانىڭ ئۇسۇلى، خۇدا ئەنە شۇنداق زۇلمەت قاراڭغۇلۇق باسقان يېرىم كېچىدە قەدەم ئېلىپ يېقىنلىشىدۇ. بىز پېترۇسنىڭ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى قۇتقۇزۇلغانلىقىنى كۆردۇق.

ئاھ مېنىڭ روھىم، ئېھتىمال قۇتقۇزۇلۇش ساڭا يېقىنلىششتىن بۇرۇن، سەن چوقۇم قاراڭغۇ زۇلمەتنى بېسىپ ئۆتۈشۈڭ زۆرۈردۇر. بىراق قورقمىغىن! خۇدا سېنى چوقۇم قۇتقۇزىدۇ. ئېھتىمال خۇدا سېنى ئۇزۇنراق ساقلىتىشنى ياخشى كۆرسە كېرەك.

بىراق، ئۇ ھەرگىز ئۆز ئەھدىسىنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەھدىسىنى ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

خۇدا چەكسىز ئەقىل-پاراسەتلىك تاكتىكىسى ئارقىلىق ھەرقانداق مۈشكۈلاتلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ. خۇدا ئۆزىگە تايانغان كىشىلەرگە ئادەتتىكىچە ئەمەلىيەت ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. خۇدا ئۆزگەرمەس ھەقىقەتى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. مۇشۇنداق بولغانىكەن، بىز يەنە نېمىدىن قورقىمىز؟ زىنداندا بىرگە ياتقان بىر مەھبۇس، ئۇنىڭ كۆرگەن بىر چۈشى ئارقىلىق خۇدا يۈسۈپنى زىنداندىن خان ئوردىسىغا ئاپاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇداغا ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىغا ئىشىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى خۇدانى كۈتۈشتۇر.

خۇدا نەچچە مىڭ خىل ئاچقۇچ ئارقىلىق ئوخشمايدىغان نەچچە مىڭ خىل ئىشكىلەرنى ئېچىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قۇتقۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سەمىمي، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشتەك شەرىپىمىزنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالايلى. بۇنداق بولغاندا مەسىھمۇ تەبئىي ھالدا ئۆز ئۆلۈشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

قىيىنچىلىق بولسا بىرىنچى باسقۇچلۇق مۆجىزە. ئەگەر چوڭ مۆجىزە يۈز بەرسە ئىشلار«قىيىنچىلىق » بولۇپ قالماستىن، بەلكى «مۇمكىن ئەمەس » بولۇپ قالىدۇ.

خۇدا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىشىنى ياخشى كۆرگەچكە، بەزىدە ئۇلارغا ئازراق ئۇمۇدسىزلىكمۇ قوشۇپ قويىدۇ.

# 10-ئاينىڭ 15-كۈنى

**«سەن ئۇيۇل تاشنى ئۇرغىنىڭدا، سىلەرگە ئىچكىلى سۇ چىقىدۇ.- دېدى. »**
**( چىقىش 17: 6)**

خۇدا ھەمىشە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەكچى بولغان ئادەم، نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بىلەن ئۇرۇپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان قۇربانلىق بولسا، توۋا قىلغان ۋە ئازابلانغان قەلبتۇر. ياقۇپنىڭ دۇنياغا تەۋە بولغان تېنى يەنى سۆڭگىچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇدا ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۈچ-قۇدرەت بەرگەن. مۇسا قولىدىكى تاياق بىلەن ئويۇلتاشقا قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن خالايىقنىڭ ئىچىشىگە سۇ چىققان.

گىدون ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئۈچ يۈز نەپەر سەرخىل ئەسكەر ئۆز بوتۇلكىلىرىنى چېقىپ ـــ ئۆزلىرىنى ئۇرغاندىلا ئۇلارنىڭ ئوت كومۇلاچلىرى دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن.

ئەستەر خېيىم-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئۆز مىللىتىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان. رەب ئەيسامۇ بەش نان ۋە ئىككى تال بېلىقنى بۆلۈپ تارقىتىش ئارقىلىق بەش مىڭ كىشىنى تويغۇزغان. مەريەم قىممەت باھالىق ئەتىر قاچىلانغان قۇتىنى ئاچقاندىلا، ئۆي ئىچى خۇشپۇراققا تولغان. رەب ئەيسانىڭ ئەزىز تېنىمۇ تىكەن، مىخ ۋە نەيزىلەرنىڭ زەربىسىدىن تېشىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتى ھاياتلىق سۈيىگە ئوخشاش گۇناھكارلارنىڭ تەشنا قەلبىنى قاندۇرىدىغان خىسلەتلىك بۇلاق بولغان. بىر تال دان تۇپىغا كۆمۈلۈپ، قۇربان بولغاندىلا نۇرغۇن باشاقلار ئۈنۈپ چىققانغا

ئوخشاش، مەيلى تارىخ سەھنىسىدە، مۇقەددەس كىتابلاردا، روھقا تەۋە ھاياتلىقنىڭ ھەممىسىدە خاتىرلەنگەن ماددا، ئادەم، نەرسىلەر بولسۇن ھەممىسىنى خۇدا چوقۇم بۆلۈش، پارچىلاش، ئۇرۇپ-سوقۇش ئارقىلىق ئاندىن ئىشلەتكەن.

ئىھ، مال-دۇنيا، تۇرمۇش، گۈزەل ئارزۇ-ئارمان، ئىرادە-جاسارەت، نام-شۆھرەت، مۇھەببەت، سالامەتلىكى زەربىگە ئۇچرىغان قېرىنداشلار، گەرچە سىز باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە، تاشلىۋېتىشىگە ئۇچرىغان بولسىڭىزمۇ، مۇقەددەس روھ سىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، كەمسىتمەيدۇ. ئۇ سىزنى خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرىپىگە چاقىرىۋاتىدۇ. سىز خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرىپىگە ئېرىششىنى خالامسىز؟ يەشايا 33-پارە 23-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: « مەجرۇھلارمۇ ئولجا ئالار.» سىز رازىلىق بىلەن ئاشۇ مەجرۇھ بولۇپ ئولجا ئېلىشنى خالامسىز ؟

# 10-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«بىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرخىل ئىشلاردىن ۋە بىزنى چىرمىۋالغان گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ، ئالدىمىزدىكى مۇساپىنى چىداملىق بىلەن بېسىپ ئۆتەيلى.» *(ئىبرانىيلار12: 1)***

نۇرغۇن ئېغىر يۈكلەرنىڭ ئەسلى خارەكتىرى گۇناھقا كىرمەيدۇ. بىراق، بۇلار ئېتىقادچىلارنىڭ كۆڭلىنى بۆلۈپ، ئالغا ئىلگىرلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيىنى ئەڭ زور بولغىنى روھسىزلىنىشتۇر. (رايى قايىتىش).

ئىسرائىللارنىڭ خۇدا ئەھدە قىلغان زېمىنغا كىرەلمەسلىكىدىكى سەۋەب دەل ئاغرىنىشتۇر. خۇدا نوپۇس تىزىملاش سۇرىسىنىڭ 14-پارە 29-30 ئايەتلەردە ناھايىتى

ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئاغرىنغانلىقىڭلار ئۇچۇن، مەن قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان زېمىنغا ھەرگىز كىرەلمەيسىلەر.» زارلىنىش، قانائەتلەنمەسلىك دائىم كىشىنى گۇناھقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز كىچىككىنە ئەركىنلىكنى دەپ خۇدانىڭ ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببىتىدىن مەڭگۈ گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەك.

بىز گۇناھقا قانداق تاقابىل تۇرغان بولساق، ئوخشاشلا گۇمانلارغىمۇ شۇنداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز گۇماننى رەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، مۇقەددەس روھ بىزگە ياردەم قىلىدۇ ھەم بىزگە غەلبە قىلىش ئىشەنچىنى ئاتا قىلىدۇ. بىز ئاسانلا باشقىلارغا ئەگىشىپ گۇمان قىلىمىز، ئاچچىقلىنىمىز، قالايمىقان پەرەز قىلىپ خۇددى ئۇمۇدىمىز يوققا چىققاندەك، خۇدا بىزنى تاشلىۋەتكەندەك، رەت قىلىنغاندەك ھېسسىياتتا بولىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى بىزنى ئۇمۇدسىزلەندۈرۈش ھەم خۇشال-خۇرام ئوي-پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغۇزۇشتۇر. بىز خۇشاللىقنى ھېس قىلالمىغاندىمۇ چوقۇم ئېتىقادىمىزغا تايىنىپ شاد-خۇرام بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، خۇدا بىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىمىزنى خالايدۇ. (ياقۇپ1: 2)

شەيتاننىڭ بىزنى ئازدۇرۇشتا مۇنداق ئىككى خىل تاكتىكىسى بار. بىرسى، ئۇمىدسىزلەندۈرۈش، يەنە بىرسى گۇمانلاندۇرۇش. شەيتان بۇ تاكتىكىسى ئارقىلىق بىزنىڭ ئاتىمىز بىلەن باغلىغان ئېتىقاد يىپىمىزنى ئۈزىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئاھ يۈرىكىم، ئېھتىيات قىلغىن! ھەرگىز ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانمىغىن!

شاد-خۇراملىق! شاد-خۇرام روھ قەلب تارىمىزنى تەڭشەيدۇ. چۈنكى، قەلب تارىمىز تازا قىزىغاندا، شەيتان قەلبىمىزگە يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئەرشكە تەۋە ئېلىكتىر كۈچى پەيدا بولۇپ، شەيتاننىڭ بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈپ

تاشلايدۇ.

قايغۇ-ھەسرەت دائىم ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئۇ دائىم بارلىق ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ، سەت، بەتبەشىرە ھالەتكە ئەكىلىپ قويىدۇ. ئۇ ئۈمۈد، ئىشەنچنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە باشلاپ كىرىدۇ. قىزغىنلىقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. كۈچ-قۇۋۋەتنى خورىتىپ، نېرۋا-سېستىمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.

مول سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قېرىندىشىمىز ماڭا مۇنداق دېدى: «شاد-خۇرام بولغاندا، خىزمەتلەرنى ئۈتۈقلۇق قىلغىلى بولىدۇ. بىز شادلىق قاناتلىرىنى قاققان ۋاقتىمىزدا، خىزمەتلىرىمىز خۇددى ئۇچقاندەك ئالغا باسىدۇ. قايغۇ-ھەسرەت بولسا خىزمەت قىلىدىغان ھارۋىلىرىمىزنى كاردىن چىقىرىپ، خۇددى مىسىرلىقلارنىڭ ھارۋىسىغا ئوخشاش تەستە يول ماڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ.»

# 10-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«ئۆزۈمنى ئىلىم ئىپتسام، رەببىمىز ئەيسانىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن ماختانمايمەن، چۈنكى، ئۇنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى سەۋەبىدىن بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن ئۆلگەندۇر، مەنمۇ بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆلگەن. » (گالاتىيالىقلار6: 14)**

بىر قىسىم ئېتىقادچىلار بولۇپ، ئەزەلدىنلا ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئۈمۈدى، كۈرەش نىشانى بار . بىراق، ئۇلار دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى تىلەيدۇ. خۇدامۇ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئۇلار قاتتىق توۋا قىلغان قەلبنى تىلەيدۇ ھەمدە ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن

قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ئېرىششنى ئۈمۈد قىلىدۇ، نەتىجىدە خۇدا ئۇلارغا قايغۇ-ھەسرەت بېرىدۇ، ئۇلار پاك-مۇقەددەسلىكنى تىلىسە رەب ئۇلارغا قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت بېرىدۇ. ئۇلار كەمتەرلىك تىلىسە رەب ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنياغا نىسبەتەن ئۆلگەن قەلبنى تىلىسە، خۇدا ئۇلارنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئۈمۈدلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇلار رەبكە ئوخشاش بولۇشنى تىلىسە، خۇدا ئۇلارنى كۆمۈشكە ئوخشاش تاۋلىنىپ چىقسۇن دەپ، تاكى رەبكە ئوخشىغىچە ئوت ئىچىدە قويىدۇ.(مالاكى3: 3). ئۇلار ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈشنى تىلىسە، خۇدا ئۇلارغا كرېست بېرىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە تىلەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بىراق، رەب ئۇلارنىڭ تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئۇلار خۇداغا ئەگىشىپ يىراقىقا سەپەر قىلىشنى ھەم خۇداغا يېقىنلىششنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. خۇددى ياقۇپنىڭ بەيتەلدە قورقىنىغا، شاگىرتلارنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۇ ئۈستىدە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى جىن دەپ قورقۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ قەلبى قورقۇنچقا تولغان. ئۇلار قورقۇنچتىن رەبنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىشنى تىلىگىلى تاسلا قالغان. ئۇلار ئىتائەت قىلىش جاپا تارتىشتىن، ئورۇنداش ۋاز كېچىشتىن، كرېست يۈدۈش كرېستكە ئېسىلىشتىن ئاسان دەپ ئويلىغان. بىراق، ۋاقىت سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار چېكىنىشنى ئويلىسمۇ بۇ ئاللىقاچان مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئۇلار ئاللىقاچان يېقىنلاپ قالغان، كرېست ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللىقاچان چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. بۇ خۇددى ئىنجىلدا: «مەن يەردىن كۆتۈرۈلگىنىمدە پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىمەن» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، رەب ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.(يۇھاننا 12: 32)

ئۇلار بۇرۇن بۇ سىرنى مىش-مىش پاراڭ دەپ قارايتتى، بۇگۇنكى كۈندە ئۇلار بۇنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە. رەب ئاللىقاچان سۆيۈملۈك ئوبرازىنى پېترۇس ۋە مەريەمنىڭ قەلبىگە ئويغاندەك ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ چوڭقۇر ئويىۋەتكەن. ئۇلار ھازىر ئاللىقاچان رەبكە ئەگىشىشنى تاللاپ، مۇھەببەتنىڭ قۇلى بولۇشنى خالىدى.

كرېستتىكى سىر ئاستا-ئاستا ئۇلارنى يورۇتۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ۋە شان-شەرىپىنى كۆردى. ئۇلار دەسلەپتە، كىچىك نوقتىنى كۆرۈپ ئازراق ئالغا ئىلگىرلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار رەبنىڭ سۈرىتىگە ئايلاندى. دۇنيادىكى ئادەملەر ئۇلاردىن رەبنىڭ ئوبرازىنى كۆرەلىدى. چۈنكى، رەب ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئالاقە باغلاندى. ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن باشقىلار مۇھىم بىلگەن ھوقۇق، شان-شۆھرەتتىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بەلكى رەببىگە ئوخشايدىغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بەردى.

بۇ دەل ۋەھىيلەردە ئېيتىلغان: «قوزا نەگە بارسا، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارىدۇ» دېيىلگەن ھەقىقەتتۇر (14: 4)

ئەگەر، ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان بولسا ياكى دوستلىرى ئۇلارغا ۋاكالىتەن تاللاپ بەرگەن بولسا، رۆشەنكى ئۇلار ھەرگىز بۇنى تاللىمايتتى. ئۇلار دۇنيادا كۆپرەك، ئەرشتە ئازراق شان شەرەپكە ئېرىشكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئىبراھىمنىڭكىگە ئەمەس، لۇتنىڭ تەقدىرىدەك بولاتتى. ئەگەر ئۇلار يېرىم يىل توختاپ قالسا ياكى رەب قوللىرىنى بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىشىگە يول قويغان بولسا، ئۇلار نېمىنى يوقىتاتتى؟ ئەگەر، شۇنداق بولسا تىرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ يوقىتىدىغىنى نەقەدەر چوڭ زىيان-ھە!

بىراق، خۇدا ئۇلارنى قوغدايدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇلار تېپىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بىراق، رەب مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ. رەب بۇ جاپا مۇشەققەتلەرنىڭ ئۇلارغا ئەرشتە ھوقۇق تۇتقۇزىدىغانلىقىنى، يەر يۈزىدە يۈدىگەن كرېستىنىڭ ئەرشتىكى تاجنى كىيدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# 10-ئاينىڭ 18-كۈنى

📖**«شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ باشقا بىر دۆلەتتە مۇساپىر بولىدۇ. شۇ دۆلەتتىكى كىشىلەرگە قۇل بولۇپ، تۆت يۈز يىل ئۇلار تەرىپىدىن ئازاب چېكىدۇ...ئۇلار ئۇ دۆلەتتىن قايتقىنىدا، نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.» (يارىتىلىش 15: 14، 13)**

خۇدا بىز خالىمايدىغان ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بىزگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. بىرى كېچىكتۈرۈش، يەنە بىرى بولسا ئازاپ-ئوقۇبەت. خۇدا ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، ھازىر يەنە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە ۋەدە بەرمەكتە. مەيلى قانداق بولسۇن، گەرچە بۇ ۋەدە كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھامان ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتى. مەسىلەن، ئىسرائىللار مىسىردا قۇل بولۇپ، مىسىردىن چىقىدىغان ۋاقتىتا، مىسىرلىقلارنىڭ مال-دۇنيالىرىنى ئېلىپ كەتتى. (چىقىش12: 36)

خۇدا دائىم كېچىكتۈرۈش ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق بىزنى سىنايدۇ. بىراق، بۇلار ئارىسىدا خۇدانىڭ ۋەدىسى ھامان مەۋجۇتتۇر. ئۇ مەسىھ ئىچىدە بىز بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كېچىكىش ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيلى. چۈنكى، بۇلار خۇدانىڭ بىزگە تەييارلىغان بەخت سائادىتىدۇر.

# 10-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن تىنىچ جاي ئىزدەيدۇ.» (نۇپۇس ئىزىملاش10: 33)**

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز ئىچىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازى ياكى خۇدانىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىزنىڭ يەنىلا تىنىچ تۇرغىنىمىز ياخشى. ئەگەر بۇ ئاۋاز خۇدانىڭ بولسا، خۇدا يېتەرلىك ھەم ئىشەنچلىك ئىسپاتلار ئارقىلىق بۇنى بىزگە كۆرسىتىدۇ.

يەرەميانىڭ ھېكايىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر ھېكايىدۇر. يەرەميا ئانانۇتتىكى ئېتىزلىقنى سېتىۋېلىش ئىشىدا، بۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سېتىۋېلىشقا ئالدىرمايدۇ. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئېتىزلىقنى سېتىۋېلىشنى ئۆتۈنگەندىلا، ئاندىن بۇ يەرنى سېتىۋالىدۇ ھەم: «مەن بۇنىڭ خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم» دەيدۇ.(يەرەميا32: 8)

ئۇ بۇ ئىشلارنى خۇدانىڭ ئۆزىگە چۈشەندۈرۈشىنى كۈتكەن ھەم باشقىلار ۋە ئۆزى بۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەركەتلەنگەن. خۇدا بىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن ئىش كۆرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك.

خۇدانىڭ بارماقلىرى كۆرسەتكەن يولنى، خۇدانىڭ قولى جەزمەن تەييارلايدۇ.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، سىز ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىش ياكى نېمە قىلماسلىقنى ئويلىماڭ. بەلكى خۇدادىن، خۇدا سىز ئۈچۈن تاللىغان يولنى كۆرسىتىپ

قويۇشنى تىلەڭ. ئەگەر يول تېخى رۆشەن كۆرۈنمىسە، بۇ ھازىر تېخى ھەركەتلىنىدىغان ۋاقىت ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، سىز تۇرىۋاتقان ئورنىڭىزدا جىم تۇرۇڭ. خۇدا ھەممە ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

# 10-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تېنچلىقى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق تېنچلاندۇرىدۇ.» (فىلىپىلىكلەر 4: 7)**

دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىنتايىن مۇقىم بىر مەركەز بولىدۇ. كىشىلەر بۇنى «دېڭىز كۆرپىسى» دەپ ئاتىشىدۇ، مەيلى دېڭىز يۈزىدىكى دولقۇنلار قانچە كۈچلۈك، بوران-چاپقۇن قانچە شىددەتلىك بولسۇن، «دېڭىز كۆرپىسى» ئازراقمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ. دېڭىز ئاستىدىن سۈزۈۋېلىنىدىغان ھەركەتچان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى: ئۇلارنىڭ دېڭىز ئاستىدا ياشاۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولغان بولسىمۇ يەنىلا قىلچىلىك تەۋرىمىگەن. خۇدانىڭ ئامانلىقى خۇددى «دېڭىز كۆرپىسى» گە ئوخشاش قوزغالماس، مەڭگۈللۈك ئامانلىقتۇر. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قەلب قاتلاملىرىدا ساقلانغان بولۇپ، مەيلى سىرتتا قانچىلىك ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىق بولسۇن خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى كىشى بۇ ئامانلىقتىن بەھرىمان بولالايدۇ.

# 10-ئاينىڭ 21-كۈنى

📖«بىزگە مەلۇمكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى چېدىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، يەنى تېنىمىزدىن ئايرىلغاندا، ئادەم قولى بىلەن ياسالغان ئەمەس، بەلكى ئەرشتە خۇدا بىزگە تەييارلاپ قويغان تۇرالغۇغا .....ئىگە بولىمىز.» **(2-كورىنتلىقلارغا 5: 1)**

مەن تۇرىۋاتقان ئۆي سىپلىنغىلى ئۇزۇن بولغاچقا ئىنتايىن كونىراپ كەتكەنىدى. ئۆي ئىگىسى ماڭا يەنە پۇل خەجلەپ، بۇ كونا ئۆينى رېمونت قىلغۇسى يوقلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىشىمنى ئۇقتۇردى. دەسلەپتە مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئىنتايىن بىئارام بولدى. بۇ ئۆينىڭ كونىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۆت ئەتراپى ئىنتايىن گۈزەل ھەم مەنىلىك ئىدى. ئەگەر بۇ ئۆي كونىراپ كەتمىگەن بولسا، مېنىڭ ئەزەلدىن كۆچۈش نىيىتىم يوق ئىدى. بۇ كونا ئۆيلەر ئازراقلا شامال چىقسا لىڭشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئامالسىز كۆچۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

غەلىتە يېرى شۇكى، مەن ناھايىتى تېزلا كەلگۈسى يېڭى تۇرالغۇمغا قىزىقىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن خەرىتىلەرگە قاراپ، ئاھالىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇ يەرگە كۆزۈتۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن كىشى قايتىپ كېلىپ ئۇ جاينىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇ جايغا مەبلەغ سالغانلىقىنى، شۇڭا بۇ يەردىكى بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى سېتىۋېتىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. گەرچە بەزىلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلسا چوڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ يەنە بىر يېقىن دوستتۇممۇ ھازىر شۇ يەردە ئىدى. ئۇ ماڭا باشقىلاردىن ئەڭ شېرىن مېۋىلەرنى ئەۋەتكەنىدى. مەن تېتىپ كۆرگەندىن

كېيىن، بۇ يەردىكى مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ھەقىقەتەن تەمسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئاھ، مەن ھەقىقەتەن دەرھال ئۇ تەرەپكە بېرىپ، ئاشۇ تەرەپتىكى كىشىلەر بىلەن بىللە «قۇربان بولغان قوزا» ھەققىدىكى مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم ئالللىقاچان ئۇ تەرەپكە كۆچۈپ بولغانىدى. ئۇلار يولغا چىققاندا چېھرىدىن خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك كۆلكىسى چاقناپ تۇراتتى. نۇرغۇن قېتىم كىشىلەر ماڭا بۇ تەرەپكە مەبلەغ سېلىشقا دەۋەت قىلغاندا، مەن ئۇلارغا: «مەن ئالللىقاچان كۆچۈپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىپ بولدۇم» دەپ جاۋاپ بەردىم.

رەب ئەيسا دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە «مەن ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىمەن» دەيدۇ. (يۇھاننا 16: 17) گەرچە، بۈگۈن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە بولمىسۇن، ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قانچىلىك ئۈمۈدسىزلىنەيلى، بىزمۇ ھامان بىر كۈنى «ئاتىمىزنىڭ يېنىغا كېتىمىز». گەرچە بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئائىلىمىزنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىسەكمۇ، ئىككى نۇقتا بىزگە ناھايىتى ئوچۇقتۇر، ئۇنىڭ بىرى، بۇ ئائىلە خۇدا ئاتىمىزنىڭ ئۆيى(يۇھاننا 14: 2) يەنە بىرى بۇ جاي رەب ئەيسانىڭ تۇرۇشلۇق ماكانى. مانا بۇ ئىككىسى بىزنىڭ ھەۋەس قىلىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

# 10-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«مۇسا قېيىن ئاتىسى، مىدىيان روھانىيسى يېترونىڭ قويىنى باقاتتى. بىر كۈنى، ئۇ پادىسىنى ھەيدەپ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، خۇدانىڭ تېغى سىناي تېغىغا كەلدى. ئۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى تىكەنلىكتىكى يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە مۇساغا تۇيۇقسىز كۆرۈندى..........» *(چىقىش 3: 1-2)***

بىز ھەمىشە خۇدانىڭ بىشارىتىنى ئالاھىدە شارائىتلاردا ئاندىن كۆرگىلى بولىدۇ دەپ ئويلايمىز. مانا بىز بۇ ئايەتلەردىن ئويلىغىنىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. خۇدا كۈندىلىك تۇرمۇش ئارقىلىق بىزگە ۋەھىي بېرىشنى ياخشى كۆرگەچكە، بىز ھەمىشە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا خۇدادىن كەلگەن بىشارەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز. خۇدا دائىم ئاددىي يوللاردا ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەمنى ئىزدەپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا كۆرۈنىدۇ.

ئى ئاسماندىكى ئاتا، ماڭا كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا سېنى قانداق كۈتۈشنى ئۆگەتكەيسەن. مەن سەندىن ئالاھىدە سېزىمنى تىلىمەيمەن. بەلكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەن بىلەن ئالاقە قىلىشىڭنى تىلەيمەن. سېنىڭ ھايات سەپىرىمدە ماڭا يولداش بولۇشىڭنى، بۇ رەزىل ئىنسانىي ھاياتىمنىڭ سېنىڭ ھەمراھلىقىڭدا گۈزەل بولۇپ ئۆزگىرىشىنى تىلەيمەن.

بەزى ئېتىقادچىلار دائىم ھاياتىدا ئالاھىدە خۇشاللىقلارنىڭ بولۇشىنى ۋە ۋەھىيلەرگە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، بۇ خۇدانىڭ قوللىنىدىغان ئۇسۇلى ئەمەس. ھېلىقىدەك روھىي جەھەتتىكى ۋە دۇنيادىكى كۆرگىلى بولمايدىغان غەلىتە نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ھەرگىز خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئەھدىسى ئەمەس. خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئەھدىسى بولسا، كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى خۇدا بىلەن بولغان

ئالاقىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ ئاللىقاچان يېتەرلىك. شاگىرتلارنىڭ ئىچىدە، تاغدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ قىياپىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن كىشى پەقەت ئۈچ بولۇپ، بۇ ئۈچ كىشىمۇ ئوخشاشلا گېتسىمانىيە باغچىسىدىكى ئازابنى تەڭ تېتىغان كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى باشتىن-ئاخىر تاغدا قېلىپ قالمىغان. چۈنكى تاغ باغرىدىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

## 10-ئاينىڭ 23-كۈنى

**📖«.........ھەممە ياخشى ۋەدىلەرنىڭ ھېچبىرى يەردە قالمىدى.»*(1-پادشاھلار8: 56)***

ھامان بىر كۈنى بىز خۇدا ئېيتقان ھەر بىر «ياق» نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىمىز. بىراق، ئۇ ھەمىشە باشقىچە ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ «ياق» لىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ خەلقى ئەنسىرەش ۋە تىت-تىتلىق ئىچىدە: «بىزنىڭ دۇئالىرىمىز نېمىشقا جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. بىلسەك ئىدى، ھەممىگە قادىر خۇدا دەل ھازىر مۇكەممەل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. بۇ خىل ھالەتنى بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بىراق، مۇكەممەل بىشارەت كەلگۈسىدىلا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداق، ھەقىقىي ئېتىقاد ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ. ھەقىقىي ئېتىقاد پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن خۇدانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى كۈتىدۇ. قەدىرلىك قېرىندىشىم، خۇدا سىزدىن ئېلىپ كەتكەننى، سىزگە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن ئىش بارمۇ؟ ناۋادا خۇدا سىز تەلەپ قىلغاننى شۇ ھامان بەرمىسە، قانداق قىلىسىز؟ ئەجىبا، بۈگۈن خۇدانىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىمۇ؟ ئەجىبا، خۇدانىڭ بۇ

كىچىككىنە زېمىنىدىن باشقا دۇنياسى يوقمۇ؟

بىز، خۇدانىڭ بىزگە بىر ئۆمۈر سىناقلارنىلا ئەمەس، غايەت زور مېھىر-شەپقەتنى، ئالاھىدە بەخت-سائادەتنى بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خۇدانى قانداق كۆتۈشنى بىلسەك، ئېتىقادچىلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك زور بەختتىن بەھرىمان بولالايمىز.

# 10-ئاينىڭ 24-كۈنى

📖«مانا، مەن سېنى ئۆتكۈر چىشلىق يېڭى بىر دان ئايرىغۇچى تىرنا قىلىمەن. سەن تاغلارنى يەنجىپ، ئۇلارنى پارە-پارە قىلىۋېتىسەن، دۆڭلەرنىمۇ كۆكۈم تالقانغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيسەن.» (يەشەيا 41: 15)

بىر پارچە بەش يۈەنلىك تۆمۈردىن بىر تاقا ياساپ، ئۇن بەش يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ. ئەگەر يىڭنە ياسىسا ئۈچ يۈز يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ. ئەگەر كىچىك قەلەمتۇراچ ياسىسا، ئۈچ مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ. بىراق، بىر پارچە تۆمۈر مۇشۇنداق كۆپ پۇلغا ياراش ئۈچۈن چوقۇم نۇرغۇن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈشى زۆرۈر ئەلۋەتتە. تۆمۈر بولقا، ئوت، سوقۇلۇش قاتارلىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن قىممىتى ئاشىدۇ. بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئاددى ساۋات خالاس.

مەن بۇ تەمسىلنىڭ بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا، تېنچلىنىشىمىزغا، سەۋىر-تاقەت قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلىشىنى ئىنتايىن ئۈمۈد قىلىمەن. ئەڭ كۆپ جاپا-مۇشەققەت

تارتقان ئادەم، ئەڭ كۆپ ئۇتۇق قازانغان كىشىدۇر. چۈنكى، بىز جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمىز ھەم بۇ باشقىلارنى بەختكە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

# 10-ئاينىڭ 25-كۈنى

**«غەلىبە قىلغۇچىنى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا تۈۋرۈك قىلىمەن.» (ۋەھىيلەر 3: 12)**

خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە بەزىلەر خۇددى پىلەككە ئوخشاش، ئۆزى چوڭ كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارغا ياردەم قىلالايدىغاندەك، ئۇلارغا يۆلىنىۋالىدۇ. رەزىللىككە تولغان بۇ پەسكەش دۇنيادا خۇدا بىزنى تۈۋرۈك بولۇشقا چاقىرماقتا. ئۆي سېلىشتا ھەممە تۈۋرۈكلەرنى بىر جايغا ئورنىتىپ قويسا قاملاشمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك قېرىندىشىم، خۇدا سىزنى تۈۋرۈك بولۇشقا تاللىدى. شۇڭا سىز باشقىلارنىڭ قوللىشى ۋە ھېسداشلىقىنى ئەمەس، بەلكى خۇدادىن ئۆلۈشىڭىزنى بېرىشنى تىلەڭ. بەزى ۋاقىتلاردا خۇدا سىزنى باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىق قىلىشىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئەمما، سىز ھەرگىز ئۆزىڭىز باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقىنى ئىزدىمەڭ ھەم باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا تايانماڭ. سىزمۇ مارتىنغا ئوخشاش: «مەن توختاپ تۇرۇۋاتىمەن. خۇدا ماڭا ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەن ھېچنىمىنى قىلالمايمەن» دەڭ. «توختاپ تۇرۇش» سىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پوزىتسىيەڭىزدۇر. سىز چوقۇم ئەستايىدىللىق ھەم تەمكىنلىك بىلەن: «مەن خۇدا مەن ئۈچۈن تەييارلىغان مۇھىت ئىچىدە تۇرىۋاتىمەن. گەرچە مەن بىلەن مۇڭداشقىدەك ھېچكىم بولمىسىمۇ، مەن خۇدانىڭ مېنى <توختاپ تۇر> دەۋاتقىنىنى بىلىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ مەسىھ بىلەن بىرلەشكەنلىكىمنى

جاكارلىدىم. بۇلار مېنى ھەر خىل ئىشلاردا غەلبە قىلغۇزىدۇ.» دەپ ئېيتىڭ. مۇشۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز، كۈچ-قۇدرىتىڭىز، قابىلىيىتىڭىز ھەرگىز كەملەپ قالمايدۇ. بىز، بىزنى سۆيىدىغان خۇدانىڭ كۈچى بىلەن بارلىق ئىشلار ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلبە قىلىمىز. (رىملىقلار 8: 37)

مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە دېمەكچى بولغىنىم دەل «ھەممە ئادەمنىڭ توختاپ تۇرۇش مەسئۇلىيتى بار» دېگەندىن ئىبارەت. رەزىللىككە تولغان بۇ پەسكەش دۇنيادا ھەر بىر ئېتىقادچىنىڭ مەسئۇلىيتى توختاپ تۇرۇشتۇر. «توختاپ تۇرۇش» ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەت ھەم مەجبۇرىيەتتۇر. «مەن غەلبە قىلىپ، ئاتامنىڭ تەختىدە ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇردۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ غەلبە قىلغۇچىلارغا تەختىمدە مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىمەن» (ۋەھىيلەر 3: 21) مانا بۇ رەبنىڭ لائودىكىيادىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە يەنى ئاخىرقى دەۋردىكى جامائەتچىلىككە ئېيتقان سۆزى ھەم بىز كۆپچىلىككىمۇ ئېيتقان سۆزىدۇر.

# 10-ئاينىڭ 26-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا دۇئا تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تەنھا تاغقا چىقتى، كەچتىمۇ ئۇ يەردە يالغۇز قالدى.»(مەتتا 14: 23)**

ھەزرىتى ئەيسا دۇنيادىكى ۋاقتىدا دائىم ئۆزى يالغۇز خۇدا بىلەن يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. رەب ئەيسا بۇ ھەقىقەتنى ياخشى بىلگەچكە، دائىم پۇرسەت

ئىزدەپ، ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى. ئۇ ئىنسانلىق خارەكتىرگىمۇ ئىگە بولغاچقا چارچايدۇ، ئەلۋەتتە.

رەببىمىز مۇشۇنداق قىلغان يەردە، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىشقا تېخىمۇ مۇھتاج ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىر كىشى خۇدا بىلەن يالغۇز ئالاقە قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ كىشى دەل ھەزرىتى ئەيسا مەسىھتۇر.

خۇدانىڭ خىزمەتچىسى بولغان ھەر بىر كىشى خۇدا بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوقۇم تونۇپ يەتسۇن! خۇداغا تەۋە بولغان ھەر بىر جامائەتچىلىك چوقۇم ئېتىقادچىلارغا بۇ خىلدىكى چەكسىز ھوقۇقنى قانداق ئېرىشىشنى ئۆگەتسۇن! ھەر بىر ئېتىقادچىنىڭ چوقۇم خۇداغا يېقىنلىشىدىغان ۋاقتى بولسۇن! (ئاندىرى)

مەلۇم بىر كىتابتا بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ گۈلزارلىقىدا مەخپىي بىر جاي بار. ئۇنىڭ ئاپىسى ھەر كۈنى ئۇ جايغا بېرىپ بىر سائەت تېنچلىنىدۇ. بۇ جايغا ئەزەلدىن بىرەر كىرىپ، ئۇنىڭ تېنچلىقىنى بۇزغان ئەمەس.» قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېھتىمال سىز: «مېنىڭ بۇنداق تېنچلىنىدىغان جايىم يوق» دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئالدىرىماڭ، ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن يالغۇز قالغاندا ئۇلارغا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.»(ماركۇس4: 34) سىز ئۇنىڭدىن ھەرگىز ھەيران قالماڭ. سىزمۇ مۇشۇ سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈرەلەيسىز، كىشىلەر بىر-بىرلەپ تارقاپ، پەقەت سىز ۋە رەب يالغۇز قالغاندىلا بۇنى چۈشىنىسىز.

بۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ھەر بىر ئوي-پىكرىڭىز «خۇدا بىلەن مەن! خۇدا بىلەن مەن!» دەپ ئۆزگىرىدۇ. سىز خۇدا بىلەن ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، سىلەرنىڭ ئارلىقىڭلارنىڭ يېقىنلىقىدىن بۇ چەكسىز كائىناتتا سىز ۋە خۇدانىڭ يۈرەك سوقۇشىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر. شۇنداق قېرىندىشىم، بۇنى ئۆگىنىۋالايلى! كۆپچىلىكتىن

ئايرىلىپ چىقىپ، قەلبىمىزنى تېنچلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالايلى! «مەن بىلەن خۇدا!» دېگەن ناخشىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالايلى! ھېچكىمنىڭ سىز ۋە پەرىشتىنىڭ چېلىششىغا قول تېقىشىغا يول قويماڭ!

# 10-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«گۈلدۈرلەپ ئېقىپ چۈشكەن شاقىراتىلىرىڭدەك، تۈختىماي كەلمەكتە بېشىمغا كۈلپەتلىرىڭ، بېسىپ ئۆتمەكتە مانا ئۈستۈمدىن دولقۇنلىرىڭ، ئۆركەشلىرىڭ.»** ***(زەبۇر 42: 7)***

قەدىرلىك قېرىندىشىم، بىز خۇدا بىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان جايدا توختاپ، قولىمىزدىن كېلىشىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چوقۇم قىلىشىمىز كېرەك. خۇدا بىزنىڭ شىددەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق تېخىمۇ قەيسەر، باتۇر ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنى ئۈمۈد قىلغاچقا، دائىم بىزگە سىناقلارنى بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قار-يامغۇر، بوران-چاپقۇنلارنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن دەرەخ، سايىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن دەرەخكە قارىغاندا يىلتىزلىرى مۇستەھكەم ھەم كۆركەم بولىدۇ. ئىنسان ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جاپا-مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندۇر.

# 10-ئاينىڭ 28-كۈنى

**«لېكىن، ئىنتايىن مېھىر-شەپقەتلىك خۇدا بىزنى شۇ قەدەر سۆيگەچكە، گەرچە بىز گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن روھى جەھەتتە ئۆلگەن بولساقمۇ، خۇدا بىزنى ئەيسا مەسىھكە باغلىغان ھالدا يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردى. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر پەقەت ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بىز ئەيسا مەسىھكە باغلانغانلىقىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈپ، بىزگە ئەرشتىكى تەختتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇش ھوقوقىنى بەردى. »(ئەفەسلىكلەر 2: 4-6)**

ئەرشتىكى تەختتە ئەيسا مەسىھ بىلەن تېپتېنچ بىللە ئولتۇرۇش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز، بىزنىڭ ئۆلۈشىمىزدۇر. بىراق، قانچىلىك ئادەم مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىنى ھەقىقىي باشتىن كەچۈرگەندۇ؟ يەنە قانچىلىك ئادەم بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغاندۇ؟

بىزمۇ بەلكىم، ئېھتىمال خۇدانىڭ مۇقەددەس كۈنىدە ياكى روھتا شىددەتلىك ئىلگىرلەش بولغاندا، ئاندا-ساندا مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر ھەر كۈنى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەرشتە ئولتۇرۇشنى مۇمكىن بولمايدۇ دېسەڭ، مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەرشتە ھەر ۋاقىت ئولتۇرۇش مۇمكىن، ھەپتە ئاخىرى مۇمكىن، ھەر كۈنى مۇمكىن!

بىر تېنچلانغان روھنىڭ سىرتقى پائالىيەتلەرگە بولغان ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، روھى جەھەتتە جىددىيلىشىش ۋە ئەنسىرەش روھقا تەۋە قابىلىيەت ۋە غەلىبىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ.

روھتا پىشىپ يېتىلگەن بىر ئېتىقادچى بىر قېتىم بىزگە مۇنداق دېدۇ:«خۇداغا

قانداق تايىنىش ۋە قانداق تېنچلىنىشنى ئۆگىنىۋالسا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. »
بۇ سۆز ھەقىقەتەن ئىنتايىن مەنىلىكتۇر. ئەگەر بىز بۇ نوقتىنى بىلىۋالساق، خىزمەت
ئۇسۇلىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەم بىز توختىماي كۈرەش قىلىشتىن ساقلىنىمىز.
بىز خۇدانىڭ ئالدىدا تىپتىنچ ئولتۇرۇپ، مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە ۋاكالىتەن، بىز
ئۈمىد قىلغاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كۈتسەكلا كۇپايە. بىز مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە
ۋاكالىتەن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەقەت
قەلبىمىزنى تېنچلاندۇرساقلا كۇپايە. بىز چوقۇم ھەر قانداق مۇھىت، ھەر قانداق
شارائىتتا خۇدانىڭ ئاراملىقىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

# 10-ئاينىڭ 29-كۈنى

**📖«ئۇ كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلاپ ئولتۇرىدۇ، ۋە لېۋىنىڭ باللىرىنى ساپلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنى ئالتۇن-كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھەققانىيلىقتا بولغان بىر قۇربانلىق- ھەدىيەنى سۇنىدۇ. »(مالاكى 3:3)**

خۇدا ئاتىمىز بىزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش پاك، مۇقەددەس بولىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ ئوتنىڭ ھارارىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. بىز ھەممىمىز كۈچلۈك ئوتتا تاۋلانغان ئالتۇننىڭ ساپلىقىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى، ئالتۇن ئەڭ كۈچلۈك ئوتتىلا ئېرىيدۇ، پەقەت ئېرىگەن ۋاقىتتىلا ساپ ئالتۇن ۋە ساختا ماددىلارنى ئايرىپ چىققىلى ھەم ئېرىگەن ۋاقىتتىلا، ئۇلارنى يېڭى شەكىلدە باشقىدىن ياساپ چىققىلى بولىدۇ. پىشقەدەم زەرگەر تېمپېراتۇرىنىڭ يوقىرى بولۇپ كېتىپ،

ئالتۇننىڭ زىيانغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، باشتىن-ئاخىر ئېرىتىش ئوچىقى يېنىدىن ئايرىلماي قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاخىرى سۈپەت دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولىدۇ، دەرھال ئوتنى ئۆچۈرىدۇ.

# 10-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«.........ئالدىمىزدىكى مۇساپىنى چىدامlıق بىلەن بېسىپ ئۆتەيلى.» (ئىبرانىيلار12: 1)**

«چىداملىق بىلەن بېسىپ ئۆتۈش» بولسا ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش. ھەمىشە ئالغا باسىدىغان ۋاقىتتا چىدامچانلىق كەم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئالغا باسقان ۋاقىتتا، ھەمىشە جىددىيلىك ئىچىدە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدىراشقا توغرا كېلىدۇ. بىز دائىم «سەۋىر-تاقەت» نى تىلغا ئالىمىز ھەم دەرھال «تېنچلىنىش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلايمىز. مېنىڭچە تېنچلىنىش ئىچىدىكى سەۋىر-تاقەت، قىلغىلى بولمايدىغان مۈشكۈل سەۋىر-تاقەتمۇ ئەمەس.

مەن بىر خىل سەۋىر-تاقەتنىڭ ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا سەۋىر-تاقەت قىلىش ھەم ئالغا بېسىشتۇر. دەرۋەقە، قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە تېنچ تۇرۇش، بەختسىزلىك ئىچىدە ئۈندىمەسلىكنىڭ ھەممىسى غايەت زور سەۋىر-تاقەتكە مۇھتاج. بىراق، مەن بىر ئىشنىڭ غايەت زور سەۋىر-تاقەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، يەنى تۈيۈقسىز ھۇجۇملار ئىچىدىمۇ ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلىش، ئېغىر بېسىملار تۇرۇپمۇ يەنىلا توختىماي ئالغا بېسىش، روھى چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە تۇرسىمۇ يەنىلا مەجبۇرى ھالدا ۋەزىپە ئۆتەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زور

سەۋىر-تاقەتكە مۇھتاج. مانا بۇلار مەسىھ ئىچىدىكى ھەقىقىي سەۋىر-تاقەتتۇر.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، خۇدا بىزگە يۇمشاق كارۋاتنا ئەمەس، بەلكى يولدا سەۋىر-تاقەتنى ئۆگىتىدۇ. خۇدا بىزگە قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىزنى دەپنە قىلغۇزۇپ، جىمجىتلىق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك پائالىيەت قىلىۋاتقاندا يەنى سودا-سېتىق، خىزمەت ئورنى، ئائىلە ۋە باشقىلارغا ياردەم بەرگەن ۋاقىتتا سەۋىر-تاقەتنى ئۆگىتىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنى دەپنە قىلىش بۇلارنى دەپنە قىلىشتىنمۇ تەس بولمىسا كېرەك. بىراق، بۇ دەل مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغان «چىدامىلىق بىلەن بېسىپ ئۆتتۈشتۇر.»

ئىھ ئىنسان ئوغلى، مانا بۇ دەل سىزنىڭ سەۋىر-تاقىتىڭىز! مانا بۇ ھەم كۈتۈش ھەم ئالغا بېسىشتىكى سەۋىر-تاقەت! گەرچە سىزنىڭ يۈدىگەن سەۋىر-تاقەتلىرىڭىز ئىنتايىن ئازابلىق بولسىمۇ، بىراق مەن سىزنىڭ كانا يېزىسىدا سۈنى ھاراققا ئايلاندۇرغانلىقىڭىزنى، چۆلدە ئازراق نان بىلەن نۇرغۇن كىشلەرنى تويدۇرغانلىقىڭىزنى كۆردۈم. كىشلەر سىزدىن بۇلۇت ئارىسىدىكى ھەسەن-ھۈسەننى تىلەيدۇ. مەن سىزدىن بۇنىڭدىنمۇ زور قابىلىيەتنى يەنى: بۇلۇت ئارىسىدىكى باشقىلارنى خۇشال قىلالايدىغان ھەسەن-ھۈسەن بولۇشنى تىلەيمەن.

# 10-ئاينىڭ 31-كۈنى

**«ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس روھ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى بىلىپ، بىزگە ياردەم قىلىدۇ. بىز قانداق دۇئا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيمىز. لېكىن مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزى سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئاھ ئۇرۇش ئارقىلىق بىز ئۈچۈن خۇداغا مۇراجەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان خۇدا مۇقەددەس روھنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. چۈنكى، مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە خۇدانىڭ مۇقەددەس خەلقى ئۈچۈن مۇراجەت قىلىدۇ.» (رىملىقلار 8: 26-27)**

مانا بۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، ئىلاھىيەتشۇناسلىق چۈشەندۈرەلمەيدىغان دۇئانىڭ سىرى. ئېتىقاد جەھەتتە ئەڭ يېڭى ئېتىقادچىمۇ دۇئا قىلىشنى بىلىدۇ. بىراق، بۇ سىرنى چۈشىنىشى ناتايىن.

ئاھ، بىز نۇرغۇن يۈكلەرنى يۈدۈيمىز، يۈدۈيمىز......بىراق، نېمە ئۈچۈن يۈدۈيدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمەيمىز. نۇرغۇن ئاۋازلارنى ئاڭلايمىز، ئاڭلايمىز، بىراق ئۆزلەشتۈرەلمەيمىز. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ئەرشتىكى تەختتىن قايتقان خۇدا ئاتىمىزنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز ئاڭلىغان ئاۋاز ناخشا قوشاق ئاۋازى بولماستىن، بەلكى ئاھ ئۇرغان ئاۋازدۇر. بىزنىڭ يۈدىۋالغىنىمىز قانات ئەمەس بەلكى ئېغىر-يۈكتۇر. بىراق، بۇ بەخت-سائادەتلىك ئېغىر يۈكتۇر. بۇ بىر مەدھىيە ۋە خۇشال خۇراملىققا تولغان ئاھ ئۇرۇشتۇر. «سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئاھ ئۇرۇش»، بەزى ۋاقىتلاردا بىز ئۆزىمىزمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيمىز. ھەتتا ئۆزىمىزمۇ چۈشەنمەيمىز. بىز پەقەت ئىچىمىزدىكى مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە ۋاكالىتەن قىلغان دۇئاسىنى خۇدانىڭ چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىچ-باغرىمىز تۇشۇپ كەتكەن بارلىق بىسىم ۋە قايغۇ-ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋېتەيلى. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىنى، سۆيىدىغانلىقىنى، چۈشىنىدىغانلىقىنى، قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇئالىرىمىزدىكى مۇكەممەل بولمىغان، خاتالىق ۋە ئەخمىقانە دۇئالارنى ئايرىپ چىقىدۇ ۋە خۇداغا قۇربانلىق بېرىشكە تەييارلانغان روھانىيدەك ساپلىرىنى خۇددى خۇشپۇراقلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىقتا ئوخشاش خۇداغا ئاتايدۇ. بىزنىڭ دۇئالىرىمىز بۇ كاتتا باش روھانىينىڭ نامىغا تايىنىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە، خۇرسەنلىكىگە ۋە جاۋابىغا ئېرىشىدۇ.

خۇدا بىلەن ئالاقىدە بولۇش خۇداغا توختىماستىن سۆزلەش ياكى خۇدانىڭ سۆزىنى توختىماستىن ئاڭلاشقا مۇھتاج ئەمەس. بۇ بىر خىل ئۈنسىز ئالاقە بولۇپ، بۇ سۆز بىلەن ئالاقە قىلغاندىنمۇ شىرىندۇر. كىچىك بالا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاپىسىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ ئىككەيلەن ئۆز-ئارا گەپ سۆز قىلىشمايدۇ. ھەر ئىككىسى ئىنتايىن ئالدىراش. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل، مۇكەممەل بىر باغلىنىش ۋە يېقىن ئالاقە مەۋجۇت، ئانا بالىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئوخشاشلا، ئېتىقادچىلار بىلەن رەبنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئۈنسىز مۇھەببەتلىك ئالاقىدۇر. بىز ئەنە شۇنداق تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرگەندىمۇ، قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشلىرىمىزنىڭ خۇدانىڭ رازىلىقى ۋە بەخت-سائادىتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يۈكىمىز ئېغىرلاپ، ئىشلىرىمىز مۇرەككەپلىشىپ، بۇلارنى تىلدا ئىپادىلىيەلمەي قالغاندا ياكى سىرلىق ھېس قىلىپ، چۈشەنمەي قالغاندا رەببىمىزنىڭ باغرىغا ئۆزىمىزنى ئېتىپ، ئىچ-باغرىمىزدىكى بارلىق دەرت-ھەسرەتلەرنى تۆكۈۋالايلى!

# 11-ئاينىڭ 1-كۈنى

**📖«بۇلۇت تۈۋرۈكى توختىسا.................ئىسرائىللارمۇ يولغا چىقالمايتى.» (نومۇس تىزىملاش9: 19)**

ھەركەت قىلماسلىق ھەركەت قىلىشقا قارىغاندا قىلىش تەس بولغان بىر ئىش. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى ھەرىكەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇلۇت تۈۋرۈكى ئاستا-ئاستا غايىپ بولسا، سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرسە، بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ھالەت-ھە! يولدا قىزىقارلىق، گۈزەل، مەنىلىك ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇلۇت تۈۋرۈكى توختىغان ھامان، ئۇلارنىڭمۇ توختاشتىن باشقا ئامالى يوق.

مەيلى بۇلۇت تۈۋرۈكى توختىغان جاي قانچىلىك مەنىسىز، قانچىلىك ئىسسىق بولسۇن ئۇلار يەنىلا ئامالسىزدۇر. مەيلى ئۇلار قانچىلىك جاپا تارتىپ يولغا چىقىشقا ئالدىرىسۇن، توختىغان جاي قانچىلىك خەتەرلىك ھەم قاقاسلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى يوق. ئۇلار چوقۇم سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈشى كېرەك.

داۋۇت ئۆز ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:«پەرۋەردىگارغا تەلمۈرۈپ كۈتتۇم، كۈتتۈم ئۇ ماڭا ئېگىلىپ پەريادىمنى ئاڭلىدى. » (زەبۇر40: 1) داۋۇت سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتۈش ئارقىلىق، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ جاۋابىغا ئېرىشكەن. خۇدا كونا ئەھدىدىكى مۇقەددەس خەلققە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئوخشاشلا يېڭى ئەھدىدىكى ئېتىقادچىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن راست، خۇدا بىزنىڭ كۈتۈشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز قورقۇنچلۇق دۈشمەنگە يولۇقۇپ، خەۋپ-خەتەرلىك تەھدىت ئاستىدا قالغاندا، خۇداغا نىدا قىلىپ «

ئى خۇدا، بىز قېچىپ تۇرساق بولمامدۇ؟ ھازىر ئاللىقاچان چىدىرلارنى سۆكۈپ، يولغا چىقىدىغان ۋاقىت بولدىغۇ؟ بىز ئاللىقاچان يېتەرلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلمىدۇقمۇ؟ بىز ۋاقتىنچە تۇمۇز ئىسسىقتىن دالدىلىنىپ، ئوت ۋە سۇ بويىدا ئارام ئالساق بولمامدۇ؟» دەيمىز.............

ھېچقانداق سادا يوق! بۇلۇت تۈۋرۈكى توختىغان، بىز پەقەت ئاشۇ جايدا توختاشقا مەجبۇرمىز. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يولدا مانىنا، ھاياتلىق سۈيى، قوغدىنىش، تەسەللىلەرنىڭ ھەممىسى باردۇر. خۇدا ئەزەلدىن بىزگە بىر جايدىلا توختاشنى بۇيرىمايدۇ، ھەم بىزنى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىقىدىن ۋە تەمناتىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ.

ئەي يىگىت! سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتكىن! ھەرگىز ئالدىراقسانلىق بىلەن ئالدىغا ئېتىلما! بۇلۇت تۈۋرۈكى روشەن يىغىلىپ بولغىچە ، ئەسلىدىكى ئورنۇڭدا توختاپ تۇرغىن! چۈنكى، مۇشۇنداق قىلساڭ، رەببىڭنى خۇرسەن قىلالايسەن. ئۇ ھەرگىز ئۈزۈن كېچىكمەيدۇ.

## 11-ئاينىڭ 2-كۈنى

📖 **«......ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىكى قېرىنداشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا سەمىمىي دۇئا قىلىشتى.» (ئەلچىلەر 12: 5)**

دۇئا قىلىش خۇدا بىلەن بىزنى تۇتاشتۇرىدىغان زەنجىر، ئوتكىلى بولمايدىغان ھاڭغا سېلىنغان كۆۋرۈك بولۇپ، بىزنى خەۋپ-خەتەردىن ۋە نادانلىقتىن يېتەكلەيدۇ.

ئەلچىلەر دەۋرىدىكى جامائەتچىلىك نىمىدېگەن گۈزەل ــ پېترۇسنىڭ مەھبۇس بولۇپ زىنداندا يېتىشى، يەھۇدىيلارنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى، ھېرودخاننىڭ ئالىي ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى، شېھىت بولغان قېرىنداشنىڭ قېنىنى كۆرۈش ۋە خەۋپسىرەش...قاتارلىقلار. ئەمما، ئۇلار يەنىلا خۇداغا "سەمىمىلىك بىلەن دۇئا قىلدى" نەتىجە قانداق بولدى؟ زىندان ئېچىلىپ پېترۇس ئازاد بولدى. يەھۇدىيلار مەغلۇپ بولدى. رەزىل پادىشاھ قۇرۇتلارغا يەم بولدى. خۇدانىڭ ھەقىقىتى ئەتراپقا تارقىلىپ ئېتىقاتچىلار جامائەتچىلىكى گۈللىنىشكە باشلىدى.

دۇئا بولسا بىزنىڭ روھىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىمىزدىكى قورالىمىزدۇر. ئۇنداقتا، بىز بۇ قورالنىڭ قۇدرىتىنى بىلەمدۇق؟ بىز ئېتىقاد ھوقۇقىمىزغا تايىنىپ، نىدا قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق بىلەن بۇ قۇرالنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالامدۇق؟ بۇ جەھەتتە خۇدانىڭ بىزگە ئىشەنچ ۋە جۈرئەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن. خۇداغا لازىمى ھەرگىزمۇ بىر توپ ئۇلۇغ كىشىلەر بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.

سىز دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى چەكلەپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئىشەنمەسلىك خۇدانىڭ قابىلىيىتىنى چەكلەپلا قالماستىن يەنە بىلەرمەنلىك قىلىشمۇ خۇدانىڭ قابىلىيىتىنى چەكلەيدۇ. سىز ئۈمۈد قىلمىغان ئىشلارنىڭ ــ سىزنىڭ تىلىگەن ۋە ئويلىغانلىرىڭىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. سىز ھەر قېتىم دۇئاغا ئولتۇرغاندا، ئالدى بىلەن تىپتىنچ ھالدا خۇدانىڭ ھەر بىر قىلغانلىرىنى، ئۆزىڭىزنىڭ مەسىھ ئىچىدىكى ئورنىنى ئويلاپ كۆرۈڭ.

دۇئا بولسا خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن پۇرستى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئازابلىنىۋاتامسىز؟ دۇئا ئارقىلىق قايغۇ-ھەسرىتىڭىزنى

خۇشال-خۇراملىققا ئۆزگەرتىڭ. سىز خۇشالمۇ؟ دۇئا ئارقىلىق خۇشاللىقىڭىزغا ئەرشكە تەۋە شىرىن تەمنى قوشۇۋېلىڭ. سىز ئىچكى-تاشقى دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ دۇئا ئارقىلىق پەرىشتىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز. ئۇنىڭ بىر سىلاپ قويۇشى بىلەن ئۇيۇل تاشلار پارە-پارە بولۇپ كەتكەندەك، كۈچلۈك قوشۇنلارمۇ تىرە-پىرەن بولۇپ كېتىدۇ. دۇئا سىزگە نېمىلەرنى بەردى؟ بۇ سوئالغا مەن سىزگە ۋاكالىتەن جاۋاب بېرەي: خۇدا سىز ئۈچۈن قىلغان ھەممە نەرسىلەرنى بەردى. خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ساڭا نېمە بېرىشىمنى ئۈمۈد قىلساڭ، شۇنى سورىغىن! » (1-پادىشاھلار3: 5)

# 11-ئاينىڭ 3-كۈنى

📖«......ئۇلار يوللار بويىدىمۇ ئوتلىنىدۇ، ھەم ھەتتا تاقىر تاغلاردىن ئوزۇقلۇق تاپىدۇ.» **(يەشايا49: 9)**

ئەڭ يۇقىرى قابىلىيەت قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن بولىدۇ. سىز پەقەت قان-تەرىڭىز بەدىلىگە ئەجىر قىلسىڭىزلا ئاندىن يۈكسەك قابىلىيەتكە ئىگە بولالايسىز. قەھرىمانلار ھېكايىسىنىڭ ھەممىسى قان ئاققۇزۇش تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەردۇر. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تۇيۇقسىز شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئەمەس.

بىز تۇرىۋاتقان مۇھىت قانچە ناچار، قانچە مۈشكۈل بولسا، بىزنىڭ خۇدانى تونۇش قابىلىيىتىمىز شۇنچە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۈشكۈل قىيىنچىلىقلار بىزنى

ئورنىۋالغاندا، خۇداغا شۈكرى ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا چىڭ يۆلىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

## 11-ئاينىڭ 4-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

***📖« .....................ئۇ كېچىسى كىشىلەرنى ناخشا ئېيتقۇزار.» (ئايۇپ35: 10)***

بەزى ۋاقىتلاردا، خۇدا بىزنى ئېغىر سىناقلار ۋە مۈشكۈلاتلار ئارىسىدا ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىز جان-جەھلىمىز بىلەن تىركەشسەك، بۇ سىناقلار خۇددى سازلىققا ئوخشاش، بىزنى ھەرگىز قويىۋەتمەيدۇ.

چاپچىپ تۇرغان ئات يۈگەن سېلىشقا يۇۋاشلىق بىلەن بويسۇنماي جان-جەھلى بىلەن تىركەشسە، نەتىجىدە ئارقانغا ئۆزى بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ. بىر ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن ھايۋانمۇ كۆتۈرۈشنى خالىماي تىركىشىۋەرسە، ئۆز بەدىنىنى ئۆزى زەخملەندۈرىدۇ. قەپەزگە چۈشكەن قۇشمۇ تېنچ تۇرماي، ئەخمەقلەرچە قاناتلىرىنى قەپەز شادىلىرىغا زەربە بىلەن ئۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۆز قاناتلىرىنى ئۆزى سۇندۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، بىز ھەرگىز چاپچىپ تۇرغان ياۋا ئاتقا، ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن ھايۋانغا، قەپەزدىكى قۇشقا ئوخشاش ئەخمەقلەرچە ئىش قىلماستىن، بەلكى ئىتائەتچان ئاق قۇشقاچقا ئوخشاش قونداقتا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ناخشا ئوقۇيلى.

ئەگەر بىز قىيىنچىلىققا يولۇققان ھامان بۇ قىيىنچىلىقلارنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساق، ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ئاپەتلەرمۇ بىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. بەزىدە كىشىلەر دەرەخ ئاستىدا يامغۇردىن دالدىلانغاندا، دەرەختىن تاسادىپى

مېۋىلەرنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ئوخشاشلا، بىزمۇ قىيىنچىلىقتىن، سىناقلاردىن قېچىپ، خۇدانىڭ قاناتلىرى ئاستىدا دالدىلانساق، بۇرۇن كۆرمىگەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇچرىتالايمىز.

مانا مۇشۇنداق، خۇدا سىناقلار، قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق بىزگە ۋەھىي بېرىدۇ. ياببۇك دەرياسى پىنىئەل(خۇدانىڭ يۈزى) دەپ ئاتالدى، چېلىششىنىڭ نەتىجىسىدە خۇدا بىلەن يۈز كۆرۈشۈش نىسىپ بولدى.(يارىتىلىش 32: 30)

ئى دەرت-ھەسرەت چېكىۋاتقان قېرىندىشىم، سىز يەنە نېمىشقا ھەسرەت چېكىسىز؟ خۇدا سىزنى كېچىسى ھەمدۇسانا ئېيتقۇزىدۇ. ۋەھىيلىك سايىنى ئۇيۇقتا چاقنىغان نۇر قىلىدۇ. (ئاموس5: 8) شۇڭا تىزدىن قەددىڭىزنى رۇسلاپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇڭ!

خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن راھەت بولۇپ، يۇمشاق ياستۇققا ئوخشايدۇ.

# 11-ئاينىڭ 5-كۈنى

**«يەرۋەردىگار قىلالمايدىغان ئىش يوق ئەمەسمۇ؟» (يارىتىلىش18: 14)**

مانا بۇ خۇدانىڭ سىزنى ئەيىبلىگەن ھالدا سورىغان سوئالى. ئېھتىمال قەلبىمىزدە بۇرۇندىن ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ چوڭ بىر ئارزۇ-ئۈمىد ياكى ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ياكى بىز سۆيىدىغان كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار گەرچە ئۇزۇن ۋاقىت بولسىمۇ، تېخىچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۆزىمىزچە ئىلگىرى

ئۇتتۇق قازىنىش ئىمكانىيىتى بار ئىشلارنى ھازىر قەتئىي ئۇتتۇق قازىنىش ئىمكانىيىتى يوق، دەپ ئويلايمىز. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزدىكى ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەقىقىي ئۈمۈدتىن بىراقلا ۋاز كېچىمىز.

ئەگەر بىزنىڭ ئاشۇ ئارزۇيىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ ئارزۇنى بىز ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. گەرچە بىزنىڭ نەزىرىمىزچە بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك كۆرۈنسمۇ، باشقىلار ئاڭلاپ سۆز-چۆچەك قىلىپ مازاق قىلسىمۇ، خۇداغا يول قويساق، خۇدا بۇ ئارزۇيىمىزنى بىزگە ۋاكالىتەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

«پەرۋەردىگار خۇدا قىلالمايدىغان ئىش يوق ئەمەسمۇ؟ » ئەلۋەتتە يوق! ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئىشەنسەك، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن قەدەم باسساق، بىز ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ بىزگە ۋاكالىتەن قىلىشىغا يول قويساق، پەرۋەردىگار خۇدا قىلالمايدىغان ئىش يوق، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىبراھىم بىلەن سارەنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى توسالايدىغان ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

خۇدانىڭ ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىردىن-بىر ئامىل: ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە داۋاملىق ئىشەنمەسلىك ۋە گۇمان قىلىشتۇر ھەم خۇدانىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يۈرگۈزگەن پىلانىنى رەت قىلىشتۇر.

خۇداغا تايانغان كىشىگە نىسبەتەن خۇدانىڭ قىلالمايدىغان ھېچقانداق ئىشى يوقتۇر.

# 11-ئاينىڭ 6-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

**📖«مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسنى ئەيىبنى كۆرسىتىپ تەربىيلەيمەن.» (ۋەھىيلەر 3: 19)**

روھتا پىششىپ يېتىلگەن ئېتىقادچى ھەمىشە دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئازاب-ئوقۇبەتنى ئەڭ كۆپ تارتقان كىشى مېھىر-شەپقەتكىمۇ ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن بولىدۇ. ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ئېتىقادچىلارنىڭ بېشىغا كېلىشى ھەرگىز تاسادىپى بولغان ئەمەس، بەلكى ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغاندۇر. خۇدا ھەرگىز خالىغانچە خېيىم-خەتەرنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويمايدۇ. خۇدانىڭ ھەربىر بۇيرۇقى خۇددى يا ئوقۇدەك ئالاھىدە بىر مەخسەتنى نىشان قىلغان بولىدۇ.

روھتا پىششىپ يېتىلگەن ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر سىز مەسىھنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشنى خالىسىڭىز، ئۇ سىزنى ھازىرقى مۇھىتىڭىزدىن باشلاپ چىققاندا، ھەرگىز ھەيران قالماڭ. ئۇ سىزنى چۆل-باياۋاندىن، تونۇردىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئى رەببىم، مەن ھەرقانداق جازالارنى قوبۇل قىلىشقا رازى، پەقەت مەندىن كېتىشىنى ئېلىپ كەتمىگىن! سەندىن ئۆتۈنەي، ماڭا ئىرادەڭگە ئىتائەت قىلىشنى ئۆگەتكىن! سەن ماڭا بەرگەن كېتىشىنى سۆيەلىشىم ئۈچۈن مەدەتكار بولغىن! سېنى ئەڭ خۇرسەن قىلىدىغان مېھىر-شەپقىتىڭنى مەندىن ئايىمىغايسەن! ئىرادەڭ بويىچە نامىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرەلىشىم ئۈچۈن ياردەم قىلغايسەن!

# 11-ئاينىڭ 7-كۈنى

**«مەن بۇرۇن قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن مۇھىم بىلگەن، بۇ ئىشلارنى ھازىر پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز دەپ قارىدىم .» (فىلىپىلىكلەر *3: 7*)**

بىر رەسسام ئاجايىپ غەيرى قىزىل رەڭلىك بوياق ئىجات قىپتۇ، باشقا ھەرقانداق رەسسام بۇ رەسسامنى دورىيالماپتۇ. كېيىن، بۇ رەسسام ۋاپات بولۇپ، غەيرى قىزىل بوياقنىڭ مەخپىيەتلىكمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قەبرىگە كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر بىر تاتۇقنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. كىشىلەر شۇ چاغدىلا بۇ غەيرى قىزىل رەڭنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلىپتۇ. بۇ ھېكايە بىزگە بەدەل تۆلىمىگەندە ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

# 11-ئاينىڭ 8-كۈنى

**«ھەزرىتى ئەيسا پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپنى ئېلىپ، دۇئا قىلىش ئۈچۈن تاغقا چىقتى. ھەزرىتى ئەيسا دۇئا قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يۈزى ئۆزگەردى. كىيىملىرى ئاپئاق بولۇپ، چاقماقتەك چاقنىدى...ھەزرىتى ئەيسانىڭ پارلاق نۇرىنى................كۆردى.» (لۇقا*9: 28، 29، 32*)**

«سېنىڭ يولۇڭدا مېڭىپ ھەمىشە ئالدىڭدا ئىلتىپات تېپىشىم ئۈچۈن، ماڭا يول كۆرسەتكەيسەن....» (مىسىردىن چىقىش 33: 13)

ھەزرىتى ئەيسا ئۈچ-شاگىرتىنى ئېلىپ، يوشۇرۇن ھالدا تاغقا چىقىپ، ئۇلار بىلەن

ئالاھىدە بىر يېقىن ئالاقە باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە بولغىنى نېمىدىگەن ياخشى-ھە! ئۇلار ئۇ يەردە ئادەتتىكى ئادەمنى ئەمەس، ھەزرىتى ئەيسانىڭ پارلاق نۇرغا چۆمۈلگەنلىكىنى كۆردى.

ئومۇمەن، رەب بىلەن بىللە تاغقا چىققان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەرش يولى ئانچە يىراق ئەمەستۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئىخلاسمەنلىك بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، ئەرشنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مەخپىي ھوجرىسىدا خۇدا بىلەن ئالاقە قىلغاندا، خۇددى شىددەتلىك دولقۇنلار ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ھېسسىياتنا بولغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەرشكە تەۋە خۇشاللىقتىن بەھرىمان بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەزرىتى ئەيسا دۇنيادىكى ۋاقتىدا، دائىم شاگىرتلىرى بىلەن يۇشۇرۇن ھالدا تاغقا چىقىپ پاراڭلىشاتتى. ئۇنداقتا، بۇگۈن بىزچۇ؟ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئەتىدىن كەچكىچە جىددىيلىك بىلەن قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. رەزىل كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇ پەسكەش دۇنيادا جىمجىت ئويلىنىش، ئىنجىل ئوقۇش، دۇئا قىلىش ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىش نېمىدىگەن ئاز-ھە!

دانىيال بابىلۇندا زۇلۇم ۋە خورلىنىشقا تولغان قاراڭغۇ ئاسارەت ئىلكىدىمۇ، ئۆزىنىڭ مەخپىي ھوجرىسى جاففادىكى ئۆگزە ئىدى. مارتىننىڭ مەخپىي ھوجرىسى ۋىتتىنبۇرگتىكى (Wittenburg) بىر ئۆيدە ئىدى.

قېرىنداشلار، خۇداغا يېقىنلىشىڭلار! سىلەر ھەرگىز رەب بىلەن تاغقا چىقىشقا پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپلارلا لايىق دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئېھتىمال خۇدا بۈگۈن سىلەرنىمۇ تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن. پېترۇس ئەڭ كۆپ چاتاق

تېرىيدىغان بىر كىشى، ياقۇپ بىلەن يۇھاننامۇ ئاچچىقى يامان كىشلەردىن، ئۇلار بۇرۇن رەب ۋە رەبنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر رەب مېنى تاغقا ئېلىپ چىقمايدۇ دېيىشكە سەۋەب تاپالمايسىلەر. سىلەر ھەرگىز ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن چاغلاپ: «بۇنداق ئاجايىپ سەرگۈزەشتە پەقەت ئاز ساندىكى روھتا پىشىپ يېتىلگەن كىشلەرگىلا نىسىپ بولىدۇ.» دېمەڭلار. ئېھتىمال سىلەر بۈگۈنلا مۇشۇنداق بەخت-سائادەتتىن بەھرىمان بولامسىلەر تېخى!

# 11-ئاينىڭ 9-كۈنى

📖**«ئۇنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغۇچىلار كۆكلەپ ئۈزۈم تېلىدەك چېچەكلەر.» (ھوشىيا14: 7)**

تۈنۈگۈن قاش قارايغاندا، بىر مەيدان قاتتىق يامغۇر ياغدى. گۈللۈكتىكى گۈل-گىياھ، ئوت چۆپلەرنىڭ ھەممىسى بوران ئارىلاش ياغقان يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خۇشپۇراق گۈللىرىممۇ بوراننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ، شاخلىرى سۇنۇپ، يەردە يېتىپ قالغانىدى. گۈللۈكتىكى پۈتكۈل گۈزەللىك مانا مۇشۇنداق نابۇت بولغانىدى. مەن ئۈمۈدسىزلەنگەن ھالدا: «ئەمدى كېلەر يىلى گۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم.» دەپ ئويلىدىم

كېچە ئۆتۈپ، سەھەر يېتىپ كەلدى. قۇياش ئىللىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن ئەتراپقا چاچتى. بوران ئارىلاش ياغقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن سولاشقان گۈللەر قۇياش نۇرىدىن قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى. قۇياش نۇرى بىلەن گۈللەر بىر-بىرىگە

قارىشىپ، ئالاقە قىلىش ئارقىلىق گۈللەر كۈچ-قۇدرەتكە تولدى. گۈل شاخلىرى يېڭى باشتىن تىكلىنىپ، گۈل بەرگىلىرى جۇلالىنىپ، دەسلەپكى يېڭى ئېچىلغان ھالەتكە كىردى. بۇ گۈللەر قارىماققا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل تۇسكە كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. مەن ھەيران قالدىم، بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ بىر ئاجىز نەرسە كۈچلۈك نەرسىگە تېگىش ئارقىلىق كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولدى.

ئوخشاشلا، خۇداغا تايىنىش ۋە ئالاقە قىلىش ئارقىلىق خىزمەت ۋە سەۋىر-تاقەت جەھەتتە قابىلىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى، شۇنداقلا بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ئۇچرىغان سىناقلار بەك ئېغىرمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز دەرھال خۇدا بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ئۇ سىزگە غەلبە قىلىش قابىلىيىتىنى بېرىدۇ. ئۇ بۇرۇن سىزگە: «سېنى چوقۇم مۇستەھكەملەيمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. (يەشايا41: 10)

# 11-ئاينىڭ 10-كۈنى

**📖«ئاتا بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەھۋالدىمۇ، ئىبراھىم يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمەي، خۇداغا داۋاملىق ئىشەنچ باغلىدى.» *(رىملىقلار 4: 18)***

سىرتقى ھالەتكە ئاساسلانغاندا، ئىبراھىمنىڭ خۇدانىڭ ئەھدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا نىسبەتەن زەررىچىلىك ئۈمىدىمۇ يوق ئىدى. بىراق، ئۇ يەنىلا داۋاملىق خۇداغا ئىشەنچ باغلاپ، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى بولدى.

قېرىنداشلار، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىبراھىمغا ئوخشاش پەقەت بىرلا ئەھدە ئەمەس،

بەلكى خۇدانىڭ نۇرغۇن ئەھدىلىرى ۋە ئىشەنچنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈرەكلىك بىلەن خۇدانىڭ سۆزىگە تايىنايلى. گەرچە قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى تېخى يېتىپ كەلمىگەن، رەزىل كۈچلەرنىڭ ھوقۇقى كۈندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقان شارائىتتىمۇ، قىلچە ھەسرەت چەكمەستىن قەيسەر، شاد-خۇرام بولايلى. چۈنكى، خۇدانىڭ شان-شەرەپلىك ئەھدىسى مانا مۇشۇنداق مۇمكىنچىلىكى يوق ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى، ھەمىشە ئەڭ قىيىن مۈشكۈلاتلار، ئەڭ ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتلەر، ئەڭ دەھشەتلىك خەۋپ-خەتەرلەر ئىچىدە ئاندىن نامايەن بولىدۇ. بۇلار بىزنى خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولىنى كۆرۈشكە چاقىرىدۇ ھەمدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانغا ۋە ھېسسىياتقا تايانماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. پەقەت خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايىنىشلا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، خۇدانىڭ سۆزلىرى ھەرقانداق شارائىت، ھەرقانداق مۇھىتتا ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر.

ئېسىڭىزدە بولسۇن! كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانغا تايىنىشنى توختاتقاندا، ئېتىقاد خىزمىتىنى باشلايدۇ. قىيىنچىلىق چوڭايغانسېرى ئېتىقاد شۇنچە ئاسان خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانىيەتكە تەۋە قابىلىيەت پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندا، ئېتىقاد تېخىمۇ ئاسان خىزمەت قىلالايدۇ.

# 11-ئاينىڭ 11-كۈنى

**«ئۇ گويا يېقىدىن ئۆرغان ئۆتلاقتا ياغقان يامغۇردەك چۈشىدۇ.........» (زەبۇر 72: 6)**

مۇنبەت، مول يايلاقتا ئېرىششتىكى بىردىن بىر ئۇسۇل دائىم ئوروپ، پەرۋىش قىلىشتۇر. مۇلايىم، ئىناق، رەھىمدىل قەلبكە ئېرىششتىكى بىردىن بىر ئامال دائىم خۇدانىڭ ئورغىقىدا قىرقىلىپ تۇرۇشتۇر. يايلاقلار قىرقىلىپ، يۇمران مايسىلار تېخى بىخلىنىۋاتقاندا ئۇششاق، ئىللىق سىم-سىم يامغۇرنىڭ چۈشۈشى ھەقىقەتەن ئىنتايىن راھەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقەددەس كىتابتا: «ئۇ گويا يېقىدىن ئورغان ئوتلاقتا ياغقان يامغۇردەك چۈشىدۇ.» دەيدۇ.

ئى قېرىندىشىم، سىز ھازىر خۇدانىڭ ئورغىقىدا قىرقىلىۋاتامسىز؟ ئورغاقتىن ھەرگىز قورقماڭ. ئورغاقتا ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇششاق يامغۇر ياغىدۇ.

# 11-ئاينىڭ 12-كۈنى

**«.........بۇ كىشىلەر كۇلالچىلار بولۇپ، يېزا-قىشلاقلار بىلەن چىتلاقلاردا تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.» (1-تارىخنامە4: 23)**

مەيلى بىز قەيەردە بولايلى، بىزنىڭ پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پادىشاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىمىز بار. ئېھتىمال، بىز ئىنتايىن ئوڭۇشسىز مۇھىتتا، چەت يېزا-قىشلاقلاردا، پادىشاھنى كۆرەلمەيدىغان جايدا، ھەرخىل توسالغۇ، بېسىملار ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن.............

مەيلى بىر قەيەردە بولايلى، بىزنى ئاشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرغان پادىشاھ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەگەر، ئۇ چىتلاقلارنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسا، دەرھال چىتلاقلارنى سۆكۈۋېتىشى مۇمكىن. ئېھتىمال بىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر بىزنى قوغداش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال، قولىمىزدىكى پار-پۇر بۇيۇم ياساش ئەسۋابى پادىشاھنىڭ نەزىرىدە، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق پادىشاھنى خۇرسەن قىلىدىغان خىزمەت بولۇشى مۇمكىن.

قۇياشنىڭ ئولتۇرغاندىكى يارقىن جۇلاسى، يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمان بوشلۇقى، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆپكۆك دېڭىز، گۈزەللىككە تولغان دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھلار ئاجايىپ گۈزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي بىر مۇھەببەتلىك قەلبكە، خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئېتىقادچىنىڭ ئازابلىق كۆز-ياشلىرىنىڭ زەررىچىلىك گۈزەللىكىگە تەڭلىشەلمەيدۇ.

# 11-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«مەن ئۇنى ئۆز باللىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇشنى، دورۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى بۇيرۇسۇن، دەپ تاللىدىم. شۇنداق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىمەن.» *(يارىتىلىش18: 19)***

خۇدا ئۆزىنىڭ ئەمرلىرىنى ھاۋالە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە مۇھتاج. خۇدا ئىبراھىم توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنى ئۆز باللىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇشنى، دورۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى بۇيرۇسۇن، دەپ

تالىلدىم. شۇنداق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىمەن.» خۇدا ئىشەنچلىكتۇر. خۇدا بىزنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشەنچلىك بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

خۇدا ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى، ئەھدىسىنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىزدىمەكتە. خۇدانىڭ ماشىنىسى بىزنىڭ ئېغىر يۈكىمىزنى دائىم ئىتتىرىشىپ بېرىدۇ. ئەپسۇس، بىزنىڭ ئېغىر يۈكىمىزنى ماشىنىغا باغلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن يىپىمىز ناھايىتى ئىنچىكە ھەم ئاجىز بولغاچقا، خۇدا بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدۇ.

خۇدا بىزنىڭ بەرداشلىق بېرىش چېكىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز بىزگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر سىناقلارنى بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بىزگە بەرگىنى بىزگە ئىشەنگىنىدۇر.

# 11-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«ئۇلار باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىدىن باشقا ھېچقانداق ئىنئامغا ئېرىشەلمەيدۇ.» (مەتتا6: 2)**

ھەقىقەتەن راست، بۇ سۆز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزى. ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىككە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قايتا ئېرىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك ھەمراھىم، ئۇنداقتا بۇ قانداق ئىنئام؟

ئەگەر بىز قىلغان سەدىقىمىز، دۇئالىرىمىز، تۇتقان روزىلىرىمىز ۋە باشقا ياخشى ئىشلىرىمىز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ماختاشقا ۋە

جامائەتچىلىك ئىچىدە ئالقىشقا ئېرىشىپ، نام-ئابروي تىكلەشكە تىرىشساق، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىمىزنى، قىلغان دۇئالىرىمىزنى، جاپا تارتقانلىرىمىزنى، ئىتائەتچانلىقىمىزنى بىلىپ كەتسە، ئېسىگىزدە بولسۇنكى بۇلار ئاللىقاچان ئېرىشىپ بولغان ئىنئامدۇر. كىممۇ ئىفاۋىروت قېرىندىشىمىزغا ئوخشيالايدۇ؟ گەرچە ئۇنىڭ پېترۇسقا ئوخشاش سۆز قابىلىيىتى، پاۋلۇسقا ئوخشاش يازغان ئەسەرلىرى بولمىسىمۇ، ئۇ تۈرمىدە تۇرۇپ باشقىلار ئۈچۈن دۇئا قىلغان. ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇشۇرۇن كۈزەتكۈچى بولغان خۇدانىڭ خۇرسەنلىكىنى ئىزدىگەن. ئۇ بىزگە توپىغا كۆمۈلگەن بىر داننىڭ ئەڭ يارقىن ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. كرېستنى يۈدۈش، ئىتائەت قىلىش، خىزمەت قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق قاراڭغۇ «تۇپراق» تا يۈز بەرگەن. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يۇشۇرۇن كۈزەتكۈچىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرغان. ئى قەدىرلىك قېرىندىشىم، بىلىشىڭىز كېرەككى، كۆز ئالدىڭىزدىكى ئىنئامغا ئېرىشىشنى قوغلىشىش، ئەرزىمەس كىچىك بىر سودىدۇر.

# 11-ئاينىڭ 15-كۈنى

**📖«جەككەن ئازاب-ئوقۇبەت...چىدىغۇسىز ئېغىر بېسىم ئاستىدا ھەتتا ھاياتىمىزدىنمۇ ئۈمىد ئۈزگەندۇق» *(2-كورىنتلىقلار1: 8)***

**«لېكىن ئۇ ماڭا: "مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئاجىز چاغلىرىڭدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ." دېدى. شۇڭا، ھاياتىمدا ئەيسا مەسىھنىڭ قۇدرىتى ئىپادىلەنسۇن دەپ، ئاجىزلىقلىرىمدىن خۇرسەنلىك بىلەن ماختىنىمەن.» *(2-كورىنتلىقلار12: 9)***

ياقۇپ پېنىئەلدە تۇنجى قېتىم ئەزەلدىن باشتىن كەچۈرمىگەن بىر ئىشنى يەنى خۇدانى تونۇۋېلىش سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن كەچۈردى. ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ياقۇپنىڭ ئېتىقادى كۈچىيىپ، خۇداغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ يېڭى غەلىبە، يېڭى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى.

داۋۇتنى ئېلىپ ئېيتساق، خۇدا ئۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت ئارقىلىق سىناپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدادىن تېخىمۇ ھېيىقىدىغان بولۇپ، خۇداغا بولغان ئىشەنچى ئاشقان. چۈنكى، بۇنداق ئەخلاق-پەزىلەت ئۇنىڭ كەلگۈسى پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

باشقا نەرسە ئەمەس، دەل پاۋلۇس باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلار، قايغۇ-ھەسرەتلەر، خەۋپ-خەتەرلەر پاۋلۇسنىڭلا ئەمەس پۈتۈن جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ، «مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك» دېگەن ئۇلۇغ ئەھدىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگەن.

خۇدا ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى

تەڭشەيدۇ. ئەگەر بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا تۇسالغۇغا ئۇچرىساق، ئۇنىڭ ئىشەنچ قاچىلانغان قورال ئىكەنلىكىنى تونۇپ، دەرھال ئۇنى رەبنىڭ يېتەرلىك مېھىر-شەپقىتى بىلەن تولدۇرىۋالايلى. بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز، پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن خۇداغا تايىنىپ ئالغا ئىلگىرلەۋاتقاندا، سىناقلارغا دۇچ كېلىشىمىز، سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈشكە مۇھتاج بولۇشىمىز مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرقى نوقتىغا يېتىپ بارغاندا، بىز چوقۇم تاشنىڭ دوملىتىۋېتىلگەنلىكىنى، رەب ئەيسانىڭ ئىنئام بېرىش ئۈچۈن بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

# 11-ئاينىڭ 16-كۈنى

📖 **«قېرىنداشلىرىمىز قوزىنىڭ قېنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان گۇۋاھلىقى بىلەن ئەجدىھانى يەڭدى. ئۇلار ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆز جېنىنى ئايىمىدى.» (ۋەھىيلەر12: 11)**

زەبەدىينىڭ ئايالى ئوغلى ياقۇپ بىلەن يۇھاننانى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدا بىرىنىڭ ئوڭ تەرەپتە، بىرىنىڭ سول تەرەپتە ئولتۇرۇشىنى ئۈمۈد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇلارغا: مەن قىلغان خىزمەتنى قىلالامسىلەر؟ مەن ئىچكەن ئازاب قەدىھىنى ئىچەلەمسىلەر؟- دەپ سوئال قويۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ھېچقانداق ئۈمۈد قالدۇرمىدى.

ياقۇپ، يۇھاننا قىلغاننى بىز قىلالامدۇق؟ بىزدىمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۈمۈد يوقمۇ؟ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھەمىشە ئەڭ مۈشكۈل جاپالىق شارائىتتا بايقىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇلارغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلساق، چوقۇم ئېگىز-پەس داۋانلاردىن، ئورمانلاردىن، دەريا-دېڭىزلاردىن، شىددەتلىك ئوتلاردىن ئۆتۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، جاپا-مۇشەققەت چېمپىيۇن بولۇشتىكى تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەلدۇر. غەلىبىنىڭ لەۋھە تاختىسى ئەتىرگۈل ۋە يىپەك يىپتىن قۇرۇلغان ئەمەس. بەلكى، جاپالىق قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن. بۈگۈن بىز تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىقلار خۇدانىڭ بىزنى غەلبە تاجىغا ئېرىشتۈرۈشتىكى قوراللىدۇر.

سىزنىڭ خىيالى مۇھىت، ئاجايىپ-غارايىپ قىيىنچىلىق ۋە رېئالىيەتلەردىكىدەك قورقۇنچلۇق خەۋپ-خەتەرلەرنى كۆتۈپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىز پەقەت قەددىڭىزنى رۇسلاپ، خۇدا تۇرمۇشىڭىزغا بۈگۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى ياخشى قىلسىڭىزلا كۇپايە. سىزنىڭ شەرەپ تاجىڭىز تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەر مىنۇت، ھەر سىكۇنت سىزنى قىيناۋاتقان ئاشۇ قىيىنچىلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىك سىناقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئەڭ مۇشكۈل ئىش پۈتۈن دۇنيا خەۋەردار بولغان ئىشلار بولماستىن، بەلكى قەلبىڭىزدە ساقلانغان زەررىچىلىك مەخپىيەتلىكتۇر. بۇ سىرىڭىزنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ ھەم بىلەلمەيدۇ. مانا بۇ تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىك سىناق قوربان بولغاندىنمۇ ئازابلىقتۇر.

قەدىرلىك قېرىنداشىم، سىزنىڭ تاجىڭىز ئاشۇ يەرگە كۆمۈلگەن. سىزنىڭ بۇ ئىشتا غەلبىگە ئېرىشىشىڭىزنى ئۈمۈد قىلىمەن.

# 11-ئاينىڭ 17-كۈنى

**«بۇ ئادالەتسىز قازىنىڭ سۆزلىرىدىن ساۋاق ئېلىڭلار. بىر ئادالەتسىز قازى شۇنداق قىلغان يەردە، خۇدا ئۆزىدىن كېچە-كۈندۈز ياردەم تىلىگەن بەندىلىرىنىڭ دەردىگە يەتمەسمۇ؟ ئۇلارغا قىلىدىغان شاپائىتىنى كېچىكتۈرەرمۇ؟ ياق! ئەكسىچە، خۇدا جەزمەن تېزدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ.» *(لۇقا 18: 6-8)***

خۇدا ۋاقىتنى ھەرگىز سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرمايدۇ. ئەگەر، بىرىنچى قېتىملىق سىگنال ئوقى ئېتىلماي قالسا، سىز يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىڭ. خۇدا دۇئالىرىمىزغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەرگىز بىز بەلگىلىگەن ۋاقىتقا ئاساسلانمايدۇ. بىز ئۇنى ئىزدىسەك ئۇ چوقۇم ئۆزىنى بىزگە ئاشكارىلايدۇ. بىراق، بىز ئۈمۈد قىلغان ۋاقىت، ئورۇن بولۇشى ناتايىن.

ئەرشكە تەۋە ئىشلاردا، بىز نېمە ئۈچۈن سەۋىر-تاقەتلىك بولالمايمىز؟ تاش ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ ئوتقا ئېرىششكە قارىغاندا، ئەرشكە تەۋە ئىشلاردا غەلبە قىلىش ئىشەنچى يۇقىرىدۇر. چۈنكى، كەينىمىزدە يار-يۆلەك بولىدىغان خۇدا باردۇر.

قېرىنداشلار، ھەرگىز ئۈمۈدسىزلەنمەڭلار! خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك كەچۈرۈمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. تەۋرەنمەدىن ئىشەنچىمىز بىلەن خۇداغا ندا قىلايلى. خۇدانىڭ كېچىكىشى سەۋەبلىك ندا قىلىشنى توختىتىپ قويمايلى. يەنە بىر قېتىم سىگنال ئوقى ئاتايلى. بۇ قېتىم چوقۇم ئېرىشەلەيمىز.

مەن ئەرشكە تەۋە پادىشاھلىق تارىخىدا مۇقەددەس روھقا تايىنىپ تۇرۇپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن قىلغان ھەققانىي دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولماي قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

# 11-ئاينىڭ 18-كۈنى

**✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡✡**

📖**«مەندىن گۇمانلانمىغان، ماڭا تەۋرەنمەي ئىشەنگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك!»** ***(لۇقا 7: 23)***

بەزى ۋاقىتلاردا، رەببىمىزگە بولغان ئېتىقادىتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ھەقىقەتەن مۇشكۈل بىر ئىشتۇر.

ئېھتىمال ئېتىقادىمىزنىڭ تەۋرىنىشىگە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىز رەب ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ۋاقتىمىزدا، ھەمىشە مەھبۇس بولۇپ، تار كامىرغا سولىنىمىز ياكى كېسەل كارۋىتىدا ئازاب تارتىمىز ۋە ياكى ئوڭۇشسىز ئورۇندا چىقىش يولى تاپالماي قالىمىز. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رەب بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى بىلىدۇ. بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا ئۆز قولى بىلەن بىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ بىزنى ھازىرقىدەك مۇھىتقا قويۇش ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملەشنى، ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشىمىزنى مەقسەت قىلغان.

ئېھتىمال، بىزنىڭ ئوي-خىياللىرىمىز ئېتىقادىمىزنىڭ تەۋرىنىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىز ھەمىشە خىيال سۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىمىز ھەل قىلالمايدىغان گۇمانلارنى، جاۋاب تاپقىلى بولمايدىغان تەس سوئاللارنى ئويلايمىز. بىز ئەسلىدە ئۆزىمىزنى خۇداغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىزنىڭ خۇددى كۆپكۆك ئاسماندەك گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندۇق. ئەپسۇس، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىمىزنى ئاللىقاچان خۇداغا تاپشۇرساقمۇ، تۇرمۇشىمىز يەنىلا بۇلۇتلۇق ئاسمانغا ئوخشاش تۇتۇق بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئەگەر ئۆزىمىزنى خۇداغا

تاپشۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا قىيىنچىلىقىمىز مەۋجۇت بولسا، بۇ رەبنىڭ ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سەۋەبلىك ئورۇنلاشتۇرغان پىلانىدىن ئىبارەت.

ئېھتىمال ئېتىقادىمىزنىڭ تەۋرىنىشىگە روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىمىز سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەسلەن، بىز ئۆزىمىزچە مەن خۇدانىڭ باغرىدا خاتىرجەممەن، ئەمدى سىناقلارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىغا ئۇچرىمايمەن، دەپ ئويلايمىز. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي سىناقلارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ دەھشەتلىك ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. سىناقلار قانچە كۈچلۈك بولسا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئەگەر، بىز سىناقلار بىلەن تولغان ئۆتمۈشىمىزگە نەزەر سالساق، تەنتەنە ۋە قىزغىن ئالقىشلار بىلەن يول باشلىغۇچىمىزغا مەدھىيە ئوقۇيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرمۇشىمىزدا قانداق ئىشلارغا يولۇقساق، رەبنىڭ ئىرادىسى دەپ بىلىپ، قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

خۇدا بىزنىڭ ئۆزگە تەۋرەنمەي ئىشىنىشىمىزگە مەدەتكار بولغاي!

# 11-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«سەن ماڭا كۆپ ھەم ئېغىر كۈلپەتلەرنى كۆرسەتكەنسەن، مېنى قايتىدىن يېڭىلايسەن، يەر تېگىلىرىدىن مېنى قايتىدىن ئېلىپ چىقىرىسەن.» *(زەبۇر71: 20)***

خۇدا بىزنىڭ ھاياتىمىزنى مۈشكۈلاتلىق سەرگۈزەشتىلەرگە تولدۇرىدۇ. بەزىدە ئۇ بىزنى چوڭقۇرلۇققا باشلاپ، قاراڭغۇ يوللاردا ماڭغۇزسا، بەزىدە ئۆلۈكلەر دىيارىغا دەپنە قىلىدۇ. گەرچە ئىشلار مۇشۇنداق بولسىمۇ، خۇدا بىلەن بىزنىڭ ئالاقىمىز ئازراقمۇ

ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ. خۇدا ئۆزى بىزنى چوڭقۇرلۇققا كىرگۈزىدۇ، ئۆزى چوڭقۇرلۇقتىن تارتىپ چىقىدۇ.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، خۇدادىن ھەرگىز گۇمانلانماڭ! سىز ھەرگىز خۇدا ئاللىقاچان مېنى تاشلاپ كەتتى، مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، دەپ ئويلىماڭ. خۇدادىن، ماڭا تەسەللى بەرمىدى، دەپ رەنجىمەڭ. كۈندۈز ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ھامان كەچ كىرىدۇ. قار قانچە قېلىن ياغسىمۇ، ھامان ئېرىيدۇ.

ئورنىڭىزدا كۈتۈپ تۇرۇڭ! قىلغان خىزمەتلىرىڭىز ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. خۇدا سىزگە تەسەللى بېرىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتلاردا سىز خۇشاللىق بىلەن ناخشا ئېيتىسىز.

# 11-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، .......كۈننى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەنلەر نېمە دېگەن بەختلىك-ھە!..............» (دانىيال 12: 12)**

«كۈتۈش» بۇ ئىش قارىماققا ئىنتايىن ئاساندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر قانچە يىل سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۈگۈرۈش، مېڭىش ۋە دىققەتتە جىم تۇرۇشقا قارىغاندا كۆپ ئاساندۇر.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز خۇداغا خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز ھەم چىن دىلىمىزدىن خالايمىز. بىراق، قانداق باشلاشنى بىلمەيمىز. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۈمۈدسىزلىنىش، بىزار بولۇش كېرەكمۇ؟ قورقۇنچتىن چېكىنىش كېرەكمۇ؟ ياكى تەۋەككۈل قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەش كېرەكمۇ؟

ياق !ھەممىسى ياق !پەقەت كۈتۈش كېرەك.

دۇئا بىلەن كۈتۈش كېرەك. خۇداغا نىدا قىلىپ، ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك. قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ ۋەدىسىنى سەمىگە سېلىش كېرەك.

ئىشەنچ بىلەن كۈتۈش كېرەك. ئۇنىڭغا بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچنى ئىزھار قىلىش كېرەك. سىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر ئۇ سىزدىن تاكى يېرىم كېچىگىچە كۈتۈشنى تەلەپ قىلغان بولسا، سىز ئۇنىڭ شۇ چاغدا كېچىكمەي كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى يېرىم كېچىگىچە كۈتۈشىڭىز كېرەك.

سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈش كېرەك. ئىسرائىللار مۇسادىن ئاغرىنىپ، غۇدۇرغاندەك ئەمەس، بەلكى سەۋىر-تاقەت بىلەن كۈتۈش كېرەك. ئاددىي كاللىمىز بىلەن بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ: « ئى رەببىم، مەن بۇلارنى قانداق قىلىشنى بىلمىدىم. مېنىڭ ئىرادەم بويىچە ئەمەس، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە قىلغىن! قەلبىم ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتىدۇ. بىراق، مەن سېنىڭ كېلىپ، قىزىل دېڭىزنى ئىككىگە بۆلۈپ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەنگە ئوخشاش، قەلبىمنى تېنچلاندۇرۇشۇڭنى كۈتىمەن. مېنى قانچە ئۇزۇن ساقلا دېسەڭ، مەن شۇنچىلىك ساقلاشنى خالايمەن. چۈنكى، ئى رەببىم، قەلبىم ساڭا تەلپۈنىدۇ. ئى خۇدا! مەن سېنىڭ مېنىڭ خۇشاللىقىم، قۇتقۇزغۇچۇم، دالدىلىنىدىغان ماكانىم، مېنى مۇستەھكەملىگۈچى تايانچىم ئىكەنلىكىڭگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن.» دەپ نىدا قىلىشىمىز كېرەك.

# 11-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖« ئامانەت قىل هايات يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا، ئىشەن ئۇنىڭغا، ئۇ يېتەكچى بولار ساڭا.» *(زەبۇر37: 5)***

سىزگە بېسىم ئەكىلىدىغان نەرسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇڭ. شۇنداق قىلغاندا، سىز ھېچنېمىدىن غەم قىلمايسىز. قايسى ۋاقىتتا سىز بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئېغىر يۈكىڭىزنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇڭ. ئاندىن، خاتىرجەم ھالدا خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئالدىڭىزدىكى سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەستايىدىل قىلىڭ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن خۇدانىڭ سىزگە ۋاكالىتەن قىلغان غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىڭ. ئى قېرىندىشىم، سىز بارلىق غەم-ئەندىشىلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى خۇددى توپقا ئوخشاش يۆگەپ، چىگىپ خۇدانىڭ ئالدىغا دومىلىتىۋېتىڭ!

ئېتىقادىمىز بولماي تۇرۇپ، يولۇمىزنى خۇداغا ئامانەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. مەيلى خۇدا باشلىغان يول قانچىلىك غەلىتە، خەتەرلىك بولسۇن، قولىڭىزدىكى يىپنى قويۇۋەتمىسىڭىزلا، ھەرگىز خەتەرگە ئۇچرىمايسىز. بىز زادى بارلىق ئىشلىرىمىزنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى خالامدۇق-خالىمامدۇق؟ مانا بۇ ھەربىر ئېتىقادچى ئۆزلىرى قارار قىلىدىغان مەسىلىدۇر. نېمىشقا نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، ئۇلار ئىشلىرىنى خۇداغا تاپشۇرمىغان ياكى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بولۇپ، يەنە قايتۇرۇۋالغان.

# 11-ئاينىڭ 22-كۈنى

*****************

**📖«سىلەر مېنىڭ سىلەرنى ساقايتىشقا قادىر ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەمسىلەر؟» (مەتتا9: 28)**

بىزنىڭ خۇدايىمىز مەخسۇس«مۇمكىن بولمايدۇ» دېگەنگە قارشى تۇرىدىغان ھەممىگە قادىر خۇدا. ئۇ ئەزەلدىن ئۇزۇن كېچىكمەيدۇ. مۇمكىن بولمايدىغان، ئامالسىز ئىشنى چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلسەك، ھەمىشە ئامال تېپىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى، مۇھىتتىكى بارلىق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈندۇر. ئەگەر، بىز ئۆتمۈشىمىزدىكى ئوخشۇشسىزلىق، ئېتىقادسىزلىق، گۇناھ، بەختسىزلىك ئىچىدە پەقەت خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، خۇداغا تايانغان بولساق، خۇدا مېھىر-شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇزۇن كېچىكتۈرمەيتى. چۈنكى، خۇدانىڭ بۇنداق پاجىئەلەرگە قارشى تۇرىدىغان چارە-تەدبىرلىرى بار. كىشىلەر دائىم مەسىھ ئېتىقادىنى كىشىلەرنىڭ يۈرەك يارىسىنى داۋالايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشىگە تاقابىل تۇرۇدىغان بىردىنبىر ئېتىقاد يولى دېيىشىدۇ. بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغاندۇر. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق خاتىرلەنگەن: «ئاشۇ يىللىرى چېكەتكە يېگەننىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە تولۇقلاپ بېرىمەن.» (يوئىل2: 25) بىز تۇرىۋاتقان مۇھىتىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى مۇكەممەل ئىشەنچىمىز بىلەن قىلچىلىك گۇمانلانماي خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرساق، ئۇ چوقۇم بۇرۇنقى مەغلۇبىيەت ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى بىزگە تولۇقلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەرگىز بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بىزنىڭ خۇدايىمىز رەھىمدىل، داۋالىغۇچى، تولۇقلىغۇچى، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزگۈچى خۇدا بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل مېھىر-شەپقەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

(1-پېترۇس5: 10) شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇنى مەدھىيلەيلى. ئۇنىڭغا ئىشىنەيلى!

بىزنىڭ شۇنداق بىر خۇدايىمىز بار. ئۇ، مەخسۇس «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزگە قارشى تۇرغۇچى بولۇپ، ھەممىگە قادىر، يەككە-يېگانە ئۇلۇغ خۇدادۇر. بىزنىڭ خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق تەس ئىش يوقتۇر.

# 11-ئاينىڭ 23-كۈنى

📖**«سەن ئۆز خەلقىڭگە كۈلپەت-خارلىقلارنى كۆرگۈزدۈڭ، سەن بىزگە ئالاقزادىلىكنىڭ شارابىنى ئىچكۈزدۈڭ.» (زەبۇر 60: 3)**

ئىنسانىيەتتىكى سىناقلارنىڭ ھەممىسى بىزنى يېڭىدىن يارىتىدۇ، ھەرگىز ۋەيران قىلمايدۇ. ئېھتىمال مۈشكۈلاتلار كەسپىمىزنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن، بىراق خاراكتېرىمىزنى يارىتىدۇ. سىرتتىن ئۇرۇلغان ئەڭ چوڭ زەربە ئىچىگە ئۇرۇلغان زور بەختتۇر. خۇدا قىيىنچىلىقلارنىڭ بىزگە يۇپۇرۇلۇپ كېلىشىگە يول قويغان بولسا، ئۇنداقتا خەۋپ-خەتەر، مۈشكۈلاتلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىيەتلىك ھالدا بىزگە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىز چېكىنسەك، ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، زىيان تارتىدىغىنى بىز ئۆزىمىز. خۇدا مۈشكۈلاتلار ئىچىدىن سەرخىل ئەسكەرلەرنى تاللايدۇ.

# 11-ئاينىڭ 24-كۈنى
************

📖« توختاش، مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويۇش! »(زەبۇر46: 10)

مۇزىكا نوتىسىدا توختاش بەلگىسى چۈشۈپ قالسا بولامدۇ؟ زەبۇر كۈيلىرى ئارىسىدىن «سىلاھ» نى چىقىرىۋەتكىلى بولامدۇ؟ ئەگەر «بولمايدۇ» دېيىلسە، ئىنسان ھاياتىدىمۇ تېنچلىق كەم بولسا بولمايدۇ. دۇنيادا ھېچبىر نەرسە تېنچلىققا ئوخشاش قەلبىمىزنى ئاراملىقتىن بەھرىمەن قىلالمايدۇ.

بىز پەقەت تېنچلانغاندا، ئاندىن خۇدا ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تېنچلىققا(فىلىپىلىكلەر4: 7) ۋە مۇقىم تېنچلىقنىڭ مەنبەسىگە ئېرىشەلەيمىز. (يەشايا30: 15) بىز شۇ ۋاقىتتىلا بۇ دۇنيا كىشىلىرى بېرەلمەيدىغان ۋە ئېلىپ كېتەلمەيدىغان ئارامىلىقتىن بەھرىمان بولالايمىز ھەم خۇدانىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالايمىز.

ئۆز ئۇقىدا توختىماستىن ئايلىنىپ، ئەڭ تېز چۆرگىلەۋاتقان چاقنىڭ بىر مەركىزى نوقتىسى بولۇپ، ئۇ ھەر ۋاقىت مۇقىملىقنى ساقلىغان بولىدۇ. ئوخشاشلا، بىز ئالدىراش تۇرمۇش ئىچىدىمۇ چوقۇم مۇقەددەس روھ ئىچىدە تېنچلىنىپ، خۇداغا يالغۇز يېقىنلىششنى ئۆگىنىۋېلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. مۇقەددەس يازمىلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرلەنگەن :«پەرۋەردىگار خۇدا مۇقەددەس ئىبادەتخانىدۇر. پۈتۈن خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېغىر سۈكۈتتىدۇر.»(ھاباكۇك2: 20)

ئى مېھىر-شەپقەتلىك ئاتا، بىز بەزىدە تۆت ئەتراپى زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا تولغان يۇلتۇزسىز كېچىدە سەپەر قىلىشقا مەجبۇرمىز. بىزنىڭ ئالدىمىزدا نە يۇلتۇز، نە ئاي يوق، خۇددى بۇ قۇرقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئى ئاتا، مانا مۇشۇنداق غېرىپلىق ئىچىدە ئاشۇ مۇلايىم ئاۋازىڭ بىلەن قان تامچىلاۋاتقان يۈرىكىمىزگە تەسەللىي بەرگەيسەن. شۇ ۋاقىتتا بىز سېنىڭ مۇلايىم ئاۋازىڭنى ئاڭلايمىز. سېنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك سىمايىڭنى كۆرىمىز. خازان بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈللەر يامغۇردىن ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك، بىزنىڭ ھاياتىمىزمۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن يېڭىلىنىدۇ.................

# 11-ئاينىڭ 25-كۈنى

📖**«يا ئوقلىرىنى قولۇڭغا ئېلىپ يەرگە ئۇرغىن، دېگەندە ئۇ ئۈچ مەرتەم يەرگە ئۇرۇپ توختىدى. خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ: <بەش-ئالتە مەرتەم ئۇرۇش كېرەك> دېدى. »** ***(2-پادىشاھلار13: 18-19)***

بۇ ئايەتلەردىكى سۆزلەر نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە-ھە! يوئاش ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇرسىلا كۇپايە، دەپ قاراپ ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويغان. بىراق، ئۇنىڭ قىلغانلىرى خۇدا ۋە خۇدانىڭ ئەلچىسىنى قاتتىق ئۈمۈدسىزلەندۈرگەن.

يوئاش ئاز بولمىغان بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئۇنىڭ ئېتىقادىغا ناھايىتى ماس كەلگەن. بىراق، ئۇ خۇدا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرگە يەنى ئەھدە ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمىگەن. گەرچە ئۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق خۇدانىڭ نەزىرىدە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەن.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، بۇ نېمىدېگەن سالمىقى ئېغىر ئىش-ھە! بىز چوقۇم بۇ

ئىشلاردىن دۇئا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. پاۋلۇس مۇنداق دېگەن: «خۇدا ھاياتىمىزدا نامايەن بولىۋاتقان ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق بارلىق تىلىكىمىز ۋە ئويلىغىنىمىزدىنمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.» (ئەفەسلىكلەر3: 20)

مانا بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمىدېگەن چوڭقۇر-ھە! ئۇنىڭ يازغان ھەربىر خەتلىرىدە خۇدانىڭ چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى ئىپادىلەنگەن.

# 11-ئاينىڭ 26-كۈنى

**📖«كالىب ئۇنىڭدىن:**

**ساڭا نېمە لازىم؟ - دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ:**

**سەن ماڭا جەنۇپ تەرەپتىكى قۇرۇق يەرنى بەرگەندىن كېيىن، بۇلاقلارنىمۇ بېرىپ بەرىكەتلىك قىلغىن،-دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئۈستۈن بۇلاق بىلەن تۆۋەن بۇلاقنىمۇ بەردى. »**

***(يەشۇئا15: 18-19)***

ئەتنەئىلنىڭ يېرى جەنۇپ تەرەپتىكى قۇياش نۇرى تىك چۈشىدىغان ئىنتايىن ئىسسىق بىر جاي. ئاتىسى ئۇنىڭغا بۇلاق بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاغدىكى بۇلاقتىن سۇلار ئېقىپ كېلىپ، پۈتۈن يەرلەرنى سۇغىرىپ، تۇپراق مۇنبەتلەشتى.

بىزنىڭ تۇرىۋاتقان مۇھىتىمىز تومۇز ئىسسىق ياكى قاقاسلىق بولۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە، ئازاب-ئوقۇبەتكە، غېرىبلىق ۋە زېرىكىشلىككە تولغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا خۇشاللىق ۋە بەخت-سائادەت تاپالايمىز. چۈنكى، ئاتىمىز ھاياتلىق سۈيىنىڭ

مەنبەسىنى بىزگە ئاتا قىلغاندۇر. ئامالەكلەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەندە، گەرچە داۋۇتنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمۇ ئەسىرگە ئېلىنغان بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا غەزەپلەنگەن خالايىق ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ، ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، داۋۇت يەنىلا پەرۋەردىگار خۇداغا تايىنىدۇ. (1-سامۇئىل30: 6)

گەرچە ھاباكۇك ئەنجۈر دەرىخىنىڭ كۆكلىمىگەنلىكىنى، ئېتىزلارنىڭ ھوسۇل بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ، يەنىلا: «مەن پەرۋەردىگاردىن خۇرسەن بولۇپ، نىجاتكارىم بولغان خۇدانى سۆيىمەن» دېگەن. (3: 18)

يەھۇدىيلار يات ئەللەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، قاتتىق زەربىدىن تاغلار گۆمۈرلۈپ كەتكەندەك ھالەتتە بولسىمۇ، يەشايا يەنىلا ئىشەنچ بىلەن خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ: «خۇدانىڭ شەھىرىنى، يەنى ھەممىدىن ئالى بولغۇچى ماكانلاشقان مۇقەددەس جاينى، خۇرسەن قىلىدىغان ئېقىنلىرى شاخلىغان بىر دەريا باردۇر. خۇدا ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر، ئۇ ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ.» (زەبۇر 46: 4-5) دەيدۇ.

قۇربان بولغان نۇرغۇن قېرىنداشلار يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدىمۇ يەنىلا خۇداغا شۈكۈر ئېيتىدۇ. مۈشكۈلاتلار ئىچىدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلار يەنىلا ئامان-ئېسەندۇر. بۇ زادى نېمە سەۋەبتىن؟ چۈنكى، ئۇلار داۋۇتقا ئوخشاش: «مېنىڭ بارلىق بۇلاق مەنبەلىرىم سېنىڭدىدۇر.» دەپ مەدھىيە ئوقۇيالىغان. (زەبۇر 87: 7)

ئاھ، خۇدا ئاتىمىزنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بۇلاقلىرى نېمىدېگەن قىممەتلىك-ھە!

# 11-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«مەن قۇربانلىقتىن ئەمەس، رەھىم-شەپقەتتىن سۆيۈنىمەن.» (ھوشىيا6: 6)**

ئەيسا مەسىھ مېھىر-شەپقەتنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرغان مېھىر-شەپقەتلىك رەبدۇر. ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بېرىشىمىزنىڭ لازىمى يوق، ئۇ ئۆزى:«مەن قۇربانلىقتىن ئەمەس، رەھىم-شەپقەتتىن سۆيۈنىمەن» دەۋاتىدۇ. بىراق، بۈگۈن نۇرغۇنلىغان بىچارە، ئىنتايىن بىچارە ئېتىقادچىلار خۇداغا نېمە بەرگەنلىكى بىلەن ماختىنىدىغان پەرىسىيلەردىن بولۇشنى خالايدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشلەر خۇدا رەھىم-شەپقەت قىلىپ پۇرسەت بەرگەن باجگىر بولۇشنى خالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز ھەر قېتىم ئۇنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك تەختىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا بەرگۈدەك نېمىمىز بولسۇن؟ بىز پەقەت قاقاس، نامرات، بىچارە ھالدا ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، خۇدانىڭ بىزگە رەھىم قىلىپ، مېھىر-شەپقەتلىك پۇرسەت بېرىشىنى تىلەشتىن باشقا ئامالىمىز يوق.

ھەقىقەتەن راست، پەقەت ئاشۇ نامرات، ئاقساق-چولاق، قارغۇ، تىلەمچى، يوللاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كىشلەرلا خۇدانىڭ زىياپىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقانداق بىر ئادەم قوبۇل قىلىشنى ۋە خۇدانىڭ ئۆزىگە رەھىم-شەپقەت قىلىش پۇرستى بېرىشنى خالىمسا، ئۇ كىشى دەل ئۆزىنى ھەم خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى تونۇمايدىغان ئادەمدۇر.

خۇدانىڭ بۇ ۋەھىيسىگە يەنە بىر قېتىم قۇلاق سېلىڭ: «مەن قۇربانلىقتىن ئەمەس، رەھىم شەپقەتتىن سۆيۈنىمەن.»

# 11-ئاينىڭ 28-كۈنى

**🕮«بىلىپ قويۇڭلاركى، يامان يولۇڭلاردىن يېنىپ، كىچىك بالىلاردەك سەبىي بولمىساڭلار، ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىغا ھەرگىز كىرەلمەيسىلەر.» (مەتتا18: 3)**

كىچىك بالىلارنىڭ باشقىلارغا يۆلىنىشچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ياردەملەرنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇھەببىتىدىن كېلىدۇ. ئۇلار پەقەت يىغلاشنىلا ئۇقىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلساق، مۇنداق بولىدۇ: «ئاپا، مېنى يۇيۇپ قويغىن، مەن ئۆز ئۆزۈمنى يۇيالمايمەن. ئاپا كىيىمنى كېيدۈرۈپ قويغىن، مەن ئۆزەم كىيەلمەيمەن. ئاپا، ماڭا سۈت بەرگىن، مەن ئۆزۈم ئىچەلمەيمەن. ئاپا، مېنى يېتىلەپ ماڭغىن، مەن ئۆزۈم ماڭالمايمەن....ئاپا.....ئاپا............»

رەب مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، يامان يولۇڭلاردىن يېنىپ، كىچىك بالىلاردەك سەبىي بولمىساڭلار، ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىغا ھەرگىز كىرەلمەيسىلەر.» بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىز پاشپاناھسىز، يار-يۆلەكسىز ئورۇندا رەب ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەببىم، مېنى يۇيۇپ قويۇڭ، كىيىملىرىمنى كىيگۈزۈپ قويۇڭ، ماڭا سۈت بېرىڭ، مېنى يېتەكلەپ مېڭىڭ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بولمىسا مەن تۈگىشىمەن.» دېيىشىمىز كېرەك.

# 11-ئاينىڭ 29-كۈنى

**🕮«قاتتىق تەربىيە بىلەن تۈزىتىلگەن ئادەم تۈزىتىش بېرىلگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە خۇشال بولمايدۇ، كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. بىراق، كېيىن ئۇ بۇنداق تۈزىتىش بىلەن تاۋلىنىپ، ئامانلىق ۋە ھەققانىيلىق يولىدا ماڭىدۇ.» *(ئىبرانىيلار12: 11)***

بىز دائىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، تېنچ-ئامان ۋاقتىتا، ئىنسانىيەتتىكى گۈزەل مۇزىكىلارنى چالالمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىراق، ئۇلار ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەسىرلىك، ئىسىل مۇزىكىلارنى چالالايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر، سىز توغرا ئۇسۇل بىلەن كۆز ئالدىڭىزدىكى مۈشكۈلاتلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولسىڭىز، خۇدا سىزنى «كېيىن» مېۋە بەرگۈزىدۇ، بۇ دەسلەپكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ مول ۋە گۈزەلدۇر.

# 11-ئاينىڭ 30-كۈنى

**🕮«پەرۋەردىگار خۇدا: <سەن تېخى ئۆزۈڭ ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى ئىزدەمسەن؟ ھېچنىمىنى ئىزدىمىگىن*!* چۈنكى مەن ھەممە جانلىقلارنىڭ ئۈستىگە بالا كەلتۈرىمەن. مەيلى سەن قەيەرگە بارمىغىن، جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ، ساڭا ئولجىلىق بېرىمەن> دەيدۇ.» *(يەرەميا45: 5)***

دەھشەتلىك ئاپەت ۋاقتىدا، پەرۋەردىگار خۇدا يەرەمياغا، «جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ، ساڭا ئولجىلىق بېرىمەن» دەپ ئامانلىق بىشارىتى بولغان ۋەدىسىنى بەرگەن. ھامان

ئاخىرلىشىدىغان بۇ دۇنيادا، بۇ ئەھدە بىزگىمۇ ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

«جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ، ساڭا ئولجىلىق بېرىمەن.» بۇ جۈملە زادى قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى: بۇ خۇددى داۋۇت شىرنىڭ چاڭگىلىدىن قوينى قۇتقۇزۇپ چىققاندەك، بىزمۇ ۋەيران قىلغۇچىنىڭ قولىدىن ئۆز ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇپ چىقشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دېگەنلىك جەڭلەردە چېكىنىپ، دۈشمەنلەردىن يۇشۇرۇنۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا غەلبە ئۈچۈن زىيابەت تەييارلىقنى كۆرۈشنى، بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلەردە دالدىلىنىش ئورنى قۇرۇشنى، ئاپەتلەردىن ھاياتنى ساقلاپ قېلىشنى كۆرستىدۇ. پاۋلۇسقا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭدىن يىراقلاشمىغان بىلەن، مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئۇنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇنىڭغا ياردۇر. ئى رەببىم، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ، ئولجا غەنىمەتلىرىدىن بەرگەيسەن، خېيىم-خەتەر ئىچىدە مېنى غەلىبىگە مۇيەسسەر قىلغايسەن!

بىز دائىم خېيىم-خەتەر ئىچىدىن غەلبە قىلىشنى ئەمەس، بەلكى خېيىم-خەتەر ئىچىدىن قۇتۇلۇشنى تىلەيمىز. بىز خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قانىتى ئاستىدا پاناھلانساق، قىلچىلىك زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ رەببىمىز چۆل-باياۋاندا شەيتانىنىڭ قىرىق كۈن سىنىشىغا ئۇچراپ ھېرىپ-ئاچقان بولسىمۇ، شەيتان ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلالمىغان. خۇمداندىكى ئوت ئادەتتىكىدىن يەتتە ھەسسە قىزىتىلغان بولسىمۇ، ئۈچ ئىبرانىي ياش ئوت ئىچىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرەلىگەن. دانىيال شىر گەمىسىگە تاشلانغان بولسىمۇ، خۇداغا تايانغانلىقى سەۋەبىدىن شىر گەمىسىدىن چىققاندا، ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغان. (دانىيال6: 23)

# 12-ئاينىڭ 1-كۈنى

**📖«قىسقىسى، خۇدانىڭ يەتتىنچى كۈندىكى ئارامىلىقى خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى كۈتمەكتە.» (ئىبرانىيلار4: 9)**

**« پەرۋەردىگار خۇدا ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى ئارام تاپقۇزدى...پەرۋەردىگار خۇدا ھەممە دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى.» (يەشۇ 21: 44)**

خۇدانىڭ سادىق خىزمەتكارى بولغان مەلۇم بىر كىشى ئاپىسى ھەققىدە بىزگە مۇنداق ھېكايە سۆزلەپ بەردى: ئۇنىڭ ئاپىسى غەم-ئەندىششىسى ئىنتايىن كۆپ بىر ئېتىقادچى ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن قېتىم كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تىت-تىت بولۇشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ھەم بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاپىسىغا نەسىھەت قىپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇندىن نۇرغۇن ئازاپلىرى بار ئىكەنتۇق، ئۇخشمايدىغىنى ئۇ كەلگۈسىدىكى بىر قاتار ئىشلار ئۈچۈنمۇ غەم-ئەندىشە قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ ئاپىسى ئادەتتىكىگە ئوخشمايدىغان ئىنتايىن خۇشال ھالەتتە پەسكە چۈشۈپ ناشتا قىپتۇ. ئۇ ئىنتايىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، قايسى ئىشنىڭ ئاپىسىنى بۇنداق خۇشال قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ ئوغلىغا، كېچىدە ئۆزىنىڭ بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇ چۈشىدە ئىنتايىن چارچىغان ھەم ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن بىر توپ كىشلەر بىلەن سەپەرداش بوپتۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قارا رەڭلىك نۇرغۇن خالتا كۆتۈرگەنلىكىنى، شەكلى ھەرخىل بەتبەشىرە جىنلارنىڭ بۇ خالتىلارنى يەرگە چېچىۋېتىپ، ئادەملەرنى تەرگۈزۈپ ، يەنە كۆتۈرگۈزگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىنتايىن جاپا تارتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىنسان ئوغلىنىڭ شان-شەرەپلىك مېھىر-شەپقىتى بىلەن خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، ئۇلارغا تەسەللىي بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان ئوغلى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. ئۇ رەببىگە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. رەب ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «ئى بالام، بۇ ئېغىر يۈكنى مەن ساڭا بەرمىگەن. سېنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇلارنى ساڭا شەيتان بەرگەن. شەيتان بۇ ئارقىلىق سېنىڭ ھاياتىڭنى ئېزىپ، نابۇت قىلماقچى، شۇنى بىلەمسەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى چۆرۈۋېتىشىڭ كېرەك. ھەتتا بارماقلىرىڭ بىلەن ئۇنى سىلىماسلىقىڭ كېرەك. شۇنداق قىلساڭ، باسقان قەدەملىرىڭ يەڭگىللىشىپ خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك بولىسەن» دەپتۇ.

رەب ئۇنى بىر سىلىغانكەن، ئامانلىق ۋە خۇشاللىق ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاپلاپتۇ. رەب ئۇنىڭ يۈكلىرىنى تاشلاتقۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇ رەبنىڭ پۇتلىرىغا سەجدە قىلىپ، شۈكۈر ئېيتاي دېيىشىگە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بۇ چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق غەم-قايغۇلىرى، ئەندىشىلىرى غايىپ بۇپتۇ. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ تاكى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكىچە ئۇنىڭ ئاپىسى ئائىلىسىدە ئەڭ شاد-خۇرام كىشى بولۇپ قاپتۇ.

# 12-ئاينىڭ 2-كۈنى
**************

📖 ***«...ئازاب-ئوقۇبەت ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردى.» (ئىبرانىيلار2: 10)***

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى ھەرگىز راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشتا مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئازاب-ئوقۇبەتلىك مۈشكۈل تۇرمۇش شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن.

بىر ئانا توكۇر ھەم دوك بالىنى ئوغلىغا ھەمراھ قىلىپ  بېقىۋاپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئەسكەرتىپ، بۇ بىچارە مەجرۇھ بالىنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمەسلىكنى ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تاپىلاپتۇ. ئۇلار ئويناۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ يۇشۇرۇنچە ئۇلارنىڭ قىلغان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئايالنىڭ ئوغلى ھېلىقى مەجرۇھ بالىدىن: «سەن دۈمبەڭگە يۈدىۋالغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ »دەپ سوراپتۇ. دوك بالا تېگىرقىغىنىدىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:«بۇ قانات قاچىلانغان بىر سېۋەت، خۇدا ھامان بىر كۈنى ساڭا ۋاكالىتەن بۇ قاناتنى ئېچىۋېتىدۇ، سەن شۇ چاغدا خۇددى پەرىشتىگە ئوخشاش ئۇچالايدىغان بولىسەن». دەپتۇ.

مەلۇم بىر كۈنلەردە خۇدا ھەربىر ئېتىقاتچىغا ھازىر  كۆتۈرۈۋاتقانلىرىنىڭ ئۇلارغا كېرەكلىك قورال ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن  مۇكەممەل قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنى بىلەي تاش قىلىپ، ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

# 12-ئاينىڭ 3-كۈنى

**📖«.........سىلى تېنچلىقمۇ؟ ئەرلىرى تېنچلىقمۇ؟ بالىلىرى تېنچلىقمۇ؟»**
***(2-پادىشاھلار4: 26)***

مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئائىلىم مەن بىلەن بىرگە ئاتمىش ئىككى يىل بەش ئاينى بىللە ئۆتكۈزگەندى. مەن توقسان ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ مەندىن ئايرىلدى. گەرچە بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان مۇشۇنداق ۋاقتتا ئىنتايىن غېرىپلىق ھېس قىلساممۇ، ھوجرامدا ئۈياق-بۇياققا ماڭغىنىمدا، رەبنىڭ ئۈزلۈكسىز مەن بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتىم. مەن رەبكە: «ئى رەببىم ئەيسا، گەرچە مەن يالغۇز بولساممۇ، سېنىڭ بىرگە بولۇشۇڭ بىلەن ھەرگىز يالغۇز ھەم غېرىپ ئەمەسمەن، سەن مېنىڭ دوستۇم. ئى رەببىم، ھازىر ماڭا تەسەللىي بەرگىن، مېنى كۈچەيتكىن. بىچارە خىزمەتچىڭنىڭ ئېھتىياجىنى بىلگەنىكەنسەن، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغايسەن» دەيتتىم.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىز رەب ئەيسانى ھاياتىمىزدا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دوستىمىز قاتارىدا كۆرمىگەچكە قەلبىمىز قانائەتلەنمەيدۇ. مەيلى قانداق ۋاقىت، قانداق شارائىت بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئايرىلماس سىرداش دوستىمىزدۇر.

# 12-ئاينىڭ 4-كۈنى

**📖«ھەزرىتى ئەيسا دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تەنھا تاغقا چىقتى.» (مەتتا14: 23)**

جىمجىتلىق ئىچىگە ئاجايىپ يۇشۇرۇن بىر كۈچ توپلانغان.

قاغىلار توپى بىلەن يىلپىزلار توپى توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شىرلار بىلەن بۈركۈت يالغۇز ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

قابىلىيەت جېدەل-ماجرانىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى تېنچلىق ئىچىدىدۇر. كۆل يۈزى تېنچ بولغاندىلا، كۆك ئاسماننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى سۇ يۈزىدە نامايەن بولىدۇ. بىزنىڭ رەببىمىز ئىنسانلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، بىراق مۇقەددەس كىتابتىن، بىز دائىم ئۇنىڭ خالايىقتىن ئايرىلىپ، يالغۇز دۇئا قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئوقۇيمىز. ئۇ دائىم دەريا ۋە دېڭىز بويلىرىدا خىزمەت قىلىدۇ. بىراق، تاغقا چىقىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كەچتە دائىم تاغقا چىقىپ، تېنچلىنىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بۈگۈن بىز ئەڭ مۇھتاج بولىدىغان بىر ئىش، دەل يالغۇز ھالدا رەبكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا تېنچلىنىشتۇر. ئى قېرىندىشىم، بىز تېنچ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئويلىنىشقا، خاس ھوجرىدا تەلىم ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇشنى ئۆگىنىۋالايلى.

# 12-ئاينىڭ 5-كۈنى

*************

**📖«بىلىمەنكى، ئى پەرۋەردىگار، ئادەمنىڭ ئۆز يولىنى بېكىتىش ئۆز قولىدا ئەمەستۇر. مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىدە قەدەملىرىنى خالىغانچە تاشلاش قۇدرىتى بولماستۇر.» (يەرەميا10: 23)**

**«ئى پەرۋەردىگار خۇدا،...مېنى تۈز يولغا باشلىغايسەن.» (زەبۇر27: 11)**

نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانىڭ يول كۆرسىتىشىنى ئاڭلىماي، ئەكسىچە ئۆزى خۇداغا يول كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. خۇداغا ئەگىشىپ ماڭماستىن، ئەكسىچە خۇدانىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.........................

# 12-ئاينىڭ 6-كۈنى

*************

**📖«تۈزۈۋىتىسىز كېلىمەن. تاجىڭنى باشقىلارنىڭ تارتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈڭدە بار بولغاننى چىڭ ساقلا.» (ۋەھىيلەر3: 11)**

مانا بۇ گېئورگى موللىر (G eorge M uller) ئەپەندى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەقىقىي بىر گۇۋاھلىقتۇر.

«1829-يىلى 7-ئايدا، خۇدا رەب ئەيسانىڭ قايتا كېلىشىدىكى ھەقىقەتنى ۋەھيي قىلىپ، بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى كۈتۈشتەك قارىشىمنىڭ زور خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ ۋەھيىنىڭ ھاياتىمدا كۆرۈلگەن نەتىجىسى شۇ بولدىكى، قەلبىم ھالاك بولغان گۇناھكارلار ۋە قاتتىق ئۇيقۇدىكى بىخۇد

دۇنياغا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىغا تولدى. شۇنداق قىلىپ مەن: <رەب ئەيسا كېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەندە، مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قاتتىق ئۇيقۇدىكى كىشىلەرنى ئويغاتسام مۇۋاپىق بولامدۇ قانداق؟ > دېگەنلەرنى ئويلىدىم.»

رەب ئەيسانىڭ كېلىشى ھەققىدىكى بېشارەتلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئى ئۇيقۇدىكى جامائەت، ئويغىنىڭلار! ئى ئېتىقادچىلار، تاج كىيىشكە، ھوقۇق تۇتۇشقا، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا تەييارلىنىپ بولدۇڭلارمۇ؟

# 12-ئاينىڭ 7-كۈنى

**📖«سىلەر گەرچە شامال ۋە يامغۇرنى كۆرمىسەڭلارمۇ، خەندەكلەر سۇغا تولۇپ، سىلەر ۋە مال-چارۋىلىرىڭلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن سۇ يېتەرلىكتۇر.» *(2-پادىشاھلار 3: 17)***

ھېچقانداق يامغۇرنىڭ، بوراننىڭ ئاۋازى، ھەتتا بەلگە-نىشانىمۇ يوق. بىراق، ھەر كۈنى ئەتىگىنى خەندەككە سۈپسۈزۈك سۇلار لىق توشقۇزۇلغاندۇر.

بىز دائىم بەلگە-بېشارەتكە، ھېسسىياتقا ئاساسلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز. ناۋادا بىرەر بېشارەتتىن ئەسەر بولمىسا، كۆڭلىمىز قانائەتلەنمەيدۇ. بىراق، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك بولغىنى تېنچلىق ئىچىدە ئۇنىڭ پەرۋەردىگار خۇدا ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇر.

ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئىشەنچلىك غەلبە بولسا خۇددى ئىسرائىللار ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان قىزىل دېڭىز بويىدا، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قورقماستىن، تەۋرەنمەستىن ئالدىغا قاراپ ماڭغاندەك ئىشتۇر. (مىسىردىن چىقىش14: 13، 15)

مۇراجەت قىلىش ھەرگىز ئېتىقادىنىڭ يۇكسەك پەللىسى ئەمەس، بەلكى ئىتائەت قىلىش ئېتىقادىنىڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. ئۇلار سۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدى بىلەن خەندەك كولىشى كېرەك، ئاندىن سۇ چىقىدۇ. ئۇلار بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىتائەت قىلىشى كېرەك. مانا بۇلار بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئېتىقاد دەرسلىكىدۇر.

قېرىندىشىم، سىز روھقا تەۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلامسىز؟ ئۇنداقتا، خەندىكىڭىزنى كولاپ تەييار قىلىڭ. خۇدا سىز ئويلىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى تولدۇرۇپ قويىدۇ.

ئى، بىز قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدا كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغانغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادقا تايىنىشقا ئىنتىزار بولالىغان بولساق، گەرچە بىز ھېچقانداق شامال ۋە يامغۇرنىڭ شەپىسىنى كۆرمىسەكمۇ، خۇدانىڭ قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىگە ئۈمۈد باغلىيالىساق نەقەدەر گۈزەل ئىش بولاتتى-ھە!

# 12-ئاينىڭ 8-كۈنى

**📖«خۇدا سىلەرنى سۆيۈپ، «ئۆزۈمگە ئاتىغان خەلقىم» دەپ تاللىغانىكەن، رەھىمدىل، مېھرىبان، كەمتەر، مۇلايىم ۋە سەۋرچان بولۇڭلار.» (كولوسىلىقلار3: 12)**

بۇرۇن ياشانغان بىر كىشى بولۇپ، مەيلى ئۇ قەيەرگە بارسۇن يېنىدا دائىم كىچىك قۇتىغا ماي ئېلىپ يۈرۈيدىكەن. ئەگەر بىرەر ئىشىكتىن كىرگەندە، غارت-غۇرت ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسا، دەرھال ئىشىك گىرەسىنى مايلاپ قويىدىكەن. ئەگەر ئۇ تەستە

ئېچىلىپ-يېپىلىدىغان ئىشىككە ئوخشاپ قالسا، ئىشىك كېشەكلىرى ۋە ئاراچىلىرىنى مايلاپ قويىدىكەن. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، ئۆمرىنى مايلامچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن.

كىشىلەر بۇ كىشىنى «غەلىتە ئادەم» دەپ ئاتىشىدىكەن. بىراق، بۇ كىشى بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە قۇتىسىدىكى ماي تۈگىسە يەنە قاچىلاپ، مايلاش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ.

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى جىدەل-ماجرا، ئۇرۇش-تالاشقا تولغان بولۇپ، ئىناقلىقتىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇلار دەل شاد-خۇراملىق مېيىغا، مېھرىبانلىق مېيىغا، كۆڭۈل بۆلۈش مېيىغا مۇھتاجدۇر. دوستۇم، سىز ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ماي ئېلىپ ماڭدىڭىزمۇ؟ سىز چوقۇم ھەرۋاقىت ياردەمچى ماي ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىشىڭىز كېرەك، ھەمدە بولارنى ئۆزىڭىزگە ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن باشلاپ، مايغا مۇھتاج بولغان ھەرقانداق كىشىگە سۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك. ئېھتىمال، سىز ئەتىگەن ئۇنىڭغا سۈرۈپ قويغان ماي، ئۇنىڭغا بىر كۈن يېتىشى مۇمكىن. سىز ئازاپ-ئوقۇبەتلىك كىشىگە شاد-خۇراملىق مېيىدىن، ئۈمۈدسىز كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان مايدىن سۈرۈپ قويۇڭ. مانا بۇ ئىنتايىن گۈزەل ئىشتۇر.

ھايات يولىمىزدا بىز بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. بەلكى ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆمۈر بويى قايتا كۆرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەستە كېلىدىغان بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايلى.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بىر تامچە مېھىر-شەپقەت مېيى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا ئېغىر گۇناھلارغا تولغان كىشىنى ئېرىتىپ، رەببىمىزنىڭ گۇناھكارلار ئۈچۈن ئېلان قىلغان

قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن قىلىشى مۇمكىن.

پاۋلۇس مۇنداق دېگەن:«بىر-بىرىڭلارنى قېرىنداشلارچە سۆيۈپ، ئۆز-ئارا قىزغىن بولۇڭلار. باشقىلارنى ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار.» (رىملىقلار 12: 10)

## 12-ئاينىڭ 9-كۈنى

📖«بىز ئۇچراۋاتقان بۇ ۋاقىتلىق ۋە ئەرزىمەس ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىزگە تەڭداشسىز ۋە مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ.» *(2-كورىنتلىقلار 4: 17)*

«بىزگە....ئېلىپ كېلىدۇ» بۇ سۆزلەرگە دىققەت قىلايلى. نۇرغۇن كىشىلەر دائىم:«ھاياتلىقتا نېمە ئۈچۈن قان-تەر تۆكۈپ جاپالىق ئىشلەش ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر بولىدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «بىزگە مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈندۇر.» جاپا-مۇشەققەت بىزگە يالغۇز غەلبە قىلىشتىكى تاكتىكىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى غەلبە قىلىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا، شاد-خۇراملىق ئازاب-ئوقۇبەتتىن تۇغۇلۇشقا مۇھتاج بولۇپ قالىدۇ.

خۇددى زەبۇردا ئېيتىلغاندەك:«يىغا-زار كېچىچە قونۇپ قالسىمۇ، خۇشاللىق تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ كېلىدۇ.»(زەبۇر30: 5) بىزگە ئەڭ زور تەسەللىي بولىدىغىنى شۇكى، قايغۇ-ھەسرەتنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسىمۇ، تاڭ سەھەر ھامان ئايرىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ.

# 12-ئاينىڭ 10-كۈنى

**🕮«بىزنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشىمىز سىلەرنىڭ تەسەللىي تېپىشىڭلار ۋە قۇتقۇزۇلۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر...بۇ تەسەللىي ئارقىلىق، سىلەر بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەندەك ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەندە، سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بېرەلەيسىلەر. شۇڭا، سىلەرنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىمىز كامىل. چۈنكى، بىز بىلىمىزكى، سىلەرمۇ بىز چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتنى چەككەنگە ئوخشاش، بىز ئېرىشكەن تەسەللىگىمۇ ئېرىشىسىلەر.» *(2-كورىنتلىقلار1: 6-7)***

ئەتراپىڭىزدا سىزگە ئالاھىدە ياردەم بېرەلەيدىغان بىرەرسى بارمۇ؟ سىز سىناقلارغا، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغاندا، بىرەرسىنىڭ تەسەللىسىگە مۇھتاج بولامسىز؟ ئۇ كىشىنىڭ ھەربىر قېتىم ئېيتقان سۆزلىرى دەل سىز مۇھتاج بولغان ھەم سىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان پايدىلىق سۆزلەردۇر. سىز ئۇنىڭ سىزگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلىسىز، ئەمما قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇ جاراھەتلەنگەن كىشىنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىدۇ. يىغلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ. ئۈمۈدسىز كىشىلەرگە ئۈمۈد بېغىشلايدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇلار ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن. ئەگەر سىز ئۇنىڭ تارىخىغا نەزەر سالسىڭىز، ئۇنىڭمۇ ئېچىنىشلىق ۋە كۈلپەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز. ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ شادلىق قاچىلانغان ئالتۇن قاچىسىنىڭ ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ قەھرىتان سوغۇقنىڭ، تومۇز ئىسسىقنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغان. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ مالاي، دوختۇر بولۇپ باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە ئازاب-ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىش

مۇشكۇل بولغان بىلەن، ئۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان تەلىم-تەربىيە ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. بۇ تەلىم ــ تەربىيە بىزگە باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشنى ئۆگىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك قېرىنداشىم، ھەرگىز غەزەبلەنمەڭ. ھەرگىز چىشىڭىزنى غۇچۇرلاتماڭ. سىز پەقەت بۇ تەلىم-تەربىيەلەرنىڭ سىزگە تەسەللىي بەرگۈچى پەرىشتە ئېكەنلىكىنى تونۇيالىسىڭىزلا كۇپايە. سىز ئۇچرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خۇشال-خۇراملىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن شۈكۈر ئېيتىڭ!

# 12-ئاينىڭ 11-كۈنى

**📖«ئى كېچىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان، پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق بەندىلىرى! ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار سىلەرنى زىئوندىن بەرىكەتلىگەي!» (زەبۇر134: 1؛ 3)**

«كېچىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان» ــ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىمۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل بىر ئىش. شۇنداق، ھەقىقەتەن مۇشكۇل. بىراق، بۇنىڭ ئىچىگە زور بەخت-سائادەت يوشۇرۇنغان.

ياز كۈنلىرى قۇياش سېخىيلىق بىلەن نۇرلىرىنى ئەتراپقا چاچقاندا، قۇشلار بەس-بەستە غەزەل ئوقۇشىدۇ. دەرەخلەرمۇ شىرىن مېۋىلەر بىلەن ئۆز ھەيۋىسىنى نامايەن قىلىشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، كۈنلىرىمىز راھەت ــ پاراغەتكە تولغان، خاتىرجەم ، بەختىيار كۈنلىرىمىزدە خۇداغا ئىبادەت قىلىش ناھايىتى ئاسان. ئەگەر

كۆڭلىرىمىز تېنچسىزلىققا، ئازاب-ئوقۇبەتكە تولسا، بىز يەنىلا خۇداغا مەدھىيە ئوقۇيالامدۇق؟ بىز يەنىلا يېرىم كېچىدە خۇدانىڭ ئۆيىدە تۇرۇشنى خالامدۇق؟ ئۇنى يەنىلا سۆيەلەمدۇق؟ گېتسىمانىيە باغچىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەگەك تۇرالامدۇق؟ كىرىنىيلىك سىمۇنغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، كرېستنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلەمدۇق؟ مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شاگىرتىغا ئوخشاش ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولالامدۇق؟ نىكودىمغا ئوخشاش مۇرمەككى ۋە خۇشپۇراقلىق دورا-دەرمانلار بىلەن مەسىھنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلالامدۇق؟ قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار خۇدا سىزنى زىئوندىن بەرىكەتلەيدۇ.

# 12-ئاينىڭ 12-كۈنى

**📖«مېنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغىنىمغا ئاز قالدى. مەن خۇدا يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلدىم، يەنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ پۈتۈن مەنزىلىنى بېسىپ بولدۇم، ئېتىقادىمدا چىڭ تۇرۇپ كەلدىم.» *(2-تىموتىي 4: 6-7)***

ھەربىيلەر ياشانغان ۋاقتىدا، ئۆيىدە دەم ئالغاچ دائىم ئۇرۇش مەيدانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىشنى، جەڭدىن يالداما قالغان تارتۇقلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ شۇنداق، بىزمۇ ئەرشتىكى ئۆيىمىزگە قايتىپ ئارام ئالغاندا چوقۇم خۇدانىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە بارلىق سىناقلاردىن بىزنى قانداق يېتەكلەپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرىشىمىز مۇمكىن. بىز

ئاق كىيىم كىيگەنلەر قاتارىدا تۇرۇپ، «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەمدۇق ياكى ئاشۇ بىرسىدىن سىرت ھەممىسى....... دېگەن سۆزنىمۇ؟

سىز ئاشۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ سىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇنداق دېيىشنى ھەرگىز خالىمايسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز يەنە ئۇلارنىڭ، بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزدا ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئۆلۈشىمىز بار. بىز ئالدىقاچان كۆپەتلىك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغان، بىز ئۇزۇن ئۆتمەي قولىمىزغا زەيتۇن دەرىخىنى ئېلىپ، تاج تاقاشقا مۇيەسسەر بولىمىز. بىراق، ئۇ......... دېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

خۇدا تاج كىيدۈرۈش ئۈچۈن سىزنىڭ دۇنيادا ئالغان مۇكاپاتلىرىڭىز، ئوقۇش تارىخىڭىز، دىپلوملىرىڭىز ۋە ئۇنۋانلىرىڭىزنى ئەمەس، بەلكى جاراھەت ئىزىڭىزنى ئىزدەيدۇ.

خۇداغا تەۋە كىشى ئەڭ شەرەپلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، خۇداغا خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ. خۇدا ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشنى شەرەپ، دەپ بىلىدۇ. ھەرگىز ھەققانىيلىق تاجىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان، مەسىھنى ھاقارەتكە دۇچار قىلىدىغان پەسكەش ئىشلارنى قىلمايدۇ.

# 12-ئاينىڭ 13-كۈنى

**📖«ساڭا قاراڭغۇلۇقتىكى خەزىنىلەرنى تاپشۇرۇپ، پىنھان يەرلەردىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى بېرىمەن.» (يەشايا 45: 3)**

بۇرىبىسسىلىسىنىڭ بىر قانچە جايلىرىدا داڭلىق گۈل چىكىش دۇكىنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل، نەپىس گۈللەرنى توقۇپ چىقىرىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان مەخسۇس ئۆيلىرى بار ئىدى. بۇ ئۆيلەر ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت ئىنتايىن كىچىك بىر رۆجەكتىن قۇياشنىڭ ئىنچىكە نۇرى ئېقىپ كىرەتتى. بۇ كىچىككىنە نۇر دەل گۈل شەكلىنىڭ ئۈستىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئېكىسكۇرسىيەگە يېتەكلىگۈچى بىزگە:«بىز ئەڭ داڭلىق مەھسۇلاتقا مۇشۇنداق ئېرىشكەن. ئەڭ نەپىس گۈزەل گۈللەر ئىشچىلارنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىكى جاپالىق توقۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن» دېدى.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشامدۇ؟ بەزى ۋاقىتلاردا، ئەتراپ ئىنتايىن قاراڭغۇلۇققا تولغاندا، زادى نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيمىز. قىلغانلىرىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز. بىز گۈزەللىكنىڭ، پايدا-مەنپەئەتنىڭ زەررىچىلىك ئىزناسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. ئەگەر، بىز يەنىلا ئەستايىدىللىق بىلەن ئازابلانماي، ئۈمۈدسىزلەنمەي ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەرسەك، ھامان بىر كۈنى ھاياتىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل، شەرەپلىك نەتىنجىگە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىشكەن بولىمىز.

قەدىرلىك قېرىنداشىم، ئەگەر سىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بولسىڭىز، ھەرگىز قورقماڭ. پەقەت ئېتىقاد ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەڭ، ھەرگىز گۇمانلانماڭ.

خۇدا چوقۇم سىزنىڭ بارلىق قايغۇ-ھەسرەت ۋە مۇشكۈلاتلىرىڭىزغا مېھىر-شەپقەت ۋە گۈزەللىكنى يادىكار قىلىدۇ.

# 12-ئاينىڭ 14-كۈنى

**📖«شاگىرتلاردىن بىرى ھەزرىتى ئەيساغا:**

**ئى رەببىم،....بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىسىڭىز، - دېدى. ... دۇئا قىلغىنىڭلاردا، مۇنداق دەڭلار:**

**< ئى ئاتىمىز سېنىڭ نامىڭ ئۇلۇغلانغاي. پادىشاھلىقىڭ يەر يۈزىدىمۇ نامايەن بولغاي....> » *(لۇقا 11: 1-2)***

**شاگىرتلار ھەزرىتى ئەيساغا: « بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىسىڭىز » دېگەندە، رەببىمىز ئەرشكە تەۋە مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى مەركەز قىلغان ھالدا: «دۇئا قىلغىنىڭلاردا مۇنداق دەڭلار....» دېگەن. *(مەتتا 6: 9)***

رەببىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن دۇئالىرى بىلەن بىزنىڭ قىلغان دۇئالىرىمىزدا پەرق ئىنتايىن چوڭ. بىز دائىم ئۆز خاھىشىمىز، ئارزۇيىمىز بويىچە دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم، ماڭا، ئائىلەمگە، جامائەتچىلىككە، يۇرتۇمغا، دۆلىتىمگە...بەخت ئاتا قىلغىن!» دەپ تىلەيمىز. بىزنىڭ تىلىگەن بارلىق دۇئا-تىلاۋەتلىرىمىز ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىغا خېلىلا يىراقتۇر.

بىز دائىم رەببىمىز مۇھىم دەپ قارىغانغا سەل قاراپ، چۈشۈرۈپ قويىمىز. دۇئا قىلغاندا، رەببىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تەرتىپى مۇنداق: ئالدى بىلەن دۇنيا، ئاندىن

شەخس. رەب بىزگە ئالدى بىلەن خۇدانىڭ پۈتۈن دۇنياغا بولغان ئۇمۇدى ۋە مەقسىتىگە ئاساسەن دۇنيا ئۈچۈن دۇئا تىلاۋەت قىلىشنى، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجى ۋە باشقىلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

رەب ئەيسا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھەتتا ھاياتىنىمۇ كرېستتە بىز ئۈچۈن قۇربان قىلدى. ئۇنىڭ بىزدىن ئۆز پادىشاھلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشى ھېچقانچە چەكتىن ئاشقان تەلەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە! پەقەت ھەرقانداق ئىشتا مەسىھنى مەركەز قىلغان كىشىلا ئەرشكە تەۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.

«ئۇنىڭ پادىشاھلىقى چەكسىزدۇر.» (لۇقا 1: 33)

خۇش خەۋەر خىزمىتى ھەرگىز جامائەتچىلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ ئالدىن ئېيتقانلىرىدۇر.

## 12-ئاينىڭ 15-كۈنى

📖**«پەرۋەردىگارغا ئىشىنىپ، ياخشىلىق قىلغىن، زېمىندا ماكانلىشىپ، ئېنىچ-ئامانلىقتىن بەھرىلەنگىن.» *(زەبۇر37: 3)***

پەرۋەردىگار خۇداغا تايىنىڭ! گەرچە ئۇ شۇنچە ئۇزۇن كېچىكسىمۇ، گەرچە مۈشكۈلاتلىرىڭىز كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىڭىز تاشلىۋەتسىمۇ، گەرچە ئۇمۇدتىن زەررىچىلىك نىشان بولمىسىمۇ، گەرچە ئالدىڭىزدىكى يولنى ئوچۇق كۆرەلمىسىڭىزمۇ، گەرچە كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلمىسىڭىزمۇ......... داۋاملىق ئۇنىڭغا تايىنىڭ. ئۇ چوقۇم تىلىكىڭىزنى ئىجابەت

قىلىدۇ.(زەبۇر37: 5) ئۇ چوقۇم سىزگە يول ئېچىپ، كەلگۈسىڭىزنى تېنچ-ئامانلىققا تولدۇرىدۇ. سىزگە يۇپيۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىپ، چۈشتىكى قۇياش نۇرىدەك پارلاق نۇر چاچقۇزىدۇ.

## 12-ئاينىڭ 16-كۈنى

**📖«ئىبادەتخانىدا ھاننا ئىسىملىك ياشانغان بىر ئايال پەيغەمبەرمۇ بار بولۇپ، ...ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدىن چىقماي، روزا تۇتۇپ، كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى.» *(لۇقا 2: 36-37)***

بىز دائىم دۇئا قىلىپ تۇرساق، شۇنچە كۈچلۈك دۇئا قىلالايدىغان بولىمىز، بۇ بىر ھەقىقەت. دۇئا قىلىشنى مەجبۇرىيەت ھېس قىلىدىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ناتايىن.

دۇئا قىلىش قابىلىيىتىگە بىز ھەممىمىز ئېرىشەلەيمىز. بىراق، كۈچ سەرپ قىلماي تۇرۇپ بۇ قابىلىيەتكە ھەرگىز ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىبراھىم خۇدا بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ سودۇم ئۈچۈن تىلىگەن تىلاۋەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان بولاتتى. رەببىمىز ئەيسا مەسىھمۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا، دائىم تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى.

ئەگەر، بىر كىشى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماي دۇئا قىلالايدىغان ئىخلاسمەن ئېتىقادچى بولالايسەن، دېسە ئۇ چوڭ خاتالاشقان بولىدۇ. ھەر بىر ئېتىقادچى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەككى، دۇئانىڭ ئۈنۈمى سەۋىر-تاقەتلىك بولۇپ، كۈتۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاكالەت دۇئا قىلغۇچى كىشى جامائەتچىلىكتىكى ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچىدۇر. ئۇلار خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەتلىك تەختىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن رەھىم-شەپقەت تىلىگۈچى ئەلچىدۇر.

بىز دۇئاغا تايىنىپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز، داۋاملىق دۇئا قىلىش ئارقىلىق، داۋاملىق دۇئا قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

# 12-ئاينىڭ 17-كۈنى

**📖«بىزگە ئامانلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدا ئۆزى سىلەرنى تەلتۆكۈس پاك قىلغاي. رەببىمىز ئەيسا مەسىھ قايتا كەلگۈچە خۇدا روھىڭلار، جېنىڭلار ۋە تېنىڭلارنى ئەيىبسىز ساقلىغاي. سىلەرنى چاقىرغان خۇدا جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ ئىشەنچلىكتۇر! »** ***(1-سالونىكىلىقلار5: (24-23***

مەن بۇرۇندىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن پاك ياشاشنى نىشان قىلىپ، مەن بىلەن ئالاقىسى بار ھەربىر كىشىگە پاك ياشاشنى قوغلىشىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەندىم. ئۇن يىلدىن كېيىن، خۇدا ئىلگىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان پاك، مۇقەددەسلىككە ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى ـــ دەل خۇدانىڭ يەككە-يېگانە ئوغلىغا ئېشىنىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مەن شۇ ھامان بۇ ھەقىقەتنى ئەتراپىقا جاكارلاپ:«بىزنى گۇناھلار ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىققۇچىغا ئېتىقاد قىلايلى! بىزنى پاك قىلغۇچىغا ئېتىقاد قىلايلى!» دەپ تەشۋىق قىلدىم. مەن بۇ ھەقىقەتلەرنى شەخسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى گۇۋاھلىقلار ، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى گۇۋاھلىقلار ۋە مەتبۇئاتلاردىكى گۇۋاھلىقلار

ئارقىلىق تەشۋىق قىلدىم. مېنىڭ بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزلۈكسىز تارقىتىپ كېلىۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىل ئەتراپىدا بولدى. خۇدا ماڭا سان-ساناقسىز ئىسپاتلارنى بەردى. ـــ يۇھانىنا (John W esley)

رەب ئەيسا ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. مەن ئېچىمدىكى بىر نەرسىنىڭ مېنى مۇلايىم، سەۋىر-تاقەتلىك، مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇشتىن توسۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە بۇ نەرسىنى بېسىپ ئىزىۋېتىشكە، سىقىپ چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم. بىراق، ئۇ يەنىلا شۇ يەردە ئىدى. مەن ئۆز ئىرادەمنى پۈتۈنلەي خۇداغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، رەب ماڭا ۋاكالىتەن قوپاللىقنى، ئالدىراڭغۇلۇقنى، ئۆچمەنلىكنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. گېئورگى (G eorge Fox)

قەلبىم ھازىر ئىنسانلارنىڭ ماختىشىنى ئىزدىمەيدىغان بولدى. چۈنكى، خۇدا قەلبىمنىڭ قۇرۇق جايلىرىنى پۈتۈنلەي تولدۇرۇپ بولدى. مېنىڭ خۇدادىن سىرت ھېچقانداق پىلانلىرىم، ئىرادەم، ئارزۇ-ئارمانلىرىم يوق. مەن ئۆزۈممۇ ھەيران، خۇدا مېھىر-مۇھەببەت ئارقىلىق بارلىقىمنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ـ خانتىڭتون (H untington)

پاكلىق ئىنتايىن گۈزەل، تىپتىنچ، راھەت ۋە سۆيۈملۈكتۇر. ئۇ بىزگە پارلاق نۇر، ئاراملىق ۋە شاد-خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، پاكلىق بىزنىڭ قەلبىمىزنى شىرىن مېۋە ۋە خۇشپۇراق گۈلگىياھلار بىلەن تولغان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ساپ، پاكىز، ئازادە خۇدانىڭ گۈلزارلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ. ـ ئىدۋاردس (Jonathan E dw ards)

# 12-ئاينىڭ 18-كۈنى

**«لېكىن، بىزنى سۆيىدىغان خۇدانىڭ كۈچى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىمىز.» (رىملىقلار8: 37)**

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بىزگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلىرىمىز ۋە قارشى تۇرغان ھوقۇقدارلار دائىم خۇدا ئالدىغا بېرىشىمىزدىكى پەلەمپەي بولۇپ قالىدۇ.

سۇمرۇغ تىك قىيالاردا ئولتۇرۇپ، قارا بۇلۇتلار بىلەن تولغان ئاسماننىڭ قەھرىگە قارايدۇ. گەرچە چاقماقلار دەھشەتلىك چېقىپ، ئەتراپنى ۋال-ۋۇل قىلىپ يورۇتسىمۇ، ئۇ يەنىلا تېنچلىق بىلەن يامغۇرلۇق بوراننىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن يامغۇرلۇق بوراندىن دەقىقە بۇرۇن ئۇچمايدۇ. ئۇ چوقۇم يامغۇرلۇق بوران قاتتىق ئەۋجىگە چىققاندا، ئاندىن بىر نەرە تارتقىنىچە شىددەت بىلەن يامغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

مانا، بۇلار خۇدانىڭ ھەربىر پەرزەنتلىرىدىن كۈتكەن تەلىپى. خۇدا ئەنە شۇنداق قارا بۇلۇتلارنى ئوت ھارۋىسى قىلىپ، ھەممە ئىشلاردا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەممە ئىشلاردا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىش يالغۇز دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىشتىنلا ئەمەس، بەلكى دۈشمەننىڭ ئۇزۇق-تۈلۈك ۋە جەڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ئەنە شۇنداق جەڭ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشىپ باققانمۇ؟ سىز ئازاب-ئوقۇبەت غارىغا كىرگەندە، ئولجا غەنىمەتلىرىنى بىللە ئېلىپ چىققانمىدىڭىز؟ ھالاكەت سىزگە يېقىنلاپ كەلگەندە، خۇداغا تايانغانمىدىڭىز؟ خۇدا سىزنى مۈشكۈلات غارىغا كىرگۈزگەندە، كىرگەن ۋاقتىڭىزغا قارىغاندا چىققان

ۋاقتىڭىزدا مول ئۇلجىلارغا ئېرىشكەنمىدىڭىز؟ «پۇتۇنلەي غەلىبە قىلىش» ـ دۈشمەنلەرگە تەۋە بارلىق ئولجا غەنىمەتلىرىنى ۋە باشقا ھەممە نەرسىلەرنىڭ سىزگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنگىلىيىلىك مۇن دوكتۇر (D r.M oon) مۇنداق دېگەن:«ئى رەببىم، مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئەما بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. سەندىن ئۆتۈنەي، بۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەيسەن! كەلگەن ۋاقتىڭدا، مېنى قانائەتلەندۈرگەيسەن! » دەرۋەقە خۇدا ئۇنى ئەمالار قوللىنالايدىغان كۆپۈنكى لىنزا شەكىللىك يېزىق ئىجات قىلغۇزۇپ، نەچچە مىليونلىغان ئەمالارنى خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىدىن بەھرىمان بولدى.

خۇدا ئەزەلدىن پاۋلۇسنىڭ ئازابلىرىنى ئېلىپ كەتمىگەن. خۇدا ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېتىشتىنمۇ ياخشى چارە بىلەن، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلانغان.

# 12-ئاينىڭ 19-كۈنى

**📖«مانا، بۇ سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم بولۇش پۇرسىتىڭلاردۇر.» *(لۇقا 21: 13)***

بىزنىڭ ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىز تاغقا يامىششقا ئوخشايدۇ. تاغقا يامىشۋاتقاندا، ئالدىدىكى كىشى كەينىدىكى كىشىگە بۇرۇلۇپ توۋلاپ قويسا ياكى كۈلۈپ قويسا ۋە

ياكى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويسا، بۇ كەينىدە يامشۋاتقان كىشىگە نىسبەتەن ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بىز ھەممىمىز تاغقا ياماشقۇچىلارمىز، شۇڭا بىز ئۆز-ئارا ئىلھاملاندۇرۇلۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بىز تاغقا چىقىشنى خەتەرلىك دەپ قارىماستىن بەلكى شەرەپلىك ئىش دەپ قارايمىز. تاغقا چىقىش ئۈچۈن بىز كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن تەمكىن ۋە جاسارەتلىك بولۇشىمىز كېرەك. بىز ئىگىزگە ياماشقانسېرى ئالدىمىزدىكى مەنزىرە شۇنچە ئۇچۇق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئارىمىزدىكى بىرەرسى ئالدى تەرەپتىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر نەرسىنى بايقىسا، كەينىدە ماغدۇرىدىن كەتكەن كىشىلەرنىڭ غەيرەتلىنىشى، بۇششىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توۋلاپ قويۇشى كېرەك.

# 12-ئاينىڭ 20-كۈنى

**📖«مەن يالغۇز قالمايمەن، چۈنكى ئاتام مەن بىلەن بىللىدۇر.» (يوھاننا16: 32)**

بىز ھەممىمىز ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىشنىڭ بەدەللىرىنى بىلىمىز. ئېھتىمال بىز بۇ جەرياندا، تېگىشلىك ھوقۇقىمىزدىن ۋاز كېچىشكە، ئۇرۇق تۇغقان، دوست بۇرادەرلىرىمىزدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىپ، سويغان پىيازدەك يەككە-يىگانە يالغۇز قېلىشىمىز مۇمكىن. بىراق، بىز خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش كۆك قەرىدە ئۇچۇپ، بۇلۇتلار ئارا ئالغا باسالىساق، خۇدا بىلەن بىللە بولالايمىز. گەرچە زېمىندىكى ھايات غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتكىنى بىلەن بىزنى يەنىلا قانائەتلەندۈرىدۇ.

بۈركۈت قۇشلار ئىچىدە يالغۇز ياشاشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇش

ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن توپلىشىپ ئۇچمايدۇ. ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ يالغۇز ياكى كۆپ دېگەندە ئىككىسىنىڭ بىللە ئۇچقانلىقىنى كۆرىمىز.

خۇدا بىلەن ھەمنەپەس كىشى گەرچە كىشىلەر بىلەن ئالاقىسىنى يوقاتسىمۇ، خۇدا يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمەيدۇ. خۇدا دەل ئەنە شۇنداق بۈركۈتتەك كىشىلەرنى ئىزدىمەكتە. خۇدا بىلەن يالغۇز بىرگە بولۇپ باقمىغان كىشى خۇدانىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇسا گەرچە مىسىردا مىسىرلىقلارنىڭ ھەرخىل بىلىم-ئىقتىدارلىرى بىلەن تەربىيلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا چۆلدە خۇدا بىلەن قىرىق يىلنى بىرگە ئۆتكۈزدى. پاۋلۇس گەرچە بىلىدىغان ۋە داڭلىق تەۋرات ئۇستازى غامالىيەلدىن تەلىم ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەرەپ چۆللۈكىگە بېرىپ، قۇملۇق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار، خۇدادىن بىزنى ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىۋېتىشنى تىلەيلى. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا بىزنىڭ مۇستەقىل ئېتىقادىمىز ۋە مۇستەقىل تۇرمۇشىمىز بولىدۇ. بۇلار بىزنى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، دۇئاسىغا، ئېتىقادىغا ۋە خەۋەر ئېلىشىغا تايانغۇزمايدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە ئىلھام بېرىشى ئېتىقادچىلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بىراق، مۇشۇنداق بولىۋەرسە، بۇنداق ياردەم ئېتىقاد ۋە بەخت سائادەتكە توسقۇن بولۇپ قالىدۇ. خۇدا بىزنىڭ قانداق ۋاقىتتا مۇھىت ئالماشتۇرۇشقا، قايسى ۋاقىتتا تۇرمۇشتىن ئايرىلىشقا مۇھتاج بولغانلىقىمىزنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا، ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرايلى. ئۇ چوقۇم بىزنى يېتەكلەيدۇ.

بىز يالغۇز قېلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇق؟

رەبنىڭ يولى ئىنتايىن تاردۇر، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا تەييارلىق كۆرەمدۇق ياكى ئۇنى يوقىتىپ قويۇشقىمۇ؟

# 12-ئاينىڭ 21-كۈنى

**📖«ئۇ ماڭا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كىرگەن يۇرتنى ئۇنىڭغا بېرىمەن.» (ئەمىر-مەرۇپىلا 1: 36)**

ئى قېرىندىشىم، سىز ھايات سەپىرىڭىزدە دائىم مۈشكۈل، كۆڭلىڭىز خالىمايدىغان ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرامسىز؟ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىگە غايەت زور بەخت-سائادەت يوشۇرۇنغان. ئەگەر بۇلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز قىممەتلىك بەخت-سائادەتنى يوقىتىپ قويغان بولىسىز.

رەبنىڭ ئىزى بار ھەر بىر يوللاردا، مەيلى بۇ يول قانچىلىك خەتەرلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىڭ. چۈنكى، ئۇ سىزنى بەخت-سائادەتكە باشلاپ كىرىدۇ. ئەگەر سىز تىكەنلەر بىلەن تولغان بۇ خەتەرلىك يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىمەن، دەپ ئويلىماڭ.

سەپەردىكى ھەربىر جەڭلەردە سىزنىڭ غەلىبە قىلىش ئېھتىماللىقىڭىز ئەڭ چوڭدۇر. بۇنداق غەلىبە قىلىش سىزنىڭ روھى ھاياتىڭىزغا زور بەخت ئاتا قىلىدۇ.

# 12-ئاينىڭ 22-كۈنى

**📖«ئەگەر، پەرۋەردىگار خۇدا بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا، نېمىشقا بۇ كۆرگۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىدۇ؟» (ھاكىملار6: 13)**

بەزىدە ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر يۇپۇرلۇپ كېلىپ، بىزدىكى خاتىرجەملىك ۋە

ئامانلىقنى بۇلاپ، خۇشاللىق ۋە ئۈمۈدىمىزنى چۈشكۈنلۈك دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. «رەھىمسىزلىك»ـ ئۈمۈدكە تولغان قەلبنى باشتىن-ئاخىر مازاق قىلىپ، ئاستا-ئاستا ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ: «ئەرشتە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى خۇدا ھەقىقەتەن بارمۇ؟ يۈز بەرگەن بارلىق پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى راستتىنلا ئۇنىڭ ئىرادىسىمۇ؟ ئەگەر پەرۋەردىگار خۇدا بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا، نېمىشقا بۇ كۆرگۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن كىشىنى ئۈمۈدسىزلەندۈرىدۇ.

قەدىرلىك قېرىندىشىم، نېمە ئۈچۈن شۇنچە تىت-تىت بولىسىز؟ سىز ئېتىقاد قىلغان — ئەزەلدىن خاتالاشمايدىغان، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئادالەتلىك خۇدادۇر. ھېلىقى كرېستتا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن :«خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟» دەپ ۋاقىرىغۇچى سىزنى ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. (مەتتا 27: 46)

بىز دائىم بېشىمىزغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى خۇدانىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ، ئۇنتۇپ قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى قىلىۋالىمىز. ئى قەدىرلىك دوستۇم، بۇلار شەيتاننىڭ سۈيقەستلىرىدۇر. بىز ئىشەنچسىز ھەم رەزىل قەلب بىلەن گىدونغا ئوخشاش: «پەرۋەردىگار خۇدا بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا، نېمىشقا بۇ كۆرگۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كەلدى؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندا، شەيتان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىزنى ئالداپ: «خۇدا ئاللىقاچان سېنى ئۇنتۇپ كەتتى. خۇدا ئاللىقاچان سېنى تاشلىۋەتتى..........» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىز يولۇققان كۈلپەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنى خۇداغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. كۈلپەتلەر خۇدا بىلەن سىزنى ھەرگىز ئايرىۋەتمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ

يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بىز قايسى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، بارلىقىمىزنى خۇداغا تاپشۇرالايمىز؟ يېقىن دوستلىرىڭىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز سىزنى تاشلىۋەتكەندە ھەتتا خۇدامۇ خۇددى سىزنى تاشلىۋەتكەندەك تۇيغۇغا كەلگەندە، ئاندىن خۇداغا پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزنى تاپشۇرالايسىز.

دوستۇم، بىز خۇشال-خۇراملىق بىلەن، خۇدا ئۆز رازىلىقى بىلەن بىزگە ئاتا قىلغان ئاراملىق ۋە تەسەللىدىن ھۇزۇرلىنايلى. بىزنىڭ ئىزدەۋاتقىنىمىز ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ بىزنى ئېتىقاد قاراڭغۇلۇقىغا باشلاپ كىرسىمۇ، بىز يەنىلا مەنىسىز قاراڭغۇلۇقتا تىرىشىپ ئالغا بېسىشنى خالايمىز.

## 12-ئاينىڭ 23-كۈنى

📖«......................................يوللىرىڭ تېخى ئۇزۇندۇر.» (1-پادىشاھلار 19: 7)

خۇدا ئۆزىنىڭ چارچىغان خىزمەتكارىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ خۇدا ئىلياسقا ياخشى يېمەكلىك، شىرىن ئۇيقۇ بەردى. ئۇ يول بويى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆردى. ئۇ ئاخابنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ ماڭغاچقا ئىنتايىن چارچاپ كەتكەندى. چارچاشنىڭ ئىنكاسى بېسىم ھېس قىلىشتۇر. بىز بۇ يەردە شۇنى كۆرەلەيمىزكى:«تەن-سالامەتلىكنى ئاسراش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.» بۈگۈنكى كۈندە، خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئۇيقۇسى ۋە يېمەكلىكى كەمدۇر. يەنى روھى جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ كىشلەرمۇ

ئىلياسقا ئوخشاش ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ. ئاھ، ئاڭلاڭ قېرىنداشىم، نېمىدېگەن شىرىن، نېمىدېگەن مۇلايىم ئاۋاز:« تۇرۇپ نان يېگىن! يوللىرىڭ تېخى ئۇزۇندۇر.»

## 12-ئاينىڭ 24-كۈنى

**📖«.......كۈن پېتىش ۋاقتىدا ئۇ دالىدا خۇدانى چوڭقۇر سېغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى.........» (يارىتىلىش24: 63)**

خۇدا بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىمىز قانچە كۆپ بولسا، روھى جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز شۇنچە تېز بولىدۇ. بىز دائىم سىناقلارغا ئۇچراپ، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرساق خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. بىز بېكار ئولتۇرۇشنى ھورۇنلۇق، نۇمۇس دەپ بىلگەچكە دائىم ئالدىراش يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە، تېنچ ئويلىنىش، خۇدا بىلەن پاراڭلىشىش، ئەرشكە تەلمۈرۈپ قاراش بىزگە نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىق ۋاقىتتۇر. بۇ ۋاقىت ھەرگىز ئىسراپچىلىق ۋە ئارتۇقچە ئەمەستۇر.

بېلىقچى تور ياسىغان ۋاقىتنى ئىسراپچىلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ئوت ئورىغۇچى ئولتۇرۇپ ئورغىقىنى بىلىسە، سىزنىڭچە بۇ ئىسراپچىلىقمۇ؟ بىز بۇ جەھەتتە ئىسھاقتىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۇ دىمىق ئىسسىققا تولغان تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، دالىدا تېنچ ئولتۇرۇپ ئويلىنىدۇ. بىز قايىنام-تاشقىنلىققا، ۋاراڭ-چۇرۇڭغا، ئالدىراشلىققا تولغان مۇھىت ئىچىدە ياشايمىز. ئەگەر مۇشۇنداق شەرت-شارائىتتا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچراشساق نېمىدېگەن راھەت ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش بولاتتى-ھە! ئېتىزلاردا سەيلە

قىلىش، دېڭىز بويلىرىدا راھەتلىنىش قەلبىمىزنى ئۈمۈدكە ۋە خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدۇ.

## 12-ئاينىڭ 25-كۈنى
✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖**«ئەلچىلەر... خۇدانىڭ ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامى ئۈچۈن خورلۇق ئازابى چېكىشكە لايىق كۆرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشتى.» (ئەلچىلەر41:5)**

ئېتىقادچىلارنىڭ سىناقلارغا ئۇچرىشى ھەرگىز تاساددىپىي بولغان ئىش ئەمەس. خۇدا ئەستايىدىل تاللاش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق ئاندىن بۇ سىناقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ ئازادە، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئۇلارنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى، خۇدانىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ سىناقلارغا ئۇچراشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ. نۇرغۇن ئېتىقادچىلار مۈشكۈل قىيىنچىلىق ۋە ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى خۇدا ئۇلارنى سىناقلارغا لايىق كۆرۈپ تاللىغاندۇر.

ئىبراھىم بىلەن ئېلى (1-سامۇئىل2: 12) نىڭ ھەر ئىككىلىسى ياشانغاندا ئاتا بولغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغۇللىرى بار. بىراق، خۇدا ئېلىنىڭ ئوغۇللىرى خوفنىي بىلەن فىينىھاسنى ئەمەس، بەلكى ئىبراھىمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرۋەردىگار خۇدا نېمە ئۈچۈن ئىبراھىمنى قويۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئېلىنىڭ ئوغۇللىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ؟ ئەسلىدە خۇدا ئېلىنى ئەمەس، بەلكى ئىبراھىمنى لايىق

كۆرگەن. ئىبراھىم ھەرقانداق ئىشتا خۇداغا ئىتائەتچان بولغاچقا، خۇدا باشقىلار ئۈستىگە ئالالمايدىغان سىناقنى ئۇنىڭغا بەرگەن. ئېلى بولسا خۇداغا قارىغاندا ئوغۇللىرىنى مۇھىم ئورۇندا كۆرىدىغان ھەم ھۆرمەتلەيدىغان كىشى ئىدى. (1-سامۇئىل2: 29) شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا ئۇنى سىناقلىرىغا لايىق كۆرمەي ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن.

سىناقلارغا لايىق بولغۇچى كۆرۈنۈشتە ئازاب-ئوقۇبەت چەكسىمۇ، نەتىجىسى مۇقەددەس يازمىلاردا خاتىرلەنگەندەك چەكسىز بەخت-سائادەتتۇر: «ساڭا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن، نۇرغۇن ئەۋلادلارنى بېرىمەن. ئۇلارنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك، دېڭىز ساھىللىرىدىكى قۇمدەك كۆپ بولىدۇ. سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دۈشمەن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر بەختكە ئېرىشىدۇ.» (يارىتىلىش22: 17-18). سىناقلارغا لايىق بولمىغۇچى گەرچە راھەت-پاراغەتتە ياشىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، نەتىجىسى مۇقەددەس يازمىلاردا خاتىرلەنگەندەك پاجىئەدۇر. پەرۋەردىگار خۇدا ئېلىغا مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، سېنىڭ ۋە ئاتاڭنىڭ خاندانلىقىنىڭ بىلەكلىرىنى كېسىپ تاشلايمەن. سېنىڭ جەمەتىڭدە قېرى ئادەم بولمايدۇ. مەن قۇربانگاھ ئالدىدا جەمەتىڭدىكى كىشىلەرنى يوقىتىپ ئازابلار ئارقىلىق سېنى غەم-ئەندىشىگە سالىمەن. ئۆيىۈڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا ئۆلىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى ئوغلۇڭ خوفنىي بىلەن فىينىھاسنى ئىسپات قىلىمەن. ئۇلار بىر كۈندە ئۆلىدۇ.» (1-سامۇئىل 2: 31، 33، 34)

# 12-ئاينىڭ 26-كۈنى

**«مەن ئۇياققا بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلسىپ كەلگۈچە، مۇشۇ جايدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار....»**

***(مەتتا 26: 36)***

خەتەرلىك پەيتتە كەينىدە قالدۇرۇلۇپ قويۇش ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش. گېتسىمانىيە باغچىسىدا ئون بىر شاگىرتىنىڭ ئىچىدىكى سەككىز كىشى كەينىدە قالدۇرۇلۇپ، ھېچ ئىش قىلماي كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇلغان. رەب دۇئا قىلىۋاتقاندا، پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ رەب بىلەن بىللە سەگەك تۇرۇپ، باشقىلار كەينىدە كۈتۈپ تۇرغان. مېنىڭچە، كەينىدىكى شاگىرتلار چوقۇم ئاغرىنىدى. ئۇلارنىڭ گۈل-گىياھلارنىڭ رەڭگى، تۈرى دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى بولمىسا، باغچىدا بىكاردىن-بىكارغا ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟! ئاشۇ ۋاقىت ئىنتايىن خەتەرلىك ۋاقىت، ئىنتايىن ھالقىلىق پەيت. بىراق، ئۇلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلالمايدۇ.

سىز ۋە مەنمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۈمۈدسىزلەنگەن ۋاقىتلىرىمىز بولغان. ئېھتىمال ھازىر نۇرغۇن پۇرسەتلەر بىز ئېتىقادچىلارنىڭ خىزمەت قىلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بەزى قېرىنداشلار ئالدىغا ئالدىرىغا كەتتى، بەزىلەر ئوتتۇرىغا كەلدى، پەقەت بىزلا كېسەللىك، كەمچىللىك ياكى تۆھمەتلەر سەۋەبىدىن كەينىگە قالدۇرۇلۇپ قويۇلدۇق. مەيلى يەنە قانداق سەۋەبلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز توسالغۇغا ئۇچراپ، ئىنتايىن ئازابلاندۇق. بىز نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئورتاقلىشالمىغانلىقىمىزنى چۈشەنمىدۇق. بۇ خۇددى بىزنى باغچىغا ئەكىرىپ، ھېچقانداق ئىش تەقسىمات قىلماستىن بىكار ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك

ئادالەتسىز بىر ئىش.

ئىھ مېنىڭ روھىم، تېنچلانغىن! ئىشلار ھەرگىز سەن ئويلىغاندەك ئازابلىق ئەمەس. سەن خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئورتاقلاشمىدىڭ ئەمەس، بەلكى ئورتاقلاشتىڭ. سەن خۇدانىڭ باغچىسىنى پەقەت ماڭىدىغان، تۇرۇدىغان جاي دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ياق، بۇ باغچا يەنە كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر.

پېئىل: ئاكتىپ دەرىجە، مەجبۇرى دەرىجە ۋە ئۆتۈمسىز دەرىجە دەپ ئۈچ خىل شەكىلگە بۆلۈنىدۇ. مەسىھ ئۈچۈن ياشاشتىكى«ياشاش» سۆزىمۇ مۇشۇنداق ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە: ئاكتىپ دەرىجە ـــ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەجبۇرى دەرىجە ـــ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتۈمسىز دەرىجە ـــ جەڭ قىلمايدۇ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت ئارقىدا پىستىرمىدا تۇرۇدۇ. ئېنىقراق بولسۇنكى، سىزگە:«بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرغىن! »دېگىنى دەل رەبتۇر. سىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىڭىز «چېلىشىش مەيدانى» ياكى «كۈرىتىش مۇنارى» ئەمەس، بەلكى «كۈتۈش ئورنى» دۇر. خۇدا نۇرغۇن پەرزەنتلىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغۇزۇپ غەلبە قازاندۇرۇش ئەمەس، ياكى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇزۇش ئەمەس، بەلكى ياشاش ئارقىلىق مەسىھنىڭ نامىغا ئۆز ھاياتى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش ئۈچۈندۇر. ئۇلار گىراماتىكىدىكى پېئىل شەكلىگە ئوخشاش ئۆتۈمسىز دەرىجە بولۇپ، ئۇلار بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالمىغان. ئۇلارنىڭ باغچىدا ئولتۇرۇپ گۈل تېرىپ، گۈل دەستە ياسىشىنىڭ ياكى تاماق ھازىرلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. گەرچە ئۇلار پېتروس، ياقۇپ، يۇھانناغا ئوخشاش رەب بىلەن بىللە مۆجىزە كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئالىلىقاچان

رەبنىڭ خۇرسەنلىكىگە ئېرىشىپ بولدى. ئۇلار خۇددى خۇشپۇراق، گۈزەل گۈلگە ئوخشاش رەبنى خۇرسەن قىلدى. قەدىرلىك دوستۇم، سىزمۇ ئەنە شۇنداق گۈلگە ئوخشايسىز، سىز بۇنىڭدىن ھەرگىز ئاغرىنماڭ!

## 12-ئاينىڭ 27-كۈنى

**📖«ئۇنىڭ پۇتلىرى زەنجىردە ئاغرىدى، ئۇنىڭ جېنى تۆمۈرگە كىرىپ قىسىلدى.» (زەبۇر 105: 18)**

بىزنىڭ قايغۇلىرىمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىز خۇددى تۆمۈر كىشەنگە ئوخشاش بىزنى قىسىپ، چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار بىزگە ۋاكالىتەن كۈچ-قۇدرەت، سەۋىر-تاقەت ۋە قەيسەرلىك ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

قەدىرلىك ئېتىقادچىلار، قىيىنچىلىقتىن قاچماڭلار. بۇلارغا سەۋىر-تاقەت ۋە ئىنتائەتچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىڭلار. بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇلار خۇدانىڭ سىلەرنى تەربىيلەشتىكى ئۇسۇلى. دۇنيا دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق گېنىرالنى ياخشى كۆرىدۇ. خۇدا دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئىخلاسمەن ئېتىقادچىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن سىرت، ھېچقانداق بىر ئۇسۇل بىزنى دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئىخلاسمەن ئېتىقادچى قىلىپ يېتىشتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىزنىڭ ئازاب چېكىشىمىزگە چىداپ يول قويىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى كۈنلەرنى قۇملۇقتا بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم دەپ ئويلامسىز؟ سىز ھازىر قارشى تۇرۇش، خاتا چۈشىنىش، ھاقارەت

قاتارلىقلارنىڭ ئورنىۋېلىشىغا ئۇچرىدىڭىزمۇ؟ جاسارىتىڭىزنى يوقاتماڭ. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز ھەرگىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. خۇدا سىزنى تۆمۈر كىشەنلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزمەكچى. شان-شەرەپلىك غەلبە تاجىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم جاپا-مۇشەققەتلىك تۆمۈر تاجنى كىيىشىڭىز كېرەك.

# 12-ئاينىڭ 28-كۈنى

**📖«ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ھەزرىتى ئەيسادىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىدى.» (مەتتا17: 8)**

پېترۇس رەب ئەيسا، مۇسا پەيغەمبەر ۋە ئىلياس پەيغەمبەرنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئۈچ كەپە ياسىماقچى بولغاندا، خۇدا رەب ئەيسانى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارغا:«بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار!» دەيدۇ. (5-ئايەت) پېترۇس مۇسا پەيغەمبەر، ئىلياس پەيغەمبەر ۋە رەب ئەيسانى ئوخشاش ئورۇنغا قويغانىدى، بىراق خۇدا رەب ئەيسانى ئۇلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، رەب ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ چوقۇم ئۇنىڭكىنى ئاڭلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. خۇدا ئۆز ئوغلى رەب ئەيسا بىلەن باشقا كىشىلەرنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋېلىشىمىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ. گەرچە ئىلياس پەيغەمبەر ۋە مۇسا پەيغەمبەر خۇدا تەرىپىدىن چوڭ ئىشلىتىلگەن ئىنسانلار بولسىمۇ، خۇدا يەنىلا كىشىلەرگە ئۆز ئوغلىنىڭ ئەيسا مەسىھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بىزنى بۇنىڭدىن سىرت ھېچقانداق كىشىگە،

ھېچقانداق نەرسىگە سەجدە قىلماسلىقىمىزنى، ئۇلۇغلىماسلىقىمىزنى قاتتىق ئەسكەرتىدۇ. خۇدا ئىنسان بىلەن ئوغلىنىڭ ئوخشاش شان-شەرەپكە ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېترۇس ئىلياس پەيغەمبەر ۋە مۇسا پەيغەمبەرنى ئەيسا مەسىھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغاندا، خۇدا شۇ ھامان ئىلياس پەيغەمبەر ۋە مۇسا پەيغەمبەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارغا پەقەت ھەزرىتى ئەيسانىلا كۆرسىتىدۇ.

گەرچە مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئىلياس پەيغەمبەرنىڭمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك شان-شەرىپى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئىبارەت. پەقەت ھەزرىتى ئەيسالا خۇدانىڭ يېگانە ئوغلىدۇر. مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئىلياس پەيغەمبەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئىخلاسمەن، ساداقەتمەن زاتلاردۇر. خۇدا ئۆز پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ ئىشلەتكەن، بۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىراق، بىز ئۇلارنى رەب ئەيسا بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋالساق، خۇدا بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. تارىخى زامانلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا خۇدا چوڭ ئىشلەتكەن ئىخلاسمەن، ساداقەتمەن كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ. بىراق، بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئەيسا مەسىھكە بولغان ھۆرمىتىمىزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزغا خۇدا ئەلۋەتتە يول قويمايدۇ. بۇنداق قىلىشقا پەقەت خۇدالا يول قويماستىن يەنە ئاشۇ ئىخلاسمەن، ساداقەتمەن، خۇدا چوڭ ئىشلەتكەن ئادەملەرمۇ يول قويمايدۇ ھەم ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇدانىڭ يەككە-يېگانە ئوغلى ئەيسا مەسىھنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋېلىشنى، ئوخشاش ھۆرمەتلىشىنى خالىمايدۇ. چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادىن شاگىرتلىرى: «ئۆتكەندە سىز بىلەن بىللە بولغان، ئۆزىڭىز گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى ھازىر باشقىلارنى

چۆمۈلدۈرۈۋاتىدۇ. ئەمدى ھەممىسى بىزدىن قېچىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىدۇ» دېگەندە، يەھيا: «ئەمدى ئۇنىڭ شۆھرىتى ئۆسۈشى، مېنىڭ بولسا تۆۋەنلىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. گەرچە يەھيا ھەممە پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن بولسىمۇ، ئۇ رەب ئۈچۈن ئەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن. سۆزلەر دېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ، بىراق، بەرگەن گۇۋاھلىق مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، شۆھرىتى مەڭگۈ ئۆسىدۇ. يەھيا ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقىنى، رەبنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:«مەندىن كېيىن تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىرى كېلىدۇ. مەن ھەتتا ئۇنىڭ ئايىقىنى كۆتۈرۈشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن.»(مەتتا3: 11) خۇداغا ساداقەتمەن كىشى مەسىھنى ئەنە شۇنداق ھۆرمەتلەيدۇ، ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلايدۇ، مۇھىم ئورۇندا كۆرىدۇ. پاۋلۇس كورىنتلىقلارنىڭ: «مەن پاۋلۇس تەرەپدارى، مەن ئەيسا مەسىھ......» (1-كورىنتلىقلار1:12) دېگەن سۆزلىرىنى ئەيىبلەپ:«مەن پاۋلۇس ھېچنىمىگە ئەرزىمەيمەن» دېگەن. پاۋلۇس باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئۇلۇغلىشىغا، مەسىھكە تەۋە بولغاندەك ئۆزلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىشىغا يول قويمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ جەھەتتە پاۋلۇس ۋە چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادا بولغان سەممىي، ساداقەتمەن پوزىتسىيە بۈگۈنكى كۈندە خۇدا ئىشلىتىۋاتقان ھەربىر كىشىلەردىمۇ بار بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. مېنىڭ خىزمىتىم ئۆزۈمنىڭ شان-شەرىپىنى يۇقىرى كۆتىرىشمۇ؟ مېنىڭ كىشىلەرنى قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا باشلاپ كىرىشىم ئۇلارنى ئۆزۈمگە تەۋە قىلىش ئۈچۈنمۇ ياكى مەسىھكە تەۋە قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ مەن كىشىلەرگە ئۆزۈمنى كۆرسەتمەكچىمۇ ياكى مەسىھنىمۇ؟

مەسىھ بىلەن كىشىلەرنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋېلىش ئادەتتە كۆپ يۈز بېرىدىغان ئىللەت. مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 16-بابتىن بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى بىرسى دەپ تونۇۋالغانلىقىنى بىلىمىز. گەرچە شۇ چاغدا، پېترۇس رەب ئەيسانى«سىز مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئوغلى قۇتقۇزغۇچى ـــ مەسىھ ئىكەنسىز» (16-ئايەت) دەپ تونۇغان بولسىمۇ، بىراق 17-بابتا ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ھەزرىتى ئەيسانى پەيغەمبەرلەردىن ئايرىمىغان. پەقەت پېترۇسلا ئەمەس يەنە نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ھەزرىتى ئەيسانى پەيغەمبەرلەردىن ئايرىمايدۇ. ئىبرانىي ئېتىقادچىلار رەب ئەيسانى پەيغەمبەرلەردىن ئايرىمىغان. كورىنتلىق ئېتىقادچىلار رەب ئەيسانى ئەلچىلەردىن ئايرىمىغان. ئەجىبا بۈگۈنكى ئېتىقادچىلارمۇ مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن قەھرىمانلار، داڭلىق كىشىلەر، بايلىق...... ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ شان-شەرىپىنى ئىگەللەپ كەتمىدىمۇ! بەلكى پۈتۈنلەي ئىگەللەپمۇ بولغاندۇ! بىراق، خۇدا بىزنى پەقەت ھەزرىتى ئەيسانىلا كۆرۈشكە چاقىرىدۇ.

ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا، خۇدا بىزنى پەقەت ھەزرىتى ئەيسانىلا كۆرۈشكە چاقىرىدۇ. ئەگەر بىز ئادەملەرگە قارىساق يېقىلىپ چۈشىمىز، ئۈمۈدسىزلىنىمىز. چۈنكى، ئىنسان بولغانىكەن، ئاجىزلىق بولىدۇ، ئاجىزلاشقاندا ئۈمۈدسىزلىنىش بولىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھېكايىسىگە قارىساق، مەريەم ۋە ھارونغا ئوخشاش يېقىلىپ چۈشۈپ، خۇدانىڭ سادىق خىزمەتچىسىگە تۆھمەت قىلىدىغان چوڭ گۇناھنى سادىر قىلىمىز. (نۇپۇس تىزىملاش 12-باب) ئىلياسنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا قارىساق، يەنىلا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازىمىز. (1-پادىشاھلار 19-باب) ئەگەر بىز باشقا كىشىلەرنى ئەمەس، ئەيسا مەسىھنى كۆرسەتسەك، ھېچقاچان ئازمايمىز، ئۈمۈدسىزلەنمەيمىز.

چۈنكى، ئەيسا مەسىھ ئاجىز ئەمەس، ھېچقاچان ئۈمۈدسىزلەنگەنمۇ ئەمەس. بۇ ھەقتە يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئۈمۈدسىزلەنمەيدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ.» (يەشايا 42: 4) شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىزنىڭ رەبكە ئەگەشكەن يوللىرىمىزدا پەقەت ھەزرىتى ئەيسانىلا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 11-بابتا ئېتىقادى كۈچلۈك نۇرغۇن ئادەملەر تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، خۇدا ھەرگىز بىزنى ئۇلارغا تايىنىڭلار، ئۇلاردىن ئۈمۈد كۈتۈڭلار دېمىگەن. ئۇلار پەقەت خۇدانىڭ ھاياتىدا قىلغانلىرىدىن بىزگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر. خۇدا بىزنى پەقەت رەب ئەيساغا تايىنىشقا، ئۇنىڭدىنلا ئۈمۈد كۈتۈشكە چاقىرغان. (ئىبرانىيلار12: 1-3) ئەگەر بىز ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا رەب ئەيسادىن ئۈمۈد كۈتۈپ، ئۇنىڭغىلا تايانساق، چارچىمايمىز، ئۈمۈدسىزلەنمەيمىز. ناۋادا ئادەملەردىن ئۈمۈد كۈتۈپ، ئۇلارغا تايىنىشنى ئويلىساق، ئۇنداقتا ھەقىقەتتىن ئازىمىز، ئۈمۈدسىزلىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېتىقادچىلىق ھاياتىمىزدا باشقا ئادەملەرنى ئەمەس، پەقەت ئەيسا مەسىھنىلا كۆرەيلى.

# 12-ئاينىڭ 29-كۈنى

**📖«تۇرۇڭلار...بىز ئۇ زېمىننى چارلاپ، ئۇ جاينىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كەلدۇق. نېمىشقا ھەرىكەتلەنمەيسىلەر؟ تېزدىن ئالغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ زېمىننى ئىگىلەيلى، ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ...خۇدا ئۇ زېمىننى ئاللىقاچان بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇردى، ئۇ زېمىندا ھېچ نەرسە كەم ئەمەس ئىكەن، ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن.»*(ھاكىملار18: 9-10)***

تۇرۇڭلار! يەنە نۇرغۇن زېمىن بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەگەر

سىلەر يەنىلا جىمجىت ئولتۇرۇپ، ھەركەتلەنمىسەڭلار، بىزنىڭ قولىمىزغا ھېچنىمە تەگمەيدۇ. «يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرائىم بىلەن ماناسسە ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارغا ئىگە بولدى.» (يەشۇ16: 4) «ياقۇپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە بار مۈلكىگە ئېرىشتى.» (ئوبادىيا17-ئايەت) «پاك-دىيانەتلىك ئادەم ياخشىلىققا مىراسخورلۇق قىلار» (پەندى-نەسىھەتلەر28: 10) مال-مۈلۈك ۋە ياخشىلىققا ئالدىغا بېرىپ ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىز خۇدانىڭ ئەھدىسىگە نىسبەتەن ئاللىقاچان ئېرىشكەندەك ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ مال-دۇنياسى قىلىشىمىز كېرەك. بىر قېتىم بىر تەلىم بەرگۈچى ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:« ئاللىقاچان ئېرىشكەندەك ئىشەنچ دېگەن نېمە؟» ئوقۇغۇچى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئاللىقاچان ئېرىشكەندەك ئىشەنچ دېگىنىمىز، –دەپ قولىغا بىر قىزىل رەڭلىك قەلەم ئېلىپ، ئىنجىلدىكى بارلىق<مەن>، <مېنىڭ> دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويۇپتۇ.»

ئومۇمەن، رەب ئېيتقان قايسى سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قولىڭىزنى شۇ سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «بۇ مېنىڭ» دېسىڭىز بولىدۇ. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز قانچىلىك ئەھدىلەرنى «بۇلار مېنىڭ ھاياتىمدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى» دەپ ئېيتالايسىز؟

«ئەي ئوغلۇم، سەن دائىم مېنىڭ يېنىمدا، مېنىڭ بارلىقىم سېنىڭكى»(لۇقا 15: 31). قەدىرلىك ئوقۇرمەن، پەرۋاسىزلىق قىلىپ ئۆزىڭىزگە تەۋە مىراسنى يوقىتىپ قويماڭ!

ئىشەنچ بازارغا چىققاندا، ھەمىشە سېۋەت ئېلىۋالىدۇ.

# 12-ئاينىڭ 30-كۈنى

**📖«پېترۇس زىنداندا تۇتۇپ تۇرۇلدى. لېكىن، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىكى قېرىنداشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا سەمىمىي دۇئا قىلىشتى.» (ئەلچىلەر12: 5)**

پېترۇس زىنداندا سوت قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى كۈتمەكتە. جامائەتچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك كۈچ-قۇدرىتى ياكى ھوقۇقى يوق. ئۇلار دۇنيادىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدى، بىراق ئەرشتىن چوقۇم ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار خۇداغا سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلىشتى. خۇدا پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، يېرىم كېچىدە پېترۇسنى ئويغىتىپ، ئۇنى يېتەكلەپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قاراۋۇل پوستىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر دەرۋازىغا بارغاندا، دەرۋازا ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كەتتى. پېترۇس ئەركىنلىككە چىقتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېھتىمال سىزنىڭمۇ ھايات يولىڭىزدا تۆمۈر دەرۋازا ئالدىڭىزنى توسۇشى مۇمكىن. قەپەسكە سولانغان قۇش قاناتلىرىنى قەپەس رىشاتكىلىرىغا ئۇرىدۇ، بىراق يەنىلا ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى يارىدار قىلىۋالىدۇ ھەم چارچايدۇ. ئەگەر سىز بۇ سىرنى ئۆگىنىۋالغان بولسىڭىز، ھەرگىز بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ. ئۇنداقتا بۇ يەردە قانداق سىر بار؟ دەل ئىشەنچ ۋە دۇئادىن ئىبارەت سىر بار. مۇشۇنداق بولغاندا، سىز تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىزمۇ دەسلەپكى جامائەتچىلىكتىكى قېرىنداشلاردەك ئۆيدە تېنچ ئولتۇرۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن خۇداغا دۇئا قىلسىڭىز، زېھنىڭىزنى تېجەپ قالىسىز ھەم نۇرغۇن بىئاراملىقتىن خالي بولۇپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلبە قازىنالايسىز. مەغلۇبىيتىڭىز غەلبىگە ئايلىنىدۇ. شەيتان تەرىپىدىن باغلانغان

دوست-بورادەرلىرىڭىزمۇ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ.

خەتەرلىك پەيت، دەل سەمىمىيلىك بىلەن خۇداغا دۇئا قىلىدىغان ۋاقىتتۇر. ئىلياس جىيامى تاغ چوققىسىدا، بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ ئولتۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. گەرچە ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان بىلەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇدا بىلەن ئاللىقاچان بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بىرلىشىپ، شەيتاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان. مانا بۇ دۇئا قىلىشتا بىزگە زۆرۈر بولغان پوزىتسىيە.

سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئاھ ئۇرۇش ھەرگىز دۇئانى توسمايدۇ.

# 12-ئاينىڭ 31-كۈنى

✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲✲

📖 ***«تا بۈگۈنگىچە خۇدا بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ........» (1-سامۇئىل 7: 12)***

«تا بۈگۈنگىچە» دېگەن بۇ ئىككى سۆز بۇرۇننى يەنى يىگىرمە يىل، يەتمىش يىلدىن بۇرۇنمۇ خۇدانىڭ بىزگە ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى بىز نامراتلىقتا ياكى باياشاتچىلىقتا ياشايلى، كېسەل ياكى ساغلام بولايلى، ئۆيدە ياكى سىرتتا، قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا، شان-شەرەپ ئىچىدە ياكى ھاقارەت ئىچىدە، ئازاب ياكى خۇشاللىق ھېسسىياتىدا، گۇمان ياكى سىناق ۋە ياكى غەلبە ئىچىدە بولايلى، پەرۋەردىگار خۇدا بىزگە «تا بۈگۈنگىچە» ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزىدە ئىككى تەرىپى باراقسان دەرەخلەر بىلەن تولغان چوڭ يولنى كۆرگىنىمىزدە، بۇنداق گۈزەللىكتىن ئىنتايىن خۇشال بولىمىز. يولنىڭ ئىككى تەرىپى يېشىللىققا

پۈركەنگەن گۈزەل مەنزىرە ھەم قاتار-قاتار كەتكەن ئېگىز دەرەخلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىكتۇر. بۇ مەنزىرە كىشىگە ئاجايىپ تاتلىق ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ھازىر بىز ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ يىللارغا نەزەر سالساق، ئۈستىدە خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار-قاتار تىزىلغان خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن ئىشەنچلىك ئىسپاتىنىڭ تىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. سىز بۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولمامسىز؟

ئەجىبا، دەرەخ ئۈستىدە ناخشا ئېيتىدىغان قۇشلار يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە نۇرغۇن قۇشلار بار، ئۇلار «تا بۈگۈنگىچە» دېگەن مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە رەھىم-شەپقەتلىك ناخشىنى ئېيتماقتا..............................

«تا بۈگۈنگىچە» دېگەن بۇ سۆز كەلگۈسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىز «تا بۈگۈنگىچە» دېگەن مۇشۇ سۆزنى يېزىۋاتقاندا، بىزنىڭ ھاياتىمىز تېخى ئاخىرلاشمىغاندۇر. ئالدىمىزدا يەنە ئۇزۇن يول بىزنىڭ مېڭىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن سىناقلار، نۇرغۇن خۇشاللىقلار، نۇرغۇن ئازدۇرۇلۇشلار، نۇرغۇن كۈچ-قۇدرەت، نۇرغۇن جەڭلەر، نۇرغۇن-- نۇرغۇن سەپەرلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاندىن كېسەللىك، قېرىلىق، ئۆلۈم بىزگە يېقىنلايدۇ.

ھايات مۇشۇنداق ئاخىرلىشامدۇ؟ ياق، بىز يەنە تېخى رەبنىڭ ئوبرازىدا تىرىلىمىز، ئەرشتىكى ھەشەمەتلىك تەختتە ئولتۇرىمىز، چىلتار چېلىپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمىز، ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتىن بەھرىمەن بولىمىز.....ئاھ، قېرىنداشلار، جاسارەتلىك بولۇڭلار، شۈكۈرگە تولغان قەلب بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇڭلار!

رەببىمىزدىن ئەرشتىكى نۇر ئارقىلىق كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ، «تا بۈگۈنگىچە»

دېگەن ئىككى خەتنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە خۇداغا ئۇمۇد باغلىشىمىزغا ياردەم بېرىشنى تىلەيلى. ــ (C.H..Spurgcon)

ئېرلاندىيەلىك پادىچى بالىلارنىڭ ئىنتايىن گۈزەل بىر ئادىتى بار. ئۇلار ھەر كۈنى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن خوشلاشقاندا، ئۆز-ئارا «خوشلىشىش ناخشىسى» نى ئېيتىپ خوشلىشىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ماڭغاچ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش: «پەرۋەردىگار خۇدا تا بۈگۈنگىچە بىزگە ياردەم بېرىپ كەلمەكتە.» دېگەن ناخشىنى ئېيتايلى. ئۇنىڭ نامىغا مەدھىيە ئوقۇيلى! ئاندىن ئۆز-ئارا خوشلىشىش ناخشىسى «خەير-خۇش» نى ئېيتىپ خوشلىشايلى!

بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سەپەر قىلغاندىمۇ، مانا مۇشۇنداق ئۆز-ئارا تۆۋلاپ، ئىلھام بېرەيلى. «مەدھىيە، ھەمدۇسانا!» بىز مۇشۇ شۇئار ئارقىلىق دېمىق ھاۋادىن بۇسۇپ چىقايلى! بىز ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مەدھىيە، ھۆرمەت، شان-شەرەپ ۋە قۇدرەت، تەختتە ئولتۇرغۇچىغا ۋە قوزىغا مەڭگۈ مەنسۇپ بولسۇن!» دەپ ناخشا ئېيتايلى.

(ۋەھىيلەر 5: 13)

يەنە بىر قېتىم:«ھەمدۇسانا!» ئېيتايلى. (ۋەھىيلەر19: 3)